# خەمت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com

中央民族大学“211工程”建设项目



(تىلشۇناس ئالىم، پروفېسسور خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ
75 ياشقا كىرگەنلىكىنى قۇتلۇقلايمىز)

# خەمت تۆمۇر ئىلمىي ماقالىلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## خەمىت تۆمۈر ئىلمىي پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر









www.uyghurkitap.com
















ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سۆز بېشى

بۇ يىل ئاتاقلىق تىلشۇناس، پېشقەدەم مائارىپچى، ئىقتىدارلىق تەرجىمان، پروفېسسور خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ 75 ياشقا كىرگەن قۇتلۇق يىلىدۇر.

خەمىت تۆمۈر ئەپەندى 1931 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىدىقۇت تېغى ئېتىكىدىكى قاراغوجا يېزىسىدا تامچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1939 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇدى. 1948 ـ يىلى كۈزدىن 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە ئوقۇدى ۋە ئوقۇشنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا باردى. كېيىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە كۇچا ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولدى. 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن شۇ يىلى 9 ـ ئايغىچە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىگە كادىرلىققا تەقسىم قىلىنىپ، 1954 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە شۇ مەكتەپتە ئىشلىدى. 1954 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (ھازىرقى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى) غا يۆتكىلىپ كېلىپ تاكى 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە مەزكۇر مەكتەپتە ئىشلىدى. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، تاكى 1997 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر بۇ كومى-

تېتىنىڭ تەتقىقات بۆلۈمىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىدى.

ئاتاقلىق تىلشۇناس ھەم پېشقەدەم ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ئەپەندى سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى 38 يىللىق ئالىي مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىدىن ئايرىلمىدى. ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۇستۇردى ۋە تىل ئىلمى بويىچە ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنى تاماملىدى. 1957 - يىلىدىن باشلاپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى دەرسى ۋە تەتقىقاتىنى، 1978 - يىلىدىن باشلاپ چاغاتاي تىلى دەرسى ۋە تەتقىقاتىنى باشلىدى. باشتىن - ئاخىر ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرى بويىچە تولۇق كۇرس سىنىپى، مەخسۇس كەسىپ سىنىپلىرىغا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى، ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى، چاغاتاي تىلى، تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى. 1979 - يىلى دوتسېنتلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا، 1986 - يىلى پروفېسسورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1980 - يىلىدىن باشلاپ بىرنەچچە قارار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي تىلى بويىچە ئاسپىرانتلارنى تەربىيىلىدى. چەت ئەللىك بىلىم ئاشۇرغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىغا بېغىشلاپ، بۇ ساھەدە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى ھەم بۇ ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر تىل - يېزىق تەتقىقاتىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە تەتقىقات قوشۇنىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى، بولۇپمۇ خەمىت تۆمۈر ئەپەندى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە قازاق تىلى كەسىپلىرىنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشى، كۈچىيىشى ئۈچۈن زور ئەجىر سىڭدۈرۈپ، بۇ ساھەلەردىكى دەرسلىك قۇرۇلۇشى ۋە ياش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تارقاتقۇچىسى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىلارنى چەت ئەللەرگە چىقىرىپ تەربىيىلەش جەھەتلەردە ئۇنتۇلغۇسىز خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھازىر بۇ ئىككى كەسىپ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ــ ئايرىم فاكۇلتېت بولۇپ قۇرۇلۇپ، مۇشۇ ساھەدە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئەڭ ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە بولدى. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بىر تۈركۈم خەنزۇ، ئۇيغۇر ئىزباسارلار جەمئىيەتتە ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ۋە غوللۇق كۈچ بولۇپ، ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقى خىزمىتىدە مول نەتىجىلەرنى يارىتىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گراماتىكا كىتابلىرىنى يەنە بىر قەدەم مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىملىقىنى ھېس قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاتاقلىق تىلشۇناسلارنىڭ گراماتىكا نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا بىرقەدەر تولۇق يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان تەتقىقاتىنى باشلىدى. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكا تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا»، «يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپلىرى توغرىسىدا» (تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە يازغان)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹دېمەك› پېئىلى توغرىسىدا» (تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە يازغان)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ــ فامى-

لىسى» (ۋاڭ جىنجۇڭ بىلەن بىرلىكتە يازغان) قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقالىلىرىنى «مىللەتلەر تىل - يېزىقى» (خەنزۇچە)، «تىل ۋە تەرجىمە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنى-لى» قاتارلىق دۆلەت ئىچى - سىرتىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە نۇقتىلىق كەسپىي ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بويىچە ئىلگىرى ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدىكى نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىلمىي كۆزقاراشلىرى سىستېمىلىق شەرھلەنگەن «ھازىرقى زامان ئۇي-غۇر تىلى گرامماتىكىسى (مورفولوگىيە)» ناملىق 528 بەتلىك مەخسۇس ئەسىرى 1987 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى بويىچە بىر قاتار يېڭى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ كىتاب دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ كىتاب 1991 - يىلى بېيجىڭ شەھىرى بويىچە پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەز-كۇر ئەسەر ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ 2003 - يىلى تۈركىيە ئىستانبولدا نەشر قىلىندى. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلو-پېدىيىسى» نىڭ «مىللەتلەر»، «تىل - يېزىق» دېگەن تومىلىرىغا پروفېسسور ۋېي سۈيىي بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر تىلى»، «ئۇي-غۇر يېزىقى» دېگەن ئاتالغۇ ئۈچۈن مەخسۇس ماقالە يېزىپ بەر-دى. خەمىت تۆمۈر ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە 1997 - يىلى نەشر قىلىنغان چوڭ ھەجىملىك «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» نى تۈزۈشكە مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى سۈپىتىد-ە قاتناشتى.

چاغاتاي تىلى خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ يەنە بىر تەتقىقات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساھەسى. 1978 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا، كېيىنچە ئۇيغۇر تىلىنى ۋە چاغاتاي تىلىنى تەتقىقات نىشانى قىلغان ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا بۇ دەرسنى سۆزلىدى ۋە سىستېمىلىق دەرسلىك ئىشلەپ چىقتى. 1986 ـ يىلى ئۆزى ئۆتكەن دەرسلىكلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن 430 بەتلىك «چاغاتاي تىلى» (ئابدۇرەئوپ پولات بىلەن بىرلىكتە) ناملىق كىتابى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەر 1990 ـ يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز» (مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن بىرلىكتە يازغان) ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىسى ش ئۇ ئا ر بويىچە پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە 1990 ـ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنى رەسىملىك تونۇشتۇرۇش» دېگەن كىتابنىڭ تەھرىرلىكىگە قاتناشتى ۋە كىتابنىڭ «چاغاتاي يېزىقى» قىسمىنى ئىشلەپ بەردى. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىنلەر تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987) دېگەن ئەسەرنىڭ تەھرىرلىكىگە قاتناشتى. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دېگەن ئەسىرىنى (ئەنۋەر بايتۇر بىلەن بىرلىكتە) نەشرگە تەييارلاپ، 1982 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن ئەسىرىنى (ئابدۇرەئوپ پولات بىلەن بىرلىكتە) نەشرگە تەييارلاپ، 1988 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. ئۇ يەنە چاغاتاي تىلىدا

يېزىلغان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ دۇنياۋى ئەسىرى «بابۇر-نامە» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، 1992 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. مەزكۇر دۇنياۋى ئەسەر ش ئۇ ئا ر بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

خەمىت تۆمۈر ئەپەندى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، پارس تىلى ۋە خەنزۇ تىللىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ بۇ ساھەدىمۇ ئۆزىنىڭ تىل تالانتىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان داستانى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر ئىشىكى) نى تۇرسۇن ئايۇپ بى-لەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلاپ، 1980 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. «〈قۇتادغۇ بىلىك〉 تە ئىپادە قىلىنغان ئەدەبىي تىل توغرىسىدا» (مىرسۇلتان ئوسما-نوف، ئامىنە غاپپار قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە) دېگەن چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىسىنى بېيجىڭدا ئېچىلغان خەلقئارالىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇدى ۋە كېيىن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلدۇردى. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى يەنە بىۋاستە خەنزۇچە «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايى توغرىسىدا» («مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان)، «قىممەتلىك غۇنچە: ئۇيغۇرلارنىڭ 〈قىزىل تاغ ئېتىكىدە〉 ناملىق رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن» (خۇ جېنخۇا، جاڭ شيۈيۈنلەر بىلەن بىرلىكتە يازغان، «خەلق گېزىتى» نىڭ 1975 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان)، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ھەققىدە يېزىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى» (ۋاڭ جېنجۇڭ بىلەن بىرگە يازغان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىيات 1992 ـ يىلى نەشر قىلغان «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى» دېگەن

كىتابقا «维吾尔族» دېگەن نام بىلەن كىرگۈزۈلگەن) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى لى شياڭ خانىم بىلەن بىرلىكتە «پارس تىلىدىن ئاساس» ناملىق ھەم دەرسلىك، ھەم لۇغەت رولىنى ئوينايدىغان كاتتا ئەسەرنى خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈپ، 1990 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. ئۇ 50 -، 60 - يىللاردا كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە قاتناشتى. ماۋدۇن، جياۋشۇلى، لۇ ۋېنخۇا قاتارلىق خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ «تار كوچىدا»، «ئا تەرەپنىڭ ۋەكىلى»، «سۇڭ لاۋدانىڭ شەھەرگە كىرىشى»، «ياڭاقنىڭ سىرى»، «نورما»، «قانغان ئارزۇ» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ۋە «دۆڭ سۇنرۇي»، «ئانا»، «سۇ يۇرتىنىڭ باھارى»، «جەنۇبىي ئارالدىكى بوران - چاپقۇن»، «دەھشەتلىك دېڭىزدىكى باتۇر قۇش»، «يايلاق بۈركۈتى» قاتارلىق كىنو سېنارىيىلىرىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. 1978 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇزىكا تەتقىقات ئورنى توپلاپ نەشر قىلغان «شىنجاڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرى» نىڭ تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى (خۇ جېنخۇا بىلەن). 1979 - يىلى تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق شائىر ۋە تەرجىمانلار بىلەن بىرلىكتە «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى» نىڭ تەرجىمە تەھرىرلىكىگە قاتناشتى. 1978 - يىلى 10 - ئايدا باجىننىڭ «ئائىلە» رومانىنى، 1983 - يىلى دۇنياۋى مەشھۇر رومان «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كروزو» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى.

خەمىت تۆمۈر ئەپەندى سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا 1979 - يىلىغىچە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە كافېدرا مۇدىرى، 1979 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە ئاز سانلىق مىل-

لەتلەر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1984 - يىلىدىن 1990 - يىلى 9 - ئايغىچە ئىنستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. 1992 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلدى ۋە تاكى 1997 - يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر مەزكۇر كومىتېتىنىڭ تەتقىقات بۆلۈمىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ 1953 - يىلى شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. 1957 - يىلىدىن 1977 - يىلىغىچە بېيجىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى. 1958 - يىلى ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن مەملىكەتلىك ياشلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى يىغىنىغا قاتناشتى. 1977 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 11 - قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى.

1980 - يىلىدىن باشلاپ خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللىي مەسىلىلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇدىرى، جۇڭگو مىللەتلەر تىل - يېزىقى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو مىللەتلەر قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى - مەدەنىيىتى ئىلمىي جەمئىيىتى مۇدىرىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزالىقى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرگە سايلاندى ياكى تەكلىپ قىلىندى؛ 1981 - يىلىدىن ھازىرغىچە ئۇدا تۆت قارار گوۋۇيۈەن ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتى پەنلەر بويىچە باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىپ قىلىندى، ھەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئۇيغۇرلاردىن بۇ گورۇپ-
پىغا تەكلىپ قىلىنغان تۇنجى ئالىمدۇر. ئۇ 1988 - يىلى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات
يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا؛ 1993 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورلۇقىغا؛ 1994 - يىلى شىنجاڭ
پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبى-
ياتى بويىچە ماگىستىرلىق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ پەخرىي پروفېسسورلۇ-
قىغا؛ 1995 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى پروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىندى؛
1995 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ
باھالىنىپ، ماددىي مۇكاپاتقا ھەم شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا مۇشەر-
رەپ بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر گوۋۇيۈەننىڭ تۆھ-
پىكار مۇتەخەسسىسلەرگە بېرىلىدىغان ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھ-
رىمەن بولۇپ كەلمەكتە.

بىز ئۆزىنى بىر ئۆمۈر تىل - يېزىق ۋە تەرجىمە ساھەسىگە
بېغىشلاپ، زور نەتىجىلەرنى ياراتقان ۋە بۇ ساھەدە كۆپلەپ ئىز
باسارلارنى تەربىيىلەش يولىدا بىر ئۆمۈر تىرىشقان، ئىلىمدە
ئەستايىدىل ھەم ئەمەلىيەتچىل، كىچىك پېئىل، تەلەپچان، كى-
شىلەر بىلەن مۇئامىلىدە چىقىشقاق ۋە ھەمسال، ئوچۇق - ئاشكا-
را، ئادىل، پاك دىيانەتلىك، كەڭ قورساق، سەمىمىي - ساداقەت-
لىك پېشقەدەم ئۇستازىمىزنىڭ 75 يىللىق ھايات مۇساپىسىنى
خاتىرىلەش ھەمدە بۇ ئىجتىھاتلىق ئۇستازنىڭ ئۇيغۇر تىل -
يېزىق مەدەنىيىتى ساھەسىدىكى كەڭ دائىرىلىك، مول نەتىجىلىك
ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن ئوقۇرمەنلەرنى قىسقىچە ۋاقىپلاندۇرۇش
ئۈچۈن، ئۇنىڭ 1980 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە ئۆزى يازغان
ياكى باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەييارلىغان ئىلمىي ماقالىلى-
رىدىن بىر قىسمىنى سوۋغا سۈپىتىدە تاللاپ نەشرگە تەييارلى-
دۇق. بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا تەتقىقاتچى شەم-

شىدىن ھاجىم، پروفېسسور لىتىپ توختى قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىگە ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتۇق. بىز ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ 75 ياشقا تولغان قۇتلۇق خاتىرە يىلىنى بۇ ئاددىي سوۋغىتىمىز بىلەن قۇتلۇقلايمىز! ئەزىز تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە بەخت ـ سائادەت، ئۆزىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز!

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ............................................................ 1
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ «كېلىش» كاتېگورىيىسى توغرىسىدا.... 26
يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا ............................................................ 36
ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايى توغرىسىدا.................... 65
ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى توغرىسىدا.... 81
ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە........................................ 116
ئۇيغۇر تىلىدىكى «دېمەك» پېئىلى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە... 134
ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ........................ 153
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى ........ 184
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ــ فامىلىسى .......................................... 204
«قۇتادغۇ بىلىك»نە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا ........... 257
«چاغاتاي تىلى» توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز ............................ 299
«چاغاتاي تىلى» تەتقىقاتىنى كۈچەيتەيلى ................................ 384
«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ھەققىدە ........................................ 391
«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ھەققىدە ........................................ 410
زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ۋە ئۇنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا.................................................. 419

## قوشۇمچە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەتتىقاتىندىكى بىر ئۈگۈش
........................................................ جاۋ مىڭمىن 429
خەمىت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئەتتىقاتى ساھەسىدىكى
ئىلمىي ئەمگەكلىرى ..............ئابلىكىم مۇھەممەت، جاۋ مىڭمىن 435
ئاتاقلىق تىلشۇناس، تۆھپىكار مائارىپچى — خەمىت تۆمۈر
........................................................ ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد 447
خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى....... 455

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا*

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى ئۇستىدىكى سىستېمىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئىشى ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسلىرىنىڭ ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى قاتارىدا باشلاندى. كېيىنرەك، بولۇپمۇ مەملىكىتىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدىمۇ بىر تۈركۈم تىلچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىلى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى ۋە بارماقتا. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى بويىچە ئاز بولمىغان مەخسۇس ئەسەر، دەرسلىك ۋە ئىلمىي ماقالىلەر بارلىققا كەلدى، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرى، ئاساسلىق گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىلار ۋە بىرمۇنچە گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بويىچە خېلى بىرلىككە كەلگەن ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي خۇلاسىلەر ھاسىل بولدى. دېمەك، بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەر خېلى زور ۋە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك.

بىراق، ئۇيغۇر تىلى بويىچە ھازىرغىچە بارلىققا كەلگەن گرامماتىكا كىتابلىرىنى ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى نەتىجىسى ھېسابلاشقىلا بولىدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىز تېخى ئۇيغۇر

* بۇ ماقالە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 1984 - يىلى 8 - ئايدا باستۇرغان «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى» دېگەن توپلامدا ئېلان قىلىنغان.

تىلىنىڭ مول ۋە خىلمۇخىل گراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى بىرقە-
دەر تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەم بۇ قائىدىلەرنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ئۆزىگە خاس گراماتىكىلىق سىستېمىسى بويىچە تەھلىل قىلىپ
بىرقەدەر توغرا ۋە تەپسىلىي ئىزاھلاپ بەرگەن، قىسقىسى، ئۇي-
غۇر تىلىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر پۈتۈن
گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنى ئاساسەن ئەكس ئەتتۇرگەن بىرقە-
دەر نوپۇزلۇق بىر گراماتىكا كىتابىغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەگەر
بىز كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىد-
دىكى ھالىتىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بايلىقىدىن
ئاڭلىق پايدىلىنىشىغا ياردەم بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر
ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا مۇشۇنداق بىر
گراماتىكا كىتابىنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدى-
مىزغا كەلتۈرسەك، ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى ئۈستىدىكى ئىل-
مىي تەتقىقاتنىڭ يەنىلا ئېغىر ۋەزىپىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرغانلى-
قىنى ھېس قىلىمىز. مەن بۇ ماقالىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت –
ئېتىبارىنى قوزغاشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدى-
كى گراماتىكا كىتابلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدىلا
ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.

1. ھازىرقى گراماتىكا كىتابلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مۇ-
ھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى — پېئىلنىڭ بايان رايى (بەزى كىتاب-
لاردا «خەۋەر رايى» ياكى «ئېنىق مەيل» دېيىلىدۇ) غا تەۋە
بولغان گراماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ تەھلىلىدە كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇيغۇر
تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايى ئىنتايىن مول مەزمۇنلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ بىر كاتېگورىيە، بىزنىڭ تەكشۈرۈشى-
مىزچە، پېئىلنىڭ بۇ كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان گراماتىكىلىق
شەكىللىرى 35 خىلغا يېتىپ بارىدۇ.

1) ئەگەر «يازماق» پېئىلىنى مىسال قىلىپ، ھەر خىلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

III شەخس تۈرىنى كۆرسەتسەك، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

يازىدۇ، يازىدىكەن، يازغۇدەك، يازار.

يېزىۋاتىدۇ، يېزىۋېتىپتۇ، يېزىۋاتقۇدەك، يېزىۋاتقاندۇر.

يازماقچى، يازماقچىكەن، يازماقچىدەك، يازماقچىدۇر.

يازدى، يېزىپتۇ، يېزىپتۇدەك، يازغاندۇر.

يازغان، يازغانىكەن، يازغانمىش، يازغاندۇر.

يازغانىدى، يازغانىكەندۇق، يازغانىكەنمىش، يازغان بولغىيدى.

يازاتتى، يازىدىغانىكەن، يازىدىغانىكەنمىش، يازىدىغان بولغىيدى.

يېزىۋاتاتتى، يېزىۋاتقانىكەن، يېزىۋاتقانىكەنمىش. يېزىۋاتقان بولغىيدى.

يازماقچىدى، يازماقچىكەنتۇق، يازماقچىكەنمىش، يازماقچى بولغىيدى.

لېكىن، ھازىرقى گراممانىكا كىتابلىرىدا «پېئىللىنىڭ بايان رايى كاتېگورىيىسى بىۋاسىتە زامان كاتېگورىيىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ» دەپ ھېسابلىنىپ، يۇقىرىدىكى پېئىل شەكىللىرىنىڭ ئازلا بىر قىسمى بايان قىلىنماقتا. بىز بۇ يەردە بىرقانچە گراممانىكا كىتابلىرىدا زامان كاتېگورىيىسىنىڭ قانداق تەھلىل قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

*بىرىنچى تەھلىل

ھازىرقى زامان: يېزىۋاتىدۇ، يېزىپ تۇرىدۇ، يازماقتا.

كېلىدىغان زامان —

ئېنىق كېلىدىغان زامان: يازىدۇ.

گۇمان كېلىدىغان زامان: يازار.

مەقسەت كېلىدىغان زامان: يازماقچى

---

* تەھلىللەردە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنداش شەكىللەردىن بىرىلا مىسال ئېلىندى.

قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (I قىسىم). ئالمۇتا، 1966.

شەرتلىك كېلىدىغان زامان: يازاتتى.

ئۆتكەن زامان —

ئېنىق ئۆتكەن زامان: يازدى.

ئۇزاق ئۆتكەن زامان: يازاتتى، يازىدىكەن، يازغانىكەن.

ئىككىنچى تەھلىل*

ھازىرقى زامان خەۋەر رايى: يېزىۋاتىدۇ، يازماقتا.

ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى —

ئېنىق ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى: يازدى.

ئۆتكەن زامان ھېكايە خەۋەر رايى: يېزىپتىكەن.

ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى: يازاتتى.

ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايى: يېزىۋاتاتتى.

ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى: يازغانىدى، يازغانىكەن، يېزىپتىمىش.

ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر رايى: يېزىۋىدى.

كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى —

ئېنىق كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى: يازىدۇ.

ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى: يازار.

كەلگۈسى زامان مەقسەت خەۋەر رايى: يازماقچى، يازماقچىدى، يازماقچىكەن.

ئۈچىنچى تەھلىل**

ئۆتكەن زامان: يازدى.

يۇتكەن ئۆتكەن زامان: يازغان.

ئۇزاق ئۆتكەن زامان: يازغانىدى (يازغانىكەن، يازغانىمىش، يازغاندۇر)

---

* نەسرۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980.
تۇردى ئەخمەت: «ئۇيغۇر تىلى» (2 ـ كىتاب). شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى باستۇرغان، 1981.

** ئەمىر نەجىپ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». موسكۋا، 1960 (رۇسچە نەشرى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بايان سۈپىيكتىپ ئۆتكەن زامان: يېزىپتۇ (يېزىپتىمىش، يېزىپتىكەن).
يېقىن ئۆتكەن زامان: يېزىۋىدى.
تەكرار ئۇزاق ئۆتكەن زامان: يازاتتى.
ئۆتكەن هازىرقى زامان: يېزىۋاتاتتى، يېزىۋاتقانىدى.
تەكرار ئۆتكەن زامان: يازىدىغان.
هازىرقى زامان —
كېلەر زامان: يازىدۇ، يازماقچى، يازماقچىدى.
تۆتىنچى تەهلىل*
ئېنىق ئۆتكەن زامان: يازدى.
نەتىجە ئۆتكەن زامان: يازغان.
بايان ئۆتكەن زامان: يېزىپتۇ.
شۇ پەيت هازىرقى زامان: يېزىۋاتىدۇ.
سوزۇلما هازىرقى زامان: يازماقتا.
ئېنىق كېلەر زامان: يازىدۇ.
تايىنسىز كېلەر زامان: يازار.
مەقسەت كېلەر زامان: يازماقچى.
بەشىنچى تەهلىل**
هازىرقى زامان —
هازىرقى زامان داۋام پېئىلى: يېزىۋاتىدۇ.
هازىرقى كەلگۈسى زامان پېئىلى: يازىدۇ.
ئۆتكەن زامان —
ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلى: يازدى.
ئۇزاق ئۆتكەن زامان پېئىلى: يازغان، يازغانىدى.
يېقىن ئۆتكەن زامان پېئىلى: يېزىۋىدى.

* ئە. تېنىشىق: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى مۇقەددىمىسى». جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1981 (خەنزۇچە نەشرى).
** ئىمىاخان جەلىلوۋا: «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» (1 ـ قىسىم). تاشكەنت، 1951.

ئۆتكەن زامان ھېكايە پېئىلى: يېزىپتۇ.
ئۆتكەن زامان تەكرار پېئىلى: يازاتتى.
ئۆتكەن زامان شۇ پەيت پېئىلى: يېزىۋاتاتتى، يېزىۋاتـ
قاندى.

كەلگۈسى زامان —
بىرىنچى كەلگۈسى زامان پېئىلى: يازار.
ئىككىنچى كەلگۈسى زامان پېئىلى: يازىدۇ.

ئالتىنچى تەھلىل:*
غەيرىي ئۆتكەن زامان —
ھازىرقى كەلگۈسى زامان: يازىدۇ.
تايىنسىز كەلگۈسى زامان: يازار.
ئۆتكەن زامان —
ئېنىق ئۆتكەن زامان: يازدى.
بۇرۇن ئۆتكەن زامان: يازغان.
تەكرار ئۆتكەن زامان: يازاتتى.
ئاڭلاتما ئۆتكەن زامان: يېزىپتۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ تەھلىللەرنىڭ ئەڭ تولۇق بولغىنىمۇ يۇقىرىدىكى 35 خىل شەكىلنىڭ ئاران 17 خىلىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالالىغان. بەزىلىرى پەقەت 8 خىل ياكى 6 ـ 7 خىل بىلەنلا چەكلەنگەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، زامان كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن مۇشۇ بىر قىسىم پېئىل شەكىللىرىنىڭ تەھلىلىدىمۇ تىل ئەمەلىيىتىگە ياكى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان جايلار كۆپ. مەسىلەن، «يازىدۇ» شەكلى بەزى كىتابلاردا «كېلەر زامان» دەپ تەھلىل قىلىنغان. لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ شەكىل كېلەر زامانغا تەئەللۇق ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرۈش بىلەنلا قالماسـ

* جۇ جىڭنىڭ: «ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «جۇڭگو تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلى، 1964 ـ يىللىق 2 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىن، بەلكى ھازىرقى زامانغا تەئەللۇق بولغان دائىملىق ئادەت ياكى خۇسۇسىيەت خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. (مەسىلەن،* ئۇ ھازىر مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ※ ئۇ خەتنى ناھايىتى چىرايلىق يازىدۇ). پېئىلنىڭ «يېزىپتۇ» شەكلى بىرمۇنچە كىتابلاردا «ھېكايە ئۆتكەن زامان» دەپ تەھلىل قىلىنغان. ئېھتىمال بۇ يەردە چۆچەكلەردىكى ئۆتكەن زامانغا تەئەللۇق ھەرىكەتلەرنىڭ تولاراق مۇشۇ شەكىلدە ئىپادىلىنىشى نەزەردە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. لېكىن، بۇ ھال بۇ پېئىل شەكلىنىڭ «ھېكايە ئۆتكەن زامان» دەپ تەھلىل قىلىنىشىغا ئاساس بولالمايدۇ. چۈنكى، بۇ شەكىل چۆچەكلەردىلا ئەمەس، بەلكى «ئەخمەت ماقالە يېزىپتۇ»، «قازان قايناپتۇ» شەكىللىرىدە جانلىق تىلدىمۇ ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ چۆچەك بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۆچەكلەردە يالغۇز «يېزىپتۇ» شەكلىلا ئەمەس، بەلكى «يېزىپتىكەن»، «يازىدىكەن»، «يازغۇدەك»، «يازغانىكەن» شەكىللىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. «يېزىپتۇ» شەكلىنىڭ تەھلىل قىلىنىش پرىنسىپى بويىچە بۇلارنىمۇ «ھېكايە پالان زامان» دەپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلەمدۇ؟ روشەنكى، بۇ تەھلىل بۇ پېئىل شەكلىنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. پېئىلنىڭ «يازغانىدى» شەكلى بەزى كىتابلاردا «ئۇزاق ئۆتكەن زامان» دەپ، بەزى كىتابلاردا بولسا، «ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى» دەپ تەھلىل قىلىنغان. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ شەكىل «ئۇزاق ئۆتكەن زامان» ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى «يېقىن ئۆتكەن زامان» ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىۋېرىدۇ (مەسىلەن، ئۇ تېخى يېڭىلا قايتىپ كەلگەنىدى، ئەخمەت چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. ※ بىر ۋارقىرىغانىدىم، ھەممىسى جىملا بولۇپ قالدى) ھەم ھەرقانداق چاغدا ئېنىق مەنە بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ

* ئۆلىنىپ كەلگەن مىسال جۈملىلەرنى ئايرىش ئۈچۈن ※ بەلگىسىنى قوللاندۇق. كېيىنكى بەت ۋە ماقالىلاردىمۇ شۇنداق.

ئۇچۇن، بۇ پېئىل شەكلىنى «ئۇزاق ئۆتكەن زامان» دەپ تەھلىل قىلىشمۇ، «ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى» دەپ تەھلىل قىلىشمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بەزى كىتابلاردا «يازغانىدى» شەكلى «ئۇزاق ئۆتكەن زامان» دەپ، «يېزىۋىدى» شەكلى «يېقىن ئۆتكەن زامان» دەپ تەھلىل قىلىنىدىغان. ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئىككى خىل شەكىل مۇتلەق كۆپ ئەھۋال ئاستىدا مەنىداش قوللىنىلىدۇ (مەسىلەن، خەت يازغانىدىم، جاۋاب بەرمىدى. ※ خەت يېزىۋىدىم، جاۋاب بەرمەدى. ※ سورىغانىدى، ئېيتىپ بەردى، ※ سورىۋىدى، ئېيتىپ بەردى). دېمەك، بۇ يەردە مەنىداش ئىككى خىل شەكىل قارىمۇقارشى ئىككى خىل ئۆتكەن زامانغا ئايرىۋېتىلگەن؛ بەزى كىتابلاردا «يازغانىدى» شەكلى «ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى» دەپ، «يېزىۋىدى» شەكلى بولسا، «ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر رايى» دەپ تەھلىل قىلىنغان. دېمەك، بۇ يەردىمۇ مەنىداش ئىككى خىل شەكىل ئىككى خىل ئۆتكەن زامانغا ئايرىۋېتىلگەن. «يېزىۋاتىدۇ» شەكلى بىلەن «يازماقتا» شەكلى مەنە جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، كېيىنكىسى ئاساسەن يېزىق تىلىدا قوللىنىلىدۇ. لېكىن، بەزى كىتابلاردا بۇ ئىككى خىل شەكىلنىڭ ئالدىنقىسى «شۇ پەيت هازىرقى زامان» دەپ، كېيىنكىسى «سوزۇلما هازىرقى زامان» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىۋېتىلگەن. بەزى كىتابلاردا مەقسەت كېلەر زامانغا تەئەللۇق بولغان «يازماقچىمەن» شەكلى بىلەن مەقسەت ئۆتكەن زامانغا تەئەللۇق بولغان «يازماقچىدىم» شەكلى «مەقسەت كېلەر زامان» دېگەن بىرلا تۈرگە ئايرىپ قويۇلغان ۋەھاكازا.

2. تىلىمىزدا پېئىلنىڭ «يازسىكەن» (يازسا ئىكەن) شەكلى ئارقىلىق تىلەك رايى ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن، شۇ يىغىنغا مەنمۇ قاتناشسام ئىكەن. ※ ماڭا مۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ياردەم قىلىپ تۇرسىڭىز ئىكەن)؛ «يازسىدى» (يازسا ئىدى) شەكلى ئارقىلىق ئارزۇ رايى ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن، ساماۋارىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىسىدى، چايلىرى قايناپ تۇرسىدى. بىر چىنە چاينى ئىچكۈچە، يارىم ئويناپ تۇرسىدى. )؛ «يازغىيدى» (يازغاي ئىدى)، «يازمىغىيدى» (يازمىغاي ئىدى) شەكلى ئارقىلىق ئەنسىرەش رايى ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن، شۇنچە يەردىن كەلگىنىمگە يارىشا، ئۇ ئۆيدە بولغىيدى، خەت ئۆيگە ئۆز ۋاقتىدا تەگكىيدى. ※ ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە ماشىنا مېڭىپ كەتمىگىيدى. ※ سەن بۇ سائەت بىلەن بەك ئېتىشىپ كەتتىڭ، بۇزۇپ قويمىغىيدىڭ)؛ «يازسىچۇ» شەكلى ئارقىلىق ئەپسۇس رايى ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن، تۈنۈگۈنكى دوكلاتنى مەنمۇ ئاڭلىسامچۇ! ※ يازغاندىن كېيىن تۈزۈكرەك يازسىچۇ! )؛ «يازسا كېرەك»، «يازىدىغان ئوخشايدۇ»، «يازىدىغان چېغى» شەكىللىرى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ مولچەر رايى ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن، ئۇلار بۈگۈن كەلسە كېرەك، كېلىدىغان ئوخشايدۇ، كېلىدىغان چېغى) ۋەھاكازا، لېكىن گراماتىكا كىتابلىرىدا پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرى راي تۈرى سۈپىتىدە پېئىلنىڭ رايى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ.

3. پېئىلنىڭ «ـ سا، سە» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان شەخسلىك شەكلى تىلىمىزدا تۆۋەندىكى مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ: 1) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ، پەرەز قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، ئەخمەت كەلسە، يىغىننى باشلايمىز. ※ تويغا بارساڭ، تويۇپ بار. ※ كىم تىرىشسا، شۇ ئالغا باسىدۇ. ※ سەن نەگە بارساڭ، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن)؛ 2) «مۇ» يۈكلىمىسى بىلەن بىرىكىپ بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، باش جۈملىدىكى ئىشقا قارشى كەلسىمۇ، لېكىن توسقۇن بولالمايدىغان ياكى بولالمىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، سەن كەلمىسەڭمۇ مەجلىسنى ئېچىۋېرىمىز. ※ شۇنچە توسساممۇ ئۇنىماي كېتىپ قالدى)؛ 3) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ، باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھالەتكە دۇچكەلگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، بىر كىم دېرىزەمنى چەكتى، قارىسام ئەخمەت ئىكەن. ※ قوغۇن

تېرساق ئوخشىمىدى) ؛ 4) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ، باش جۈملىدە سوئال ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ ئاساسىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنى بىلمىسەم قانداق بارىمەن؟ ※ ناز ئۆيقۇدا يېتىپ نىچۇك تولغىناس، ئاشىقى كۆتۈپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى. «ل. مۇتەللىپ») ؛ 5) ئاددىي جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ، تەكلىپ ياكى ئارزۇ تەرىقىسىدە ئېيتىلغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ (مە-سىلەن، خەلقئارا ئۆلچەم بىرلىكلىرى خەلقئاراچە ئاتالسا... تەنتەربىيە ئاتالغۇلىرى ئومۇمەن رۇسچىدىن ئېلىنغان پېتى قول-لىنىلسا. «ئا. ئابباس» ※ بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا، چىقمى-سام يار قاشىدىن، خەلقى - ئالەم ئالدىدا، پەرۋانە بولسام باشىدىن).

لېكىن، گراماتىكا كىتابلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك پېئىلنىڭ بۇ شەكلى «شەرت رايى» دەپلا تەھلىل قىلىنماقتا. روشەنكى، بۇ تەھلىل پەقەت ئۇنىڭ بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، باش جۈملىدىكى ئىشنىڭ شەرتى سۈپىتىدە پەرەز قىلىند-غان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن چاغدىكى مەنىسىگىلا توغرا كېلىدۇ. قالغانلىرىنى، بولۇپمۇ 3 -، 4 -، 5 - مەنىدە كەلگەنلىرىنى «شەرت رايى»غا كىرگۈزۈش ناھايىتى تەس.

4. پېئىلنىڭ «يازغانلىق»، «يازىدىغانلىق»، «يېزىۋاتقان-لىق» شەكىللىرى، بىر تەرەپتىن پېئىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسىملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئاساسەن پېئىل خەۋەرلىك جۈملىلەرنى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاددىي جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى قى-لىشتا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئېچىل-غانلىقى ياخشى بولدى» دېگەن جۈملىدە، ئىگە ۋەزىپىسىدە كەل-گەن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى «بۇ قېتىمقى يىغىن ئېچىلدى» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئەخمەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن» دېگەن جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى «ئەخمەت كېلىدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ «ئەخمەتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ» دېگەن جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى «ئەخمەت كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بەزىدە پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرى ئورنىدا سۈپەتداش شەكىللىرىنىڭ ئۆزى قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، «بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئېچىلغىنىنى ياخشى بولدى»، «ئەخمەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن»، «ئەخمەتنىڭ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ ئەھۋاللار پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرىنى پېئىلنىڭ ھەرىكەتنامى شەكىللىرى قاتارىدا «ئۆتكەن زامان ھەرىكەتنامى»، «ھازىرقى زامان - كېلەر زامان ھەرىكەتنامى»، «ھازىرقى زامان ھەرىكەتنامى» دەپ تەھلىل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

لېكىن، پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرى ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گرامماتىكا كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك پېئىلنىڭ گرامماتىكىلىق شەكىللىرى سۈپىتىدە مەخسۇس بايان قىلىنمايدۇ (ئەمىر نەجىپ بىر جايدا ئۇلارنى «ئىككىنچى دەرىجىلىك ھەرىكەتنامى» دەپ ئاتىغان)، بەلكى پەقەت كۆچۈرمە جۈملىلەرنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى سۈپىتىدىلا تىلغا ئېلىنىدۇ.* ۋەھالەنكى، پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرىنى كۆچۈرمە جۈملىلەرنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ھېسابلاش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، بىرىنچىدىن، پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ھاسىل

---

* قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (I قىسىم)، ئالمۇتا، 1966؛
نەسرۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980.

بولغان قۇرۇلمىلار گەرچە جۇملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۇرسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنى جۇملە ھېسابلاشقا بولمايدۇ. «ئۇ قاسىمنىڭ بار-
مايدىغانلىقىنى ئېيتتى» دېگەن جۇملىدىكى «قاسىمنىڭ بار-
غانلىقىنى» دېگەن قۇرۇلما يا گرامماتىكىلىق ئىگە، يا گرامماتىـ-
كىلىق خەۋەرگە ئىگە بولمىسا، ئۇنى قانداقسىگە «جۇملە» ھېـ-
سابلاشقا بولسۇن؟ ئىككىنچىدىن، پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرىنىڭ
قاتنىششى بىلەن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلار كۆچۈرمە جۇملىلەر
بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى كۆپ ھاللاردا
كۆچۈرمە ئەمەس مەنە بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىـ-
دۇ. مەسىلەن، «مېنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىمنى كۆرمىدىڭمۇ»،
«ئۇنىڭ خەنزۇچىنى ياخشى بىلىدىغانلىقى ماڭىمۇ مەلۇم» دېگەن
جۇملىلەردىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلمىلارنىڭ كۆچۈرمە بىلەن
ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

5. ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ
«ئىكەنلىك» سۆزى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇل-
مىلار خەۋىرى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن بولغان جۇملىـ-
لەرنى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىگە ئايلاندۇرۇپ،
ئاددىي جۇملىنىڭ بىر بۆلىكى قىلىشتا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن،
«ئۇنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم» دېگەن
جۇملىدە، ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز
بىرىكمىسى «ئۇ ياخشى ئوقۇغۇچى» دېگەن جۇملىنىڭ مەنىسىنى
بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ «ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ يىراق ئىكەنلىكىنى مەن-
مۇ بىلىمەن» دېگەن جۇملىدە، تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئى-
سىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى «ئۇلارنىڭ ئۆيى يىراق»
دېگەن جۇملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ «ئۇلارنىڭ تۆ-
تەيلەن ئىكەنلىكىنى نېمىشكە ماڭا ئېيتمىدىڭ» دېگەن جۇملىدە،
تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمى-
سى «ئۇلار تۆتەيلەن» دېگەن جۇملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەن. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ «ئىكەنلىك» بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىنى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ ھۆكۈملۈك شەكلى ھېسابلاشقا بولىدۇ.*

بىراق، ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گراماتىكا كىتابلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە بۇ قۇرۇلما تىلغا ئېلىنمايدۇ. بەزى كىتابلاردا بۇ قۇرۇلمىمۇ يۇقىرىدىكى «يازغانلىق»، «يازىدىغانلىق» شەكىللىرىگە ئوخشاش كۆچۈرمە جۈملىلەرنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.** ۋەھالەنكى، بۇ خىل قاراشمۇ خۇددى «يازغانلىق»، «يازىدىغانلىق» شەكىللىرىنى كۆچۈرمە جۈملىلەرنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ھېسابلىغانلىق بىلەن ئوخشاشلا مۇۋاپىق ئەمەس.

6. ئۇيغۇر تىلىدا سانلار ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئېنىق سانلىق شەخس ئالماشلىرى رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئەخمەت، تۇردى، مەن ئۈچىمىز كەلدۇق»، «قاسىم بىلەن ئىككىڭلار بېرىڭلار»، «ئۇلار بەشى بىر گورۇپپا بولسۇن» دېگەن جۈملىلەردە، ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن «ئۈچىمىز»، «ئىككىڭلار»، «بەشى» قاتارلىقلار شۇنداق رولدا كەلگەن. لېكىن، ھازىرقى گراماتىكا كىتابلىرىدا ساننىڭ بۇ شەكلى ئىسىملاشقان سانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ، ۋەھالەنكى، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئىسىملار مەڭگۈ III شەخسكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ III شەخستىكى تەۋەلىك شەكىللىرىمۇ خەۋەرنىڭ III شەخستە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ (مەسىلەن، ئاكام

---

* بۇ قۇرۇلما بەزىدە «-لىق، -لىك» قوشۇمچىسى بىلەن تۈزۈلۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، «ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ يىراقلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ يەردىكى «-لىق، -لىك» قوشۇمچىسى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە بولۇپ، ئۇنى سۆز ياسىغۇچى «-لىق، -لىك» قوشۇمچىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

** قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (I قىسىم)، ئالمۇتا، 1966.

كەلدى. ※ ئاكىگىز كەلدى)، لېكىن سانىنىڭ بۇ شەكىللىرى خۇددى شەخس ئالماشلىرىغا ئوخشاشلا خەۋەرنىڭ سان ۋە شەخس جەھەتتىن ئۆزى بىلەن بىردەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ (مەسىلەن، ئۇچىمىز كەلدۇق. ※ ئىككىڭلار بېرىڭلار). دېمەك، بۇنىڭدىن سانىنىڭ بۇ شەكىللىرىنىڭ «ئۆزلۈك ئالماش» دەپ ئاتىلىدىغان «ئۆزىمىز»، «ئۆزۈڭلار» قاتارلىقلار ۋە «بەلگىلەش ئالماش» دەپ ئاتىلىدىغان «ھەممىمىز»، «ھەممىڭلار» قاتارلىقلار بىلەن بىر تىپقا كىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋۈلغىلى بولىدۇ.

7. ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم، سۈپەت ۋە بەزى پېئىل شەكىللىرىنىڭ تەكرارلىنىش ئارقىلىق گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەپ كېلىش ئەھۋالى خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «ئېگىز — ئېگىز ئىمارەتلەر»، «پاكار — پاكار ئۆيلەر»، «چىرايلىق — چىرايلىق قىزلار» دېگەن بىرىكمىلەردىكى تەكرارلانغان سۈپەتلەر بىلەن «ئېگىز ئىمارەتلەر»، «پاكار ئۆيلەر»، «چىرايلىق قىزلار» دېگەن بىرىكمىلەردىكى تەكرارلانمىغان سۈپەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئېنىق پەرق بار؛ «ئۆي — ئۆيدە»، «تەرەپ — تەرەپتىن»، «دوقمۇش — دوقمۇشتا» قاتارلىق تەكرارلانغان ئىسىملارنىڭ «ھەر ئۆيدە»، «ھەر تەرەپتىن»، «ھەر دوقمۇشتا» دېگەن مەنىلەردە كېلىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق؛ «ئـوقۇپ — ئـوقۇپ»، «ساقلاپ — ساقلاپ»، «يېزىپ — يېزىپ» قاتارلىق تەكرارلانغان رەۋىشداشلارنىڭ ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ كۆپ قېتىم تەكرارلانغانلىقى ياكى ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ خىل تەكرارلانغان شەكىللەر بىزنىڭ گراماتىكا كىتابلىرىمىزدىن بىر خىل گراماتىكىلىق شەكىل سۈپىتىدە ئورۇن ئالغىنى يوق.

8. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرى مەسىلىسى تېخى تولۇق ھەل بولغىنى يوق. 1) تىلىمىزدىكى «چىشلەم»، «يۇتۇم»، «سېلىم»، «سەر»، «مىسقال»، «پۇڭ»، «كىلوگ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رام» ، «توننا» ، «لېتىر» ، «كالون» قاتارلىق مىقدارنى كۆپا-
دىلەش رولىدا كېلىدىغان سۆزلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل سۆزلەر، بولۇپمۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى
بىلدۈرىدىغان مىقدار سۆزلەر يەن - تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا
ئەگىشىپ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. لېكىن، بۇ سۆزلەرنى ھازىر-
قى گرامماتىكا كىتابلىرىدا بۆلۈنگەن سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھېچ-
قايسىسىغا كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. 2) تىلىمىزدا «ۋاراڭ -
چۇرۇڭ» ، «شار - شۇر» ، «غور - غۇر» ، «ۋال - ۋۇل» ،
«لوق - لوق» قاتارلىق تەقلىدىي سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ. بۇ
سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلە-
دۇ، ھەممىسى دېگۈدەك سۆز ياساشقا ئاساس بولالايدۇ. شۇنىڭغا
قارىماي، بۇ سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەر قاتارىغا قويۇلماقتا.
3) «ئېھتىمال» ، «ئەلۋەتتە» ، «ئەپسۇسكى» ، «ئەكسىچە» قا-
تارلىق گەپنىڭ ئۇرانىنى بىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان سۆزلەر
بەزى كىتابلاردا ئايرىم بىر سۆز تۈركۈمى ھېسابلىنىپ «مودال
سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن، بەزى كىتابلاردا ئايرىم سۆز
تۈركۈمىگە ئايرىلمايدۇ، بەزى ئاپتورلار بولسا ئۇلارنى «تېخى
ئايرىم بىر سۆز تۈركۈمى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن، ئۇلار
پەقەت بىر گۇرۇپپا» دەپ ھېسابلايدۇ.

9. تىلىمىزدىكى بەزى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەر تېخى
ئايدىڭلاشتۇرۇلغىنى يوق. مەسىلەن، تىلىمىزدا ناھايىتى كەڭ
قوللىنىلىدىغان «ئۇ ‹بارمايمەن› دەيدۇ» ، «تۇرپاندا ئۈزۈمنى
‹جۇجەم› دەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەردىكى «بارمايمەن» ،
«جۇجەم» دېگەن سۆزلەر بىلەن «دېمەك» پېئىلىنىڭ ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇناسىۋەت قايسى خىلدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت؟
«ئۇ ‹بارمايمەن› دەپ جاۋاب بەردى» ، «ئۇ ‹تۇرسۇن› دەپ
چاقىردى» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەردىكى «بارمايمەن» دەپ
بىلەن «جاۋاب بەرمەك» ئوتتۇرىسىدىكى «تۇرسۇن دەپ» بىلەن

«چاقىرماق» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قايسى خىلدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت؟ «ئۇ كادىر بولدى»، «قاسىم ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى بولدى»، «بۇ كىتاب مېنىڭ بولدى»، «دۆيىنىڭ كالىلىرى 56 بولدى»، «باللار چوڭ بولدى»، «ۋاقتىدا كەلمىگەنلەر مۇسابىقە ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن بولىدۇ»، «ئۇ ئەتە كېلىدىغان بولدى»، «ئۇ ئۇخلاۋاتقان بولۇپ جىم يېتىۋالدى» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەردىكى «كادىر»، «ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى»، «مېنىڭ»، «56»، «چوڭ»، «مۇسابىقە ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن»، «ئەتە كېلىدىغان»، «ئۇخلاۋاتقان» قاتارلىق سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن «بولماق» پېئىلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت؟ «‹ئەخمەت›، ئىسىملىك»، «‹مۇدەن›، ماركىلىق»، «‹ئىشچان قىز›، سەرلەۋھىلىك» قاتارلىق بىرىكمىلەردىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قايسى خىلدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت؟

پېئىلنىڭ «پ» بىلەن ئاخىرلاشقان رەۋىشداش شەكلى گراماتىكا كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك باشقا رەۋىشداشلار بىلەن بىر قاتارغا قويۇلۇپ، ھامان «بېقىندى ئورۇندا كېلىدىغان پېئىل شەكلى» دەپ تونۇلىدۇ. لېكىن، پېئىلنىڭ بۇ خىل رەۋىشداش شەكلى باشقا رەۋىشداشلار بىلەن ئوخشاش بېقىندى ئورۇندا كەلگەندىن باشقا، ئۇلاردىن پەرقلىق ھالدا مەنە جەھەتتىن مۇستەقىل ئورۇندىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئۇ تونۇگۇن كېلىپ، بۈگۈن كەتتى»، «بىز بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇيمىز»، «ئىچىم ئېلىشىپ، بېشىم قېيىپ تۇرىدۇ» دېگەن جۈملىلەردىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلمىلار مەنە جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇپ، ئۇلارنى خەۋەرگە ياكى يەنە بىر جۈملىگە بېقىنىپ كەلگەن دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا، بۇ خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

10. ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گراماتىكا كىتابلىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساقلانغان يەنە بىر ئېغىر مەسىلە — بېقىندى جۈملىلەرنىڭ تەھلىلىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندى جۈملىلەر بەزى كىتابلاردا 21 تۈرگە، بەزى كىتابلاردا 16 تۈرگە، بەزى كىتابلار- دا 14 تۈرگە، بەزى كىتابلاردا بولسا 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ «بىز تاپشۇرۇقنى ياخشى ئىشلەپ ئوقۇتقۇچىمىزنى رازى قىلدۇق»، «ئاغرىپ قېلىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشالمىدىم»، «بۇ بالا ياخشى ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى»، «دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارماقچى بولۇپ تەييارلىق قىلىۋاتىمىز»، «ئۇ دەرسنى ياخشى ئۆگەنگەنلىكتىن ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالىغا ياخشى جاۋاب بەردى»، «ئۇ كىچىكىپ قالغان سەۋەبتىن سىنىپقا كىرەلمىدى» قاتارلىق بىر ئىگىلىك جۈملىلەردىكى تېگىگە سى- زىلغان قۇرۇلمىلار بەزى كىتابلاردا بېقىندى جۈملە ھېسابلانسا، بەزى كىتابلاردا بېقىندى جۈملە ھېسابلانمايدۇ؛ خەۋىرى «سا، سە» شەكلىدە بولۇپ، باش جۈملىدىكى ئالماش ئارقىلىق ئىپادى- لەنگەن بۆلەكلەرنى ئىزاھلاپ كەلگەن بېقىندى جۈملىلەر (مەسى- لەن، «كىم تىرىشسا، شۇ ئالغا باسىدۇ. ※ كىم ياخشى بولسا، شۇنى سايلايمىز» دېگەنگە ئوخشاش) بىر كىتابتا ئايرىم تۈر ھېسابلىنىپ، «سوراق بېقىندى جۈملە» دەپ ئاتالسا، بىر كىتاب- تا باش جۈملىدىكى ئالماشنىڭ رولىغا ئاساسەن «ئىگە بېقىندى جۈملە»، «تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە» دېگەنگە ئوخشاش تۈر- لەرگە بۆلۈۋېتىلىدۇ، يەنە بىر كىتابتا بولسا، «خەۋىرى مورفو- لوگىيىلىك شەكىلدە كەلگەن بېقىندى جۈملە» دېگەن بىر چوڭ تۈرگە قوشۇۋېتىلىدۇ. بەزى كىتابلاردا بېقىندى جۈملە توغرىسىدا بېرىلگەن چۈشەنچە شۇنچىلىك مۇجمەل ۋە زىددىيەتلىككى، بېقىن- دى جۈملىنىڭ زادى قانداق ئۆلچەم بويىچە ئايرىلىدىغانلى- قىنى زادىلا بىلگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، «بىرەر نەرسىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئاسان ئۆگىنىۋالغىلى بولى-

دۇ» دېگەن جۈملىدىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلما «ھالەت» دەپ تەھلىل قىلىنسا، «تۆتەيلەن ئاشۇنداق بىر مەزگىل پاراڭلاشقاندىن كېيىن رەسىملىك ژۇرناللارنى كۆرۈشكە باشلىدى» دېگەن جۈملىدىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلما «بېقىندى جۈملە» دەپ تەھلىل قىلىنىدۇ؛ «كونا دەسمايىنى يەپ يېتىۋەرمەڭلار» دېگەن جۈملىدىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلما «ھالەت» دەپ تەھلىل قىلىنسا، «قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قۇربان بولۇشتىن قورقماي، ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن جۈملىدىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلمىلار «بېقىندى جۈملە» دەپ تەھلىل قىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆلچەم زادى نېمە؟ ھەتتا «سىزنىڭ ئىشىڭىزغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئىشى قىيىنراق»، «بۇنىڭغا بىر گۇڭچەنداڭ تۇگۇل ھەرقانداق پارتىيە - گۇرۇھلارمۇ قوشۇلمايدۇ»، «ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونالدىكى پارتىيىلەرنىڭ لېنىن رەھبەرلىك قىلغان بولشېۋىكلار پارتىيىسىدىن باشقا ھەممىسى دېگۇدەك ماركسىزمغا ئاسىيلىق قىلدى» دېگەن جۈملىلەردىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلمىلارمۇ «بېقىندى جۈملە» دەپ تەھلىل قىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇلارنى نېمىگە ئاساسەن «بېقىندى جۈملە» دېيىش مۇمكىن؟

بۇ ئەھۋاللار ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندى جۈملىلەرنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمىدە مەسىلە بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

11. بەزى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تەھلىللىرىدىمۇ بىرلىك يوق. مەسىلەن، يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن - پەيت كېلىش، چىقىش كېلىشتىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بەزى كىتابلاردا بىردەك «ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى» ياكى «تولۇقلىغۇچى» دەپ تەھلىل قىلىنىدۇ. بەزى كىتابلاردا بولسا، ئۇلارنىڭ «نېمىگە»، «كىمگە»، «نېمىدە»، «كىمدە»، «نېمىدىن»، «كىمدىن» سوئاللىرىغا جاۋاب بولغانلىرى «ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى» ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئۆتۈمسىز تولدۇرغۇچى» ياكى «يانداش تولدۇرغۇچى» دەپ «نەگە»، «نەدە»، «نەدىن» سوئاللىرىغا جاۋاب بولغانلىرى «ھالەت» دەپ تەھلىل قىلىنىدۇ.

12. تىلىمىزدىكى «دۇر»، «ئىدى»، «ئىكەن»، «ئىمىش»، «دەك» (دەكمەن) سۆزلىرى پېئىلنىڭ ھەر خىل بايان رايىغا خاس زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتناشقاندىن تاشقىرى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، ھەرخىل بايان رايىغا خاس قوشما خەۋەرلەرنى ھاسىل قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن، گراماتىكا كىتابلىرىدا بۇ سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق رولى توغرۇلۇق سىستېمىلىق بايانات بېرىلمەيدۇ.

13. ياردەمچى پېئىللارنىڭ گراماتىكىلىق رولى ئۈستىدە ئىختىلاپ زور. بەزى كىتابلاردا «ياردەمچى پېئىللار ئارقىلىق پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى ھاسىل بولىدۇ» دەپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى كىتابلاردا «ياردەمچى پېئىللار ئارقىلىق ئاساسىي پېئىلغا تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەر قوشۇلىدىغان قوشما پېئىللار ھاسىل بولىدۇ» دەپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى كىتابلاردا بولسا، «ياردەمچى پېئىللار ئارقىلىق ئاساسىي پېئىلغا تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەر قوشۇلىدىغان ‹مۇرەككەپ ئاساسلار› ھاسىل بولىدۇ ۋە بۇلار قوشما پېئىل (مۇرەككەپ پېئىل) دىن پەرقلىنىدۇ» دەپ ھېسابلىنىدۇ.

14. ئىسىملاردىكى كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىبى ۋە شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك تىركەلمىلەر (سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى) نىڭ گراماتىكىلىق رولى توغرىسىدا مۇنازىرە داۋام قىلماقتا. مېنىڭچە، بۇ يەردە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە نەزەرىيىۋى مەسىلە بار: 1) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ پەرقى نېمە؟ تىلدا يېگى سۆز ياسىمايدىغان «سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار» مەۋجۇتمۇ؟ ئەگەر مەۋجۇت بولسا، ئۇلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردىن قايسى

جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ؟ كونكرېت قىلىپ ئېيتساق، بەزى تەتقىقاتچىلار «ئۇرۇمچىدىكى» دېگەن قۇرۇلمىدىكى «دىكى» قوشۇمچىسىنى «سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ گراماتىكىلىق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە» دەيدۇ، ئۇنداق بولسا، «ئۇرۇمچىدە» دېگەن قۇرۇلمىدىكى «دە» قوشۇمچىسىمۇ سۆزنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ قالامدۇ؟ 2) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ «بالامدىكى»، «بالىلىرىمدىكى»، «بالىڭىزدىكى» دېگەنگە ئوخشاش شەكىللىرى سىستېمىلىق ھالدا سۆزنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى ئاساسىغا قوشۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟ 3) ئادەتتە ئالماشلارنىڭ ئومۇمەن سۆز ياساشقا ئاساس بولالمايدىغانلىقى ئۇلارنىڭ بىر گراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن، قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دا: «باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قارىغاندا، ئالماشلاردا سۆز ھاسىل قىلىش پروتسېسى ناھايىتى كۈچسىز» دېيىلىدۇ. يولداش تۇردى ئەخمەت بىلەن نەسرۇللا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «ئالماشلارنىڭ سۆز ياساش رولى يوق دېيەرلىك، ئالماشلارغا پەقەت پېئىل ياسىغۇچى (-لا، -لە)، ۋە ئىسىم، سۈپەت ياسىغۇچى (-لىق، -لىك، -لۇق، -لۈك، -چى)، قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس ئاز ساندىكى سۆزلەرنى ياساش ۋە بەزى ئالماشلارنى ئۆزئارا قوشۇپ جۈپ ئالماشلارنى ياساش مۇمكىن» دەپ يازىدۇ؛ لېكىن، نېمە ئۈچۈن «-دىكى، -تىكى»، «-دەك، -تەك»، «-قىچە، -غىچە، -گىچە، -كىچە»، «-چە (-چىلىك)» قوشۇمچىلىرى ئىسىم رولىدىكى ئالماشلارغا خۇددى كېلىش قوشۇمچىلىرىدەكلا سىستېمىلىق قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ. (مەسىلەن، بىزدىكى، بىزدەك، بىزگىچە، بىزچىلىك،

سەندىكى، سەندەك، سەنچىلىك...)؟ بەزى مەشھۇر ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە ئادەم ئىسىملىرىمۇ سۆز ياساشقا ئاساس بولالمايدۇ ھەم ئادەم ئىسىملىرى ئاساسىدا يېڭى سۆز ياساشنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس. لېكىن، نېمە ئۈچۈن يۇقىرىدىكى قوشۇمچىلار ئادەم ئىسىملىرىگىمۇ خۇددى كېلىش قوشۇمچىلىرىدەكلا قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ (مەسىلەن، قاسىمدىكى، قاسىمدەك، قاسىمغىچە، قاسىمچىلىك، تۇرسۇندىكى، تۇرسۇندەك...)؟ 4) گراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىقمۇ ياسىلىدىغانلىقى گراماتىكا نەزەرىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىدۇ. يولداش تۇردى ئەخمەت بىلەن نەسرۇللامۇ ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرمۇنچە گراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ياردەمچى سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدىغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ نۇقتا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا يالغۇز نەزەرىيە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىنىش بىلەنلا قالماستىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكا تەھلىلىگىمۇ تەتبىق قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرىدىن بىرمۇنچىسى ياردەمچى سۆزلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ياسالغان (مەسىلەن، يازغانىدىم، يازغانىكەن، يازار ئىدىم...» دېگەنگە ئوخشاش). ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللارنىڭمۇ گراماتىكىلىق شەكىل ياساش رولىنى ئوينايدىغانلىقى كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماقتا، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇيغۇر تىلىدىكى تىركەلمىلەرنىڭ گراماتىكىلىق شەكىل ياساش رولى نېمە ئۈچۈن ئېتىراپ قىلىنمايدۇ؟ پېئىلنىڭ ئوخشاش خاراكتېردىكى «يازدىم» شەكلى بىلەن «يازغانىدىم» شەكلى بىرىنىڭ قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغىنى، بىرىنىڭ ياردەمچى سۆز ئارقىلىق ياسالغىنىغا قارىماي، پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن يەردە، نېمە ئۈچۈن ئىسىمنىڭ ئوخشاش

خاراكتېردىكى «ئۆرۈمچىدىن» (قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغان) شەكلى بىلەن «ئۆرۈمچى ئارقىلىق» (ياردەمچى سۆز ئارقىلىق ياسالغان) شەكلى كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ؟

15. ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا قوشما سۆزلەر بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ پەرقى مەسىلىسىمۇ تولۇق ھەل بولغان مەسىلە ئەمەس. مەسىلەن، ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ «بولماق»، «قىلماق» پېئىللىرى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلارنى قارىقويۇق بىر سۆز ھېسابلاش گرامماتىكا كىتابلىرىدا بىر دەستۇر بولۇپ كەلمەكتە. ۋەھالەنكى، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى (مەسىلەن، «ھەل بولماق، ھەل قىلماق، پەيدا بولماق، پەيدا قىلماق» دېگەنلەرنى) بىر سۆز ھېسابلاشقا بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسمىنى (مەسىلەن، «ئادەم بولساق، ئادەم قىلماق، 100 بولماق، چىرايلىق بولماق، چىرايلىق قىلماق» قاتارلىقلارنى) بىر سۆز ھېسابلاش ناھايىتى تەس، چۈنكى بۇ قۇرۇلمىلار ئۆزلە-رىنىڭ بىرىكىش جەھەتتىكى ئەركىنلىكى بىلەن قوشما سۆزلەر-دىن پەرقلىنىدۇ؛ يەنە مەسىلەن، گرامماتىكا كىتابلىرىدا سىزىق-چە ئارقىلىق يېرىم قوشۇپ يېزىلىدىغان قۇرۇلمىلار بىردەك جۈپ سۆز ھېسابلىنىپ كەلمەكتە. بۇ قۇرۇلمىلارنىڭ بىر قىسمى ئەلۋەتتە جۈپ سۆز ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىككى سۆزنىڭ يۇغۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان ئۈچىنچى بىر لېكسىكى-لىق مەنىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، «دەپتەر ـ قەلەم، ئىسسىق ـ سوغۇق، كېچە ـ كۈندۈز، قىش ـ ياز» دېگەنلەرگە ئوخشاش)، لېكىن بۇ خىل قۇرۇلمىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى جۈپ سۆز (بىر سۆز) ھېسابلاش ناھايىتى تەس، چۈنكى ئۇلار ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلما مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ۋە بىرىكىش جەھەتتىكى ئەركىنلىكى بىلەن يۇقىرىقىلاردىن پەرقلىنىدۇ (مەسىلەن، «تى-رىشچانلىق ـ ئىقتىساتچانلىق، ئىشچى ـ دېھقان، لەنجۇ ـ شىن-

www.uyghurkitap.com

جالڭ «تۆمۆريولى»، جۇڭگو - سوۋېت «چېگرىسى»، ... دېگەنلەرگە ئوخشاش).

16. ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتتا، جۈملىدىن گرامماتىكا كىتابلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق كەمچىلىكلەرنىڭ يەنە بىرى — پەقەت تىلنىڭ گرامماتىكىلىق سىستېمىسىنى بايان قىلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، شۇ سىستېمىنى تەشكىل قىلغۇچى بىرلىكلەرنىڭ، يەنى كونكرېت گرامماتىكىلىق قائىدىلىرىنىڭ قانداق قوللىنىلىشىنى بايان قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا ھازىرغىچە بارلىققا كەلگەن گرامماتىكا كىتابلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى كونكرېت گرامماتىكىلىق قائىدىلەرنىڭ قوللىنىلىشىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بەرگەن بىرەرسىنى كۆرسىتىش ناھايىتى تەس، مەلۇم كونكرېت قائىدىنىڭ قانداق قوللىنىلىدىغانلىقىغا بېغىشلانغان ماقالىلەرمۇ يوقنىڭ قاتارىدا. بۇ ھالنى ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر نۇقسان ھېسابلىماي مۇمكىن ئەمەس. گرامماتىكىنى تەتقىق قىلىش، گرامماتىكا توغرىسىدا كىتاب يېزىش ياكى گرامماتىكىدىن دەرس ئۆتۈشتىكى ئەڭ مۇھىم بىر ۋەزىپە — كىشىلەرنى تىلنىڭ گرامماتىكىلىق بايلىقىدىن ئەتراپلىق خەۋەردار قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ بايلىقتىن ئاڭلىق پايدىلىنىشىغا ياردەم بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. روشەنكى، كونكرېت گرامماتىكىلىق قائىدىلەرنىڭ قانداق قوللىنىلىشىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئارقىلىق، تىلنىڭ گرامماتىكىلىق بايلىقىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلمىگەن گرامماتىكا كىتابى ياكى دەرسلىكلەرنىڭ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، تىلنىڭ گرامماتىكىلىق سىستېمىسىنىمۇ ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى

بىرلىكلەرنىڭ قانداق قوللىنىلىشىنى پۇختا تەتقىق قىلىش ئار
لىق، ئاندىن ھەقىقىي يوسۇندا ئىنقىلاپ چىققىلى بولىدۇ. ئۇ
غۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق سىستېمىسىغا ئائىت بىرمۇنچە م
سىلىلەرنىڭ ھەل بولماي كېلىۋاتقانلىقىمۇ ئاساسەن كونكرې
بىرلىكلەرنىڭ قانداق قوللىنىلىشى ئىنقىلاپ چىقىلمىغانلىقى ب
لەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، بىز 1 - مەسىلىدە كۆرسىتىپ
ئۆتكەن 35 خىل پېئىل شەكلىنىڭ قانداق قوللىنىلىشى تەپس
لىي ئىنقىلاپ چىقىلغان بولسا، پېئىلنىڭ بايان رايىغا تەۋە بول
غان گرامماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ قانداق بىر سىستېمىنى ھا
سىل قىلىدىغانلىقىمۇ ئاسانلا ئىنقىلاپ چىقىلغان بولاتتى؛ تىل-
مىزدىكى ياردەمچى پېئىللارنىڭ قانداق قوللىنىلىشى تەپسىلىي
ئىنقىلاپ چىقىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ قانداق گرامماتىكىلىق رولدا
كېلىۋاتقانلىقىمۇ ئاسانلا ئىنقىلاپ چىقىلغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، گرامماتىكا تەتقىقاتىدا كونكرېت گرامماتىكىلىق بىرلىك-
لەرنىڭ قانداق قوللىنىلىشىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمى-
يەت بېرىش كېرەك. بۇ ساھەدە تېما ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن،
ئىسىمنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى،
ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى،
ھەرقايسى كېلىش شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى، ئىسىمنىڭ
ئىسىملارنىڭ قوللىنىلىشى، تەكرارلانغان
قوللىنىلىشى، ئۇرۇن - تەرەپ ئىسىملىرىنىڭ
سۈپەتنىڭ دەرىجە شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى،
سۈپەتلەرنىڭ ئىسىم رولىدا كېلىشى، تەكرارلانغان سۈپەتلەرنىڭ
قوللىنىلىشى، مۆلچەر سانلارنىڭ قوللىنىلىشى، تەۋەلىك قو-
شۇمچىسى بىلەن كەلگەن سانلارنىڭ قوللىنىلىشى، «-دىن،
-تىن» قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن سانلارنىڭ قوللىنىلىشى،
سانلارنىڭ ئىسىملىشىشى، مىقدار سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى،
ھەرقايسى تۈردىكى ئالماشلارنىڭ قوللىنىلىشى، پېئىلنىڭ ھەر-

قايسى شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى، دەرىجە شەكىل-لىرىنىڭ قوللىنىلىشى، سوپەتداش، ھەرىكەتنامى، رەۋىشداشلار-نىڭ قوللىنىلىشى، ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوللىنىلىشى، تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى، باغلىغۇچىلارنىڭ قوللىنىلىشى، تىركەلمىلەرنىڭ قوللىنىلىشى، يۈكلىمىلەرنىڭ قوللىنىلىشى، ئۈندەش سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋەھاكازا. بۇ خىل تەتقىقات تىل پاكىتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان پۇختا تەكشۈرۈش ۋە يېتەرلىك ماتېرىيال ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تاپالايدۇ.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ «كېلىش» كاتېگورىيىسى توغرىسىدا*

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گراماتىكا كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۇدەك «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى 6 كېلىشتىن تەركىب تاپىدۇ» دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە. بۇ 6 كېلىش مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1) نۆل بەلگىلىك باش كېلىش (مەسىلەن، مەكتەپ)؛ 2) «نىڭ» قوشۇمچىسىنى بەلگە قىلغان ئىگىلىك كېلىش (مەسىلەن، مەكتەپنىڭ)؛ 3) «-غا، -قا// -گە، -كە» قوشۇمچىسىنى بەلگە قىلغان بېرىش - كېلىش (مەسىلەن، مەكتەپكە)؛ 4) «نى» قوشۇمچىسىنى بەلگە قىلغان چۈشۈم كېلىش؛ 5) «-دا، -تا // -دە، -تە» قوشۇمچىسىنى بەلگە قىلغان ئورۇن كېلىش (مەسىلەن: مەكتەپتە)، 6) «-دىن/-تىن» قوشۇمچىسىنى بەلگە قىلغان چىقىش كېلىش (مەسىلەن، مەكتەپتىن).

بۇ 6 خىل گراماتىكىلىق ھادىسە ئەلۋەتتە كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ، بۇ ھەقتە ھېچقانداق مۇنازىرە يوق. بىراق، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى پەقەت مۇشۇ 6 خىل بىلەنلا چەكلىنەمدۇ؟ ياق، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەمەلىي پاكىتلار ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنى بۇ 6 خىل بىلەنلا چەكلەپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئالدى بىلەن ئىسىمنىڭ تۆۋەندىكى 4 خىل گراماتىكىلىق

* بۇ ماقالە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1980 - يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەكلىنى كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ: بۇلارنىڭ بىرى «-دىكى، -تىكى» قوشۇمچىسىنى بەلگە قىلغان بولۇپ، بۇنى «ئورۇن - بەلگە كېلىش» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ (مەسىلەن، مەكتەپتىكى)؛ ئىككىنچىسى، «-غىچە، -قىچە // -گىچە، -كىچە» قوشۇمچىسىنى بەلگە قىلغان بولۇپ، بۇنى «چەك كېلىش» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ (مەسىلەن، مەكتەپكىچە)؛ ئۈچىنچىسى، «-دەك، -تەك» قوشۇمچىسىنى بەلگە قىلغان بولۇپ، بۇنى «ئوخشىتىش كېلىش» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ (مەسىلەن، مەكتەپتەك)؛ تۆتىنچىسى، «-چە (-چىلىك)» قوشۇمچىسىنى بەلگە قىلغان بولۇپ، بۇنى «تەڭلەشتۈرمە كېلىش» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ (مەسىلەن، مەكتەپچە).

ئىسىمنىڭ بۇ 4 خىل شەكلىنى كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشتىكى ئاساس نېمە؟

بىرىنچىدىن، ئىسىمنىڭ بۇ 4 خىل شەكلىمۇ خۇددى «كېلىش» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئالدىنقى 6 خىل شەكىلگە ئوخشاشلا كېلىش مەنىسىنى، يەنى ئىسىمنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. بىز تۆۋەندە ئىسىمنىڭ ئالدىنقى 6 خىل شەكلى بىلەن بۇ 4 خىل شەكلىنى قاتار قويۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ رولىنى (مەنىسىنى) قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتەيلى:

1. باش كېلىش — بايان قىلىنغۇچىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، **كۈن** چىقتى. ※ **ئەمگەك** شەرەپلىك.

2. ئىگىلىك كېلىش — باشقا بىر شەيئىنىڭ ئىگىلىگۈچىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، **مەكتەپنىڭ** بىناسى. ※ **تۇرسۇننىڭ** قەلىمى.

3. بېرىش كېلىش — مەلۇم بىر ھەرىكەت ياكى سۈپەت قارىتىلغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، **مەكتەپكە** بارىمەن. ※ ئۇ **خەتكە** ئۇستا.

4) چۈشۈم كېلىش — مەلۇم بىر ھەرىكەت بىۋاستە ئۈتىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، مەن بۇ كىتابنى ئوقۇدۇم
5) ئورۇن كېلىش — مەلۇم بىر ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، مەن مەكتەپتە ئوقۇيمەن. ※ قەلىمىڭ تۈرسۇندا.
6) چىقىش كېلىش — مەلۇم بىر شەيئىنىڭ ئايرىلىش ياكى يىراقلىشىش نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، مەن مەكتەپتىن كەلدىم. ※ بىز قىيىنچىلىقتىن قورقمايمىز.
7) ئورۇن - بەلگە كېلىش — باشقا بىر شەيئىنىڭ ئورۇن ياكى ۋاقىت جەھەتتىكى بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار. ※ يازدىكى ئىشلار.
8) چەك كېلىش — مەلۇم بىر ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاخىرقى چەكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، مەن مەكتەپكىچە باردىم. ※ 15 - بەتكىچە ئوقۇڭ.
9) ئوخشىتىش كېلىش — مەلۇم بىر شەيئى ياكى ھەرىكەت سۈپىتىنىڭ ئۆلچىمىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، مۇشتۇمدەك بىر تاش. ※ مەن خەنزۇچىنى تۈرسۇندەك ياخشى سۆزلىيەلمەيمەن.
10) تەڭلەشتۈرمە كېلىش — بۇ كېلىشنىڭ مەنىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىتىش كېلىشىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، كۆپىنچە ھەجىم ياكى ھەرىكەتنىڭ سۈپىتى جەھەتتىن ئوخشىتىشقا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، قوشۇمچە بىر تاش. ※ ئالىقانچىلىك يەرمۇ بوش ئەمەس.
ئىككىنچىدىن، كېيىنكى 4 خىل قوشۇمچە ئىسىملارغا قوشۇلۇش ئورنى جەھەتتىنمۇ ئالدىنقى 6 خىل كېلىش قوشۇمچىسىغا پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ئىسىمنىڭ ئالدىنقى 6 خىل كېلىش قوشۇمچىسى ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلىگىمۇ، كۆپلۈك شەكلىگىمۇ، شۇنىڭدەك ھەرقايسى شەخستىكى تەۋەلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەكىللىرىگىمۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ھالبۇكى كېيىنكى 4 خىل قوشۇمچىمۇ دەل مۇشۇ ئورۇنلاردا ئالدىنقى 6 خىل قوشۇمچە بىلەن تولۇق ئوۋەتلىشىپ كېلەلەيدۇ. بىز بۇ ئەھۋالنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. (بۇ جەدۋەلدە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكلىدىن پەقەت I شەخس بىرلىكىنىلا ئالىمىز):

| ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى | ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى | ئىسىمنىڭ بىرلىك تەۋەلىك شەكلى | ئىسىمنىڭ كۆپلۈك تەۋەلىك شەكلى |
|---|---|---|---|
| بالا | بالىلار | بالام | بالىلىرىم |
| بالىنىڭ | بالىلارنىڭ | بالامنىڭ | بالىلىرىمنىڭ |
| بالىغا | بالىلارغا | بالامغا | بالىلىرىمغا |
| بالىنى | بالىلارنى | بالامنى | بالىلىرىمنى |
| بالىدا | بالىلاردا | بالامدا | بالىلىرىمدا |
| بالىدىن | بالىلاردىن | بالامدىن | بالىلىرىمدىن |
| بالىدىكى | بالىلاردىكى | بالامدىكى | بالىلىرىمدىكى |
| بالىغىچە | بالىلارغىچە | بالامغىچە | بالىلىرىمغىچە |
| بالىدەك | بالىلاردەك | بالامدەك | بالىلىرىمدەك |
| بالىچە | بالىلارچە | بالامچە | بالىلىرىمچە |

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار بىز ئېيتىۋاتقان كېيىنكى 4 خىل ھادىسىنىڭ «كېلىش» دەپ ئېتىراپ قىلىنىغان ئالدىنقى 6 خىل ھادىسە بىلەن ئوخشاش بىر تىپتىكى گراماتىكىلىق ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ 4 خىل ھادىسە ئەلۋەتتە ئالدىنقى 6 خىل ھادىسە بىلەن ئوخشاش گراماتىكىلىق كاتېگورىيىگە — كېلىش كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇشى كېرەك.

بەزى گراماتىكا كىتابلىرىدا كېيىنكى 4 خىل قوشۇمچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. بىزنىڭچە، بۇ 4 خىل قوشۇمچىنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ھېسابلاشقا بولمايدۇ:

بىرىنچىدىن، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار مەلۇم بىر سۆزگە قوشۇلغاندا، ئۇنىڭدىن تۇراقلىق بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان يېڭى بىر سۆز ھاسىل بولىدۇ (مەسىلەن، ئىش+چى ← ئىشچى، ئىنقىلاب+چى← ئىنقىلابچى، قىزغىن+لىق←قىزغىنلىق، جاھانگىر+لىك← جاھانگىرلىك، باش+لا←باشلا، ماي+لا← مايلا). لېكىن، بۇ 4 خىل قوشۇمچە ئىسىملارغا ئۇلانغاندا، ئۇنىڭدىن تۇراقلىق مەنىگە ئىگە بولغان يېڭى سۆز ياسالمايدۇ، بىز ھېچقاچان «قەغەز» نى بىر سۆز، «قەغەزدىكى» ياكى «قەغەزگىچە» ياكى «قەغەزدەك» نى يەنە بىر سۆز ھېسابلىمايمىز. شۇڭا، لۇغەتلەردىمۇ بۇ قوشۇمچىلار بىلەن ياسالغان سۆز ماددىلىرى كۆرۈلمەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئابستراكتلىق دەرىجىسى چەكلىك بولىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار چەكلىك سۆزلەرگىلا قوشۇلىدۇ. ئىسىملارغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان ئەڭ ئۇنۇملۇك ياسىغۇچىلاردىن «چى» ۋە «-لىق، -لىك» قوشۇمچىلىرىمۇ ئىسىملارنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلۇپ كېتەلمەيدۇ، لېكىن بۇ 4 خىل قوشۇمچە يۇكسەك دەرىجىدە ئابستراكتلاشقان بولۇپ، ھەرقانداق بىر ئىسىمغا قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئادەتتە سۆزنىڭ ئۆزىگىلا قوشۇلىدۇ، لېكىن بۇ 4 خىل قوشۇمچە ئىسىمنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى ئىسىمنىڭ كۆپلۈك ۋە تەۋەلىك شەكىللىرىگىمۇ قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ (يۇقىرىدىكى جەدۋەلگە قاراڭ). ئەگەر بۇلار سۆز ياسىغۇچى دەپ تونۇلسا، «جوزا»، «جوزىدىكى»، «جوزىلاردىكى»، «جوزامدىكى»، «جوزىمىزدىكى»، «جوزاڭدىكى»، «جوزىڭىزدىكى»، «جوزاڭلاردىكى»، «جوزىسىدىكى» دېگەنلەرنىڭ ھەربىرىنى باشقا ـ باشقا بىر سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەپ تونۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئەقىلگە سىغمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئايرىم ھاللارنى نەزەرگە ئالمىغاندا، كىشىلىك ئالماشلىرى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلمايدۇ، لېكىن بۇ 4 خىل قوشۇمچە كىشىلىك ئالماشلىرىغىمۇ خۇددى كېلىش قوشۇمچىلىرىدەكلا قوشۇلىۋېرىدۇ (مەسىلەن، مەندىكى، سەندىكى، بىزدىكى، سىزدىكى، سىلەردىكى، ئۇنىڭدىكى، ئۇلاردىكى، بىزگىچە، سىزگىچە، ئۇلارغىچە، مەندەك، سەندەك، بىزدەك، سىزدەك، سىلەردەك، ئۇنىڭدەك، ئۇلاردەك، مەنچە، سەنچە، بىزچە، سىزچە، سىلەرچە، ئۇنىڭچە، ئۇلارچە).

بەشىنچىدىن، بۇ 4 خىل قوشۇمچىنى سۆز ياسىغۇچى ھېسابلىغاندا، «يېزىشتىكى»، «بېرىشتىكى»، «كەلگەندەك»، «كۆرگەندەك»، «يېزىشتەك»، «ئالغىنىڭچە»، «يازغىنىڭچە» دېگەنگە ئوخشاش ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ.

چۈنكى، ئايرىم قېتىپ قالغان شەكىللەرنى نەزەرگە ئالمىغاندا، بۇ خىل پېئىل شەكىللىرىدىن يېڭى سۆز ياساش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ 4 خىل قوشۇمچىنى سۆز ياسىغۇچى دەپ قارىغۇچىلار، بەلكىم بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلغان قۇرۇلمىنىڭ سۈپەتكە ياكى رەۋىشكە ئوخشاپ كېتىدىغان رولىغا قاراپلا، ئۇلارنى «سۈپەتكە ياكى رەۋىشكە ئايلاندى» دەپ ھېسابلىغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، گەرچە بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلغان ئىسىملار سۈپەتكە ياكى رەۋىشكە ئوخشاش رول ئوينىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى سۈپەتكە ياكى رەۋىشكە ئايلاندى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىسىملار ئۆزىنىڭ ئىسىملىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويمايدۇ؛ ئۇلار يەنە ئىسىمغا خاس بولغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بويىچە تۈرلىنىۋېرىدۇ، يەنىلا ئۆز ئېنىقلىغۇچىسىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ (مەسىلەن، ئۆيلەردىكى كارىۋاتلار. ※ يېڭى سېلىنغان ئۆيلەردىكى كارىۋاتلار. ※ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردىكى كارىۋاتلار. ※ كىچىك بالىنىڭ مۇشتۇمىدەك بىر تاش. ※ توپ مەيدانىچىلىك

يەر، ※ ئوغۇللار ياتىقىغىچە بارىمەن) . بىر سۆز تۈركۈمىنىڭ مەلۇم گراماتىكىلىق تۈرلىنىش ئارقىلىق يەنە بىر سۆز تۈركۈمىنىڭ رولىدا كېلىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىدىلا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ھەرىكەتنامى، سۈپەتداش، رەۋىشداش شەكىللىرى ئۆز رېتى بويىچە پېئىلنىڭ ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىش رولىدا كېلىدىغان گراماتىكىلىق شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى پېئىلنىڭ ھەرىكەتنامى، سوپەتداش، رەۋىشداش شەكىللىرىنى ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش ھېسابلىغىلى بولمىغىنىدەكلا، ئىسىمنىڭ بۇ 4 خىل قوشۇمچە قوشۇلغان شەكىللىرىنىمۇ سۈپەت ياكى رەۋىش ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

دېمەك، بۇ 4 خىل قوشۇمچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئەمەس، بەلكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە، ئىسىمنىڭ بۇ قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى ئىسىمنىڭ «كېلىش» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان 6 خىل شەكلى بىلەن ئوخشاش بىر تىپقا كىرىدۇ.

ئەمىسە، بۇ 4 خىل ھادىسىمۇ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، كېلىش سانى 10 غا يەتكۈزۈلسە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى تولۇق بايان قىلىنغان بولامدۇ؟ ياق، يەنە تولۇق بايان قىلىنغان بولمايدۇ.

بىز يۇقىرىدا پەقەت سىنتېتىك (قوشۇمچىلار ياردىمى بىلەن ياسالغان) كېلىشلەر ئۈستىدىلا توختالدۇق. بىزگە مەلۇمكى، سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى يالغۇز قوشۇمچە قوشۇش يولى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ياردەمچى سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەنمۇ ياسىلىدۇ ۋە كۆپ ھاللاردا سۆزنىڭ قوشۇمچە قوشۇش يولى بىلەن ياسالغان شەكىللىرى (سىنتېتىك شەكىللىرى) بىر تىپتىكى ھادىسىلەر قاتارىدا بىر خىل گراماتىكىلىق كاتېگورىيىگە كىرگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، رۇس تىلى گراماتىكىسىدا پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن شەكىللىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھازىرقى زامان بىلەن ئۆتكەن زامان شەكلى سىنتېتىك يول بىلەن ياسالغان بولسا، كېلەر زامان شەكلى ئانالىتىك يول بىلەن ياسالغان. مۇنداق ئەھۋالنى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن: ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىدا پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن شەكىللىرىدىن ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلى سىنتېتىك يول بىلەن ياسالغان بولسا (مەسىلەن، ياز+دىم← يازدىم)، مۇرەككەپ ئۆتكەن زامان شەكىللىرى ئانالىتىك يول بىلەن ياسالغان (مەسىلەن، يازار+ئىدىم← يازاتتىم، يازغان+ئىدىم←يازغانىدىم). شۇنداق تۇرۇقلۇق، تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ نۆل كېلىش شەكلىدە ئارقا ياردەمچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن شەكىللىرى (مەسىلەن، مەكتەپ بىلەن، مەكتەپ ئارقىلىق، مەكتەپ ئۈچۈن، مەكتەپ توغرۇلۇق قاتارلىقلار) ئىسىمنىڭ بىر خىل مورفولوگىيىلىك شەكلى قاتارىدا كۆرۈلمىدى ۋە ئۆزىگە لايىق بولغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىگە كىرگۈزۈلمىدى، بۇ ئەھۋال بىزنىڭ گىراماتىكىلىق بىرلىكلەرنى ئايرىشتىكى پرىنسىپىمىزنىڭ ئىزچىل بولالمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. «گىراماتىكىلىق شەكىللەر يالغۇز سىنتېتىك يول بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئانالىتىك يول بىلەنمۇ ياسىلىدۇ» دېگەن پرىنسىپ بويىچە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ نۆل كېلىش شەكلىدە ئارقا ياردەمچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن شەكلىنى ئۇلارنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكلى ھېسابلاپ، ئۇلارنىمۇ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. چۈنكى، ئىسىمنىڭ بۇنداق شەكىللىرىمۇ خۇددى سىنتېتىك كېلىش شەكىللىرىگە ئوخشاشلا شۇ ئىسىمنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق بولغاندا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە يەنە تۆۋەندىكى كېلىشلەر قوشۇلىدۇ:

1. قورال ـ ئۆملۈك كېلىش — بۇ كېلىش نۆل كېلىشلىك

ئىسىملارنىڭ «بىلەن» دېگەن ياردەمچى بىلەن بىرىكىشىدىن ھا-سىل بولۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ قورالىنى ياكى ئۆملۈك مەنىدە-كى ھەرىكەتلەرنىڭ ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، قەلەم بىلەن يازدىم. ※ دوختۇر بىلەن سۆزلەشتى.

2. ۋاستە كېلىش — بۇ كېلىش نۆل كېلىشلىك ئىسىملار-نىڭ «ئارقىلىق» دېگەن ياردەمچى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇپ، مەلۇم بىر ھەرىكەتنىڭ ۋەقە بولۇشىدىكى ۋاستىنى بىل-دۈرىدۇ. مەسىلەن، تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشتىم. ※ تۇرسۇن ئارقىلىق بىلدىم.

3. سەۋەب ـ بېغىشلىما كېلىش — بۇ كېلىش نۆل كېلىش-لىك ئىسىملارنىڭ «ئۈچۈن» دېگەن ياردەمچى بىلەن بىرىكىشى-دىن ھاسىل بولۇپ، مەلۇم بىر ھەرىكەت بېغىشلانغان شەيئىنى ياكى ھەرىكەتنىڭ ۋەقە بولۇشىدىكى سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مە-سىلەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى. ※ ئۇ كەلمىگىنى ئۈچۈن بارمىدىم.

4. مەزمۇن كېلىش — بۇ كېلىش نۆل كېلىشلىك ئىسىم-لارنىڭ «توغرۇلۇق»، «ھەققىدە»، «توغرىسىدا» قاتارلىق يار-دەمچىلەرنىڭ بىرى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇپ، بەزى ھەرىكەتلەرنىڭ (كۆپرەك «يازماق»، «سۆزلىمەك»، «ئويلى-ماق»، «مۇزاكىرە قىلماق» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ) مەزمۇن دائىرىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، پىلان توغرۇلۇق سۆزلە-دى. ※ شېرىيەت توغرىسىدا ماقالە يازدى.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستېمىسى 10 سىنتېتىك كېلىش ۋە 4 ئانالىتىك كېلىش بولۇپ جەمئىي 14 كېلىشتىن تەركىب تاپىدۇ.

گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە مەسىلىسى گىراماتىكا تەتقىقاتى-دىكى مەركىزىي مەسىلە. تىلنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىدىغان گىراماتىكا ئىلمى تىلدىكى ئايرىم گىراماتىكى-

لىق ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، تۈرى ئوخشىمايدىغان، لېكىن بىر تىپقا كىرىدىغان گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەرنى تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرگە ئومۇملاشتۇرۇپ، ھەرقايسى گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ قارىمۇقارشىلىق بىرلىك مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، تىلنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىدىكى سىستېمىچانلىق ۋە قانۇنىيەت ئېنىق ئېچىلىدۇ. ئايرىم گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەرنى چۈشىنىش تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ.

گىرامماتىكا ئىنتايىن روشەن مىللىيلىككە ئىگە. ھەربىر تىلنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى شۇ تىلنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ۋە شۇ تىلنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بىر تىلدا بولغان مەلۇم گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە يەنە بىر تىلدا بولماسلىقى مۇمكىن (مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا شەخس كاتېگورىيىسى بار، لېكىن خەنزۇ تىلىدا يوق. رۇس تىلىدا جىنس كاتېگورىيىسى بار، لېكىن ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا يوق)؛ بىرقانچە تىللار ئۈچۈن ئورتاق بولغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرمۇ ھەرقايسى تىللاردا ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت ۋە مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن (مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، ئەرەب تىلىدىمۇ سان كاتېگورىيىسى بار، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدىكى سان كاتېگورىيىسى بىرلىك ۋە كۆپلۈكتىن تەركىب تاپسا، ئەرەب تىلىدىكى سان كاتېگورىيىسى بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈكتىن تەركىب تاپىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكىسىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، جەزمەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەمەلىي تىل پاكىتلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز توغرا يول بويىچە راۋاجلىنالايدۇ.

# يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا*

مەن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1980 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالەمدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ ئادەتتە ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقاندەك 6 كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭغا يەنە «ـ دىكى»، «ـ دەك»، «ـ چە»، «ـ چىلىك»، «غىچە»** قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان 4 سىنتېتىك كېلىشنى ۋە «بىلەن»، «ئۈچۈن»، «توغرۇلۇق»، «ئارقىلىق» ياردەمچىلىرى (ئارقا ياردەمچىلەر) بىلەن ئىپادىلىنىدىغان 4 ئانالىتىك كېلىشنى قوشۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. يولداش غاپپار مۇھەممەت «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1981 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق بىر ماقالە ئېلان قىلىپ، مېنىڭ يۇقىرىدىكى كۆزقارىشىمغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەن يولداش غاپپارنىڭ ماقالىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، يولداش غاپپار بىلەن مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن بۇ ماقالىنى يازدىم. چۈنكى، يولداش غاپپار ئۆز ماقالىسىدە ئۇيغۇر

* بۇ ماقالە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1983 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

** بۇ يەردە قوشۇمچىلارنىڭ بىرلا خىل ۋارىيانتىنى كۆرسەتتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلىدىكى تىل پاكىتلىرى ھويىچىلا ئەمەس، بەلكى گراماتىكىغا ئائىت نەزىرىيىۋى مەسىلىلەر ھويىچىمۇ مۇزاكىرە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھېرمۇنچە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**«- دىكى»، «- دەك»، «- چە (چىلىك)»، «- غىچە» قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا**

1. بۇ قوشۇمچىلار ئىسىم ياكى ئىسىم ئورنىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلغاندا «بۇرۇنقى 6 كېلىشكە ئوخشاش ئىسىم ياكى ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ» — بۇ يولداش غاپپارنىڭ بۇ قوشۇمچىلارنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق بىر نۇقتىئىنەزىرى. لېكىن، يولداش غاپپارنىڭ بۇ ھۆكۈمى بىزنى تولىمۇ ئەجەبلەندۈرىدۇ. چۈنكى، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق رولىنى (ۋەزىپىسىنى) كۆرسىتىپ كېلىدىغانلىقى شۇنچىلىك ئېنىق ئىدىكى، بىزنىڭ بۇ يەردە مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرۇشىمىزغا ھاجەت يوق ئىدى. ئەمما، مەسىلە شۇ تەرىقىدە قويۇلغانىكەن، يەنىلا بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. يولداش غاپپار ئۆز ماقالىسىدە بۇرۇنقى 6 كېلىشنىڭ كېلىشكە خاس سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن «قادىر» دېگەن ئىسىم ئاساسىدا 6 مىسال كەلتۈرگەن. ئەمىسە، بىزمۇ شۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ «قادىر» دېگەن ئىسىم ئاساسىدا 4 مىسال كەلتۈرۈپ، بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلغان ئىسىملارنىڭ كېلىشكە خاس سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتەيلى:

1) قادىردىكى لۇغەتنى ئېلىپ كەل.
2) قادىردەك ئوقۇغۇچىلار بىزدە ئاز ئەمەس.
3) قادىرچىلىك بىر بالا كەلدى.
4) بۇ خەۋەر قادىرغىچە يېتىپ بېرىپتۇ.

«قادىر» دېگەن ئىسىم 1 - جۈملىدە ئورۇن ئىنىقلىغۇچى، 2 - جۈملىدە ئوخشاتما ئىنىقلىغۇچى، 3 - جۈملىدە تەكىتلەشتۇر مە ئىنىقلىغۇچى، 4 - جۈملىدە چەك تولدۇرغۇچى ۋەزىپىلىرىدە كەلگەن.* «قادىر» دېگەن ئىسىمنىڭ شۇنداق ۋەزىپىلەردە كېلىشىنى شۇ ئىسىمغا قوشۇلغان «- دىكى»، «- دەك»، «- چىلىك»، «غىچە» قوشۇمچىلىرى بەلگىلىگەن، ئەگەر بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلمىسا، «قادىر» دېگەن ئىسىم مۇنداق سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىلەردە كېلەلمىگەن بولاتتى. خوش، بۇ ئەھۋال خۇددى «قادىر» دېگەن ئىسىمنىڭ بۇرۇنقى 6 كېلىش ئىچىدىكى «نىڭ» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ئىگىلىك ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگىنىگە، «- نى»، «- غا»، «- دا»، «- دىن» قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ چۈشۈم تولدۇرغۇچى، يۆنىلىش تولدۇرغۇچى، ئورۇن تولدۇرغۇچى، چىقىش تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگىنىگە ئوخشاشلا ئەھۋال ئەمەسمۇ؟ يولداش غاپپار ھەرھالدا «قادىر» دېگەن ئىسىمنىڭ يۇقىرىقى جۈملىلەردە كەلگەن «قادىردىكى»، «قادىردەك»، «قادىرچىلىك»، «قادىرغىچە» شەكىللىرى ئۈستىدىن «ئۇلار جۈملىدە ھېچقانداق ۋەزىپە ئۆتىمىگەن» ياكى «ئۇلارنىڭ ئۇ خىل سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى ئۇلارغا قوشۇلغان قوشۇمچىلار بەلگىلىمىگەن» دەپ ھۆكۈم چىقارماس.

2. بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلغان ئىسىملار «بۇرۇنقى 6 كېلىشنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە تەقسىماتىغا بويسۇنىدۇ» — بۇ يولداش غاپپارنىڭ بۇ قوشۇمچىلارنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتىكى يەنە بىر نۇقتىئىنەزىرى. كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن قارىغاندا، يولداش غاپپار بۇ يەردە «- دىكى»، «- دەك»، «- چە (-چىلىك)» قوشۇمچىلىرى

* مۇزاكىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ ماقالىدە يولداش غاپپارنىڭ جۈملە بۆلەكلىرىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تۇردۇق. بۇ شۇنداق ئۇسۇلنى قوبۇل قىلغانلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قوشۇلغان ئىسىملارغا بەزىدە يەنە باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدىغان ئەھۋالنى نەزەردە تۇتسا كېرەك. دەرۋەقە، بۇ ئەھۋال مەۋجۇت. لېكىن، بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلغان ئىسىملاردا شەرتسىز كۆرۈلىدىغان ئومۇمىي ئەھۋال ئەمەس. بۇ شەكىلدىكى ئىسىملار ئادەتتە خۇددى يۇقىرىدىكى 4 جۈملىدە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مۇستەقىل كېلىش مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. يولداش غاپپار ئېيتقان ئەھۋال پەقەت شۇ شەكىلدىكى ئىسىملار تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئىسىم چۈشۈپ قېلىپ، شۇ شەكىلدىكى ئىسىمنىڭ ئۆزى ئېنىقلانغۇچىغىمۇ ۋەكىللىك قىلغان ياكى شۇ شەكىلدىكى ئىسىم ئۆزىنىڭ ئېنىقلانغۇچىسى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغان ئالاھىدە شارائىتتىلا يۈز بېرىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئومۇمىيەتنى تەشكىل قىلغان بىرلىكلەرنىڭ ھەرقايسىسى يەنە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن بولغىنىدەك، كېلىش كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلغان ھەرقايسى كېلىش شەكىللىرىنىڭمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىگىلىك كېلىشنى ئالايلى، ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار بەزىدە ئۆزىنىڭ باش كېلىشتىكى ئېنىقلانغۇچىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

قادىرنىڭ ياخشى، شۇنى ئالايلى.

بەزىدە «كى» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ئۆزىنىڭ ھەرقانداق كېلىشتىكى ئېنىقلانغۇچىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

مېنىڭ پوپكامنىڭ سولىقى يوق، قادىرنىڭكىنىڭ سولىقى بار.*

مېنىڭ پوپكامغا سىغمايدۇ، قادىرنىڭكىگە سىغىدۇ.

* مۇنداق ئەھۋالدا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئاخىرىدىكى «ڭ» تاۋۇشى (جانلىق تىلنىڭ ئۆلچەمسىز تەلەپپۇزىدا) چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، قادىرنىكىنىڭ.

مېنىڭ پوپكام ساڭا يارىمايدۇ، قادىرنىڭكىنى ئال.
قادىرنىڭكىدەك لۇغەتتىن مەنمۇ بىرنى ئالىمەن.
يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىشلەرنى ئالايلى، ئىسىمنىڭ بۇ كېلىشلەر شەكىللىرى مەلۇم دەرىجىدە رەۋىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بولۇپمۇ، بۇ خىل كېلىش شەكىللىرىدىكى ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرىدا بۇ خىل خۇسۇسىيەت تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل كېلىشلەر-دىكى ئىسىملارغا بەزىدە سۈپەت ۋە بەزى رەۋىشلەرنىڭ دەرىجە قوشۇمچىسى بولغان «- راق // - رەك» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:
يىراقتا تۇرۇۋالغۇچە ئالدىمغاراق كەلسەڭچۇ.
بولدى، مەشەدىرەك تۇراي.
سەل ئاستىدىنراق ئېلىڭ.
بەك قويۇق قىلىۋەتمەي، سۈيىدىنرەك ئۇسۇپ بەر.
ئەمدى بىر مۇزاكىرە قىلىۋاتقان «- دىكى»، «- دەك»، «- چە (- چىلىك)» قوشۇمچىلىرىغا كەلسەك، بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلغان ئىسىملاردا مەلۇم دەرىجىدە سۈپەت خاراكتېرى بولىدۇ. شۇڭا خۇددى سۈپەتلەر بەزىدە ئۆزىنىڭ ئېنىقلانغۇچىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ ياكى ئېنىقلانغۇچىسى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئىسىم رولىدا كەلگىنىگە ئوخشاشلا (مەسىلەن، «پاكارلار ئالدىدا، ئېگىزلەر كەينىدە تۇرسۇن. ※ بۇ قوغۇنلارنىڭ چوڭلىرىنى سەن ئال، كىچىكلىرىنى مەن ئالاي» دېگەن جۈملىلەردىكىگە ئوخشاش)، بۇ ئىسىملارمۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ ئېنىقلانغۇچىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ ياكى ئېنىقلانغۇچىسى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ نۆل كېلىشتىكى ئىسىم رولىدا كېلىشى ۋە باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىشى مۇمكىن. يولداش غاپپارنىڭ ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن «مۇئەللىم ياتاقتىكىلەرنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېگەن جۈملىدە «ياتاقتىكى» دېگەن ئىسىم تەرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پىدىن ئېنىقلانغان «ئوقۇغۇچى» ، «بالا» دېگەنگە ئوخشاش بىر ئىسىم چۈشۈپ قېلىپ، «ياتاقتىكى» دېگەن ئىسىمنىڭ ئۆزى شۇ ئىسىمغىمۇ ۋەكىللىك قىلغان؛ «قوغۇننىڭ تەكىيدەك ـ تەكىيدەكلىرىنى سەن ئالسەن...» دېگەن جۈملىدە «قوغۇن» دېگەن ئىسىمغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن «تەكىيدەك» شەكلىدىكى ئىسىم ئۆزىنىڭ ئېنىقلانغۇچىسى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئېنىقلانغۇچىغا قوشۇلۇشقا تېگىشلىك قوشۇمچىلار شۇ ئىسىمغا قوشۇلۇپ قالغان.

باشقا ھەرقانداق شەيئىگە ئوخشاش، گراماتىكىلىق تەركىبلەرنىڭ ماھىيىتىمۇ ئالاھىدە شارائىتتىكى ئايرىم ھادىسىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى نورمال ھالەتتە رول ئوينايدىغان ئومۇمىي ھادىسىلەر بىلەن بەلگىلىنىدۇ. بىز گراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلغان ۋە تۈرگە بۆلگەن ۋاقتىمىزدا ھامان ئايرىم ھادىسىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئومۇمىي ھادىسىلەرنى ئاساس قىلىمىز. بىز ئىسىمنىڭ «ـ نىڭ» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىككەن شەكلىنى ئىگىلىك كېلىش ھېسابلاپ، ئۇنى كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگەن ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش، باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا كېلىشتەك ئاساسىي تەرىپىنى نەزەردە تۇتىمىز. ئۇنىڭ بەزىدە ئۆزىنىڭ ئېنىقلانغۇچىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىشى، «كى» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىشىدەك ئەھۋاللارنى بولسا، ئالاھىدە شارائىتتىكى ئايرىم ئەھۋال ھېسابلاپ، ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىمىز. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، ئايرىم ئەھۋالنىلا نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بەزىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىشىگە ئېسىلىۋالساق، ئۇنى ئىگىلىك كېلىش ھېسابلاپ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە باش كېلىشتىن باشقا كېلىشتىكى ئىسىملار ئىگە بولالماي-

دۇ. يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىشلەرگە مۇئامىلە قىلىنغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىدە «-راق // -رەك» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ كېلىشىدەك ئايرىم ئەھۋالىنى نەزەردىن ساقىت قىلىمىز، ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا بۇ قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلارنىڭ كېلىش ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمىز. بىز مۇزاكىرە قىلىۋاتقان قوشۇمچىلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق. بىز ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش، باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا كېلىشتەك ئاساسلىق تەرىپىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، پەقەت ئۇنىڭ ئالاھىدە شارائىتلاردا ئۆزىنىڭ ئىنتىقالانغۇچىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ باشقا كېلىشلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىشكىلا ئىسىلىۋالساق ۋە شۇنى ئاساس قىلىپ ئۇلارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىشىنى ئىنكار قىلساق، بۇ توغرا پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى «- غىچە» قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىملار باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكمىسىمۇ، يولداش غاپپار «ئۇلار ئۆزىدىن كېيىن يەنە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، ‹-لىك› نى قوبۇل قىلىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنىڭ كېلىش ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. دەرۋەقە، بۇ قوشۇمچە قوشۇلغان ئىسىملارغا بەزىدە يەنە «-لىك» ئېلېمېنتى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. لېكىن، بۇ «-لىك» نىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق رولى يوق. مەسىلەن، «ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە» دېگەننى «ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچىلىك» دېسىمۇ، «قادىرغىچە» دېگەننى «قادىرغىچىلىك» دېسىمۇ مەنىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئوخشاشلا چەك كېلىش مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردىكى «لىك» نى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس يوق.

3. يولداش غاپپار بۇ قوشۇمچىلارنى «سۆز تۈرلىگۈچى

www.uyghurkitap.com

قوشۇمچە ئەمەس، بەلكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە» دەيدۇ. مىنىڭچە، بىزنىڭ مۇزاكىرىمىزنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى مانا مۇشۇ يەردە.

يولداش غاپپار بۇ قوشۇمچىلارنىڭ يېڭى سۆز ياساش رولىنى ئوينىمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسىملارغا قوشۇلغاندا شۇ ئىسىملارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئۇلارغا «مەلۇم يېڭى مەنە» قوشىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇلارنى يەنىلا «سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىغا زېمىن ھازىرلاش ئۈچۈن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئايرىشنىڭ يېڭى ئۆلچىمىنى تۇرغۇزماقچى بولىدۇ. يولداش غاپپار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى تۆۋەندىكى 3 تۈرگە بۆلىدۇ:

A. يېپيېڭى مەنىلىك سۆزلەرنى ياسايدىغان قوشۇمچىلار؛

B. سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەستىن، مەلۇم يېڭى مەنە قوشىدىغان قوشۇمچىلار؛

C. ھېچقانداق يېڭى مەنىلىك سۆز ياسىماستىن، پەقەت سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق خاراكتېرىنىلا ئۆزگەرتىدىغان قوشۇمچىلار.

يولداش غاپپار ئوتتۇرىغا قويغان بۇ يېڭى ئۆلچەمنىڭ B ماددىسىدىكى «مەلۇم يېڭى مەنە» نى پەقەت گراماتىكىلىق مەنە دەپ چۈشىنىشكىلا بولىدۇ. چۈنكى، جۈملىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى «سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەستىن» دېگەن مەزمۇن ئۇنى «لېكسىكىلىق مەنە» دەپ چۈشىنىشكە ئورۇن قالدۇرمايدۇ. مۇنداق بولغاندا ئۇ دەلمۇدەل سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ. C ماددىسىغا كەلسەك، ئۇ تامامەن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، B ماددىدىكى پىكىرنىڭ ئىككىنچى خىل ئېيتىلىشى خالاس.

دېمەك، يولداش غاپپار بۇ يەردە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ چېگرىسىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىغان.

تىلشۇناسلىقتا، جۇملىدىن ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا بەزى كونكرېت قوشۇمچىلارنىڭ رولى ۋە قايسى خىل قوشۇمچىغا مەنسۇپ بولۇشى ئۈستىدە ئىختىلاپلار بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن سۆز ياساش ئۇسۇلى بىلەن سۆز تۈرلەش ئۇسۇلىنىڭ تەبىرى ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۆلچىمى ئۈستىدە پرىنسىپال ئىختىلاپ يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نەقىللەرنى كۆرۈپ ئۆتۈش كۇپايە (نەقىللەردىكى تەكىتلەش بەلگىسىنى مەن قويغان).

«سۆز تۈرلەش ئۇسۇلى دېگىنىمىز — بىر سۆزنىڭ ئوخشاش بولمىغان گراماتىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان شەكىللىرىنى ياساش (سۆز شەكلىنى ئۆزگەرتىش) ئۇسۇلى دېگەنلىكتۇر». «گراماتىكىدىكى سۆز ياساش ئۇسۇلى دېگەنلىك گراماتىكىلىق قائىدە بويىچە يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئۇسۇلى دېگەنلىكتۇر» (گاۋ مىڭكەي، شى ئەنشى: «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە». شىنخۇا شۇ جۈي، 1979 - يىلى خەنزۇچە نەشرى. 152 — 155 - بەتلەر).

«گراماتىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار بىر سۆزنىڭ ئوخشاش بولمىغان گراماتىكىلىق شەكىللىرىنى ياسايدۇ، ئۇلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردۇر»، «قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلاردىن يېڭى سۆز ھاسىل قىلىدىغانلىرى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ»، «سۆز ياساش دېمەك، ئەسلىي بار بولغان سۆزلۈك ئاساسىدا بەلگىلىك سۆز ياساش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېڭى سۆز ھاسىل قىلىش دېمەكتۇر» (شاڭخەي چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى، خاربىن چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«تىلشۇناسلىقتا مۇقەددىمە» . دەۋر نەشرىياتى، 1958 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى. 231 ـ، 247 ـ بەتلەر) .

«سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئاساسقا ئۇلىنىپ يېڭى سۆز ھاسىل قىلىدۇ. دېمەك، ئۇلار سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئىككىنچى بىر مۇستەقىل سۆزنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ... سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بولسا، ئاساسقا ئۇلىنىپ يۇقىرىقىدەك سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، يەنى ئاساسنىڭ مەنىسى ئۆز پېتىچە قالىدۇ» (قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» II قىسىم. ئالمۇتا: 1966 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 20 ـ بەت) .

«سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار يىلتىزغا قوشۇلۇپ يېڭى لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ... سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار سۆزلەرگە (يىلتىزغا) لېكسىكىلىق مەنە قوشماي، پەقەت سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى مۇناسىۋىتىدىن ھاسىل بولغان گراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ» (نەسرۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» . شىنجاڭ خەلق نشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى. 101ـ بەت) .

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ پەرقى ئۈستىدە مۇنداق بىردەك تونۇشنىڭ بولۇشمۇ پۈتۈنلەي چۈشىنىشلىك ئەھۋال. سۆز ياساش يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى تىلدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىش ۋە تولۇقلاشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. تىلنىڭ سۆز ياساش قائىدىلىرى ئارقىلىق ياسالغان ھەرقانداق بىر سۆز بىر لېكسىكىلىق بىرلىك سۈپىتىدە تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تىلدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار مەلۇم بىر سۆزگە قوشۇلغان ھامان شۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگىرىپ،

يېڭى بىر لېكسىكىلىق بىرلىك (سۆز) ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇ تىلدا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەستىن، تۈرلۈك گراماتىكىلىق ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى، مۇنداق قوشۇمچىلار هامان ئۆزى بىلەن بىر تىپقا كىرىدىغان قوشۇمچىلار بىلەن ياكى سۆزنىڭ شۇنداق قوشۇلمىغان شەكىللىرى بىلەن قارىمۇقارشىلىق - بىرلىك مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنى هاسىل قىلىدۇ، مانا بۇ — تىلدىكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. يېڭى سۆز ياساش رولىنى ئوينىماي، پەقەت گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلارنى «سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە» هېسابلاپ قويۇش ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلارنى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇش ئىنتايىن غەلىتە بىر ئىشلا ئەمەس، بەلكى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش. تىلشۇناسلىقتىكى نۇرغۇن ئۇقۇم ۋە كاتېگورىيىلەر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى يۇقىرىقىدەك پەرقلەندۈرۈش ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئەگەر بۇ چېگرا بۇزۇلۇپ كېتىلسە، بۇ ئۇقۇم ۋە كاتېگورىيىلەرنىڭ چېگرىسىمۇ بۇزۇلىدۇ - دە، تىل تەتقىقاتىدا يىغىشتۇرغىلى بولمايدىغان قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. بىز بۇ يەردە «- دەك، - تەك» قوشۇمچىسى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە هېسابلاپ قويۇلسا قانداق مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتسەكلا مەسىلە ناهايىتى ئېنىق بولىدۇ.

ئەگەر بۇ قوشۇمچە سۆز ياسىغۇچى هېسابلانسا، «بالىدەك، بالىلاردەك، بالامدەك، بالاڭدەك، بالىڭىزدەك، بالىسىدەك، بالىمىزدەك، بالاڭلاردەك، بالىلىرىمدەك، بالىلىرىڭدەك، بالىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىڭىزدەك، بالىلىرىدەك، بالىلىرىمىزدەك، بالىلىرىڭلاردەك» دېگەنلەرنىڭ ھەربىرىنى بىر سۆز (سۆپەت) ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. ۋەھالەنكى بۇلار بىر - بىرىدىن لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن پەرقلەنمەي، پەقەت سان، ئىگىلىك، شەخس كاتېگورىيىلىرى بويىچىلا پەرقلىنىدۇ. تىلدا مۇشۇنداق لېكسىكىلىق مەنە بويىچە پەرقلەنمەي، پەقەت گراماتىكىلىق مەنىلەر بويىچە پەرقلىنىدىغان لېكسىكىلىق بىرلىك (سۆز) لەرنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ مۇنداق بولغاندا لېكسىكىلىق بىرلىك (سۆز) بىلەن گراماتىكىلىق بىرلىك (سۆز شەكلى) ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق قالىدۇ؟ لېكسىكىلىق بىرلىكلەرنى تەتقىق قىلىدىغان لېكسىكولوگىيە بىلەن گراماتىكىلىق بىرلىكلەرنى (سۆز شەكىللىرىنى) تەتقىق قىلىدىغان مورفولوگىيە ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق قالىدۇ؟

ئەگەر بۇ قوشۇمچە سۆز ياسىغۇچى ھېسابلانسا، «سېنىڭ بولتۇر بېيجىڭدىن ئالدۇرغان لۇغىتىڭدەك»، «قاسىمنىڭ چوڭ ئاكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بالىسىدەك» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىنىمۇ بىر سۆز (سۆپەت) ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ بىرىكمىلەردە «دەك» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن ئىسىم ئاۋۋال شۇ قوشۇمچە بىلەن بىرىكىۋېلىپ ئاندىن باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىككەن بولماستىن، بەلكى ئاۋۋال باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ بىر سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن شۇ قوشۇمچە بىلەن بىرىككەن. مۇنداق بولغاندا، سىنتاكسىسلىق بىرلىك بولغان بىر ئەركىن سۆز بىرىكمىسى شۇ قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەنلا لېكسىكىلىق بىرلىك (سۆز) گە ئايلىنىپ قالغان بولامدۇ؟ بۇ قانداق ئەقىلگە سىغىدۇ؟ ئۇ چاغدا سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ نېمە پەرقى قالىدۇ؟

بۇ يەردە يولداش غاپپار ئۆزىنىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە-

لار توغرىسىدىكى ئۆلچىمىنىڭ ھەرقايسى ماددىلىرىدا كەلتۈرگە
مىساللارنى ۋە بۇ مىساللارغا بېرىلگەن بەزى ئىزاھلارنى تەھلىل
قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار يولداش غاپپارنىڭ
بەزى تىل پاكىتلىرى ۋە گراماتىكىدىكى بەزى ئاساسىي ئۇقۇملار
ئۈستىدىكى تونۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.
يولداش غاپپار «ئۆيغۇرچە»، «ئەرچە»، «بالىلارچە» دې
گەن سۆزلەرنى ئۆز ئۆلچىمىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىغا كىرگۈ
زۈپ، «بۇ سۆزلەردىكى ‹-چە› قوشۇمچىسى ئۆزى قوشۇلغان
سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمىگەن» دەيدۇ؛ «ئىش.
چى»، «باغۋەن» دېگەن سۆزلەرنى ئۆز ئۆلچىمىنىڭ بىرىنچى
ماددىسىغا كىرگۈزۈپ، «بۇ سۆزلەردىكى ‹-چى›، ‹-ۋەن› قو.
شۇمچىلىرىنى ئۆزى قوشۇلغان سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى
ئۆزگەرتىپ يېڭى سۆز ياسىغان» دەيدۇ. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ
قارىشىمىزچە، «ئۆيغۇرچە»، «ئەرچە»، «بالىلارچە» دېگەن
سۆزلەردىكى «-چە» قوشۇمچىسىمۇ، «ئىشچى»، «باغۋەن» دې.
گەن سۆزلەردىكى «-چى»، «-ۋەن» قوشۇمچىلىرىمۇ ئوخشاشلا
ئۆزى قوشۇلغان سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ
يېڭى سۆز ياسىغان. «ئۆيغۇر» دېگەن سۆز بىلەن «ئۆيغۇرچە»
دېگەن سۆزنىڭ، «ئەر» دېگەن سۆز بىلەن «ئەرچە» دېگەن سۆز-
نىڭ، «بالا» دېگەن سۆز بىلەن «بالىلارچە» دېگەن سۆزنىڭ
ئىككى خىل لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان ئىككى سۆز ئىكەنلى-
كىگە، يەنى «ئۆيغۇرچە»، «ئەرچە»، «بالىلارچە» دېگەن سۆز-
لەرنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئۆيغۇر»، «ئەر»، «بالا» دېگەن
سۆزلەر ئاساسىدا ياسالغان يېڭى سۆز ئىكەنلىكىگە ئىزاھات بې-
رىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى بولمىسا كېرەك.
يولداش غاپپار «-دىكى، -تىكى»، «-دەك، -تەك» قوشۇم-
چىلىرىنى ئۆز ئۆلچىمىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىغا كىرگۈزۈپ،
بۇلاردىن «-دىكى، -تىكى» قوشۇمچىسى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

شۇ ئىسىملارغا «سۈپەت خاراكتېرىنى بېرىدۇ»، «-دەك، -تەك» قوشۇمچىسى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارغا «سۈپەت ياكى رەۋىش خاراكتېرىنى بېرىدۇ» دەيدۇ. دىققەت قىلىش كېرەككى، يولداش غاپپار بۇ يەردە «بۇ قوشۇمچىلار ئۆزى قوشۇلغان ئىسىملارنى سۈپەت ياكى رەۋىشكە ئايلاندۇرىدۇ» دېيەلمەي، ئۇلارغا «سۈپەت ياكى رەۋىش خاراكتېرىنى بېرىدۇ» دېگەن ئىبارىنى قوللانغان. يولداش غاپپارنىڭ بۇ سۆزى توغرا. بۇ قوشۇمچىلار ھەقىقەتەنمۇ ئۆزى قوشۇلغان ئىسىملارنى سۈپەت ياكى رەۋىشكە ئايلاندۇرۇۋەتمەي، ئۇلارغا پەقەت سۈپەت ياكى رەۋىش خاراكتېرىنىلا بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنى سۆز ياسىغۇچى ھېسابلاشقا نېمە ئاساس قالىدۇ؟ مەلۇم سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغان سۆزلەرنى يەنە بىر سۆز تۈركۈمىگە ئايلاندۇرۇۋەتمەي، پەقەت ئۇلارغا يەنە بىر سۆز تۈركۈمىنىڭ خاراكتېرىنى بېرىش دەل بىر قىسىم سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ رولى ئەمەسمۇ؟ تۈركىي تىللارغا ئائىت گرامماتىكا كىتابلىرىدا بىردەك «پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى» دەپ تونۇلۇۋاتقان سۈپەتداش، رەۋىشداش، ھەرىكەت-نامى شەكىللىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ۋەزىپىسى دەل پېئىللارغا سۈپەت، رەۋىش، ئىسىم خاراكتېرىنى بېرىشتىن ئىبا-رەتقۇ؟ مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىسىمنىڭ بېرىش كېلىش، ئورۇن كېلىش ۋە چىقىش كېلىش شەكىللىرىمۇ رەۋىشلىك خا-راكتېرگە ئىگە. مۇنداق ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىگە بەزىدە «-راق، -رەك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى (مەسىلەن، ئاستى-دىنراق، ئالدىغىراق، مەشەدىرەك دېگەنگە ئوخشاش) ۋە «زور-غا»، «ئالغا»، «كۈندىن ـ كۈنگە»، «كۈندە»، «يېقىندا»، «توساتتىن»، «يېڭىۋاشتىن»، «بىردىن» قاتارلىق شۇ خىل كېلىش شەكىللىرىدىكى سۆزلەرنىڭ رەۋىشكە ئايلىنىپ كەتكەنلى-كى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

يولداش غاپپار «چىرايلىق»، «چاققانلىق»، «تېزلىك»،

«سەتلىك» ، «خاتالىق» دېگەن سۆزلەرنى ئۆز ئۆلچىمىنىڭ
چىنچى ماددىسىغا كىرگۈزۈپ، «بۇ سۆزلەردىكى «-لىق، -لىك
قوشۇمچىسى ئۆزى قوشۇلغان سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى
ھېچقانداق ئۆزگەرتمەستىن، پەقەت سۈپەتنى ئىسىمغا ئايلاندۇ
رۇش رولىنى ئوينىغان» دەيدۇ. ئەگەر بۇ يەردە سۆزلەرنى
سۈپەتتىن ئىسىمغا ئايلانغانلىقى نەزەردە تۇتۇلسا، «ئۇلارنى
لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگەرمىگەن» دېگىلى بولمايدۇ. سۈپەت
نىڭ ئىسىمغا ئايلانغانلىقىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى
نىڭ ئۆزگەرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ: «چىرايلىق» دېگەن
سۈپەت «گۈزەل كۆرۈنىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، «چى
رايلىقلىق» دېگەن ئىسىم «گۈزەل كۆرۈنىدىغان ھالەت ياكى
تۈرق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «خاتا» دېگەن سۈپەت «توغرا
ئەمەس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، «خاتالىق» دېگەن ئىسىم
«توغرا بولمىغان ھەرىكەت ياكى توغرا ئىش قىلمىغانلىقتىن ئىبا-
رەت ئەيىب» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ۋەھاكازا. ئەگەر بۇ يەردە
«ئىكەنلىك» شەكلىدىكى تولۇقسىز پېئىل بىلەن ئالمىشالايدىغان
يەنە بىر «-لىق، -لىك» قوشۇمچىسى نەزەردە تۇتۇلسا، ئۇ چاغدا
ئەھۋال باشقىچە.

ئۇيغۇر تىلىدا «ئىكەنلىك» شەكلىدە كېلىدىغان تولۇقسىز
پېئىل ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش قاتارلىق سۆزلەرگە تىر-
كىلىپ كېلىپ، شۇ سۆزلەرنىڭ ئىسىم خاراكتېرلىك ھۆكۈملۈك
شەكلىنى ياسايدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ بۇ خىل گراماتىكىلىق شەكلى
خەۋىرى شۇ سۆزلەردىن بولغان جۈملىلەرنى باشقا بىر جۈملىنىڭ
بىر بۆلىكى قىلىشتا قوللىنىلىدۇ. بۇ چاغدا ئەسلىدىكى جۈملە-
نىڭ ئىگىسى ئىگىلىك كېلىش شەكلىگە كىرىدۇ. خەۋەر بولۇپ
كەلگەن سۆزنىڭ «ئىكەنلىك» بىلەن بىرىككەن ئىسىم خاراكتېر-
لىك ھۆكۈملۈك شەكلى شۇنىڭغا مۇۋاپىق تەۋەلىك شەكلىگە كى-
رىدۇ ۋە كېلىش بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇ ياخشى ئادەم.
ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن.
ئۇ قىز چىرايلىق.
ئۇ قىزنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.
كەلگەنلەر تۆتەيلەن.
كەلگەنلەرنىڭ تۆتەيلەن ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغىمۇ ئۇقتۇرۇپ قوي.
ئۇ يەرگە بارغان كىشى كىم ئىكەن؟
ئۇ يەرگە بارغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس.

مۇشۇنداق رولدىكى تولۇقسىز پېئىل «ئىكەنلىك» نىڭ ئورنىدا «-لىق، -لىك» قوشۇمچىسى كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇنىڭ ياخشى ئادەملىكىنى مەنمۇ بىلىمەن.
ئۇ قىزنىڭ چىرايلىقلىقىدا گەپ يوق.
كەلگەنلەرنىڭ تۆتەيلەنلىكىنى ئۇنىڭغىمۇ ئۇقتۇرۇپ قوي.
ئۇ يەرگە بارغان كىشىنىڭ كىملىكى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس.

دېمەك، بۇ يەردە ئىككى خىل «-لىق، -لىك» قوشۇمچىسى بار: بىرى، «ئىكەنلىك» بىلەن ئالمىشالمايدىغان «-لىق، -لىك» قوشۇمچىسى بولۇپ، ئۇ سۈپەتلەرنى ئىسىمغا ئايلاندۇرىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە؛ يەنە بىرى، «ئىكەنلىك» بىلەن ئالمىشالايدىغان «-لىق، -لىك» قوشۇمچىسى بولۇپ، ئۇ ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئىسىم خاراكتېرلىك ھۆكۈملۈك شەكلىنى ياسايدىغان سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە. ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گرامماتىكا ئەسەرلىرىدە بۇ قوشۇمچىنىڭ (شۇنداقلا «ئىكەنلىك» نىڭ) رولى بايان قىلىنماي كەلدى. بۇ قوشۇمچە «ئىكەنلىك» بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامما-

تىكىلىق سىستېمىسىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.
يولداش غاپپار ئۆز ئۆلچىمىنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىغا «كە
گەنلىك»، «كېتىۋاتقانلىق»، «كېلىدىغانلىق» دېگەن سۆزلە
دىكى «-لىق، -لىك» قوشۇمچىسىنى مىسال قىلىپ، «بۇ قو
شۇمچىلار ئۆزى قوشۇلغان پېئىل تومۇرىغا ئىسىملىك خاراكتېرىنى
بېرىدۇ» دەيدۇ. بۇ سۆز ئاساسەن توغرا. بۇ قوشۇمچىنىڭ رولى
ماھىيەت جەھەتتىن يۇقىرىدىكى ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش
قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئىسىم خاراكتېرلىك ھۆكۈملۈك شەكلىنى
ياسايدىغان «-لىق، -لىك» قوشۇمچىسىنىڭ رولى بىلەن ئوخشاش
بولۇپ، پېئىلنىڭ سۈپەتداش شەكلىگە قوشۇلۇپ پېئىلنىڭ زامان
لىق ھەرىكەتنامى شەكىللىرىنى ياسايدۇ.* پېئىلنىڭ بۇ خىل
شەكىللىرى ئاساسەن خەۋىرى پېئىلدىن بولغان جۈملىلەرنى باشقا
بىر جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى قىلىشتا قوللىنىلىدۇ، بۇ چاغدا
ئەسلى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىگىلىك كېلىش شەكلىگە كىرىپ،
خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىلنىڭ زامانلىق ھەرىكەتنامى شەكلى
شۇنىڭغا مۇناسىپ تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ ۋە كېلىش بىلەن
تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ كەلدى.
ئۇنىڭ <u>كەلگەنلىكىدىن</u> خەۋىرىڭ بارمۇ؟
ئۇ رومان يېزىۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ رومان <u>يېزىۋاتقانلىقىنى</u> مەنمۇ بىلىمەن.
ئۇ كېلىدۇ.
ئۇنىڭ <u>كېلىدىغانلىقىغا</u> ئىشەنمەيمەن.

دېمەك، پېئىلنىڭ سۈپەتداش شەكلىگە قوشۇلۇپ كەلگەن
«-لىق، -لىك» قوشۇمچىسىمۇ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە.

---

* ئەمىر نەجىپ بۇ خىل پېئىل شەكلىنى «پېئىلنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك ھەرىكەتنامى شەكلى» دەپ ئاتىغان. (ئەمىر نەجىپ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». موسكۋا، 1960 ـ يىلى رۇسچە نەشرى.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يولداش غاپپار ئۆز ئۆلچىمىنىڭ ئۇچىنچى ماددىسىغا يەنە «قىلغۇلۇق»، «بارغۇلۇق»، «ئالغۇلۇق»، «كۆرگۈلۈك» دېگەن سۆزلەرنى مىسال قىلىپ، «بۇ يەردە ‹-غۇ، -قۇ// -گۈ، -كۈ› قوشۇمچىلىرى بىلەن شەكىللەنگەن ھەرىكەتنامىغا ‹-لۇق، -لۈك› قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا ئىسىملىك خاراكتېرىنى بېرىدۇ» دەپ ئىزاھلايدۇ. لېكىن، يولداش غاپپار بۇ يەردە دىققەتسىزلىك قىلغان. «-غۇ، -قۇ// -گۈ، -كۈ» قوشۇمچىسى بىلەن شەكىللەنگەن ھەرىكەتنامىغا «-لۇق، -لۈك» قوشۇمچىسى ئىسىملىك خاراكتېرىنى بەرمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزى ئىسىملىك خاراكتېرىگە ئىگە، ئۇ شۇڭلاشقا «ھەرىكەتنامى» دەپ ئاتالغان. پېئىلنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتنامى شەكلىگە «-لۇق، -لۈك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پېئىل شەكلى ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەن شىۋىسىدە پېئىلنىڭ شەخسسىز زۆرۈرىيەت رايىنى ئىپادىلەيدىغان گراماتىكىلىق شەكلى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.* مەسىلەن:

توتقۇلۇق ھەربىر مىنۇتنى چىڭ تۇرۇپ. («ماۋجۇشى شېئىرلىرى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن)

ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگەتكۈلۈك.

بارما دېگەن يەرگە بارمىغۇلۇق.

دېمەك، بۇ يەردىكى «-لۇق، -لۈك» قوشۇمچىسىمۇ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يولداش غاپپار «سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەيدىغان، يەنى يېڭى سۆز ياسىمايدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بار» دەپ ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ

---

* بىز بۇ يەردە مۇشۇ خىل پېئىل شەكلىنىڭ قېتىپ قېلىشىدىن ھاسىل بولۇپ ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىۋاتقان «تارتقۇلۇق»، «كۆرگۈلۈك»، «كەلگۈلۈك» قاتارلىق بىرنەچچە ئىسىمنى نەزەردە تۇتمايمىز. يولداش تۇردى ئەخمەتمۇ بۇ شەكىلنى «ئەدەبىي تىلىمىزدىكى بۇيرۇق رايىدىن باشقىچە بىر خىل شەخسسىز خاھىش، زۆرۈرىيەت ۋە بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدىغان شەكىل» دەپ ھېسابلىغان. (تۇردى ئەخمەت: «ئۇيغۇر تىلى» (1). شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى، 113 ـ بەت).

شۇ قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلغان بولسىم
لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان.

## ئارقا ياردەمچىلەر توغرىسىدا

يولداش غاپپار مېنىڭ «‹بىلەن›، ‹ئۈچۈن›، ‹ئارقىلىق›، ‹توغرۇلۇق›لار بىلەن بىرىككەن ئىسىملار ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىشى كېرەك» دېگەن پىكرىمنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن، مەن كۆرسەتكەن تۆۋەندىكى ئاساسلارنى ئىنكار قىلىشى كېرەك ئىدى:

بىرىنچى، ئىسىمنىڭ نۆل كېلىش شەكلى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن ئارقا ياردەمچىلەر خۇددى ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاشلا شۇ ئىسىمنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى ئارقا ياردەمچىلەر كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئوخشاش رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، سۆزنىڭ گرامماتىكىلىق شەكىللىرى سىنتېتىك ئۇسۇل (قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى) بىلەن ياسىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئانالىتىك ئۇسۇل (ياردەمچى سۆزلەردىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى) بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. بۇ گرامماتىكا نەزەرىيىسىدە ئېتىراپ قىلىنغان.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ سىنتېتىك ئۇسۇلدا ياسالغان «يازدىم» شەكلى بىلەن ئانالىتىك ئۇسۇلدا ياسالغان «يازغانىدىم»، «يازاتتىم» شەكىللىرى ئوخشاشلا پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرى ھېسابلىنىپ، پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەنىكەن، ئىسىمنىڭ نۆل كېلىش شەكلىدە ئارقا ياردەمچىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىسمنىڭ ئانالىتىك شەكلى (كېلىش شەكلى) ھېسابلىنىپ، ئىسمنىڭ سىنتېتىك كېلىش شەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، بىر خىل ھادىسىنى ئىككى خىل ھەل قىلغان بولىمىز، بىزنىڭ گراماتىكىلىق بىرلىكلەرنى ئايرىشتىكى پرىنسىپىمىز ئىزچىل بولمىغان بولىدۇ.

لېكىن يولداش غاپپار پەقەت بىرىنچى ئاساسىنىلا ئىنكار قىلىشقا ھەرىكەت قىلىپ، قالغان ئىككى ئاساس توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمىگەن. دەرۋەقە، بىرىنچى ئاساس ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر يولداش غاپپار بۇ ئاساسنى ئىنكار قىلالىغان بولسا، ئۇ ھالدا قالغان ئىككى ئاساس ئىنكار قىلىنمىسىمۇ مۇنازىرە ئاخىرلىشاتتى. بىراق، يولداش غاپپار بۇ ئاساسنى ئىنكار قىلالمىغان. بىز يولداش غاپپارنىڭ بۇ ئاساسنى قانداق ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. يولداش غاپپار مۇنداق دەيدۇ:

«بىرىنچى، ياردەمچى سۆزلەر قانداق بولمىسۇن، يېرىم - يارتا بولسىمۇ بەلگىلىك لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە، ئۇ شۇ مەنىلىرى ئارقىلىق جۈملىدە سۆزلەرنى ياكى جۈملە بىلەن جۈملىنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ، لېكىن كېلىش قوشۇمچىلىرى بولسا، ھېچقانداق لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولماستىن، پەقەت ئابستراكت گراماتىكىلىق مەنىگىلا ئىگە. ئۇ شۇ مەنىسى ئارقىلىق سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش بىلەن ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى گراماتىكىلىق ۋەزىپىسىنى (سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى) كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ياردەمچى سۆزلەر گەرچە سۆز بىلەن سۆزنى ياكى جۈملە بىلەن جۈملىنى ياغلاش رولىنى ئوينىسىمۇ، لېكىن كېلىشلەرگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس».

يولداش غاپپارنىڭ بۇ سۆزىدە زىددىيەت بار: بىرىنچى، يولداش غاپپار بىر تەرەپتىن، ياردەمچى سۆزلەر بىلەن كېلىش

قوشۇمچىلىرىنىڭ ئوخشاشلا سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش
رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن
«ياردەمچى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ يېرىم - يارتا لېكسىكىلىق مە
بىلدۈرىدىغانلىقى بىلەن ئابستراكت گراماتىكىلىق مەنە بىلدۈ
رىدىغان كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ» دەيدۇ. ياردەمچى
سۆزلەرنىڭ يېرىم - يارتا لېكسىكىلىق مەنىسىمۇ، كېلىش قو
شۇمچىلىرىنىڭ ئابستراكت گراماتىكىلىق مەنىسىمۇ ئوخشاشا
سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاشتىن ئىبارەت ئىكەن، ئۇ هالد
ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نېمە ئەهمىيىتى بار؟ ئىككىنچى،
يولداش غاپپار: «كېلىش قوشۇمچىلىرى سۆزلەرنى بىر - بىرىگ
باغلاش بىلەن ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ياردەمچى سۆزلەر سۆزلەرنى بىر - بىرىگە
باغلاش رولىنى ئوينىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق
ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ» دەيدۇ. قىزىق گەپ!
«سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش» بىلەن «سۆزلەرنىڭ جۈملىدى-
كى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش» بىرلا ئۇ-
قۇم ئەمەسمۇ؟ سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسى-
تىپ بېرەلمىسە، قانداقسىگە ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاش رول-
نى ئوينايدۇ؟ دېمەك، يولداش غاپپار ئەمەلىيەتتە ئارقا ياردەمچى-
لەرنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئوخشاش رول ئوينايدىغان-
لىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

ئەمدى بىز يولداش غاپپار ئۆزىنىڭ «ئارقا ياردەمچىلەر ئە-
سىملارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ
بېرەلمەيدۇ» دېگەن هۆكۈمىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرگەن
مىساللارنى تەهلىل قىلىپ كۆرەيلى. يولداش غاپپار كەلتۈرگەن

---

• بىز يولداش غاپپارنىڭ قوللانغىنى بويىچە «سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش» دېگەن ئىبارىنى
قوللىنىۋاتىمىز. بۇ يەردە «ئىسىمنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش»
دېيىلسە توغرا بولاتتى. بىز بۇ ئىبارىنى قوللانغاندا ئەنە شۇ مەزمۇننى نەزەردە تۇتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مىساللار ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن قىسقىچە ئىزاھات تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇنىڭ ئۆگىنىش بىلەن كارى بولمىدى. (ئىگە تەركىبىدە)
2. ئۇ ۋاقىتتا ھەممىڭلار ھازىرقى يالاڭ كىيىمىڭلەر بىلەن ئىدىڭلار. (خەۋەر تەركىبىدە)
3. ئەمەت بىلەن مەھەممەت تونۇگۈن كەلدى. (ئىگە تەركىبىدە)
4. مەن ئەمەت بىلەن كەلدىم. (تولدۇرغۇچى تەركىبىدە)
5. ئەمەت بىلەن سەمەتتە ياخشى كىتابلار بار. (تولدۇرغۇچى تەركىبىدە)
6. باھار كېلىش بىلەن گۈللەر ئېچىلدى. (سەۋەب ھالىتى)
7. ئۇ كەلگەن بىلەن سەن كەلمىدىڭ ئەمەسمۇ؟ (قارىمۇ-قارشى باغلىغۇچى)
8. ئۇ كەلمىگىنى ئۈچۈن مەن بارمىدىم. (سەۋەب ھالىتى)
9. بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىز، ھەممە تىرىشچانلىقىمىز خەلق ئۈچۈن. (خەۋەر تەركىبىدە)

ئالدى بىلەن بۇ مىساللار ۋە ئۇلارنىڭ ئىزاھاتى توغرىسىدا مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:
3 ـ ۋە 4 ـ مىسالدىكى «بىلەن» ئارقا ياردەمچى ئەمەس، بەلكى باغلىغۇچى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۇ يەرگە ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك. 1 ـ جۈملىدىكى «ئۆگىنىش بىلەن» نى ئىگە دېگىلى بولمىسا كېرەك. چۈنكى، خۇددى باش كېلىشتىن باشقا كېلىشتىكى ئىسىملار ئىگە بولالمىغىنىغا ئوخشاشلا، ئارقا ياردەمچى بىلەن بىرىككەن ئىسىملارمۇ ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى «تولدۇرغۇچى» دېسەك مۇۋاپىقراق بولار. 7 ـ جۈملىدىكى «بىلەن» نى قارىمۇقارشى باغلىغۇچى دېگىلى بولماس، چۈنكى ئۇ بۇ يەردە باغلىغۇچىلىق رول ئوينىمايدۇ، ئۇنى «كەلگەن» بىلەن قوشۇپ

قارشىلىق ھالىتى دېسەك مۇۋاپىقراق بولار.

مۇنداق بولغاندا، يولداش غاپپارنىڭ بۇ مىساللىرى ياردەمچىلەرنىڭ ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ تاكىسلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى مەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىنى، يەنى ئارقا ياردەمچىل خۇددى كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاشلا ئىسىملارنىڭ سىن سىلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاي 1 - جۈملىدە «ئۆگىنىش» دېگەن ئىسىمنىڭ تولدۇرغۇچى بول كېلىشىنى «بىلەن» ياردەمچىسى بەلگىلىگەن (كۆرسەتكەن) بۇ ياردەمچىنىڭ رولى «ئۇنىڭ بۇ ئىشقا چولىسى تەگمىدى دېگەن جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن «ئىشقا» دىكى يۆ لىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ رولى بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ 4 - جۈملىدە «ئەمەت» دېگەن ئىسىمنىڭ تولدۇرغۇچى بولۇ كېلىشىنى «بىلەن» ياردەمچىسى بەلگىلىگەنغۇ؟ ئۇنىڭ رول «مەن ئەمەتتىن سورىدىم» دېگەن جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇ كەلگەن «ئەمەتتىن» دىكى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ رولى بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ 6 - جۈملىدىكى «كېلىش» دېگەن ھەرىكەتنامىنىڭ سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىشىنى «بىلەن» يار- دەمچىسى بەلگىلىگەنغۇ؟ ئۇنىڭ رولى «ئۇنىڭ كەلمىگىنىگە خاپا بولدۇم» دېگەن جۈملىدە سەۋەب ھالىتى بولۇپ كەلگەن «كەلمە- گىنىگە» دىكى يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ رولى بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ 7 - جۈملىدىكى «كەلگەن» دېگەن سۈپەتداش- نىڭ «قارشىلىق ھالىتى» بولۇپ كېلىشىنى «بىلەن» ياردەمچى- سى بەلگىلىگەنغۇ؟ ئۇنىڭ رولى «بۇنداق دېگىنىڭگە مەسىلە ھەل بولمايدۇ» دېگەن جۈملىدە قارشىلىق ھالىتى بولۇپ كەلگەن «دې- گىنىڭگە» دىكى يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ رولى بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ 8 - جۈملىدىكى «كەلمىگىنى» دېگەن ئىسىم رولىدىكى سۈپەتداشنىڭ سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىشىنى «ئۇ-

چۈن» ياردەمچىسى بەلگىلىگەنغۇ؟ ئۇنىڭ رولى «ئۇ كەلمىگەن-
لىكتىن مەن باردىم» دېگەن جۈملىدە سەۋەب ھالىتى بولۇپ
كەلگەن «كەلمىگەنلىكتىن» دېكى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى-
نىڭ رولى بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ 2 - ۋە 9 - مىساللاردا
ئارقا ياردەمچىلەرنىڭ خەۋەر تەركىبىدە كېلىشى كۆرسىتىلگەن.
بۇنىڭ بىلەن نېمە مەسىلىنى چۈشەندۈرمەكچى؟ «ئۇ ۋاقىتىدا
ھەممىڭلار بۇرۇنقى ئۆيۈڭلەردە ئىدىڭلار» ياكى «بۇ كىتاب مې-
نىڭ» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەردە كېلىش قوشۇمچىلىرىمۇ
خەۋەر تەركىبىدە كېلىدىغۇ؟

يولداش غاپپار بۇ ئارقا ياردەمچىلەرنىڭ بەزىدە بەزى كېلىش
قوشۇمچىلىرى بىلەن مەنىداش بولۇپ كەلىسمۇ، بەزىدە مەنىداش
بولۇپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئۈستىدە نۇرغۇن توختالغان. بىز بۇ
ئارقا ياردەمچىلەرنى «كېلىش رولىنى ئوينايدۇ» دېگەندە ئۇلار-
نىڭ بەزىدە بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن مەنىداش بولۇپ
كېلىشىنى نەزەردە تۇتمايمىز، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزى قوشۇلغان
ئىسىمنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى
بىلدۈرىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ
بەزىدە بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن مەنىداش بولۇپ كېلە-
لىسىمۇ، بەزىدە مەنىداش بولۇپ كېلەلمەسلىكى ئۇلارنىڭ كېلىش
ھېسابلىنىشىغا قىلچە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ
بەزىدە بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن مەنىداش بولۇپ كېلە-
شى ئۇلارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش رول ئوينايدىغان-
لىقىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ خالاس.

يولداش غاپپار يەنە «توغرۇلۇق»[1] ياردەمچىسى بىلەن مەنە-
داش بولغان «توغرىسىدا»، «ھەققىدە» لەرنىڭ «توغرىسىدىكى»،
«ھەققىدىكى» شەكىللىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ كېلىش رولىنى
ئوينىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. بۇ ھەقتە شۇنى
ئېيتماقچىمىزكى، بىرىنچىدىن، بۇ ئەھۋال «توغرۇلۇق» يار-

دەمچىسىدە كۆرۈلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، بەزى ئارقا ياردەمچ
مەلۇم شەكىلدىكى مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ تۇراقلىشىپ مەنە
ھەتتىن ئابستراكتلىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بول
ئۇلارنىڭ ئابستراكتلىشىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ب
لىرىدە ئۆزى ئايرىلىپ چىققان سۆزنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتل
ساقلىنىشى مۇمكىن. «توغرىسىدا»، «ھەققىدە» ياردەمچىل
شۇ ئىسىملارنىڭ ئورۇن كېلىش شەكلىنىڭ تۇراقلىقلىشىش
بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلاردا يەنىلا ئىسىمنىڭ بەزى خۇسۇ
يەتلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ياردەمچى بول
قېلىشىغا تەسىر يەتكۈزەلمىگەنىكەن، ئۇلارنىڭ كېلىش قاتار
ئۆتۈشىگىمۇ تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. «توغرىسىدا»، «ھەققىد
لەرنىڭ «توغرىسىدىكى»، «ھەققىدىكى» شەكىللىرىنىڭ بارل
قىنى سەۋەب قىلىپ، «توغرۇلۇق» نىڭ كېلىش قاتارىغا ئۆتۈش
نى ئىنكار قىلىش تېخىمۇ ئەپلەشمەيدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يولداش غاپپار ئىسىمنىڭ نۆل
كېلىش شەكلىگە قوشۇلۇپ كەلگەن ئارقا ياردەمچىلەرنىڭ كېلىش
قوشۇمچىلىرى بىلەن ئوخشاش رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىنكار
قىلىشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نۇقتىنى ئىنكار
قىلالمىغان. ئەكسىچە، ئۇنى ئېتىراپ قىلغان.

بۇ يەردە مەن شۇنى ئېيتىپ كەتمەكچىمەنكى، مېنىڭ ماقا-
لەمدە پەقەت تۆتلا ئانالىتىك كېلىش كۆرسىتىلگەن، ئەمەلىيەتتە
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئانالىتىك كېلىشلەر بۇ تۆت خىل بىلەنلا چەك-
لەنمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنىڭ زادى قانچە بولۇشى ئىسىمنىڭ نۆل
كېلىش شەكلى بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان ئارقا ياردەمچىلەرنىڭ
قانچە بولۇشىغا باغلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يولداش غاپپارنىڭ ماقالىسىدە مۇزاكىرە قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلىلەر خېلى بار. مەن بۇ يەردە بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈستىدە توختالماي، پەقەت بىز مۇزاكىرە قىلىۋاتقان مەسىلە بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرنەچچە نۇقتا ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن.

خۇددى مۇستەقىل سۆزلەردە شەكىلداشلىق ھادىسىسى مەۋجۇت بولغىنىدەك ياردەمچى سۆز ۋە قوشۇمچىلاردىمۇ شەكىلداشلىق ھادىسىسى مەۋجۇت. مەسىلەن، «ئۇ كەلدى ـ دە، ئىشنى باشلىدى» دېگەن جۈملىدىكى «دە» بىلەن «سەن ئىكەنسەندە» دېگەن جۈملىدىكى «دە» شەكىلداش ئىككى ياردەمچى سۆز: ئالدىنقىسى باغلىغۇچى، كېيىنكىسى يۈكلىمە؛ «ئۇ يەرگە ئىككىنچى قەدەم باسما» دېگەن جۈملىدىكى «ما» بىلەن «تاش باسما» دېگەن سۆزدىكى «ما» شەكىلداش ئىككى قوشۇمچە: ئالدىنقىسى پېئىلنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى، كېيىنكىسى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە. بۇ خىل شەكىلداشلىق مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ياردەمچى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «ئۇ بۈگۈن كەتتى» دېگەن جۈملىدىكى «كەت-» بىلەن «قولۇم ئاغرىپ كەتتى» دېگەن جۈملىدىكى «كەت-» شەكىلداش ئىككى سۆز: ئالدىنقىسى مۇستەقىل پېئىل، كېيىنكىسى ياردەمچى پېئىل. تىلدا مۇنداق شەكىلداشلىق ھادىسىسى ئىنتايىن كۆپ. بىز تىل تەتقىقاتىدا ھېچقاچان ئۇلارنى بىر نەرسە دەپ قارىماستىن، ئۇلارنىڭ رولىغا، مەنىسىگە، كەلگەن يېرىگە قاراپ ئايرىپ مۇئامىلە قىلىمىز. بىراق، يولداش غاپپار بۇ خىل شەكىلداشلىق ھادىسىسىگە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانلىقتىنمۇ ياكى باشقا

مەۋەبتىنمۇ، ئۆز ماقالىسىدە نۇرغۇن شەكىلداش ھادىسىلە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. مەسىلەن، ئارقا ياردەمچى رولىنى ئوينايـ غان «بىلەن» ئۈستىدە مۇزاكىرە بولۇۋاتسا، يولداش غاپپار نىڭغا باغلىغۇچى رولىنى ئوينايدىغان «بىلەن» نىمۇ قوشۇۋالغان ئىسىم ۋە ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان «- غىچە - قىچە// - گىچە، - كىچە» قوشۇمچىسى ئۈستىدە مۇزاكىـ بولۇۋاتسا، يولداش غاپپار پېئىللىغا قوشۇلىدىغان شۇ خىل قوشۇـ چىلارنىمۇ ئارىلاشتۇرۇۋالغان. مۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ بە توغرا تونۇشقا كەلگىلى بولىدۇ؟

مېنىڭ ماقالەمدە «- چە» قوشۇمچىسى «- چە (- چىلىك)، شەكلىدە كۆرسىتىلگەندىن تاشقىرى، «بۇ يەردە ‹لېي فېكچە›، ‹ئۇيغۇرچە›، دېگەن سۆزلەردىكى سۆز ياسىغۇچى ‹- چە› گە. مەس، بەلكى ‹چىلىك› بىلەن ئالمىشالايدىغان ‹- چە› نەزەردە تۇتۇلىدۇ» دەپ ئالاھىدە ئىزاھات بېرىلگەنىدى ھەمدە مېنىڭ ماقالەمدە ئىسىم ۋە ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان «- چە (- چىلىك)» قوشۇمچىسى ئۈستىدە سۆز بولۇۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. لېكىن، يولداش غاپپار بۇ قوشۇمچىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، شۇنچىلىك ئېنىق بېرىلگەن ئىزاھاتلارغىمۇ قارىماستىن، «ئۇيغۇرچە»، «چىرايلىقچە» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىكى سۆز ياسىغۇچى «- چە» قوشۇمچىسى بولسۇن، «ماڭغانچە» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىكى سۈپەتداشقا قوشۇلۇپ رەۋىشداش ياسايدىغان «- چە» قوشۇمچىسى بولسۇن، «ئونچە»، «يۈزچە» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىكى ساناق سانغا قوشۇلۇپ مۆلچەر سان ياسايدىغان «- چە» قوشۇمچىسى بولسۇن، ھەممىـ سىنى ئارىلاشتۇرۇۋالغان. مۇنداق قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمىدە، بولۇپمۇ مۇنازىرىدە ئانچە مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك.

يولداش غاپپار يەنە مۇنداق بىر پىكىرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويـ

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

غان: «ئاپتور ‹-چە› قوشۇمچىسىنى كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشتە، ‹-چىلىك› بىلەن ئالمىشالايدىغان ‹-چە› دېيىش ئارقىلىق ئىختىيارسىز ھالدا ‹-لىك› قوشۇمچىسىنىمۇ كېلىش كاتېگورىيىسىگە ئەكىرىپ قويىدۇ. چۈنكى، ‹سېنىڭچە› دېگەن سۆزگە، ‹-لىك› قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ، ‹سېنىڭچىلىك› دېگەن سۆز شەكىللەنگەن. بۇنداق بولغاندا، ‹-لىك› قوشۇمچىسىنىڭ ‹-لىق//-لۇق، -لۈك› قاتارلىق ۋارىيانتلىرىمۇ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىشكە ھەقلىق بولىدۇ. چۈنكى، ‹ئارتۇقچە — ئارتۇقچىلىق›، ‹ئوشۇقچە — ئوشۇقچىلىق› دېگەن سۆزلەرمۇ تۈزۈلۈش جەھەتتىن يۇقىرىقى سۆزلەر بىلەن ئوپمۇئوخشاش».

بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر لوگىكىلىق خۇلاسە! «‹- چە› قوشۇمچىسى دېگەندە ‹-چىلىك› بىلەن ئالمىشالايدىغان ‹- چە›نى نەزەردە تۇتىمىز» دېگەنلىك پەقەتلا «‹- چىلىك› بىلەن ئالمىشالمايدىغان يەنە بىر ‹- چە› قوشۇمچىسىنى نەزەردە تۇتمايمىز» دېگەنلىكتىنلا ئىبارەت ئەمەسمۇ؟ بۇ قانداقسىگە «- لىك» قوشۇمچىسىنىمۇ كېلىش كاتېگورىيىسىگە ئېلىپ كىرگەنلىك بولىدۇ؟ قىزىق يېرى شۇكى، مۇنداق بولغاندا «- لىك» قوشۇمچىسىنىڭ «- لىق// -لۇق، -لۈك» دېگەن «ۋارىيانت»لىرىمۇ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىپ كېتەرمىش!

شۇنى بىلىش كېرەككى، «- چىلىك» قوشۇمچىسىنىڭ تەركىبىدە كەلگەن «- لىك» ھېچقانداق رول ئوينىمايدىغان بىر ئېلېمېنت، «مۇشتۇمچە» دېگەننى «مۇشتۇمچىلىك» دېيىشمۇ مەنىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. ئاندىن بۇ يەردىكى «- لىك»نىڭ قانداقتۇر «- لىق// -لۇق، - لۈك» دېگەن ۋارىيانتلىرىمۇ يوق، ئۇ ھەر دائىم «- چە» قوشۇمچىسى بىلەن بىرلىكتە «- لىك» شەكلىدىلا كېلىدۇ، يەنى

ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا بويسۇنمايدۇ (مەسلەن، ئاتچىلىك،
شەكچىلىك، قويچىلىك، مۇشتۇمچىلىك) . دېمەك، ئۇنىڭ
لەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان «- لىق // -لۇق، -لۇك» نا
كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىش مەسىلىسى تېخىمۇ مەۋجۇت
مەس. بۇ يەردە يولداش غاپپار «- چىلىك» قوشۇمچىسىنى
تەركىبىدە كەلگەن «- لىك» ئېلېمېنتىنى «- لىق، - لىك
-لۇق، -لۇك» ۋارىيانتلىرىغا ئىگە بولغان يەنە بىر قوشۇم
بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايى توغرىسىدا*

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى كۆپ خىل رايدىن تەركىب تاپقان ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە. بىراق، بۇ كاتېگورىيە ئۈستىدىكى تەتقىقات تېخى چوڭقۇرلىشىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، نۇرغۇن راي شەكىللىرى، بولۇپمۇ دەل ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرمۇنچە راي شەكىللىرى مۇۋاپىق بايان قىلىنماي كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ ماقالىدە پەقەت پېئىلنىڭ بايان رايى ئۈستىدىلا ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

پېئىلنىڭ بىز «بايان رايى» دەپ ئاتاۋاتقان شەكلى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت باشقا گرامماتىكا ئەسەرلىرىدە «خەۋەر رايى» ياكى «ئېنىقلىق رايى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەيلى قانداق نام بىلەن ئاتالسۇن، بۇ يەردە سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەت ۋە مەلۇم ھالەت توغرىسىدىكى ھۆكۈمىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكىللىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گرامماتىكا ئەسەرلىرىدە «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايى ھەر خىل زامان شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بىرلا خىل (بىرلا خىل ھۆكۈمنى بىلدۈرىدىغان) گرامماتىكىلىق ھادىسە» دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە. بىراق، ئەمەلىي پاكىتلار بۇ خىل قاراشنىڭ ئۇيغۇر

* بۇ ماقالە مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» II توپلامدا ئېلان قىلىنغان.

تىلى ئەمەلىيىتىگە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر تى-لىدىكى بايان رايىنىڭ بىرلا خىل گراммاتىكىلىق ھادىسە بولماس-تىن، بەلكى ئۆزىگە خاس ھەر خىل زامان شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كۆپ خىللىق گراмماتىكىلىق ھادىسە ئىكەنلىكى-نى ئىسپاتلايدۇ. مېنىڭچە، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايىنى «ۋاستىسىز بايان رايى»، «ۋاستىلىك بايان رايى»، «ئاڭلاتما بايان رايى»، «مۆلچەر بايان رايى» دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

پېئىلنىڭ بۇ تۆت خىل بايان رايى شەكلىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى تەھلىل قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر (ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش) نىڭ تەركىبىدە كې-لىپ ھۆكۈم مەنىسىنى (بايان رايى ئۇقۇمىنى) بىلدۈرىدىغان پېئىللارنىڭ باغلامچىسى، يەنى ھۆكۈم باغلامچىلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆكۈم باغلامچىلىرىنى «ۋاستىسىز ھۆ-كۈم باغلامچىسى»، «ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى»، «ئاڭلات-ما ھۆكۈم باغلامچىسى» ۋە «مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى» دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە مۇشۇ تۆت خىل ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ياسىلىشى ۋە رولى ئۈستىدە توختىلىمىز:

**1. ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى.** بۇ ھۆكۈم باغلام-چىسى يەنە «ھازىرقى زامان ۋە كېلەر زامان» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھازىرقى زامان ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى شەخسكە قاراپ «- مەن، - مىز // - سەن، - سىز، - سىلە //- دۇر (تۇر)» شەكىللىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۆتكەن زامان ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى شەخسكە قاراپ «ئىدىم، ئىدۇق // ئىدىڭ، ئىدىڭىز، ئىدىڭلار // ئىدى» شەكىللىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەر بىلەن بىرىكىپ قوشما خەۋەر ھاسىل قىلىپ، سۆزلىگۈچى-نىڭ بىۋاسىتە بىلىدىغان (بۇرۇندىنلا تونۇش بولغان) تەرزدە ھۆكۈم قىلىنۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن دوختۇرمەن.

سەن تېخى ياشسەن، تەجرىبەڭ يوق / تۇر/.

سىز بىزنىڭ ئۇستازىمىزسىز، سىزنى ھەرقاچان ئىز-زەتلەيمىز.

ئىتتىپاقلىق كۈچتۇر، بۇ كۈچ تۆمۈردۇر، بۇ كۈچ پولاتتۇر.

ئۇ بۇرۇن ئىشچى ئىدى، ھازىر كادىر بولدى.

سىز ئۇ چاغدا سىپىمىز ئىدىڭىز، ھازىر ئورۇقلاپ قاپسىز.

بىز بۇرۇن 12 - بىنادا ئىدۇق، ھازىر 4 - بىنادىمىز.

ھازىرقى زامان ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھەرقاي-سى شەكىللىرى ئىچىدە «- دۇر، -تۇر» شەكلىلا «سۆز» شەكلى-نى ساقلىغان (ئۇ قەدىمكى ھۆكۈم باغلامچىسى «تۇرۇر» دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن)، قالغانلىرى پەقەت شەخس قوشۇمچىلىرى-دىنلا ئىبارەت. بىراق، بۇ قوشۇمچىلار ھازىر قەدىمكى زاماندا «تۇرۇرمەن>دۇرمەن، تۇرۇرسەن>دۇرسەن ...» ياكى «ئە-رۇرمەن، ئىرۇرسەن ...» شەكلىدە قوللىنىلغان ھازىرقى زامان ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، باشقا ھۆكۈم باغلامچىلىرى بىلەن تۈۋەتلىشىدۇ، شۇڭا يەنىلا «سۆز» ھېسابىدا مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ جانلىق تىلدا ھازىر-قى زامان ھۆكۈم باغلامچىلىرى كۆپ ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، مەن دوختۇر، سەن ئىشچى، ئۇ كادىر ...

لېكىن، بۇ پەقەت بەلگىلىك شارائىتتا ھازىرقى زامان ۋاسى-تىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى خالاس. بۇنىڭ-لىق بىلەن «ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر بىۋاسىتە

خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق خەۋەرلەر يەنىلا باشقا ھۆكۈم باغلامچىلىرى بىلەر كەلگەن قوشما خەۋەرلەر بىلەن نۆۋەتلىشىپ ۋاستىسىز بايان بولۇپ، ھازىرقى زامان، يەنى ھازىرقى زامان ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىلا ئىپادىلەيدىغان گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيـ كېلىدۇ.

**2. ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى.** بۇ خىل ھۆكۈم باغلامچىسى شەخسكە قاراپ «ئىكەنمەن، ئىكەنمىز // ئىكەنسىز، ئىكەنسىلەر // ئىكەن» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ قوشما خەۋەر ھاسىل قىلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ۋاستىلىك بىلگەن (يەنى، مەلۇم پاكىتلارغا ئاساسەن باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق كېيىن ياكى يېڭى خەۋەردار بولغان) تەرزدە ھۆكۈم قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنى ئوقۇغۇچى دەپتىمەن، ئۇ ئوقۇتقۇچى ئىكەن.

مەن كىچىك ۋاقتىمدا ناھايىتى شوخ ئىكەنمەن.

ئۇلارنىڭ ئۆيى بەك يىراق ئىكەن، ئىككى سائەتتە يېتىپ باردۇق.

سىز ناخشىغا ئۇستا ئىكەنسىز، مەن بۇنى ئۇيلىمىغانىكەنمەن.

كىتابلارنى ساناپ باقتىم، ئوتتۇز بەش پارچە ئىكەن.

**3. ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسى.** بۇ ھۆكۈم باغلامچىسى شەخسكە قاراپ «-دەكمەن، -دەكمىز //-دەكسەن، -دەكسىز، -دەكسىلەر //-دەك» شەكىللىرىدە ياكى «-مىشمەن // -مىشسەن، - مىشسىز، -مىشسىلەر // مىش (ئىمىش)» شەكىللىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ قوشما خەۋەر ھاسىل قىلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشقىلارنىڭ ھۆكۈمىنى ئاڭلىتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ دادىسى ئۇستا دوختۇرمىش (دوختۇردەك).

مەن ئاڭلىدىم، سىز ئۇستا ناخشىچىمىكەنسىز (ناخشىچىمىشسىز).

بۇگۈنكى كىنو ناھايىتى ياخشىمىش (ياخشىدەك).

**4. مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى.** بۇ خىل ھۆكۈم باغلامچىسى شەخسكە قاراپ «-دۇرمەن، -دۇرمىز //-دۇرسەن، -دۇرسىز، -دۇرسىلەر //-دۇر» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ ھەم مۆلچەر ئىنتوناتسىيىسى بىلەن ئېيتىلىدۇ.

مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، قوشما خەۋەر ھاسىل قىلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ مۆلچەر تەرزدە ھۆكۈم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئادەممۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ، ياخشى بايقىيالمىدىم، بەلكى ئادەمدۇر.

ياخشى ئويلاپ باق، شۇ چاغدا سېنى چاقىرغان كىشى مەندۇرمەن؟

«بىرلا ئادەم قوشۇلمىدى» دېدىڭ، شۇ ئادەم سەندۇرسەن؟

ئەمدى ئادەتتىكى پېئىللارنىڭ تۆت خىل بايان رايى شەكلىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

**1. ۋاستىسىز بايان رايى.** پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان رايىنى كۆرسەتكۈچى زامان شەكىللىرىدىن پەقەت بىرلا خىلى پېئىل ئۆزىكىگە «-دىم، -تىم، -دۇم، -تۇم، -دۇق، -توق //-دىڭ، -تىڭ، -دۇڭ، -تۇڭ، -دىڭىز، -تىڭىز، -دىڭلار، -تىڭلار، -دۇڭلار، -تۇڭلار //-دى، -تى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازدىم، يازدىڭ، يازدىڭىز، يازدۇق، يازدىڭلار، يازدى ...

زامان شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى پېئىلنىڭ شەخسسىز شە-

كىللىرىگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلـ
ياسىلىدۇ. پېئىلنىڭ سۆپەتداش ۋە مەقسەت پېئىلى شەكلى بىلـ
بىرىككەن ھازىرقى زامان ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى بەز
چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ باغلامچىنىڭ 3 ـ شەخس شەكلى «ـئا
ـئە» بىلەن ئاخىرلاشقان رەۋىشداشقا قوشۇلغاندا، كەينىدىـ
«ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ.
مەسىلەن: (3 ـ شەخس شەكلىنىلا كۆرسىتىمىز)
يازىدۇ (يازا+دۇ)، يازار، يازغان، يازماقچى، يازاتـ
(يازا+ئىدى) يازار ئىدى، يازغانىدى، يېزىۋىدى (يېزىپ گـ
دى)، يازىدىغانىدى، يازماقچىدى.
پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان رايىنى كۆرسەتكۈچى زامان شـ
كىللىرىنىڭ ھەممىسى سۆزلىگۈچىنىڭ بىۋاسىتە بىلىدىغان تەرز
دە مەلۇم ھەرىكەت ياكى ھالەت توغرۇلۇق ھۆكۈم قىلىۋاتقانلىقـ
نى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكىدەك ئىشلارنىڭ ھەمـ
سى مۇشۇ خىل راي شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ:
a. سۆزلىگۈچىگە پۈتۈنلەي تونۇشلۇق بولغان ئىشلار. مە
سىلەن:
مەن ماقالە يازدىم، ئەخمەتمۇ ماقالە يازماقچى.
بۇ ماقالىنى ئەخمەت يازغان.
ئەخمەت ماقالىنى ياخشى يازىدۇ.
ئەخمەت ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدىلا ماقالىنى ياخشى يا
زاتتى.
b. سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆز تەجرىبىسى ياكى مەنتىقى بويىچ
قىلغان ھۆكۈمى. مەسىلەن:
ئەخمەت خەۋەر تاپسا، چوقۇم خەت يازىدۇ.
ئەخمەت بۇ ماقالىنى چوقۇم ياخشى يازىدۇ.
ھازىر تۇرپاندا ئۈزۈم پىشتى.
c. سۆزلىگۈچىنىڭ ياكى سۆزلىگۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆپ سانلىق ئادەمنىڭ قارارى ياكى ئىرادىسى. مەسىلەن:

بۇ ماقالىنى سەن يازىسەن.

خاتىرجەم بول، بىز جەزمەن خەت يازىمىز.

2. ۋاستىلىك بايان رايى. پېئىلنىڭ ۋاستىلىك بايان رايىنى كۆرسەتكۈچى زامان شەكىللىرىدىن بىر خىلى پېئىلنىڭ «پ» بىلەن ئاخىرلاشقان رەۋىشداش شەكلىگە قاراپ «-تىمەن، -تىمىز //-سەن، -سىز، -سىلەر //-تۇ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يېزىپتىمەن، يېزىپتىمىز، يېزىپسەن، يېزىپسىز، يېزىپسىلەر، يېزىپتۇ.

باشقا زامان شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرىگە ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازىدىكەن (يازا + دۇر ئىكەن)، يازاركەن، يازغانىكەن، يازماقچىكەن، يازىدىغانىكەن، يېزىۋېكەن (يېزىپ + ئىكەن)، يېزىپتىكەن (يېزىپ + تۇر + ئىكەن).

پېئىلنىڭ ۋاستىلىك بايان رايىنى كۆرسەتكۈچى زامان شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى سۆزلىگۈچىنىڭ ۋاستىلىك بىلگەن تەرزدە مەلۇم ھەرىكەت ياكى ھالەت توغرۇلۇق ھۆكۈم قىلىنۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكىدەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل راي شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ:

a. سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم پاكىتقا ئاساسەن يېڭى چىقارغان يەكۈنى. مەسىلەن:

ئەخمەتنىڭ بىرنەچچە پارچە ماقالىسىنى ئوقۇدۇم، ئۇ ماقالىنى ياخشى يازىدىكەن.

قاراپ باقسام، مەن خەتنى ھەممىڭلاردىن ئاستا يازىدىكەنمەن.

b. سۆزلىگۈچى ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ياكى باشقا ئالامەتلى-

رىگە ئاساسەن، كېيىن خەۋەردار بولغان ئىشلار. مەسىلەن
بۇگۇنكى گېزىتنى كۆردۇڭمۇ؟ ئەخمەت ماقالە يېزىپتۇ
سېلىشتۇردۇم، توغرا يېزىپتىمەن.
بۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇ رومان يازماقچىكەن، نېمە ئۈچۈن
دۇر يازماپتۇ.

c. سۆزلىگۈچى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق خە
ۋەردار بولغان ئىشلار. مەسىلەن:

مەن سۈرۈشتۈردۇم، بۇ ماقالىنى ئەخمەت يازغانىكەن.
مەن ئەخمەتتىن سورىدىم، ئۇ ئەسلىي بۇ ھەقتە ماقالە يا
ماقچىكەن، كېيىن مەلۇم سەۋەب بىلەن يازماپتۇ.
ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئەخمەت ھازىر رومان يېزىۋېتىپتۇ.

**3. ئاڭلاتما بايان رايى.** پېئىلنىڭ ئاڭلاتما بايان رايىنى
كۆرسەتكۈچى زامان شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى پېئىلنىڭ شەخ
سىز شەكلىگە ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلە
ياسىلىدۇ. مەسىلەن، يېزىپتۇدەك، يېزىپتىمىش، يازغۇدەك
يازارمىش، يازغانمىش، يازماقچىمىش، يېزىپتىكەنمىش، يازغ
نىكەنمىش، يازىدىغانىكەنمىش، يازارىكەنمىش، يازماقچىكە
مىش.

پېئىلنىڭ ئاڭلاتما بايان رايىنى كۆرسەتكۈچى زامان شەكىل
لىرىنىڭ ھەممىسى سۆزلىگۈچىنىڭ باشقىلاردىن ئاڭلىغان تەرز
مەلۇم ھەرىكەت ياكى ھالەت توغرۇلۇق ھۆكۈم قىلىۋاتانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەت ماقالىنى ياخشى يازارمىش (يازغۇدەك).
بۇ ماقالىنى ئەخمەت يېزىپتۇدەك (يېزىپتىمىش).
ئەخمەت ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدىلا ماقالىنى ياخشى ياز
دىغانىكەنمىش.

بۇ خىل راي شەكلى بەزىدە سۆزلىگۈچىنىڭ قوشۇلمىغان
مەسخىرە قىلغان تەرزدە سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ ھالىغا تېخى رومان يازارمىش.
بۇ خەتنى مەن يېزىپتىمىشمەن.
باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىشنى ۋاستىلىك بىلگەن ئىش سۇ-پىتىدە ۋاستىلىك بايان راي شەكلىدە ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. بىراق، ئۇنداق بولغاندا سۆزلىگۈچىنىڭ بۇ ئىشنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىقى تەكىتلەنمەيدۇ. شۇڭا، سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلغاندا، يەنىلا ئاڭلاتما بايان رايى شەكلىنى قوللىنىدۇ.

4. مۆلچەر بايان رايى. پېئىلنىڭ مۆلچەر بايان رايىنى كۆرسەتكۈچى زامان شەكىللىرى ياسىلىش جەھەتتىن ئۈچ خىل بولىدۇ:

بىرىنچى خىلى، پېئىلنىڭ سۈپەتداش ياكى مەقسەت پېئىلى شەكلىگە مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىلىرىنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ (ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئاخىردىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، 1 ـ شەخستە «ئۇ» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ).
مەسىلەن، يازغاندىمەن، يازماقچىدۇر.

ئىككىنچى خىلى، پېئىلنىڭ «-ئار // -ئەر» بىلەن ئاخىر-لاشقان سۈپەتداش شەكلىگە ھازىرقى زامان ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنى قوشۇپ، مۆلچەر ئىنتوناتسىيىسى بىلەن ئېيتىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ (ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ 3 ـ شەخس شەكلى قوللىنىلمايدۇ، سۈپەتداشنىڭ ئۆزى 3 ـ شەخسكە ۋەكىل-لىك قىلىدۇ). مەسىلەن، يازارمەن، يازارمىز، يازارسەن، يا-زارسىز، يازارسىلەر، يازار.

ئۈچىنچى خىلى، پېئىلنىڭ سۈپەتداش ياكى مەقسەت پېئىلى شەكلىگە «بولغىيدىم، بولغىيدۇق، بولغىيدىڭ، بولغىيدىڭىز، بولغىيدىڭلار» سۆزىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن، يازغان بولغىيدىم، يازىدىغان بولغىيدۇق، يازغان بولغىيدىڭ، يازىدىغان بولغىيدىڭىز، يازغان بولغىيدىڭلار، يازغان بولغىيدى،

يازماقچى بولغىيدىڭ، يازماقچى بولغىيدى.

پېئىلنىڭ مۆلچەر بايان رايىنى كۆرسەتكۈچى زامان شەكىل-لىرىنىڭ ھەممىسى سۆزلىگۈچىنىڭ مۆلچەر تەرزدە مەلۇم ھەرى-كەت ياكى ھالەت توغرۇلۇق ھۆكۈم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەت ماقالىنى ياخشى يازىدىغاندۇر (يازار).

بۇ قېتىمقى يىغىنغا بىزمۇ قاتنىشارمىز (قاتنىشىدىغان-دىمىز).

شۇ چاغدا سەنمۇ كۆپ ماقالە يازغان بولغىيدىڭ.

ئەخمەت شۇ چاغلاردىلا ماقالىنى ياخشى يازىدىغان بولغىيدى.

5. سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ھۆكۈم باغلام-چىلىرى بىلەن پېئىلنىڭ بايان شەكىللىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى جەدۋەل بويىچە كۆرسىتىمىز:

## ھۆكۈم باغلامچىلىرى

| ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى | | ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى | ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسى | | مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| ھازىرقى زامان | ئۆتكەن زامان | | | | |
| -مەن | ئىدىم | ئىكەنمەن | -دەكمەن | -مىشمەن | -دۇرمەن |
| -مىز | ئىدۇق | ئىكەنمىز | -دەكمىز | -مىشمىز | -دۇرمىز |
| -سەن | ئىدىڭ | ئىكەنسەن | -دەكسەن | -مىشسەن | -دۇرسەن |
| -سىز | ئىدىڭىز | ئىكەنسىز | -دەكسىز | -مىشسىز | -دۇرسىز |
| -سىلەر | ئىدىڭلار | ئىكەنسىلەر | -دەكسىلەر | -مىشسىلەر | -دۇرسىلەر |
| -دۇر -تۇر | ئىدى | ئىكەن | -دەك | -مىش | -دۇر -تۇر |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## پېئىلنىڭ بايان رايى شەكىللىرى

(پەقەت 3 ـ شەخس شەكلىلا كۆرسىتىلىدۇ. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە زامان جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ)

| ۋاستىسىز بايان رايى | ۋاستىلىك بايان رايى | ئاڭلاتما بايان رايى | مۆلچەر بايان رايى |
|---|---|---|---|
| يازىدۇ (يازار) | يازىدىكەن | يازغۇدەك (يازارمىش) | يازىدىغاندۇر (يازار) |
| يازغان | يازغانىكەن (يېزىپتىكەن) | يازغانمىش | يازغاندۇر |
| يازماقچى | يازماقچىكەن | يازماقچىمىش | يازماقچىدۇر |
| يازدى | يېزىپتۇ | يېزىپتۇدەك | يازغاندۇر |
| يازاتتى (يازاردى) | يازىدىغانىكەن (يازارىكەن) | يازىدىغانىكەنمىش (يازارىكەنمىش) | يازىدىغان بولغىيدى |
| يازغانىدى (يېزىۋىدى) | يازغانىكەن (يېزىۋىكەن) | يازغانىكەنمىش (يېزىۋىكەنمىش) | يازغان بولغىيدى |
| يازماقچىدى | يازماقچىكەن | يازماقچىكەنمىش | يازماقچى بولغىيدى |

6. ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گرامماتىكا ئەمگەكلىرىدە،
ۋاستىلىك بايان رايى، ئاڭلاتما بايان رايى ۋە مۆلچەر بايان ر
كىرگۈزگەن پېئىل شەكىللىرى كۆپىنچە ئېتىبارسىز قالدۇ
لىدۇ؛ ھۆكۈم باغلامچىلىرىنىڭ بەزىلىرى «تولۇقسىز پېئىـ
دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ گرامماتـ
لىق خۇسۇسىيىتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىسىم خاراكتېرلـ
سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ قوشما خەۋەر ھاسىل قىلىشتىكى رو
ئۈستىدە تولۇق چۈشەنچە بېرىلمەيدۇ.

بەزى ئەمگەكلەردە بىز ۋاستىلىك بايان رايى، ئاڭلاتما باي
رايى ياكى مۆلچەر بايان رايىغا كىرگۈزگەن پېئىل شەكىللىرىد
بىر ياكى بىرنەچچە خىلى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋ
پىق بىر تەرەپ قىلىنمىغان. مەسىلەن، پېئىلنىڭ «يېزىپتۇ
شەكلى ئىمساخان جەلىلوۋا، ئەمىر نەجىپ، يولداش جۇ جژنىڭ
لارنىڭ ئەمگەكلىرىدە «يازدى» شەكلى بىلەن ئوخشمايدىغان بە
خىل ئۆتكەن زامان شەكلى ھېسابلىنىپ، «ئۆتكەن زامان ھېكاي
پېئىلى»[1]، «ھېكايە (سۇبيېكتىپ) ئۆتكەن زامان»[2]، «ئاڭلات
ئۆتكەن زامان»[3] دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان؛ پېئىلنىڭ «يازار
شەكلى يولداش جۇ جژنىڭنىڭ ئەمگىكىدە ۋە قازاق س س ر پەنلە
ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ھا
زىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دا «يازىدۇ» شەكلى بىلەن ئوخشماي
دىغان بىر خىل «كېلەر زامان شەكلى» ھېسابلىنىپ، «مۇقىم
سىز كېلەر زامان»[4]، «گۇمان كېلىدىغان زامان»[5] دېگەن نامل
بىلەن ئاتالغان. لېكىن، «يېزىپتۇ» شەكلى بىلەن «يازدى

---

① ② ئىمساخان جەلىلوۋا: «ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى». 1951 ـ يىلى، تاشكەنت
③ ④ جۇ جژنىڭ: «ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە». 1964 ـ يىللىق «جۇڭ
تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانىغا قارالسۇن.
⑤ قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغ
تىلى» I قىسىم. 1966 ـ يىلى، ئالمۇتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەكلى، «يازار» شەكلى بىلەن «يازىدۇ» شەكلى ئوخشاشلا كې-
لەر زامانىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق
پەقەتلا سۆزلىگۈچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرزدە ھۆكۈم قىلى-
ۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان راي پەرقى خالاس. بۇ نۇقتا يۇقىرىدى-
كى ئەسەرلەرنىڭ بۇ ئىككى خىل پېئىل شەكلى توغرىسىدىكى
چۈشەندۈرۈشىدىمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. «يېزىپتۇ» شەكلى توغرىسى-
دا، ئىمساخان جەلىلوۋا «بۇ ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىتىش،
ئەسلىتىشكە ئوخشاش يوللار بىلەن بىلدۈرىدۇ»① دەپ، ئەمىر
نەجىپ «بۇ ئىشنىڭ ئۆتكەن بىر ۋاقىتتا بولغانلىقىنى، لېكىن
ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز چۈشكەنلى-
كىنى بىلدۈرىدۇ»② دەپ، يولداش جۇ جژنىڭ بولسا «بۇ ھەرى-
كەتنىڭ بولغانلىقى سۆزلىگۈچى ئۈچۈن ئانچە ئېنىق ئەمەس ئى-
كەنلىكىنى ياكى ھەرىكەتنىڭ ئاڭسىز ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرى-
دۇ» دەپ③ چۈشەنچە بېرىدۇ. «يازار» شەكلى توغرىسىدا، يول-
داش جۇ جژنىڭ «بۇ پەرەز ئۇقۇمىغا ئىگە بولۇپ، لېكىن بولىدىغان
ھەرىكەتنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ چۈشەنچە بەرسە④، قا-
زاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرى-
پىدىن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دا بۇ «ئىش ـ
ھەرىكەتنىڭ، ھالەتنىڭ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىغا گۇ-
مان، شۈبھە كەلتۈرۈپ ياكى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ
ئېيتىلىدۇ» دەپ چۈشەنچە بېرىلىدۇ⑤. بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ھېچ-
قايسىسى بۇ ئىككى خىل پېئىل شەكلىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھى-
دىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار «يې-

---

① ② ئەمىر نەجىپ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». 1960 ـ يىلى، موسكۋا.
③ ④ جۇ جژنىڭ: «ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە». 1964 ـ يىللىق «جۇڭگو تىل ـ يېزىقى» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانىغا قارالسۇن.
⑤ قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» I قىسىم. 1966 ـ يىلى، ئالمۇتا.

ز بپتۇ» شەكلى بىلەن «يازدى» شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى، «يازا
شەكلى بىلەن «يازىدۇ» شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ
مان جەھەتتىكى پەرق بولماستىن، بەلكى راي جەھەتتىكى پە
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، چۈنكى بۇ چۈشەنچىلەردە بۇ پېئ
شەكىللىرىنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە قويۇلغان «ئا
لىتىش، ئەسلىتىش يولى بىلەن» ، «ئۈنتۇلۇپ قېلىپ، سۆزلىگ
چىنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز چۈشكەن» ، «ئانچە ئېنىق ئەمەس»
ئاڭسىز «ئورۇندالغان» ، «پەرەز» ، «گۇمان، شۈبھە كەلتۈ
رۈپ» ، «مۆلچەرلەپ» دېگەن ئۇقۇملارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ز
مان بىلەن ئالاقىدار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئۇقۇملار پەقە
سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق تەرزدە ھۆكۈم قىلىۋاتقانلىقى بىلەن، يەن
پەقەت راي بىلەنلا ئالاقىدار. دېمەك، بۇ پېئىل شەكىللىرىن
«يازدى» ، «يازىدۇ» شەكىللىرى بىلەن بىر تەكشىلىكتە تۇرىد
غان باشقا زامان شەكلى ھېسابلاش مۇۋاپىق ئەمەس، بۇ ئۇسۇلد
ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئەمىر نەجىپ پېئىلنىڭ «يازغاندۇر» ، «يازغانمىش» .
«يازغانىكەن» شەكىللىرىنى «غان» بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەت
داشلار ئاساسىدا ھاسىل بولغان «ھالەت شەكلى» دەپ؛ «يېزىپ
تىمىش» ، «يېزىپتىكەن» شەكىللىرىنى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان
ھېكايە شەكلى ئاساسىدا ھاسىل بولغان «ھالەت شەكلى» دەپ؛
«يازارىكەن» ، «يازارمىش» شەكىللىرىنى «ئا» بىلەن ئاخىرلاش
قان كېلەر زامان سۈپەتداشلىرى ئاساسىدا ياسالغان «ھالەت شەك
لى» دەپ تەھلىل قىلغان*. بۇ يەردە ئەمىر نەجىپ «ھالەت
شەكلى» نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بايان رايى كاتېگورىيىسىد
قانداق ئورۇن تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىگەن.
بىراق، مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئەمىر نەجىپنىڭ بۇ تەھلىل

* ئەمىر نەجىپ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». 1960 ـ يىلى، موسكۋا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىش ئۇسۇلى ئاقمايدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇل بويىچە تەھلىل قىلىنسا، «يازغانىدى»، «يازارىدى» شەكىللىرىمۇ پېئىلنىڭ «ھالەت شەكلى» ھېسابلىنىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلارمۇ «غان» بىلەن ئاخىرلاشقان ۋە «ئار» بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەتداش ئاساسىدا ھاسىل بولغان. ۋەھالەنكى، ئەمىر نەجىپ پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرىنى زامان شەكلى ھېسابلاپ، «يازغانىدى» شەكلىنى «ئۇزاق ئۆتكەن زامان» دەپ، «يازارىدى» شەكلىنى بولسا «تەكرار ئۇزاق ئۆتكەن زامان» دەپ ئاتىغان[*]. دېمەك، ئەمىر نەجىپ بىر پېئىلنىڭ ۋاستىلىك بايان رايى، ئاڭلاتما بايان رايى ياكى مۆلچەر بايان رايىغا كىرگۈزگەن نۇرغۇن پېئىل شەكىللىرىگە دىققەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغان، ئۇنىڭ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا زىددىيەت بار.

قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دا پېئىلنىڭ «يازار»، «يازىدىغاندۇر»، «يازغاندۇر» شەكىللىرى پېئىلنىڭ بايان رايى بىلەن قارىمۇقارشى بولغان يەنە بىر خىل راي شەكلى ھېسابلىنىپ، «گۇمان پېئىلى» دەپ ئاتالغان[**]. بۇ يەردە بۇ پېئىل شەكىللىرىنىڭ راي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئېتىبارغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بايان رايى بىلەن قارىمۇقارشى بولغان يەنە بىر خىل راي شەكلى قىلىپ قويۇلغانلىقى مۇۋاپىق بولمىغان. چۈنكى، بۇلار ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا بايان رايى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ھەرىكەت ياكى ھالەت توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ - دە، پەقەت ھۆكۈم قىلىشىنىڭ ئۇسۇلى جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ خالاس. شۇ يېرىنى چۈشىنىپ بولمايدۇكى، بۇ ئەسەردە

---

[*] ئەمىر نەجىپ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». 1960 - يىلى، موسكۋا.

[**] قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» I قىسىم، 1966 - يىلى، ئالمۇتا.

خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پېئىلنىڭ «يازا
شەكلى يەنە پېئىلنىڭ بايان رايىغا مەنسۇپ بولغان زامان كاتېگ
رىيىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، «گۇمان كېلىدىغان زامان» دەپ ئات
غان، بۇ ئەسەردە يەنە «يازىدىكەن» بىلەن «يازغانىكەن» دېگ
زامان جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل پېئ
شەكلى «يازغانىدى» شەكلى بىلەن بىللە پېئىلنىڭ «ئۆزاق ئۆتك
زامان» شەكىللىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلغان . مانا بۇ ئەھ
ۋاللار پەقەت پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرى ئۈستىدىكى تونۇشنى
قالايمىقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، خالاس.

يولداش ليۇ جاۋشۇن بىلەن يولداش لىن ليەنمۇ ئۆزلىرىنى
«باۋئەن تىلى بىلەن سالا تىلىدىكى مۇقىملىق ۋە مۇقىمسىزلى
رايى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە («مىللەتلەر تىل - يېزىقى
ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 3 - سانىغا قارالسۇن) باۋئەن تىلى
بىلەن سالا تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايىنى «ھەرقايسى
ئۆزىگە خاس زامان شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان مۇقىملىق
رايى ۋە مۇقىمسىزلىق رايى دېگەن ئىككى خىل رايغا بۆلۈنىدۇ»
دەپ ھېسابلىغان. دېمەك، زامان بىلەن رايدىن ئىبارەت ئىككى
خىل گراماتىكىلىق ئۇقۇمنىڭ چېكىنى ئېنىق ئايرىپ، بۇ تىل
لاردا ئوخشىمايدىغان تەرزدىكى ھۆكۈم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان
تۆرلۈك بايان رايى شەكىللىرىنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈ
رىدىغان تۇپ نۇقتىدا، ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى بىلەن بىزنىڭ كۆز
قارىشىمىز ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق بار.

---

• قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇ
تىلى» (I قىسىم، 1966 - يىل، ئالمۇتا).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر تىلىدىكى يارده‌مچى پېئىللار ۋه ئۇلارنىڭ مه‌نىسى توغرىسىدا*

يارده‌مچى پېئىللار تىلىمىزدا ناھايىتى كه‌ڭ قوللىنىلىدىغان ۋه خىلمۇخىل نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىله‌شكه ئىمكانىيه‌ت بېرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر كاتېگورىيه. لېكىن، ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گراماتىكا ۋه ده‌رسلىك كىتابلاردا بۇ كاتېگورىيه خىلمۇخىل ۋه چولتا بايان قىلىنىپ كېلىنۋاتىدۇ. بۇ ھال ئاساسه‌ن مۇنداق ئۈچ جه‌ھه‌تته ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، يارده‌مچى پېئىللارنىڭ چېكى، يه‌نى قانداق سۆزله‌رنىڭ يارده‌مچى پېئىل بولالايدىغانلىقى ۋه قانداق ئه‌ھۋال ئاستىدا يارده‌مچى پېئىل ھېسابلىنىدىغانلىقى ئېنىق ئه‌مه‌س (كونكرېت پاكىتلار تۆۋه‌نده كۆرسىتىلىدۇ).

ئىككىنچىدىن، يارده‌مچى پېئىللارنىڭ گراماتىكىلىق رولى ئۈستىده ئىختىلاپ بار. مه‌سىله‌ن، يولداش نه‌سرۇللا ته‌رىپىدىن تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيه ئۇنىۋېرسىتېتى ته‌رىپىدىن 1978 - يىلى نه‌شر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (تۆۋه‌نده «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى X» دېيىلىدۇ) دا: «يارده‌مچى پېئىللار پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيىسىنى شه‌كىلله‌ندۈرىدۇ» ده‌پ ھېسابلانغان (شۇ كىتابنىڭ 184 - بېتىگه قاراڵسۇن)؛ ئه‌مىر نه‌جىپ ته‌رىپىدىن رۇس تىلىدا تۈزۈلۈپ، 1960 - يىلى موسكۋادا نه‌شر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (تۆۋه‌نده «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى M» دېيىلىدۇ) دا: «يار-

---

* بۇ ماقاله مىلله‌تله‌ر نه‌شرىياتى 1983 - يىلى 12 - ئايدا نه‌شر قىلغان «تۈركىي تىللار ته‌تقىقاتى» 1 توپلامدا ئېلان قىلىنغان.

دەمچى پېئىل «ئە» (ئىدى، ئىكەن، ئىمىش)، پېئىلنىڭ
شەكلىنى ۋە بەزى زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىش
«ياتـ»، «ئولتۇر-»، «تۇر-» ۋە «يۈر-» دىن ئىبارەت تۆ
لەت پېئىلى پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىش
قالغان ياردەمچى پېئىللارنىڭ ھەممىسى قوشما پېئىللارن
مۇستەقىل مەنىلىك ھەم تۈس مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان پ
بىرىكمىلىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ» دېيىلگەن (شۇ كىتابنىڭ
بېتىگە قارالسۇن)؛ قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇي
شۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1966 ـ يىلى ئالم
نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (تۆۋەندە «ھا
قى زامان ئۇيغۇر تىلى A» دېيىلىدۇ) دا: «ياردەمچى پېئى
مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ قوشۇمچە مەنە ياكى گراماتىكىلىق ـ
بىلدۈرگۈچى قىسمى» دېيىلگەن (شۇ كىتابنىڭ 187 — 189 ـ بە
ـرىگە قارالسۇن).

ئۈچىنچىدىن، ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنە جەھەتتىن ئىز
لىنىشى بەكمۇ يېتەرسىز. مەسىلەن، «ھازىرقى زامان ئۇي
تىلى X» دا ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنىسى ئۈچۈن بىر ئومۇم
تەبىر بېرىلىپ («تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ مەنىسى» دەپ تە
بېرىلگەن)، بىرمۇنچە مىساللار كۆرسىتىلگەندىن تاشقىر
ھەرقايسى ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ھېچنەر
دېيىلمىگەن.

يولداش ئىمىن تۇرسۇن تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خە
نەشرىياتى تەرىپىدىن 1978 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغ
تىلىدىن ساۋات» (تۆۋەندە «ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات» دېيىلىد
خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش قوللانمىسى سۈپىت
تۈزۈلگىنىگە قارىماي، ئۇنىڭدا ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنى
توغرىسىدا «ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى پېئىلنىڭ مەنىسىنى تولۇقلا
ياكى تەكىتلەيدۇ» دېگەن قىسقا تەبىردىن باشقا ھېچقانداق كو
ـرېت مەلۇمات بېرىلمىگەن (شۇ كىتابنىڭ 153 ـ بېتىگە قار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇن) ؛ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى M» دىمۇ ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئومۇمىي تەبىر بېرىلگەندىن باشقا، كونكرېت مەلۇمات بېرىلمىگەن؛ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى A» دا ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنىسىنى بىر - بىرلەپ ئىزاھلاشقا ھەرىكەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىزاھلار يەنىلا يۈزە بولغان، بىرمۇنچە ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنىسى چالا ياكى ناتوغرا ئىزاھلانغان (شۇ كىتابنىڭ 190 — 195 - بەتلىرىگە قارالسۇن).

ياردەمچى پېئىللار ئۈستىدىكى بايانلارنىڭ بۇنداق خىلمۇخىل ۋە چولتا بولۇشى ئۇلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ تېخى چوڭقۇرلاشمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەن بۇ ماقالىدە ياردەمچى پېئىللارنىڭ گرامماتىكىلىق رولى ئۈستىدە توختالماي، ئۇلارنىڭ چېكى ۋە مەنىسى ئۈستىدىلا ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمنى قويماقچى. مېنىڭ قارىشىمچە، ياردەمچى پېئىللارنىڭ چېكىنى مۇقىملاشتۇرماي تۇرۇپ، بولۇپمۇ ئۇلارنى مەنە جەھەتتىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاچماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گرامماتىكىلىق رولى ئۈستىدە مۇۋاپىق بىر خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، ياردەمچى پېئىللارنىڭ مۇھىملىقى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەپ كېلەلىشىدە كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى مەنە جەھەتتىن بىرقەدەر تولۇق ئىزاھلاپ بەرمەي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گرامماتىكىلىق رولى ئۈستىدە ھەرقانچە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن بىلەنمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتى زور بولمايدۇ.

## ياردەمچى پېئىللارنىڭ چېكى توغرىسىدا

بىز ياردەمچى پېئىللارنى پېئىلنىڭ بىر گرامماتىكىلىق تۈرى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا بىزنىڭ بۇ كاتېگو-

رىيىگە كىرگۈزگەن سۆزلىرىمىز جەزمەن مەلۇم ئورتاقلىقق
باشقا پېئىللاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى
رەك. مېنىڭچە، تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان
ئىللارنى ياردەمچى پېئىل ھېسابلاشقا بولىدۇ:

1. پېئىلنىڭ ھال پېئىل شەكلىگە ياكى ھال پېئىل شەك
گە تەڭداش كېلىدىغان باشقا شەكىللىرىگە تىركىلىپ ياكى قو
لۇپ كېلىدىغان بولۇشى كېرەك.

2. ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگە
كەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى پېئىلغا بەلگىلىك تۈس كىرگۈ
دىغان ياكى ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ساقلاپ قالسى
ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى پېئىلغا مەنە جەھەتتىن بېقىنىدىغان بولۇ
كېرەك.

3. مەلۇم دەرىجىدە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك
يەنى مەلۇم ياردەمچى پېئىللىق مەنىسىدە ئايرىم بىر - ئىك
پېئىل بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم پېئىللار بىلەن بىرىك
كېلىدىغان بولۇشى كېرەك.

كونكرېت مىسال كۆرسەتسەك، «ئاغرىپ قال-» ، «كۆرۈ
قوي-» ، «كەلمەي تۇر-» ، «كەلگىلى تۇر-» ، «كېلىشكە باشلا-
«ئاڭلاپ ئولتۇر-» ، «كىرىپ كەت-» بىرىكمىلىرىدىكى «قال-
«قوي-» ، «تۇر-» ، «باشلا-» ، «ئولتۇر-» ، «كەت-» پېئىلل
رى مۇشۇ ئەھۋال ئاستىدا ياردەمچى پېئىل ھېسابلىنىدۇ. چۈ
كى، بۇلاردىن پەقەت «باشلا-» پېئىلى كۆپ ھاللاردا پېئىلنى
مەقسەت ھال پېئىل شەكلى بىلەن تەڭداش بولۇپ كېلىدىغ
(مەسىلەن، سۆزلىگىلى باشلا-، سۆزلەشكە باشلا-) يۈنىلى
كېلىشتىكى ھەرىكەتنامى شەكلىگە تىركەلگەندىن باشقا، ھەممى
پېئىلنىڭ ھال پېئىل شەكلىگە تىركىلىپ كەلگەن. «قال-»
«قوي-» ، «تۇر-» پېئىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىك
لىق مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى پېئىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بەلگىلىك تۈس كىرگۈزۈپ كەلگەن، «باشلا-» ، «ئولتۇر-» ، «كەت-» پېئىللىرى ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى پېئىلغا مەنە جەھەتتىن بېقىنىپ كەلگەن (بۇ بىرىكمىلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى «كەل-» ، «ئاتلا-» ، «كىر-» پېئىللىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ)؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك ئومۇمىيلىقتا ئىگە بولۇپ، شۇ خىل ياردەمچى پېئىللىق مەنىسىدە بىر تۈركۈم ياكى بىر قىسىم پېئىل بىلەن بىرىكىپ كېلەلەيدۇ (مەسىلەن، ئاغرىپ قال-، كېلىپ قال-، ئۆچۈپ قال-، ئورۇشۇپ قال- ......، كۆرۈپ قوي-، يېزىپ قوي-، ياساپ قوي-، تەييارلىق قىلىپ قوي- ......، كەلمەي تۇر-، يازماي تۇر-، ئېيتماي تۇر- ......، كەلگىلى تۇر-، يازغىلى تۇر-، ئىشلىگىلى تۇر-، جاۋاب بەرگىلى تۇر- ......، كېلىشكە باشلا-، يېزىشقا باشلا-، سۆزلەشكە باشلا-، ئۇخلاشقا باشلا- ......، ئاتلاپ ئولتۇر-، يېزىپ ئولتۇر-، سۆزلەپ ئولتۇر-، كۆرسىتىپ ئولتۇر- ......، كىرىپ كەت-، چۈشۈپ كەت-، چىقىپ كەت-، قېچىپ كەت- ......).

بەزى كىتابلاردا «ئە- (ئىدى، ئىكەن، ئىمىش)» پېئىلىمۇ ياردەمچى پېئىللار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلغان.* مەلۇمكى، بۇ پېئىل بىر بولسا ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ ھۆكۈم مەنىسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەلۇم راي، زامان، شەخس ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ (مەسىلەن، «ئوقۇغۇچى ئىدىم، قىزىل ئىدى، ئون ئىكەن، كىم ئىكەن، يالغۇز ئىمىش» دېگەنلەرگە ئوخشاش)، بىر بولسا پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ پېئىلنىڭ مەلۇم راي، زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ (مەسىلەن، «يېزدۇم <يېزىپ ئىدىم، كېلەتتى <كېلەر ئىدى، بىلگەنىدى،

* «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى M» نىڭ 85 - بېتىگە، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى A» نىڭ 189 - بېتىگە، «ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات» نىڭ 153 - بېتىگە قارالسۇن.

بىلگەنىكەن» دېگەنلەرگە ئوخشاش) . دېمەك، بۇ پېئىلنىڭ م
بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەنە جەھە
بولسۇن، يۇقىرىدىكى ياردەمچى پېئىللار بىلەن ھېچقانداق
تاقىلىقى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پېئىل ياردەمچى پېئىللار قاتا
كىرگۈزۈپ قويۇلماي، ئۆز خاراكتېرى بويىچە ئايرىم كاتېگو
ھېسابلىنىپ، ئايرىم تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە
بۇ پېئىل تۈركىي تىللار توغرىسىدىكى ئەسەرلەردە ئۇزۇ
بۇيان «تولۇقسىز پېئىل» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى A» دا «ئېلىپ كىر-» ، «ئېل
چىق-» ، «ئېلىپ چۈش-» ، «ئېلىپ كەل-» ، «ئېلىپ بار-
«يېتىپ كەل-» ، «يېتىپ بار-» ، «ئۈچۈپ چىق-» ، «ئۈچ
چۈش-» ، «يۈگۈرۈپ كەل-» ، «يۈگۈرۈپ بار-» قاتارلىق بىر
مىلەر تەركىبىدىكى «كىر-» ، «چىق-» ، «چۈش-» ، «كەل-
«بار-» پېئىللىرى ياردەمچى پېئىل ھېسابلانغان، ھەتتا «كۆرە
گەن بول-» ، «بارىدىغان بول-» ، «كەتمەكچى بول-» ، «كېت
بول-» بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى «بول-» پېئىلىمۇ ياردەمچ
پېئىل ھېسابلانغان (شۇ كىتابنىڭ 193 — 194 - بەتلىر
قارالسۇن) ؛ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى M» دىمۇ «سېتى
ئال- > سېتىۋال-» ، «سەكرەپ ئىلگىرىلە-» ، «يۈگۈرۈپ چىق
بىرىكمىلىرىدىكى «ئال-» ، «ئىلگىرىلە-» ، «چىق» پېئىللىر
ياردەمچى پېئىل ھېسابلانغان (شۇ كىتابنىڭ 85 - ، 87
بەتلىرىگە قارالسۇن) . لېكىن، بۇ بىرىكمىلەر تەركىبىدە كەلگە
پېئىللارنىڭ ھېچقايسىسىنى ياردەمچى پېئىل ھېسابلاشقا بولما
دۇ. چۈنكى، بۇلاردىن «ئېلىپ كىر-» ، «ئېلىپ چىق-» ، «ئېل
چۈش-» ، «ئېلىپ كەل-» ، «ئېلىپ بار-» ، «يېتىپ كەل-» ، «ي
تىپ بار-» ، «سېتىپ ئال- > سېتىۋال-» بىرىكمىلىرى ئۇيغۇر تىل

---

• مېنىڭچە، بۇ پېئىل «باغلامچى پېئىل» كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

كەڭ قوللىنىلىدىغان «ئېلىپ كەت-»، «ئېلىپ قال-»، «بېرىپ كەل-»، «كېلىپ كەت-»، «چىقىپ چۈش-» قاتارلىق بىرىكمىلەر بىلەن بىر تىپقا كىرىدىغان قوشۇلما مۇناسىۋەتتىكى پېئىل بىرىكمىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىرىكمىلەرنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار ئۆز تەركىبىدىكى ئىككى پېئىلنىڭ باراۋەر قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر ھەرىكەتنى ياكى بىر مۇرەككەپ ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ، ھال پېئىلدىن كېيىن كەلگەن پېئىل ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، شۇنداقلا ھال پېئىلغا مەنە جەھەتتىن بېقىنمايدۇ (جانلىق تىلدا بۇ خاراكتېردىكى بىرمۇنچە بىرىكمىلەرنىڭ تاۋۇش جەھەتتىن يۇغۇرۇلۇپ، بىر سۆزگە ئايلىنىپ كېتىش خاھىشى بار. مەسىلەن، «ئەكىر-»، «ئەپكىر-»، «ئەچىق-»، «ئەپچىق-»، «ئەچۈش-» ياكى «ئەپچۈش-»، «ئەكەل-» ياكى «ئەپكەل-»، «ئاپار-» دېگەنگە ئوخشاش)؛ «ئۇچۇپ چىق-»، «ئۇچۇپ چۈش-»، «يۈگۈرۈپ كەل-»، «يۈگۈرۈپ بار-»، «سەكرەپ ئىلگىرىلە»، «يۈگۈرۈپ چىق-» بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى «چىق-»، «چۈش-»، «كەل-»، «بار-»، «ئىلگىرىلە-» پېئىللىرى بولسا خۇددى «ئۆمىلەپ چىق-»، «سەكرەپ چۈش-»، «مېڭىپ بار-»، «مېڭىپ كەل-»، «بەسلىشىپ ئىلگىرىلە-» بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى «چىق-»، «چۈش-»، «كەل-»، «بار-»، «ئىلگىرىلە-» پېئىللىرىغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھال پېئىلنى ھالەت سۈپىتىدە ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلگەن ئاساسىي پېئىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىرىكمىلەردە ئىككىنچى پېئىل بىرىنچى پېئىلغا ئەمەس، بەلكى بىرىنچى پېئىل ئىككىنچى پېئىلغا بېقىنىدۇ؛ «كۆرمىگەن بول-»، «بارىدىغان بول-»، «كەتمەكچى بول-»، «كېتەر بول-» بىرىكمىلىرىدىكى «بول-» غا كەلسەك، بۇ پېئىل «يېزىپ بول-»، «سۆزلەپ بول-» قاتارلىق بىرىكمىلەردىكى «بول-» غا تامامەن ئوخشىمايدى-

غان باشقا خاراكتېردىكى بىر پېئىل. بۇ پېئىل «ئا... بول-» ، «ياخشى بول-» ، «سەككىز بول-» قاتارلىق بىرىكمە... دىكى «بول-» بىلەن بىر خاراكتېردە بولۇپ، ئىسىم خاراكتې... لىك سۆزلەر بىلەن، جۈملىدىن پېئىلنىڭ سۈپەتداش ۋە مەق... پېئىل شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنى شەخس، راي... زامان ئۇقۇملىرىنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ... مەك، بۇ پېئىلمۇ خۇددى «ئە-» (ئىدى، ئىكەن، ئىمىش)... پېئىلغا ئوخشاش ئايرىم كاتېگورىيە ھېسابلىنىپ، ئايرىم تەتق... قىلىنىشى كېرەك.*

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى X» دا «ئېيتقۇم كەلدى»... «ئىشلىگۈم كەلمەيدۇ» دېگەندىكى «كەل-» مۇ ياردەمچى پېئ... قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلغان (شۇ كىتابنىڭ 185 - بېت... قارالسۇن). بۇ يەردىكى «كەل-» پېئىلىنىڭ خۇددى «ئېيتقۇ... بار» ، «ئىشلىگۈم يوق» دېگەن جۈملىلەردىكى «بار» ، «يوق... قا ئوخشاشلا مۇستەقىل ھالدا خەۋەر بولۇپ كەلگەنلىكى ناھايىت... روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا بۇ «كەل-» نىمۇ ياردەمچى پ... ئىل ھېسابلىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

«ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات» تا «ئىبارەت» سۆزى ياردەمچ... پېئىل قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلغان (شۇ كىتابنىڭ 155... بېتىگە قارالسۇن). لېكىن، بۇ سۆز پېئىل ئەمەس، شۇڭا ئۇ... ياردەمچى پېئىل ھېسابلاشقىمۇ بولمايدۇ.

قىسقىسى، قانداق سۆزلەرنىڭ ياردەمچى پېئىل بولالايدىغ... لىقىنى ۋە قانداق ئەھۋال ئاستىدا ياردەمچى پېئىل ھېسابلىنى... غانلىقىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ ئۆلچەم بويىچە ئۆلچە... كېرەك. بۇ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان پېئىللارنى ياردەم... پېئىل كاتېگورىيىسىگە ئېلىپ كىرىش ياردەمچى پېئىللار ئۈس...

---

* مېنىڭچە، بۇ پېئىلمۇ «باغلامچى پېئىل» كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـدىكى تەتقىقاتنى تۇيۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويۇشتىن باشقا ھېچقاند-
ـداق ئۇنۇم بەرمەيدۇ.

مۇشۇ ئۈچ ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى پېئىللار بەلگىلىك شارائىتتا ياردەمچى پېئىل بولۇپ كېلەلەيدۇ:

قال -، قوي -، كەت -، ئەت - (<ئەۋەت)، تاشلا -، ئال -، بەر -، بول -، چىق -، باق -، كۆر -، كەل -، ئۆت -، باشلا -، ۋات — (<يات -)، يات -، ئولتۇر -، تۇر -، يۈر -.

## ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

تۆۋەندە ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم ياردەمچى پېئىللارنىڭ مە-نىسى بىر - بىرلەپ ئىزاھلاپ ئۆتۈلىدۇ.

### قال -

1. ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ۋە ئايرىم ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ «- پ، - ىپ، - ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ مەزكۇر ھەرىكەتنى ئورۇنداپ بولغان ھالەتكە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ، ئىك-كىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەھۋالدا گەپ ئىگىسىنىڭ مەلۇم ھەرىكەتنى ئورۇندىشى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنداپ بولغان ھالىتى ئۈستىدە بارىدۇ. مەسىلەن، «ئۇلار سائەت 11 دە ياتىدۇ» دېگەن جۈملىدە «ئۇلار» نىڭ «يات-ماق» ھەرىكىتىنى ئورۇندىشى بايان قىلىنغان بولسا، «تېزرەك بارايلى، بولمىسا ئۇلار <u>يېتىپ قالىدۇ</u>» دېگەن جۈملىدە «ئۇلار»

نىڭ «ياتماق» ھەرىكىتىنى ئورۇنداپ بولغان ھالەتكە كىر
بايان قىلىنغان. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق
ئاستا گەپ قىلىڭلار، بالا ئۇخلاپ قالدى.
مېنىڭ سائىتىم توختاپ قاپتۇ.
تامىقىڭنى چاپسان يە، سوۋۇپ قالىدۇ.
ئۇنىڭ ھارۋىسى پاتقاققا پېتىپ قالغانىكەن، چىقىرىش
بەردۇق.
ئاممىۋى نۇقتىئىنەزىرى كەم بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئام
دىن ئايرىلىپ قالغان بىر قىسىم يولداشلار بار.
2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت شۇ ھەرىكەت ئىگى
نىڭ دائىملىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى بىلدۈرىدۇ
مەنىدە، كۆپىنچە، ئورۇندىلىنىش جەريانىنى ئۇزارتقىلى بول
دىغان ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلىگۈچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ
مەسىلەن:
مېنىڭ ئىككى تال چىشىم مىدىراپ قالدى.
يۆتىلىپ قاپسەنغۇ، نېمە بولدۇڭ؟
ئۇ يەنە سۆزلەپ قاپتۇ.
3) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تۇغۇلۇشىغا تا
دىپىلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:
كىچىك ۋاقتىمدىكى بىر ئىش يادىمغا چۈشۈپ قالدى.
ئۇ ئاغرىپ قېلىپ دەرسكە كېلەلمىدى.
بىر كۈنى مەن ئۇنى كوچىدا كۆرۈپ قالدىم.
پىلاننى قىسمەن ئۆزگەرتىش ئىشى ھەربىر جەڭدە دېگۈدە
بولۇپ تۇرىدۇ، پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش ئىشىمۇ گاھىدا بولۇپ قالىدۇ
ئۇلار چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇپلا قىزىرىشىپ قالدى.
4) سۆزلىگۈچىنىڭ ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت «م
شۇ بىر قېتىم بىلەن چەكلىنىشى مۇمكىن» دېگەن ھېسسىياتىن
ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ناخشىڭىزنى بىزگىمۇ بىر ئېيتىپ بېرىڭ، بىزمۇ بەھرىمەن بولۇپ قالايلى.

ئىنتايىن ياخشى كىتاب ئىكەن، ئەپسۇسكى بىرلا قېتىم ئوقۇپ قالدىم.

— قېنى، (ھېكمەتلىك سۆزىڭىزنىڭ) ئۈچىنچىسىنىمۇ ئېيتىۋېتىڭ، ئاڭلاپ قالاي، — دەپتۇ ئەپەندىم.

5) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكەنلىكىنى ياكى پۈتۈشكە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ (بۇ مەنىدە ئاساسەن پۈتۈن جەريانى خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى مۇمكىن بولغان ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلىگۈچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ). مەسىلەن:

بېنزىن تۈگەپ قالدى، ئالدىنقى بېكەتتە ماي جىقلىمىساق بولمايدۇ.

بۇ بىنامۇ پۈتۈپ قالدى، بىر - ئىككى ئاينىڭ ئىچىدە كۆچۈپ كىرىمىز.

تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئاشخانا تەرەپكە ماڭايلى.

2. ئىمكانىيەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان (ياردەمچى پېئىل «ئال-» بىلەن بىرىككەن) پېئىللارنىڭ بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى قىلالمايدىغان ھالەتكە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ ياكى شۇ بولۇشسىز ھەرىكەتكە تاسادىپىيلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:

بەزىلەر، قىسىملار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇرۇش ۋە ھەربىي تەلىم ئېلىپ بارالماي قالىدۇ، ئىدارىلەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، خىزمەت قىلالماي قالىدۇ، دېيىشىدۇ.

خېلى ياخشى تەييارلىق قىلغانىدى، بەك جىددىيلىشىپ كېتىپ جاۋاب بېرەلمەي قالدى.

3. بىر قىسىم پېئىللارنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان
لۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل گە
لىگەن بولۇشسىز ھەرىكەتكە تاسادىپىيلىق تۈسىنى كىرگۈز
ياكى ھەرىكەتنىڭ بولۇشسىزلىقىنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن

خىش يەتمەي قالدى، بولمىسا بۈگۈن تۈگەيتتى.
ناۋادا ئۇ كەلمەي قالسا، بىلەتنى ساڭا بېرەي.
ئۇ ئوكۇل قويۇشقا بەك ئۇستا، سەزمەي قالىسەن.
سېنىڭ ئۇ ئىشىڭمۇ تۈگىمەي قالدى.

4. بولۇشسىز شەكىلدە پېئىلنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاش
بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مە
لەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ چوقۇم بولۇش
بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ھەر قېتىملىق يىغىنغا قاتناشماي قالمايدۇ (چوقۇم ق
نىشىدۇ).
بۇ خەۋەرنى ئۇلار ئاڭلىماي قالمىدى (چوقۇم ئاڭلىدى).
ئىش قىلىپ، كەلمەي قالما (چوقۇم كەل).

2) ئىنكارنى ئىنكار قىلىش يولى بىلەن ھال پېئىل ئىپاد
لىگەن ھەرىكەتنىڭ بولۇشلۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ (بۇ چا
ھامان ئۆتكەن زامان شەكلىدە كېلىدۇ). مەسىلەن:

بۇ ئىش ئاخىر ئۇنىڭغا ئاڭلانماي قالمىدى (ئاڭلاندى).
بۇنداق كەلگۈلۈكلەر ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كەلمەي قالمىد
(كەلدى).

قوي -

1. ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ ۋە ئايرىم ئوتتۇمسىز پېئىللارنى
«- پ، - ىپ، - ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھا

www.uyghurkitap.com

پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ شۇ ھەرىكەت تولۇق ئۆتكەن ھالەتكە كىرگۈزۈلۈشىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ مەنىدىكى «قوي-» يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «قال -» نىڭ 1 - تارماقتىكى 1 - مەنىسى بىلەن مەنىداش بولۇپ، پەقەت ئۆتۈملۈك-لۈك ۋە ئۆتۈمسىزلىك جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ. يەنى، «قال -» ئاساسەن ئۆتۈمسىز پېئىللار بىلەن بىرىكسە، «قوي -» ئاساسەن ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

مەنسەپ بېرىپ، ئۆيۈمنى تارلاشتۇرۇپ قويدىڭىز.
(سېلىشتۇرۇڭ: مەنسەپكە چىقىپ ئۆيۈم تارلىشىپ قالدى.)

لېكىن نۇرغۇن جايلاردا ئالدىراڭغۇلۇق كېسەلى ئۆستۈرۈپ قويۇلدى.
(سېلىشتۇرۇڭ: نۇرغۇن جايلاردا ئالدىراڭغۇلۇق كېسەلى ئۆسۈپ قالدى.)

بىر قىسىم مەسىلىلەرگىلا دىققەت قىلىپ، باشقىلىرىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.
(سېلىشتۇرۇڭ: بىر قىسىم مەسىلىلەرگىلا دىققەت قىلىنىپ، باشقىلىرى تاشلىنىپ قالسا بولمايدۇ.)

دىققەت قىلمىساق، بىزنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.
(سېلىشتۇرۇڭ: دىققەت قىلمىساق، پاسسىپ ئورۇنغا چۈ-شۈپ قالىمىز.)

2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولۇشىغا تاسادى-پىيلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. بۇ مەنىدىكى «قوي -» يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «قال -» نىڭ 1 - تارماقتىكى 3 - مەنىسى بىلەن مەنىداش بولۇپ، پەقەت ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىزلىك جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭغا تەگمەڭ، بۇزۇپ قويىسىز.
(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇنىڭغا تەگمەڭ، بۇزۇلۇپ قالىدۇ.)
سوغۇق سۇ ئىچمەڭ، ئاغرىتىپ قويىدۇ.
(سېلىشتۇرۇڭ: سوغۇق سۇ ئىچمەڭ، ئاغرىپ قالىسىز.)
3) هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ئىش ئۈچۈن ئالدىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
مەجلىسخانىنى تازىلاپ قويۇڭلار، بۈگۈن مەجلىس بار.
ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ قويغان، بارمىسام بولمايدۇ.
مەن بۇ ئىشقا ئىدىيە جەھەتتىن ياخشى تەييارلىنىپ قويدۇم.
كىتابىڭىزنى ئەخمەتلەرنىڭكىدە قويۇپ قويدۇم، ئېلىۋېلىڭ.
4) هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇنداقلا بىر يۈز بېرىپ ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئۇ بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويدى - دە، ئارتۇق گەپ - سۆز قىلمىدى.
ئۇ بىر يۆتىلىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.
قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىشقا باشلىغانىدى، ئاستا پېشىنى تارتىپ قويدۇم.
بۇ مەنىدىكى «قوي -» كۆپ ھاللاردا ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىشىغا رەسمىيەتچىلىك ياكى ئەھمىيەتسىزلىك تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:
چاقچاق قىلىپ قويسام، خاپا بولۇۋاتىدۇ.
ئەپۇ سوراپ قويساڭ بولدى ئەمەسمۇ؟
ۋاقتىڭ بولغاندا بېرىپ يوقلاپ قوي، كۆڭلىگە كېلىپ قالمىسۇن.
2. بەزى پېئىللارنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇشسىز ھەرىكەتكە قەتئىيلىك تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:
ۋاقتىڭ بولمىغاندىن كېيىن بارماي قوي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

پۇل بەرگەنىدىم، ئالماي قويدى.
كۆپ زورلىدىم، كىرمەي قويدى.
3. بولۇشسىز شەكىلدە بىر قىسىم پېئىللارنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇندىماي تىنماسلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئۇنى تاپماي قويمايمەن.
ئۇ بىر ئىشنى باشلىسا، باشقا ئىلىپ چىقماي قويمايدۇ.
ئۇ بىر مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئۇنىڭ تېگىگە يەتمەي قويمايدۇ.

كەت -

1. ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ۋە قىسمەن ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ «-پ، -ىپ، -ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:
1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەت ئارقىلىق قارشى تەرەپكە يۆنەلگەن ھالەتكە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ ئەھۋالدا «كەت -» نىڭ مەنىسى بىرقەدەر كونكرېت بولىدۇ. مەسىلەن:
ئۇلار يېقىندا بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىدۇ.
ئۇ مۇشۇ ھويلىغا كىرىپ كەتكەن، تېخى چىقمايۋاتىدۇ.
— پىرىجەم سۈپىتىدىن چۈشۈپ كەتكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.
2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ بىردىنلا ياكى پۈتۈنلەي شۇ ھەرىكەتنى ئورۇندىغان ھالەتكە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاستا گەپ قىلىڭلار، بالا ئويغىنىپ كېتىدۇ.
چىنە قولۇمدىن چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كەتتى.
تارتمۇەرمە، ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.
مۇشۇ دورىنى بىرنەچچە كۈن ئىچسىڭىزلا ساقىي
كېتىسىز.
ئۇ هازىر پۈتۈنلەي ئىلىمگە بېرىلىپ كەتتى.
3) هال پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەتنى دەرىجە جەھەتتە
ياكى قېتىم سانى جەھەتتىن ۋە ياكى داۋاملىشىش جەھەتتىن يا
مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەھۋال جەھەتتىن كۈچەيتىش رولىنى ئويند
دۇ. مەسىلەن:
هاۋا ئىسسىپ كەتتى.
بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.
— ئاخشام هويلاڭلاردا غوغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتىغۇ.
ئۆپكە - هېسسىپ ئەپەندىمگە تېتىپ كېتىپتۇ.
مەن تولا بېرىپ كەتتىم، ئەمدى باشقا بىرسى بارسۇن.
(ئادەملەر) كارىدورلاردىمۇ يېتىپ كېتىپتۇ.
پۈتۈن ئەتراپنى توخۇ بېسىپ كېتەتتى.
كىمنىڭ بالىسى بۇ، بەك يىغلاپ كەتتىغۇ؟
4) هال پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ بىراقلا باشلىنى
داۋاملىشىپ كېتىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ماڭايلى دەپ تۇرساق، يامغۇر يېغىپ كەتتى.
خې لۇڭ «مەن شيەنجاڭنى ئۇرغۇچى بولىمەن» دەپتۇ - دە
هېلىقى «شيەنجاڭ» نى تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ كېتىپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.
5) هال پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ هەر
كەتنى ئورۇنداشقا قايىل بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
غەيرەتلىك ئادەم ئىكەن، شۇنچە جاپالارغا چىداپ كەتتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەدبىرلىك ئادەم ئىكەن، شۇنچە مالىمان بولۇپ كەتكەن ئىشنى ئوڭشاپ كەتتى.

كۈچ دېگەنمۇ بار ئىكەن، شۇنچە ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ كەتتى.

2. بىر قىسىم پېئىللارنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ بولۇشسىز هالىتىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ (ئاساسەن ئۆتكەن زاماندا كېلىدۇ). مەسىلەن:

سېنىڭ بۇ ئىشىڭمۇ پۈتمەي كەتتى.

قانداق كېسەل ئىدىكىنە، ساقايمايلا كەتتىغۇ!

بۇ ۋاقىتنىڭ تۇشماي كەتكىنىنى دېمەيسەن!

### ئەت- < (ئەۋەت-)

بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلىسى «ئەۋەت» بولۇپ، پېئىلنىڭ «-پ، -ىپ، -ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل شەكلىگە قوشۇلۇپ كېتىش نەتىجىسىدە، هال پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى «پ» تاۋۇشى بىلەن ياردەمچى پېئىلنىڭ بېشىدىكى «ئە» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن گويا پېئىلنىڭ «-پ، -ىپ، -ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل شەكلىگە «ئەت-» سۆزى قوشۇلغاندەك بولۇپ قالغان، شۇنىڭغا قاراپ بەزىلەر بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلىسى «ئەت-» دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ.* بۇ پەقەت شەكىلنىلا نەزەرگە ئېلىپ، مەنىگە ئېتىبار بەرمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى. بىزگە مەلۇمكى، بۇ ياردەمچى پېئىل بىر تەرەپتىن كۆپ هاللاردا «تاشلا-»

* «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى X»، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى A» ۋە «ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات»لاردا شۇنداق هېسابلانغان.

دېگەن ياردەمچى پېئىل بىلەن مەنداش بولۇپ كەلسە (مەسلەن
كۆلۈۋەتتى — كۆلۈپ تاشلىدى)، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆ
ھاللاردا ياردەمچى پېئىل «كەت-» نىڭ ئۆتۈملۈك جۈپى سۈپىتى
قوللىنىلىدۇ (مەسلەن، كۆلۈپ كەتتى — كۆلدۈرۈۋەتتى)
مەنە جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى «تاشلا-»، «كەت-» پېئى
لىرى بىلەن پەقەت «ئەۋەت-» پېئىلىلا مۇناسىۋەتلىك بولالايدۇ
كى، «ئەت-» پېئىلى ھېچقانداق مۇناسىۋەت باغلىيالمايدۇ. ئە
مۇھىمى، بىرمۇنچە تۈركىي تىللاردا مۇشۇنداق ئورۇنلاردا ئۇيغۇ
تىلىدىكى «ئەۋەت-» پېئىلىغا تەڭ بولغان ياردەمچى پېئىل (مەس
لەن، ئۆزبېك تىلىدا «يۇبور-»، قازاق تىلىدا «جىبەر-») قول
لىنىلىدۇ. دېمەك، بۇ يەردىكى ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلى
«ئەت-» ئەمەس، بەلكى «ئەۋەت-»* .

بۇ ياردەمچى پېئىل تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ ۋە قىسمەن ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ
«-پ، -ىپ، -ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال
پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ ش
ھەرىكەت ئارقىلىق قارشى تەرەپكە يۆنەلگەن ھالەتتە كىرگۈزۈلۈ
شىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ مەنىدىكى «ئەت-» يۇقىرىدا بايا
قىلىنغان «كەت-» نىڭ 1 - تارماقتىكى 1 - مەنىسى بىلەن مەن
داش بولۇپ، پەقەت ئۆتۈملۈكلۈك ۋە ئۆتۈمسىزلىك جەھەتتىن
پەرقلىنىدۇ. مەسلەن:

ئۇلارنى كۆچۈرۈۋەتتى.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇلار كۆچۈپ كەتتى.)

ئۇ بالىسىنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇنىڭ بالىسى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.)

---

• «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى M» دىمۇ شۇنداق ھېسابلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن ئۇنى ئۆستەلدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتىپ كەلدىم.
(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇ ئۆستەلدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدىم.)

2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ بىردىنلا ياكى پۈتۈنلەي شۇ ھەرىكەتكە ئۆتكەن ھالەتكە كىرگۈزۈلۈشىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ مەنىدىكى «ئەت-» يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «كەت-» نىڭ 1 ـ تارماقتىكى 2 ـ مەنىسى بىلەن مەنىداش بولۇپ، پەقەت ئۆتۈملۈكلۈك ۋە ئۆتۈمسىزلىك جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ: مەسىلەن:

ئاستا گەپ قىلىڭلار، بالىنى ئويغىتىۋېتىپتۇ.
(سېلىشتۇرۇڭ: بالا ئويغىنىپ كېتىدۇ.)
شامال دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.
(سېلىشتۇرۇڭ: دېرىزىنىڭ ئەينىكى شامالدا سۇنۇپ كېتىپتۇ.)
مۇشۇ دورىنى ئىچىڭ، كېسىلىڭىزنى پۈتۈنلەي ساقايتىۋېتىدۇ.
(سېلىشتۇرۇڭ: پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىسىز.)
ئۇ ھازىر ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئىلىمگە بېرىۋەتتى.
(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي ئىلىمگە بېرىلىپ كەتتى.)

3) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ھەرىكەت ئوبيېكتىغا ئۆتكەن ھالىتىنى دەرىجە جەھەتتىن ياكى قېتىم سانى جەھەتتىن ياكى داۋاملىشىش ۋاقتى جەھەتتىن ۋە ياكى مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەھۋال جەھەتتىن كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ، دېمەك، بۇ مەنىدىكى «ئەت-» يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «كەت-» نىڭ 1 ـ تارماقتىكى 3 ـ مەنىسى بىلەن مەنىداش بولۇپ، پەقەت ئۆتۈملۈكلۈك ۋە ئۆتۈمسىزلىك جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ. مەسى-

لەن:

ئۆينى نېمانچە ئىسسىتتىۋەتتىڭ.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۆي نېمانچە ئىسسىپ كەتكەن.)

ھېلىقى دورا ئىچمىنى قىزىتتىۋەتتى.

(سېلىشتۇرۇڭ: ھېلىقى دورىنى ئىچىۋىدىم، ئىچىم قىزى

كەتتى.)

بۇ مەسىلىنى بەك گەۋدىلەندۈرۈۋېتىپسەن.

(سېلىشتۇرۇڭ: بۇ مەسىلە بەك گەۋدىلىنىپ كېتىپتۇ.

ئۇنى تولا ماڭدۇرۇۋەتتۇق، ئەمدى ئۆزىمىز بارايلى.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇ تولا مېڭىپ كەتتى، ئەمدى ئۆزىمى

بارايلى.)

4) بەزىدە ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىختىيار

سىز ئورۇندىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈۋەتتىم.

قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى.

نېمە دەۋەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم.

5) بەزىدە ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بىر خىل

كەسكىن قارار بىلەن ئورۇندىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن

ھېلىقى مەجلىسنى بۈگۈن ئېچىۋەتمەيلىمۇ!

بۈگۈن دەم ئېلىۋەتتۇق.

ھېلىقى لۇغەتتىن مەنمۇ بىرنى ئېلىۋەتتىم.

## تاشلا-

بۇ ياردەمچى پېئىل يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «ئەت (ئەۋەت)

بىلەن مەنىداش بولۇپ، بەزى ئورۇنلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئالمىشى

كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ (چىقىرىۋېتىپ)، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

دۈشمەننىڭ پىلانلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدۇق (بىتچىت قىلىۋەتتۇق.)

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تاشلىدىم (كۈلۈۋەتتىم).

## ئال ـ

1. پېئىلنىڭ «ـ پ، ـ ىپ، ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ (بۇ ياردەمچى پېئىل ھال پېئىل بىلەن زىچ بىرىكىپ كېتىش نەتىجىسىدە ھال پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى «پ» تاۋۇشى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىغا كىرىپ «ۋ» تاۋۇشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ):

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى ياكى ئۇنىڭ سۇبيېكت تەرەپكە ياكى سۇبيېكت تەۋەلىكىگە ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بۇ يىل ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىۋالدى.

مەن بۇ ماتېرىياللارنى گېزىتتىن كۆچۈرۈۋالدىم.

ئەپەندىم «خېرىدارلارغا سەت كۆرۈنمىسۇن» دەپ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋېلىپ، خۇرجۇنغا سېلىۋاپتۇ.

2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتتىن مەنپەئەتدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بەك ھېرىپ كەتتىم، بىردەم دەم ئېلىۋالاي.

بىرئاز ئۇخلىۋال، بۇگۈن ئاخشام يەنە ئىشلەيمىز.

تاماق يەۋېلىپ ئاندىن ئىشلەيلى.

3) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەلۇم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورۇندىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۆچۆگىنىڭ بارىدا ئىشلىتۋال.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەممە يولداشلار بىل
كۆرۈشۈۋالدۇق.

4) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇداپىئە ئۈچ
ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئورۇندىلىنىشىنى بىلدۈ
دۇ. مەسىلەن:

يامغۇر بەك قاتتىق يېغىپ كەتكەنىدى، كۆۋرۈكنىڭ ئاست
كىرىۋالدۇق.

بۇ يولدا سۇ يوق، سۇنى كۆپرەك ئېلىۋالايلى.

ئۇلار يوغان بىر تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، نەچچە سائ
ئېتىشتى.

ئولتۇرۇۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى.

5) بەزى پېئىللار بىلەن، بولۇپمۇ باغلامچى پېئىل بول
كەلگەن «بول-» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ يالغاند
ئورۇندىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا توكۇر كىش
بولۇپ ئاقساقلىۋاپتۇ.

ئۇ گاچا بولۇۋېلىپ، بىرنەچچە يىلغىچە بىر ئېغىزمۇ گە
قىلمىدى.

ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ جىم ئولتۇرغىنىنى قارا ئۇنىڭ!

2. پېئىلنىڭ «- ئا، - ئە، - ي» قوشۇمچىسى ئارقىل
ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپاد
لىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنداشقا قابى
ياكى ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ (ياردەمچى پېئ
ھال پېئىلغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ). «- ئا (- ئە)» بىلەن ئاخى
لاشقان ھال پېئىللارغا قوشۇلغاندا، ياردەمچى پېئىلنىڭ بېشىد
كى «ئا، ئە» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، ئاخىرىغا «ئا، ئ
تاۋۇشى قوشۇلىدۇ (مەسىلەن، يازا + ئال > يازالا)، «ي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئاخىرلاشقان ھال پېئىلغا قوشۇلغاندا، ھال پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، چۈشۈپ قالماسلىقىمۇ مۇمكىن (مەسىلەن: سۆزلە + ـەلە > سۆزلىيەلە ياكى سۆزلەلە) . مەسىلەن:

شاھزادىمىز شۇنچە كامالەتكە يەتتىكى، كۆڭلۈڭگە پۈككەن- نىمۇ بىلەلەيدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلىسىڭىز، مەندىن سالام ئېيتىپ قو- يۇڭ.

مەن خەنزۇچىنى ئۇنىڭچىلىك سۆزلىيەلمەيمەن.

## بەر-

1. پېئىلنىڭ «- پ، - ىپ، - ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەر- نى بىلدۈرىدۇ:

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ باشقا ئادەم ياكى باشقا نەرسە ئۈچۈن ياكى باشقا بىركىمگە قارىتىپ ئورۇندىلىن- شىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىزگە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

— سىزگە خەت يېزىپ بەرسەم، ئاغىنىڭىزگە ئۆزۈم بېرىپ ئوقۇپ بەرسەم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئۇ كەپتەرلىرىگە ئۇۋا ياساپ بەردى.

ئۇ ماڭا دەردىنى ئېيتىپ، بىرمۇنچە يىغلاپ بەردى.

2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر ئىشنىڭ بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۆپرەك ھەرىكەت قىلىپ بەر، بولمىسا سەمرىپ كېتىسەن.

بۈگۈن ھاۋا سالقىن بولۇپ بەردى، شۇڭا ئىش ئاينىدى.

بىر - ئىككى قېتىملا يامغۇر يېغىپ بەرسە، ئىشىمىز
دۆڭ بولغىنى شۇ.

2. پېئىلنىڭ «- ئا، - ئە، - ي» قوشۇمچىسى ئارقـ
ياسالغان پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادىلـ
ھەرىكەتنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىنى ياكى توسالغۇسىزلىقىنى بىلـ
رىدۇ (ياردەمچى پېئىل ھال پېئىلغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇ
بېشىدىكى «ب» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ،
بىلەن ئاخىرلاشقان ھال پېئىللارنىڭ ئاخىرىدىكى «ي» تاۋۇ
چۈشۈپ قالىدۇ). مەسىلەن:

ئەپەندىم ... سەجدىگە باش قويغىنىچە يېتىۋېرىپتۇ.

ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى تۇرۇۋېرىدىكەن، ئۇرۇشنىڭ ۋاق
ئۈزلۈكسىز ئۇزاقـقا سوزۇلىۋېـرىدۇ، خەلقـنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتى
ئېغىرلىشىۋېرىدۇ.

ئەمما، ئۇلارنى تەنقىدسىز قارىقويۇق قوبۇل قىلىۋېرىش
ھەرگىز بولمايدۇ.

3. پېئىلنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھا
پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ (ھال پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى «ي
تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ)، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى
ئورۇندىماسلىقنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىختىيارىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىد
(ئاساسەن بۇيرۇق راي ۋە پۈتمىگەن ھازىرقى زامان شەكلىد
قوللىنىلىدۇ). مەسىلەن:

يازمىسام يازماۋېرىمەن.
كەلمىسەڭ كەلمەۋەر.

بول -

پېئىلنىڭ «- پ، - ىپ، - ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلى
ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادى

www.uyghurkitap.com

لىگەن ھەرىكەتنىڭ تولۇق پۈتۈشىنى ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىنىڭ ھەممىسى بىلەن ئالاقىدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەپەندىم يۈيۈنۈپ بولۇپ، باشقىلاردىن كۆپرەك ھەق تۆلەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ كىتابنى بۈگۈن ئوقۇپ بولىمەن.

مەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولالمىدىم، ئازراق قالدى.

كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى، مەجلىسنى باشلايلى.

بۇ ماتېرىيالنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە تارقىتىپ بولدۇم، يەنە ئازراق ئېشىپ قالدى.

## چىق-

پېئىلنىڭ «-پ، -ىپ، -ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1. ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئى ياكى ھالەت بىلەن باشتىن - ئاخىر ئالاقىدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۆرگەزمىنى كۆرۈپ چىقتۇق، ناھايىتى ياخشى ئىكەن.

ئۇنىڭ بالىسى تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتى.

ئۇ مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى.

2. ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئارقىلىق، مەلۇم شەيئىنى ئايرىپ چىقىرىش ياكى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ چىقتۇق.

پۇختا تەتقىق قىلىپ، قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىش لازىم.

ئۇ مۇشۇ ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ، بىر رومان يېز-
چىقماقچى.

يىغىنغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقتۇق.

3. هال پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ هەر-
كەت ئارقىلىق گەۋدىلىنىپ چىقىشىنى ياكى كۆزگە كۆرۈنۈشى-
بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تاش تەگكەن يەر دەرهاللا ئىششىپ چىقتى.

نۇرغۇن كادىرلار يېتىشىپ چىقتى.

مۇسابىقىدە ئەخمەت ئۈزۈپ چىقتى.

باق-

1. پېئىلنىڭ «-پ، -ىپ، -ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق
ياسالغان هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادى-
لىگەن هەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ياكى مەلۇم بىر ئىشتىن
خەۋەردار بولۇش مەقسىتىدە ئورۇندىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مە-
سىلەن:

مۇشۇ دورىنى يەپ بېقىڭ، پايدا قىلىپ قالسىمۇ ئەجەب
ئەمەس.

قېنى شېئىرىڭىزنى ئوقۇپ بېقىڭا، ئاڭلاپ باقايلى.

ساناپ باقتىم، دۇرۇس ئىكەن.

بۇ مەسىلىنى بىز يەنە بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى-

كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق (ماقال).

بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئۆتكەن زامان
شەكلىدە كەلگەندە، هەرىكەتنىڭ زادى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرۈ-
شىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

بۇ يەردە بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان.

مەن بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

2. پېئىلنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇش-سىز ھەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ياكى مەلۇم بىر ئىشتىن خەۋەردار بولۇش مەقسىتىدە ئورۇندىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مە-سىلەن:

بۇ دورىنى بىرنەچچە كۈن ئىچمەي بېقىڭ.

«تونۇمىدۇ - تونۇمامدۇ؟» دەپ گەپ قىلماي باقتىم.

## كۆر-

بۇ ياردەمچى پېئىل يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «باق» بىلەن مەنىداش بولۇپ، كۆپ ھاللاردا شۇنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلى-دۇ. مەسىلەن:

مۇشۇ دورىنى يەپ كۆرۈڭ، پايدا قىلىپ قالسىمۇ ئەجەپ ئەمەس.

بۇ مەسىلىنى يەنە بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ كۆرەيلى.

## كەل-

1. پېئىلنىڭ «- پ، - ىپ، - ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادى-لىگەن ھەرىكەتنىڭ سۆز بولۇۋاتقان چاغقىچە ئۈزلۈكسىز ئورۇن-دالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئۇ-رۇشىغا قەھرىمانلىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن رەھبەرلىك قىلىپ كەلدى، ... خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ كەلدى.

يۇەن شىكەيدىن تارتىپ شىمالىي مىللىتارىستلارنىڭ ھەممى-سى مۇستەبىتلىك يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەكىتلەپ

كەلگەندى.

ئۇ باشتىن ـ ئاخىر مېنىڭ ئۆگىنىشىمگە قىزغىن يار
بېرىپ كەلدى.

2. پېئىلنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز
پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇ
سىز هالەتنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇ باشتىن ـ ئاخىر قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەي كەلدى
ئۇ تا هازىرغىچە بىر كۈنمۇ ئىشتىن قالماي كېلىۋاتىد

## ئۆت ـ

بەلگىلىك سوزۇلما جەريانغا ئىگە بولغان ۋە ئاسا
تۇتۇق پائالىيەتنى بىلدۈرىدىغان بىر قىسىم ئۆتۈملۈك پېئىللا
نىڭ «- پ، - ىپ، - ۇپ» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان ها
پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكە
نىڭ پۈتۈن جەريانى بىلەن بىر قېتىم ئورۇندىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ
مەسىلەن:

مەنمۇ ئۆز پىكرىمنى بايان قىلىپ ئۆتەي.
ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار قويغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ ئۆتتى
ئۇ ئۆزىنىڭ ماقالىسىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئىزاھلاپ ئۆتتى

## باشلا ـ

پېئىلنىڭ «-غىلى، -قىلى // -گىلى، -كىلى» قوشۇمچە
سى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل (مەقسەت هال پېئىلى
شەكلى بىلەن ياكى يۆنىلىش كېلىشىكى هەرىكەتنامى شەكلى
بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ياكى هەرىكەتنامى ئىپادىلىگە
هەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشكە باشلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن

يېڭى ئوقۇغۇچىلار كەلگىلى (كېلىشكە) باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

2 ـ ئاي كىرىش بىلەنلا گۈللەر ئېچىلغىلى (ئېچىلىشقا) باشلايدۇ.

ئۇ يەنە كونا خامانني سورۇغىلى (سورۇشقا) باشلىدى.

ۋات - (< يات -)

بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلىسى «يات» بولۇپ، پېئىلنىڭ «- پ، - ىپ، - ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل شەكلى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىش نەتىجىسىدە بېشىدىكى «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، هال پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى «پ» تاۋۇشى ئۇنىڭكى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدىكى «ۋ» تاۋۇشىغا ئايلىنىپ، بوغۇم جەھەتتىن ياردەمچى پېئىل تەركىبىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ياردەمچى پېئىل «ۋات -» شەكلىگە كىرىپ قالىدۇ (مەسىلەن: كېلىۋاتىدۇ) ھەم باشقا هال پېئىل شەكىللىرى بىلەن بىرىككەندىمۇ شۇ بويىچە هال پېئىلغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ (مەسىلەن، كەتكىلىۋاتىدۇ، كەلمەيۋاتىدۇ).

بۇ ياردەمچى پېئىل تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ.

1. پېئىلنىڭ «- پ، - ىپ، - ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە سوزۇلمىلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:

مەن دەرس تەكرار قىلىۋاتىمەن، ئەخمەت ئۆيىگە خەت يېزىۋاتىدۇ.

ئۇلار كەلگەندە سىلەر كىنو كۆرۈۋاتاتتىڭلار.

بازارغا كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم.

ئاۋۇ گېزىت ئوقۇۋاتقان بالا مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ.

2. پېئىلنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇشسىز ھەرىكەتكە سوزۇلمىلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:

ئىسسىق زادىلا ئەپلەشمەيۋاتىدۇ.
پەقەتلا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن.
ئۇ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلمايۋاتىدۇ.
3. پېئىلنىڭ «- غىلى، - قىلى // - گىلى، - كىلى» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل (مەقسەت هال پېئىلى) شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ تەمشەلمىلىك تۇسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:
چىراغنى پەرلەپ قوي، ئۆچكىلىۋاتىدۇ.
مەن يېزىغا ماڭغىلىۋاتىمەن.

## ياتـ، ئولتۇر-، تۇر-، يۈر-

بۇ تۆت ياردەمچى پېئىلمۇ خۇددى ياردەمچى پېئىل «ۋاتـ» قا ئوخشاش، پېئىلنىڭ «- پ، - ىپ، - ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەتكە سوزۇلمىلىق تۇسىنى كىرگۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. بىراق، بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل مەيلى مەنە جەھەتتىن بولسۇن ياكى تۇرلىنىش ئىقتىدارى جەھەتتىن بولسۇن، ياردەمچى پېئىل «ۋاتـ» تىن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق تۆۋەندىكىچە:
1. «ۋاتـ» ياردەمچى پېئىلى هەرىكەت ئىگىسىنىڭ هەرقانداق هالەت ئاستىدىكى سوزۇلما هەرىكىتىنى ئىپادىلەيدۇ، «ياتـ» «ئولتۇر-»، «تۇر-»، «يۈر-» لەر بولسا ئايرىم - ئايرىم هالدا هەرىكەت ئىگىسىنىڭ ياتقان، ئولتۇرغان، تۇرغان ۋە ئۇيان - بۇيان يۈرگەن هالەتتىكى سوزۇلما هەرىكىتىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوزۇلما هەرىكەت «ۋاتـ» ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوزۇلما هەرىكەتكە قارىغاندا كونكرېت بولىدۇ، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇ بىرىكمىلەردە ياردەمچى پېئىللار ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنە-سىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ياتاقتا كىتاب ئوقۇپ ياتىدۇ.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇ ياتاقتا كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ.)

ئۇلار سىنىپتا دەرس تەكرار قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇلار سىنىپتا دەرس تەكرار قىلىۋاتىدۇ.)

ئەخمەتلەر ئىشىكنىڭ ئالدىدا پاراڭ سېلىشىپ تۇرىدۇ.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئەخمەتلەر ئىشىكنىڭ ئالدىدا پاراڭ سېلىشىۋاتىدۇ.)

باللار ھويلىدا ئويناپ يۈرىدۇ.

(سېلىشتۇرۇڭ: باللار ھويلىدا ئويناۋاتىدۇ.)

2. بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇندالغان ھالىتىنىڭ سوزۇل-مىسىنى ئىپادىلەپ كېلەلەيدۇ، لېكىن ياردەمچى پېئىل «ۋات-» تا بۇ ئىقتىدار يوق. مەسىلەن:

ماتېرىياللار يەردە چېچىلىپ يېتىپتۇ.

ھەممەيلەن ساقىلا قاراپ ئولتۇرىدۇ.

باغدا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى.

قاچان قارىساڭ كۈلۈپلا يۈرىدۇ.

3. «ۋات-» ياردەمچى پېئىلىنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايىدا ۋە ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلىدە كېلەلمەيدۇ، پېئىلنىڭ پۈتمىگەن ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى بىلەن بىرىككەندە پەقەت ھازىر بولۇۋاتقان سوزۇلما ھەرىكەتنىلا ئىپادىلەپ كېلىدۇ، بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل بولسا بۇيرۇق - تەلەپ رايىدىمۇ، ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلىدىمۇ كېلەلەيدۇ، پېئىلنىڭ پۈتمىگەن ھازىر-قى زامان قوشۇمچىسى بىلەن بىرىككەندە، ھازىر بولۇۋاتقان سو-زۇلما ھەرىكەتنى ئىپادىلىشىمۇ مۇمكىن (يۇقىرىدىكى مىساللارغا

قاراڭ) ، كېيىن بولىدىغان سوزۇلما ھەرىكەتنى ئىپادىلىش
مۇمكىن. مەسىلەن:

مەن ئوقۇي، سەن ئاڭلاپ يات.

مېنىڭ سۆزلىگىنىمنى سەن خاتىرىلەپ ئولتۇر.

سەن يۆتكە، مەن ساناپ تۇراي.

سەن ئېسىڭنى بىلىپ يۈر!

سىلەرنىڭ پارىڭىڭلارنى باشتىن ـ ئاخىر ئاڭلاپ ياتتىم

سېنىڭ سۆزۈڭنى مەن خاتىرىلەپ ئولتۇردۇم.

مەن ساناپ تۇردۇم، ساق ئەللىك ئىكەن.

سىلەر سۆزلىشىۋېرىڭلار، مەن ئاڭلاپ ياتىمەن.

سىز سۆزلىگەندە، مەن خاتىرىلەپ ئولتۇرىمەن.

كارىڭىز بولمىسۇن، مەن ساناپ تۇرىمەن.

«ئولتۇر-» ، «تۇر-» ، «يۈر-» ياردەمچى پېئىللىرىنىڭ
ھەرقايسىسى يەنە تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ:

### ئولتۇر-

پېئىلنىڭ (ئاساسەن نۇتۇق ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان پې
ئىللارنىڭ) «- پ، - ىپ، - ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق
ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادى
لىگەن ھەرىكەت ئۇچۇن ۋاقىت سەرپ قىلىش مەنىسىنى بىلدۈر
دۇ (بۇ ياردەمچى پېئىل ئاساسەن ئىنكار مەنىسىدىكى جۈملىلە
تەركىبىدە كېلىدۇ) . مەسىلەن:

بۇ مەسىلىلەرنى مەن سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ سىلەر بىلە
سىلەر.

شۇنچىلىك بىر ئىش ئۇچۇنمۇ خەت يېزىپ ئولتۇرامسەن

مېنىڭچە بۇ يەردە پاكىت كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى
يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

هازىر مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

تۇر-

1. پېئىلنىڭ «-پ، -ىپ، -ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) هال پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ دائىم تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرىدۇ.

ئۇنتۇپ قالماي، پات - پات خەت يېزىپ تۇر.

ئۇنىڭ بىلەن خەت ئېلىشىپ تۇرىمىز.

2) هال پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ ۋاقىتلىق بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن هازىرلا كېلىمەن.

ئۆي پۈتكۈچە ئۇلارنىڭكىدە تۇرۇپ تۇردۇق.

چاپسانراق كەل، سېنى مەشەدە ساقلاپ تۇرىمەن.

2. پېئىلنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇشسىز هەرىكەتنىڭ ۋاقىتلىق بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كەتمەي تۇرايلى، ئۇ هازىرلا يېتىپ كېلىدۇ.

سەن ئېنىق بىر خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچە، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتماي تۇرىمىز.

3. پېئىلنىڭ «-غىلى، -قىلى // -گىلى، -كىلى» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل (مەقسەت هال پېئىلى) شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ باغلىنىشىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇ بىزنى كۆرۈش بىلەنلا قاقشىغىلى تۇردى.

تالڭ سەھەردە ئۆتكىلى تۇرغان نامايىشچىلارنىڭ ئاخىـ چۇشتە ئۇزۇلدى.

ئۇ بىر نەرسىنى سورىغىلى تۇرسا، سىنى زىرىكتۇرمىگۇ- تىنمايدۇ.

## يۇر-

1. پېئىلنىڭ «- پ، - ىپ، -ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلـ ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ تۆۋەندىكى مەنىلەر بىلدۈرىدۇ:

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشـ شىنى ياكى كۆپ تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ (بۇ خىل بىرىكـ ئاساسەن ھال پېئىل شەكلىدە قوللىنىدۇ) مەسىلەن:

يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاران ئالدىم.

ئۇ باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ يۈرۈپ سالامەتلىكىدىن ئايرىلغان-

ئۇ «ھېكايە يازىمەن، رومان يازىمەن» دەپ يۈرۈپ، نەچچ يىل ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋەتتى.

2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنى ئاۋارە بولۇش، جاپا چېكىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن

بۇ ئېغىر نەرسىنى قەيەردە كۆتۈرۈپ يۈرەي، مەشەدە قالسۇن

تەييار كىتابنى ئالساڭ بولدى ئەمەسمۇ، كۆچۈرۈپ يۈرۈشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟

يالغۇز جېنىڭغا تاماق قىلىمەن دەپ يۈرمەي، بىزنىڭ ئۆيـ دىن يە.

3) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ توغۇلۇشىنىڭ سۆزلىگۈچىنىڭ كۆتكىنىدىن تولىمۇ يىراق بولغانلىقىنى بىلدۈرـ دۇ. بۇ خىل جۈملىلەر ھامان تەئەججۈپلەنگەن، مازاق قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەرزدە ئىپتىلىدۇ. مەسىلەن:

نېمە دەپ يۈرىدۇ، ما ئادەم!

تۈزۈك يازساڭچۇ، نېمىلەرنى يېزىپ يۈرىسەن!

«نىل دەرياسى ياۋروپادا» دەپ يۈرىدۇ.

بۇ مەنىدىكى «يۈر-» نىڭ بولۇشسىز شەكلى ھامان بۇيرۇق - تەلەپ رايىدا كېلىپ، ئالاھىدە تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ يۈرمە يەنە!

ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يۈرمە يەنە!

2. پېئىلنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇشسىز ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىششىنى بىلدۈرىدۇ (بۇ خىل بىرىكمە ئاساسەن ھال پېئىل شەكلىدە قوللىنىلىدۇ). مەسىلەن:

ھېچكىمنى ياراتماي يۈرۈپ ئاخىرى بۇنىڭغا ئۇچرىدى.

ئىشلىمەي يۈرۈپ ئىشتىن چىقىپ قاپسەن.

ئۇنىماي يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنىدى.

# ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە*

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى بولغان تىل جەمئى
يەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگ
شىپ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تىلنىڭ تەرەققىيا
ئۆزىنىڭ ئاساسىي تەركىبى بولغان تىل تاۋۇشى، لۇغەت تەركىب
ۋە گرامماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ۋەھال
كى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىغا نىسبەتەن، تىلنى
لۇغەت تەركىبى ئەڭ سەزگۈر ۋە ئىنكاسچان كېلىدۇ. تىلنى
لۇغەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشىدە جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار تەپ
كۇرى تەرەققىياتى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭ
ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگۈچى يېڭى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئۈزلۈكسى
بارلىققا كېلىپ لۇغەت تەركىبىنىڭ بېيىپ بېرىشى ئاساسلى
ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، «سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈز
لۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى، سودا ۋە ترانسپورت ئىشلىرى
نىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى، تېخنىكا ۋە پەننىڭ
ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى
بۇ ئىشلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېڭى سۆز ۋە يېڭى ئىبارىلەر
بىلەن تولۇقلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تىل بۇنداق ئېھتىياجنى
بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى يېڭى

• بۇ ماقالىنى تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرگە يازغان. بۇ ماقالە ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە»
ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سۆزلەر بىلەن تولۇقلاپ تۇرىدۇ ...»*

ھەرقانداق بىر شەيئى ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە بولغىنىدەك، تىلمۇ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە. جۈملىدىن تىلنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان لۇغەت تەركىبىمۇ ئۆزىگە خاس بولغان قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ. ھەرقانداق قانۇنىيەت كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغىنىدەك، تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىمۇ، جۈملىدىن لۇغەت تەركىبىنىڭ يېڭى سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى تولۇقلاش قانۇنىيىتىمۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس. بىز تىل - يېزىق خادىملىرى جەزمەن بۇ قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بىزنىڭ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشىمىز تىلنىڭ ئالاقە قورالىلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا مەدەت بېرىپ، تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىمىز تىل تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدۇ - دە، ئاخىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىنىڭ توغرا مىللىي تىل سىياستىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كۆپچىلىك تىل خادى تىل ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تىل تەرەققىياتىن قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ جە تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بىرمۇنچە تە سىلەر يەكۈنلەنگەن ھەمدە ئاتالغۇلارنى ئىشلەشتە تىلدىكى تەييار سۆزلەرگە مۇراجىئەت قىلىش، ئەگ

* ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى». مىللەتلەر نەشرىي رى، 12 - بەت.

# ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنـ
# ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپلىرى توغرىسىدا مۇلاھىز

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى بولغان تىل جەمـ
يەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەـ
شىپ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تىلنىڭ تەرەققىـ
ئۆزىنىڭ ئاساسىي تەركىبى بولغان تىل تاۋۇشى، لۇغەت تەركـ
ۋە گراماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ۋەھالـ
كى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىغا نىسبەتەن، تىلنـ
لۇغەت تەركىبى ئەڭ سەزگۈر ۋە ئىنكاسچان كېلىدۇ. تىلنـ
لۇغەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشىدە جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار تەپە
ككۇرى تەرەققىياتى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېـ
ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگۈچى يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئۈزلۈكـ
بارلىققا كېلىپ لۇغەت تەركىبىنىڭ بېيىپ بېرىشى ئاساسـ
ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، «سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈـ
لۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى، سودا ۋە ترانسپورت ئىشلىـ
نىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى، تېخنىكا ۋە پەننـ
ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى تىلنىڭ لۇغەت تەركىبـ
بۇ ئىشلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېڭى سۆز ۋە يېڭى ئىبارـ
بىلەن تولۇقلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تىل بۇنداق ئېھتىياجـ
بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى يېـ

• بۇ ماقالىنى تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرگە يازغان. بۇ ماقالە ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجـ
ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزلەر بىلەن تولۇقلاپ تۇرىدۇ ...»•

ھەرقانداق بىر شەيئى ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە بولغىنىدەك، تىلمۇ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە. جۈملىدىن تىلنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان لۇغەت تەركىبىمۇ ئۆزىگە خاس بولغان قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ. ھەرقانداق قانۇنىيەت كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغىنىدەك، تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىمۇ، جۈملىدىن لۇغەت تەركىبىنىڭ يېڭى سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى تولۇقلاش قانۇنىيىتىمۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس. بىز تىل - يېزىق خادىملىرى جەزمەن بۇ قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بىزنىڭ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشىمىز تىلنىڭ ئالاقە قورالىلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا مەدەت بېرىپ، تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىمىز تىل تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدۇ - دە، ئاخىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىنىڭ توغرا مىللىي تىل - يېزىق سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كۆپچىلىك تىل خادىملىرىنىڭ تىل ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تىل تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ جەھەتتە تىل تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بىرمۇنچە تەجرىبە - خۇلاسىلەر يەكۈنلەنگەن ھەمدە ئاتالغۇلارنى ئىشلەشتە ئالدى بىلەن تىلدىكى تەييار سۆزلەرگە مۇراجىئەت قىلىش، ئەگەر تېپىلمىسا،

• ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى». مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 12 - بەت.

سۆز ياساش ۋاستىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ يېڭى سۆز
ياساش، ئەگەر ئۇنىڭدىمۇ بولمىسا باشقا تىللاردىن قوبۇل
لىش، قىسقارتىپ ئېيتقاندا، «قېزىش، ياساش، ئېلىش (
قىلىش)» پرىنسىپى بەلگىلەنگەنىدى. لېكىن، سولچىل
ئەۋج ئالغان چاغلاردا، بولۇپمۇ لىن بياۋ ۋە «تۆت كىش
گۇرۇھ» زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان مەزگىلدە، پارتىي
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك بىلىش لۇشيەنىنىڭ يې
چىلىكىدە بېكىتىلگەن پارتىيىنىڭ توغرا مىللىي تىل -
سىياسەتلىرى دەپسەندە قىلىندى. نەتىجىدە، يېڭى سۆز - ئ
لەرنى يارىتىش جەھەتتىمۇ تىل پاكىتلىرى ۋە خەلق ئاممى
ئالاقە ئېھتىياجى قىلچە نەزەردە تۇتۇلمىدى، تىلنىڭ تار
پاكىتلىرى ۋە يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى يارىتىشتىكى تەجر
ساۋاقلارغا ئاساسەن چىقىرىلغان «قېزىش، ياساش، قوبۇل
لىش» تەرتىپى ۋە پرىنسىپى قانداقتۇر «شيۇجېڭيۇيىلىق
مال» ، «تىرىلدۈرۈش» ، «تىلدىكى ئورتاق ئامىللارنى كۆ
تىشكە قارشى تۇرغانلىق» ۋەھاكازا دەپ پىپەن قىلىندى.
جىدە، يېڭى ئاتالغۇلاردا «كۆچۈش» بولدى، ئاتالغۇلارد
«كۆچۈش» خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىگە زور قىيىنچ
كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تىل - يېزىق
ستىگە بولغان ئىشەنچىسىنى «كۆچۈرۈپ» قويغىلى تاس قال

پارتىيىنىڭ توغرا مىللىي تىل - يېزىق سىياسەتلىرى
لىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە جارى قىلدۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈ
تىلىمىزنى ساغلام راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ،
تىمائىي ئالاقىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن،
سۆز - ئىبارىلەرنى يارىتىشتىكى «قېزىش، ياساش، ئېل
پرىنسىپىنى تىلنىڭ تارىخىي پاكىتلىرى بىلەن بىرلەشتۈ
قايتا ئىزاھلاپ ئۆتۈش ئەھمىيەتسىز بولمىسا كېرەك.

تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ۋە ھازىرقى زامان ئارخېئولو

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇر يېزىق تىلى ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەريان داۋامىدا، ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئاساسلىق ھالدا قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق بىرقانچە خىل يېزىق بىلەن ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ، تۈرلۈك مەزمۇندىكى قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان. بۇ قىممەتلىك مىراسلار بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار ئىسپاتلىدىكى، ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا، باي لۇغەت تەركىبىگە ۋە لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىشتىكى مول ۋاستىلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىدىن خۇلاسىلىگىنىمىزدە، بۇ ۋاستىلەرنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. تىلدىكى تەييار ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىپ يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش (قېزىش)

بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە تەپەككۇرنىڭ نازۇكلىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى تىلىمىزدا بار تەييار سۆزلەرگە تايىنىپلا ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى كونكرېتلاشتۇرغىنىمىزدا، ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش، يەنى تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئۈستىگە يېڭى مەنە يۈكلەش ئارقىلىق يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش. «ئۆپكە» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ ئەسلىدە ئادەمنىڭ بىر ئىچكى ئەزاسىنىڭ نامىدا قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى مەزگىلدە يەنە «غەزەپ، ئاچچىق» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلغان. يەنى، كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشتىن جاپا بولغان ياكى غەزەپلەنگەن چاغدىكى تۇيغۇسىنى

بىلدۈرىدىغان ئۇقۇمنى ئىپادىلىگۈچى يېڭى سۆز ئورنىدا قـ
ىنلغان. يېقىنقى زاماندىن بېرى «ئاق» سۆزىگە «قۇرۇق
سىلەن، بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق)»، «
سىيەتچى (مەسىلەن، ئاق رايون، ئاق تېررورلۇق)» د
مەنىلەرنىڭ يۈكلىنىشى؛ «ئاقلاش» دېگەن سۆزگە «ئەسلـ
نام ۋە ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» ۋە «گۇناھىنى رەت
لىش» دېگەن مەنىلەرنىڭ يۈكلىنىشى؛ «تىرىلىش» دېگەن
گە «يوقالغان جەمئىيەت ۋە تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» د
مەنىنىڭ يۈكلىنىشى؛ «سايراش» سۆزىگە «كەڭتاشا سۆزلە
مەنىسىنىڭ يۈكلىنىشى سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش ئارقـ
يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشكە مىسال بولـ

سۆزگە يېڭى مەنە يۈكلەش يېڭى شەيئىلەرنى ئىپادىلە
قەدىمدىن تارتىپ ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلگەن ئۇسۇلدۇر.
ئۇسۇلنى ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغا
تۈرك»نىڭ بىرقانچە جايىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئۇ «اُبْ كـ
ئۆپكە» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا، ئۇنى ئىككى سۆز ئورنىدا:

اُبْ كا - ئۆپكە - ئۆپكە

اُبْ كا - ئۆپكە - غەزەپ

دەپ ئىزاھلاپ، ئارقىدىنلا «ئۇنىڭ شۇنداق دەپ ئاتىلـ
نىڭ (<ئۆپكە، نىڭ <غەزەپ، مەنىسىدە ئاتىلىشى) سەۋ
غەزەپنىڭ ئۆپكىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىدۇر. بۇ سۆزنىڭ
مەنىدە قوللىنىلىشى سۆزنىڭ پەيدا بولۇش ئورنىغا ئاساسەن
لىپ چىققان»* دەپ كۆرسىتىپ، «ئۆپكە» سۆزىنىڭ ھەم «
كە»، ھەم «غەزەپ» مەنىسىدە قوللىنىلىشىنىڭ يوللۇق ئىكە
كىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

---

* «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» I توم، ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خۇددى مەھمۇد كاشغەرى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك سۆزگە يېڭى مەنە يۈكلەشتە، شەيئى ۋە ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم بىر ئوخشاشلىق ۋاستە قىلىنىدۇ. قەدىمدە «ئۆپكە» نىڭ «غەزەپ» مەنىسىدە قوللىنىلىشى مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقاندەك غەزەپنىڭ ئۆپكىدىن چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، بۈگۈنكى كۈندە «ئاقلاش» نىڭ «گۇناھىنى رەت قىلىش» مەنىسىدە قوللىنىلىشى قارا چاپلانغان كىشىنى ئاقلىغاندا، خۇددى ئۆينى ئاقلىغاندا تامدىكى قارىقۇرىلارنىڭ يوقىلىپ پاكىز بولغىنىغا ئوخشايدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سۆزگە يېڭى مەنە يۈكلەش لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىشتىكى تېجەشلىك ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ، ئالاقىنى ئوڭۇشلاشتۇرىدۇ. بەزىلەر «مۇنداق بولغاندا ئالاقىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويىدۇ» دەپ ئەنسىرەيدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. بىزگە مەلۇمكى، سۆزنى يەككە ئىشلىتىش ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. «تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى تىل گراماتىكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاندا، ئۇ ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بىر سۆزنىڭ قانداق مەنىدە كېلىۋاتقانلىقىنى كونتېكىست بەلگىلەيدۇ. كونتېكىستتا سۆزلەرنىڭ مەنىسى ‹ مانا مەن› دەپ چىقىپ تۇرىدۇ»*.

مەسىلەن:

1) مەن قارا قەلەمدىن بىرنى ئالدىم.

2) يوقالدى، ھېچ يوقالماس قارىسى ھەم،
بۇنىڭدەك كېچىلەر كەمدىن بولۇر كەم.

3) ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن بىزنىڭ گۆلايىم،
بولۇپ دۇچار قارا تەشۋىشكە دائىم.

4) بىراق، بۇ بەگ ھاجى بىر بالادۇر،

---

* ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى». مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 31 ـ بەت.

كىمكى ئۇچرىسا، بەختى قارادۇر.

5) ئۇ ماڭا قارا چاپلاۋاتىدۇ.

6) خېلى ئەقلىگە كېلىپ قالغان تاشۋايغا، بۇ قارا يېت
لىك قاتتىق تەسىر قىلدى.

7) ئۇنىڭ ئاغزى ئىتتىك بولغىنى بىلەن كۆڭلىدە قارا يو

8) قاراڭدىن قورقمەن يايرىم.

(خەلق ناخشىلىرىدىن

بۇ جۈملىلەردىكى «قارا» سۆزىنىڭ قانداق مەنىلەردە ك
گەنلىكى بىزگە ناھايىتى ئېنىق. دەل شۇنداق بولغىنى ئۇچۇر
ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىدىكى نۇرغۇنلىغان سۆزلەر، بولۇپمۇ ئۇ
غۇر تىلىغا خاس سۆزلەر كۆپ مەنىلىكتۇر. شۇڭا، «سۆزلەر
كۆپ مەنىدە قوللىنىش ئالاقىگە قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ بېرىدۇ
دېگەن ئەندىشە بىھۇدە.

2. كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىش، يەنى ئىستېم
دىن قالغان ياكى قېلىش ئېھتىمالى بولغان سۆزلەرگە يېڭى مە
بېرىپ يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇمنى ئىپادىلەش. مەسىلەن، «ئو
غۇت» سۆزى «دىۋان» دا «بوزا تەييارلاشتىكى ئېچىتقۇ» دەپ
ئىزاھلىنىدۇ. كېيىن بۇ سۆزنىڭ يەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى «ئو
غۇت» نى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىشى كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىد
قوللىنىشنىڭ تىپىك مىسالى. بۇ يول بىلەن ئىپادىلەنگەن يېڭى
شەيئى، يېڭى ئۇقۇملار تىلىمىزدا ئاز ئەمەس:

قۇرۇلتاي — ئەسلىي «مەلۇم قەبىلە ياكى ئۇرۇقنىڭ كې
ڭەشمىسى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

خوتۇن (قاتۇن) — ئەسلىي «خان رەپىقىسى» مەنىسىد
قوللىنىلغان.

باقشى — ئەسلىي «ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى» مەنىسىدە قوللى
نىلغان.

پايتەخت — ئەسلىي «پادىشاھ تۇرىدىغان شەھەر، تەخت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئورنى» مەنىسىدە قوللىنىلغان.
ناھىيە — ئەسلىي «ئورۇن، جاي» مەنىسىدە قوللىنىلغان.
سىياسەت — ئەسلىي «ھەيۋە، قورقۇتۇش» مەنىسىدە قول-لىنىلغان.
تەختىگە چىقماق — ئەسلىي «شاھلىق تەختىگە چىقماق» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.
تىلدىكى تەييار ماتېرىياللار ئارقىلىق يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپا-دىلىگەندە، تېجەشلىك ۋە ئىخچام بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، سۆزلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتمەيلا يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى ياراتقى-لى بولىدۇ.
تېجەشلىك بولۇش يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى يارىتىشتىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ، تىلىمىزدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن شەكىللەنگەن. سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنى چەك-لەپ يېڭى سۆز ئورنىدا ئىشلىتىش، كونا سۆزلەرگە يېڭى مەنە بېرىپ ئىشلىتىشمۇ مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن بارلىققا كەلگەن. بۇ نۇقتا بىز تىل - يېزىق خادىملىرىدىن تىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات-نى كۈچەيتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئالايلى، خەنزۇ تىلىدىكى 路线 ، 排队 ، 镇 دېگەن ئۇقۇملار ھازىرقى بىزنىڭ تىلىمىزدا «لۇشيەن، پەيدۇي، جېن» دېگەن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بى-لەن ئىپادىلەنمەكتە. ئەگەر بىز ئەينى ۋاقىتتا ئوبدان ئىزدەنگەن بولساق، «لۇشيەن، پەيدۇي، جېن» دېگەن سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ سۆزنىڭ سانىنى ئاشۇرۇپ يۈرمەي، تىلدىكى بار ماتېرى-ياللار ئارقىلىق بۇ ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگىلى بولاتتى. مەسىلەن، خەلق ئىچىدە «سىزغان سىزىقىڭدىن چىقمايمەن» دېگەن گەپ بار. بۇ جۈملىدىكى «سىزىق» سۆزى «سىز» دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، دەل خەنزۇ تىلىدىكى 路线 گە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىز «سىزىق» سۆزىگە يېڭى مەنە يۈكلەپ، ئۇنى «لۇشيەن» مەنىسىدە قوللانغان بولساق، «لۇشيەن» دېگەن سۆز-

نى قوبۇل قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولاتتى. تىلىمىزدا
زىق» (قەدىمكى شەكلى «تىزىك») سۆزى بولۇپ،
«تىز- تىزماق» دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم. ئەگەر
ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان بۇ سۆزگە ھازىرقى «پەيدۇي» دې
مەنىنى بېرىپ، خەنزۇچىدىكى 排队 سۆزىگە تەڭلەشتۈرۈپ
لەتكەن بولساق، پەيدۇي سۆزىنى قوبۇل قىلمىغان بولاتتۇ
قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە تىلىمىزدا «كەنت» دېگەن
قوللىنىلىپ كەلمەكتە. دەسلەپتە بۇ سۆز شەھەر مەنىسىدە (
سلەن، ئوردا كەنت ، قەشقەر ، ، تاشكەنت ، تاش + كەنت
سەمەرقەنت ، سەمەر + كەنت ، ) ئىستېمال قىلىنغان، يېقىن
زاماندا «مەھەللە، يېزا» مەنىسىدە قوللىنىلغان. ھازىرچە
سۆزىنىڭ مەنە دائىرىسى تۇراقلىق ئەمەس. ئەگەر بىز بۇ قەدىم
ۋە ئىزچىل قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتقان سۆزگە يېڭى مەنە يۈكل
خەنزۇ تىلىدىكى 镇 دېگەن ئۇقۇم ئورنىدا قوللانساق، «جىن
دېگەن سۆزنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولاتتى. ئەگ
يۇقىرىقىدەك قىلغان بولساق، يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى يارىتىش
تېجەشلىك ئىش قىلغان بولاتتۇق.

ئىخچام بولۇشمۇ يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى يارىتىشتىكى يە
بىر مۇھىم پرىنسىپ، تىلنى قوللانغۇچىلار ھامان سۆز - ئىبار
لەرنىڭ ئىخچام بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تىلىمىزدىكى بەز
بىرىككەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئىككى سۆزنىڭ يۇغۇرۇلۇ
تۇپ سۆز تۇسىنى ئېلىشى، بىرمۇنچە سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلە
نىڭ ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇ
كېتىشى — مەسىلەن، بۈگۈن (بۇ + كۈن)، بەلۋاغ (بەل -
باغ)، غولاچ (قول + ئاچ)، ئاغىنە (ئاغا + ئىنە)، ئېپقالد
(ئېلىپ + قالدى)، كېپكەتتى (كېلىپ + كەتتى)، يېزىۋا
(يېزىپ + ئال) — بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بۈگۈنك
كۈندە، تىلنىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدىن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئىخچاملىنىشىدا كۆرۈلمەكتە. تەرەققىي تاپقان تىللاردا قىسقارتىلما ئىبارىلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى، تىلىمىزدىكى بەزى قىسقارتىلما ئىبارىلەرنى ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشى دەل ئىخچاملىق تەلىپىدىن بولغان. پارتىيە ۋە هۆكۈمەتمىزنىڭ هۆججەتلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان 自留地 دېگەن ئىبارە ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆزىگە قالدۇرۇلغان يەر» دەپ ئۇزۇن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، يەنى ئىخچام ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن جانلىق تىلدا «زىلۇدى»، «پۇڭـلۇق يەر»، «شەخسىي يەر»، «سەيلىك (يەر)»، «قالدۇرۇق يەر» دەپ قوللىنىلىپ كەلدى. شۇڭا، بىز سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلەشتە، ئىخچام بولۇشقا ئېتىبار بەرمىسەك بولمايدۇ. بولۇپمۇ دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى چوقۇم ياخشى ئىشلەش كېرەك.

2. ياساش

ياساش دېگىنىمىز تىلدا بار سۆزلەرگە ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا تايىنىپ يېڭى سۆزلەرنى ياساش ۋە سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلەرنى تۇراقلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇمۇ قەدىمدىن تارتىپ ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلگەن ئۇسۇلدۇر.

*1. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆز ياساش*

1) پېئىل ئۆزىكىگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنى ياساش. مەسىلەن:

(1) ئۇرۇشغۇ (ئۇرۇش) < ئۇرۇش- + -غۇ

ئالپاغۇ (قەھرىمان) < ئالپا- + -غۇ

قاراغۇ (قاراۋۇل) < قارا- + -غۇ

هازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى «تۇيغۇ، سەزگۈ (ئەزا)، سۆيگۈ، ئىلغۇ، چالغۇ (ئەسۋابلىرى)، ئېچىتقۇ، ئىمىزگۈ، كۆيدۈرگۈ» قاتارلىق سۆزلەر مۇشۇ يول بىلەن بارلىققا كەلگەن.

(2) ئۇيما (ئويۇنچى) < ئوي- (ئوينىماق) + ما

بەلگۈرتمە (نىشان، بەلگۈ) < بەلگۈرت- (بەلگە بەرمە
+ - مە

كەسمە (ئۈگرە ئاش) < كەس - + - مە

بارما (يىل) < بار + - ما

هازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى «سۈزمە، تۈگمە، ئەزمە، سال
باسما، ئاسما (بۆشۈك)، ئويما (رەسىم)، ياغلىما (گەپ
يۆگىمە (يىپ)، سېلىشتۇرما، باشقارما» قاتارلىق سۆزلەر مۇ
ئاساستا بارلىققا كەلگەن.

(3) ئىچكەك (شەيتان) < ئىچ - + -كەك

تۇتقاق < تۇت - + -قاق

توقۇرقاق (قانائەتچان) < توقۇر- (تويماق، تويغۇزماق
+ -قاق

قاچقاق < قاچ- + -قاق

هازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى «تارقاق، با(ر)غاق، ئو(ر)غاق
قاپقاق، تېپىشماق، تىرىشماق، ئۇرۇشقاق» قاتارلىق سۆزل
مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن.

2) تۈرغۈن سۆزلەردىن تۈرغۈن سۆزلەر ياساش. مەسىلەن

(1) بىتىكچى (پۈتۈكچى، كاتىپ) < بىتىك (خەت
كىتاب) + چى

ئاغىچى (خەزىنىچى) < ئاغى (خەزىنە - بايلىق) + -چ

قاپىغچى (قوۋۇقچى، دەرۋازىۋەن) < قاپىغ (قوۋۇق، ئ
شىك، دەرۋازا) + - چى

(2) تىنلىغ (جانلىقلار) < تىن (نەپەس) + -لىغ

ئىلىگ (هۆكۈمران) < ئىل (خەلق، يۇرت) + -گ

قۇللۇق (قۇلدار) < قۇل + -لۇغ

تىزلىگ (تىزلىك) < تىز + -لىگ

(3) ئىگداش (بىر ئانىدىن) < ئىگە (ئانا) + - دا

قاڭداش (بىر ئاتىدىن) < قاڭ (ئاتا) + - داش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

قولداش < قول + - داش

ھازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى «يولداش، ساۋاقداش، سەپداش، قېرىنداش (ئۇرۇق ـ تۇغقان)، قەلبداش، ۋەتەنداش، تومۇرداش، زامانداش» قاتارلىق سۆزلەر مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن.

بىز بۇ يەردە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن ئاكتىپ ۋە ئەتراپلىق پايدىلىنىش ئۈستىدە بىرئاز توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز. ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمدىن تارتىپلا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار مول. ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرگە ئىنچىكىلەپ سەپسالماق، ھازىر بىز «تۇپ سۆز» دەپ ھېسابلايدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ قەدىمكى تۇپ سۆزلەردىن ياسالغان ياسالما سۆزلەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن:

ئوتۇن < ئوت + - ئۇن

توقماق < توق - (ئۇرماق) + -ماق

ئېقىن < ئاق - (ئاقماق) + - ئىن

باغ (بىر باغ بىدە) < با- (باغلىماق) + -غ

سۆز < سو - (سۆزلىمەك) + -ز

سالما < سال - (ئۇرىماق) + -ما

ئۆزۈن < ئۆز - (ئېشىپ كەتمەك) + -ۈن

سوزۇق < سوز - (سوزماق) + - ۇق

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر خىل سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بىر نەچچە خىل مەنىگە ئىگە. «-غۇ (گۇ، -قۇ، -كۇ)» قوشۇمچىسى مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدە تۆۋەندىكى مەنىلەردە قوللىنىلغان:

1) پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ ئابستراكت ئىسىم ياسايدۇ (يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مىساللارغا قاراڭ.)

2) پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ مىقدار مەنىسىنى بېرىدۇ. مەسىلەن:

بۇتكۇ — تويغۇدەك

تويغۇ — تويغۇدەك

3) پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ قورال ۋە مەنسەپ مەنىسـ
بېرىدۇ. مەسىلەن:

سۇپۇرگۇ < سۇپۇر - + - گۇ

يۇغاغۇ (سىرتماق) < يۇغا - + -غۇ

ئايغۇ (مەسلىھەتچى) < ئاي (سۆزلىمەك) + - غۇ

باشقا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارمۇ تارىختا ئوخشاشلا مـ
خىل مەنىلەردە قوللىنىلغان. ئەپسۇسكى بىز ئۇزۇن بىر مەزگـ
ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن بـ
تەرلىك پايدىلىنىپ كېتەلمىدۇق. ئەگەر سۆز ياسىغۇچى قوشـ
چىلاردىن ئاكتىپ ۋە ئەتراپلىق پايدىلانغان بولساق، نۇرغۇن سـ
ياسىغۇچى قوشۇمچىلار پاسسىپ قوشۇمچىلارغا ئايلىنىپ قالمـ
غان بولاتتى - دە، يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى يارىتىش يولىمـ
تېخىمۇ كەڭ بولاتتى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېرى شۇكى
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ نۇقتا كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبـ
رىنى قوزغاشقا باشلىدى. مەسىلەن، «ئاكومولياتورى» ياكـ
«دىيەنپىڭ» دەپ قوللىنىۋاتقان ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا «توكدان
سۆزىنى، «ترانسپورماتور» ياكى «بيەنياچى» دەپ قوللىنىلىۋاتـ
قان ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا «بېسىم ئۆزگەرتكۈچ» سۆزىنى قوللـ
نىش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىزنىڭچە، بۇ لايىھىلە
ئىنتايىن ياخشى قويۇلغان، بىز مۇشۇ ئۇسۇلنىڭ يەنىمۇ ئاڭلىـ
قوللىنىلىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. چۈنكى، بۇ ئۇسۇل تىلـ
مىزنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن بولۇپ، بـ
ئۇسۇلدا ياسالغان سۆزلەرنى خەلق ئاممىسى گەرچە بۇرۇن ئاڭلاـ
باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن تونۇش ھېس قىلىدۇ ھەم ئاسانـ
چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا، بىز سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار
دىن ئاكتىپ ۋە ئەتراپلىق پايدىلىنىشنى قۇۋۋەتلەيمىز.

*2. سىنتاكسىلىق بىرىكمىلەرنى تۇراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق يـ
ڭى سۆز ياساش*

1) تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى سىنتاكسىلىق بىرىكمىلەرنى تۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

راقلاشتۇرۇش. مەسىلەن:

ئىسىگ كۈچىگ (كۈچ بېرىش) < (ئىش) + كۈچ

ئۇرتچە بورچە (شىددەتلىك) < ئۇرت (ئوت) + بور (بوران)

ئەرۈر بارۈر (ئەركىن، مۇستەقىل) < ئەر - (ئۆتمەك) + بار - (بارماق)

ئەل كۈن (جامائەت) < ئەل (خەلق) + كۈن (موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ «خەلق» مەنىسىدە)

تۆرۈتۇغ (مۇراسىم) < تۆرۈ (قائىدە) + تۇغ (تۇغ)

(مىساللار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردىن ئې-لىندى.)

2) ئېنىقلىغۇچى — ئېنىقلانغۇچى مۇناسىۋەتتىكى سىنتاك-سىسلىق بىرىكمىلەرنى تۇراقلاشتۇرۇش. مەسىلەن:

مەڭگۈ تاش (ئابىدە) < مەڭگۈ + تاش

ئىگ ئۆز (هايات، جان) < ئىگ (ئىسسىق) + ئۆز

ئۇلۇگ بارغۇ (غەنىيمەت) < ئۇلۇگ + بارغۇ

سۇباشى (قوماندان) < سۇ (قوشۇن) + باش.

تىلىمىزدا يېقىنقى زامانلاردىن بېرى بارلىققا كەلگەن «ئاسا-سىي قانۇن، ئاساسىي قاتلام، ئومۇميۈزلۈك، ئومۇمىي يىغىن، بىرلىك سەپ، دۇنيا قاراش، قالدۇرۇق يەر، ئىشلەپچىقىرىش، ئاسار ئەتىقە، ئەدەپ - قائىدە، خەلقئارا، ئەلنەغمە، ئۆگۈت - نەسىھەت، تۆمۈر يول» قاتارلىق ئىبارىلەر يۇقىرىدا بايان قىلىن-غان ئۇسۇل بىلەن ياسالغان.

تىلدا بار سۆز ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆز ياسىغاندا، سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلەرنى تۇراقلاشتۇ-رۇش يولى بىلەن يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەندە ياسالغان سۆز - ئىبارىلەر، بىرىنچىدىن چۈشىنىشلىك بولسا، ئىككىنچىدىن سى-ڭىشلىق بولىدۇ. تىلىمىزدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەل

مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن پەيدا بولغان.

### 3. قوبۇل قىلىش

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، تىرىكچىلىك ۋاستىسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، تەرەققىيات جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى ئوخشاش بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدا ئۆزگىرىش بولغاندا، تىرىكچىلىك ۋاستىسىدە سىلىجىش بولغاندا، ئىجتىمائىي شارائىتىدا ئۆزگىرىش بولغاندا، تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىلگىرىلەش بولغاندا، ئەسلىي شارائىتىدا بولمىغان (تىلدىمۇ ئىپادىسى يوق) يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇم ۋە ھادىسىلەرگە ئۇچرايدۇ. ئاشۇ يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى تىلدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى خىل ئۇسۇل بويىچە پۈتۈنلەي ئىپادىلەپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغانلىقى ياكى زۆرۈرىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بەزىلىرىنى باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. باشقا مىللەت تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش ھەممە مىللەت تىلىدا ئورتاق كۆرۈلىدىغان ھادىسە، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇنداق. بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دەۋرىدىكى لۇغەت تەركىبىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا سەنگۈن — 将军 (جياڭجۈن)، قۇنچۇي — 公主 (مەلىكە)، تۇتۇق — 都督 (تۇتۇق — ئەمەل نامى) (بۇلار قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىن ئېلىندى)، بۇشى — 布施 (سەدىقە)، توين (تويۇن) — 道人 (راھىپ)، سامسۇ — 三藏 (بۇددا كلاسسىكلىرى نوم، قائىدە - يوسۇن، تەپسىردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. 三藏 شۇنىڭ ئومۇمىي نامى)، چۇنا — 朱砂 (سىر)، تا ئۇچاڭ — 道场 (ۋائىز خانا، راھىپلارنىڭ پائالىيەت ئورنى) (بۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى يادىكارلىقلاردىن ئېلىنىدى) ، ساڭ — 仓 (ساڭ) ، ياڭلىغ (ياڭ — 样 + لىغ. «ياڭزا» مەنىسىدە) («دىۋان» دىن ئېلىنىدى) قاتارلىق خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى؛ پاغار (سەييارە) ، تېر (مېررىكورى) (قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىن ئېلىنىدى) ، ئاژۇن (دۇنيا) ، خۇمارۇ (پەندى - نەسىھەت) ، قارشى (ئوردا) (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن ئېلىنىدى) قاتارلىق سوغدى تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى؛ بۇت (بۇت) ، ۋىخار (ئىبادەتخانا) ، سارت (سودىگەر ، كارۋان) ، كولتى (مىليون) ، سوترا (نوم) ، بودىست (بۇتساتۇۋا) ، بۇيان (ساۋاب) (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن ئېلىنىدى) قاتارلىق سانسكرىت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدە ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى لۇغەت تەركىبىمىزدە يەنە بىرمۇنچە رۇسچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز. قىسقىسى، تىلدا بار ماتېرىياللار ئارقىلىق يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇمنى ئىپادىلىيەلمەي، ئۇنى سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا دائىر مىساللار تىلىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا كۆرۈلىدۇ.

قايسى تىلدىن سۆز قوبۇل قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ پۈتۈنلەي ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئومۇمەن، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ قويۇق ۋە ئەينى زاماندا بىرقەدەر تەسىرلىك مىللەت تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار كەڭ دالىدا ياشىغان دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا خەنزۇ ۋە سوغدى تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كۆپ ئۇچرىسا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، قەدىمكى كۇچار — قاراشەھەر تىلى، سانسكرىت تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنـ

غان سۆزلەر كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ھۆ-
كۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا موڭغۇل تىلىدىن قوبۇل
قىلىنغان بىرمۇنچە سۆزلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»
دە جىدا (نەيزە)، شىرە (جوزا)، ئۇران (جەڭگىۋار شۇئار)، مۇرەن
(دەريا، ئېقىن)، چاغ (ۋاقىت) قاتارلىق موڭغۇل تىلىدىن
كىرگەن سۆزلەر بار. مانا بۇلار، سۆز قوبۇل قىلىشتا ئىجتىما-
ئىي شارائىت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇندا
تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماي، يەنە بىرەر مىللەتنىڭ ئۆز
تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا، مەلۇم سۆزلەرنى قوبۇل
قىلىپ، ئەينى ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ كۆلەڭگىسىنى تىلدا
ئەكس ئەتتۇرمەي ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرى-
دۇ. شۇڭا، يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتە، قوبۇل
قىلىشنى پۈتۈنلەي رەت قىلىش ھازىرغىچە بولغان تىل تارىخى
ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماستىن، تىلنىڭ بۇنىڭدىن
كېيىنكى تەرەققىيات ئېھتىياجىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

بىزنىڭ مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر-
لىككە كەلگەن مەملىكەت. خەنزۇ مىللىتى پۈتۈن مەملىكەت
ئاھالىسىنىڭ 95 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر ئىچىدە تۈركىي تىللار بويىچە سۆزلىشىدىغان قازاق، قىر-
غىز قاتارلىق مىللەتلەر بار. قازاق، قىرغىز تىللىرى ئۇيغۇر
تىلى بىلەن تۇغقان تىل ھېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ بۇ
ئەمەلىي ئەھۋالىنى ھېسابقا ئالغاندا، باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل
قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، تۇغقان تىللاردىن ۋە خەنزۇ
تىلىدىن قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق قىلىش
مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا
مۇۋاپىق كېلىپلا قالماي، مىللىي تىلنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلى-
شى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. بۇنداق دېگەنلىك زۆرۈر سۆز - ئىبارى-
لەرنى خەلقئارا ۋە باشقا چەت ئەل تىللىرىدىن قوبۇل قىلىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چەتكە قاققانلىق ئەمەس.

زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن سۆز قوبۇل قىلغاندا ئۇقۇمنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇشنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇقۇمنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدىغان قىلىشمۇ يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى يارىتىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان پرىنسىپلاردىن بىرى. بىز سۆز - ئىبارىلەرنى يارىتىشتا ئۇقۇمنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدىغان، باشقا ئۇقۇملار بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان، چۈشەنچىدە چاتاق چىقىرىپ قويمايدىغان بولۇشقا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى يارىتىشنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇسۇللىرىنى خۇلاسىلىگەندە، تىلدا بار تەييار سۆزلەرگە تايىنىش، سۆز ياساش ۋە سۆز قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇسۇلغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى يارىتىشتىكى ئەنئەنىۋى ۋە نورمال ئۇسۇل. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل ئۇسۇل ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنى، جەمئىيەتتە بىرەر يېڭى شەيئى ياكى بىرەر ئۇقۇم بارلىققا كەلگەندە، ئالدى بىلەن تىلدىكى تەييار ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىپ، شۇ شەيئى، شۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلىگۈچى يېڭى سۆز - ئىبارىلەر يارىتىلىدۇ. زادى مۇمكىنچىلىك بولمىغاندا قوبۇل قىلىنىدۇ.

تىل ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگۈچى يېڭى سۆزلەر يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە بولغاندا، تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى نورمال تەرەققىي قىلىپ، ئالاقە ئۈنۈملۈك بولىدى؛ ئېغىش بولغاندا، لۇغەت تەركىبىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ ئالاقە قىيىنلاشتى.

تارىخىي تەجرىبىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. يۇقىرىدا بىز تىلدا يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش يوللىرى ۋە پرىنسىپلىرى توغرىسىدا ھازىرچە ئۆزىمىزنىڭ ھېس قىلغانلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. پىكىرلىرىمىزنى بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالى دەپ ئېيتالمايمىز.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى «دېمەك» پېئىلى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە*

«دېمەك» پېئىلى تىلىمىزدىكى ئىنتايىن قەدىمىي پېئىللارنىڭ بىرى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا لېكسىكىلىق مەنە ۋە گراماتىكىلىق رول جەھەتتىن دەۋرمۇدەۋر بېيىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ مول سىمانتىكىسى ۋە ئۆزىگە خاس بولغان خىلمۇخىل گراماتىكىلىق رولى ئارقىلىق ئادەتتىكى پېئىللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ، تىلىمىزدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدىغان، تىلىمىزنىڭ گراماتىكىلىق سىستېمىسىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان بىر تېمىغا ئايلانغان. تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە نەزەر سالايلى:

ئەمما دادام:

— ... «ئېغىز قازاسى باشقا» دېگەن گەپ بار، ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋرمەڭلار، - دەپ لەيلىگۈلنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. («كۈرەشچان يىللار»)

ئۇ مەھەللىدىن بۇ مەھەللىگە سېنى دەپ كەلدىم،
ياخشى دەمسەن، يامان دەمسەن، سىناي دەپ كەلدىم.
(قوشاق)

«بىسمىللا» دېسەڭ تېشىڭدا دە، دېمىگەنلەر دېسۇن،
«شۈكۈر» دېسەڭ ئىچىڭدە دە، يېمىگەنلەر يېسۇن (ماقال)

---

* بۇ ماقالىنى تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرگە يازغان. بۇ ماقالە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 1984 - يىلى 8 - ئايدا باستۇرغان «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى» دېگەن توپلامدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى

يۇقىرىدىكى مىساللاردىكى ھەربىر جۈملىدە «دېمەك» پېئىلى ئۈستى - ئۈستىلەپ قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىگە قىلچىمۇ تەكرارلىق تۇيغۇسىنى بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، ھەربىردىنىڭ ئىنتايىن جايىدا قوللىنىلغانلىقى، ھېچقايسىسىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا ياكى باشقا مەنىداش سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى سېزىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى دەل ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان لېكسىكىلىق مەنە ۋە گرامماتىكىلىق رولاردا كەلگەنلىكىدە.

لېكىن، تا ھازىرغىچە بۇ پېئىلنىڭ تىلىمىزدا زادى قانداق قوللىنىلغانلىقى، قانداق لېكسىكىلىق مەنە ۋە گرامماتىكىلىق رولاردا كېلىدىغانلىقى ئىلمىي يوسۇندا سىستېمىلىق بايان قىلىنغىنى يوق. بۇ ھال ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بەزى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما ۋە گرامماتىكىلىق ھادىسىلىرىنىڭ ئايدىڭلىشالماسلىقىغا سەۋەب بولماقتا. بىز كەسپداشلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش مەقسىتىدە ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ پېئىل توغرىسىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمىز.

بىزنىڭ دەسلەپكى تەتقىقاتىمىزغا ئاساسلانغاندا «دېمەك» پېئىلىنى «كۆچۈرمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان 'دېمەك' پېئىلى»، «كۆچۈرمىسىز كېلىدىغان 'دېمەك' پېئىلى» ۋە «'دېمەك' پېئىلىنىڭ گرامماتىكىلىق شەكىللىرى ئاساسىدا ھاسىل بولغان يېڭى سۆزلەر» دېگەن ئۈچ نۇقتىدىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

## 1. كۆچۈرمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان «دېمەك» پېئىلى

1. «كۆچۈرمە» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گرامماتىكا ئەسەرلىرىدە «ئومۇمەن سۆزلىگۈچى باشقىلارنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ سۆزلىگىنى ياكى ئويلىغىنى بويىچە ئەينەن كۆچۈرۈپ ئالغان ۋە يېزىقتا قوش تىرناق ياكى سىزىقچىغا ئوخشاش مەخسۇس بەلگىلەر بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلىدىغان جۈملىلەرگە قارىتىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلۈپ كېلىندى. مەسىلەن:

مەن «مېنىڭ ئۇ يەرگە بارىدىغان ۋاقتىم يوق» دەپ جاۋاب بەردىم.

ئەخمەت «بۇ كىمدۇر، بىر يېرى تونۇشلا تۇرىدىغۇ» دېگەن ئوينى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

— كىم جاۋاب بېرىدۇ؟ — دېدى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە يۇقىرىقى كۆچۈرمىلەرنى پەقەت كۆچۈرمىنىڭ بىر خىلى — «ئەينى كۆچۈرمە» دەپ ھېسابلاپ، «كۆچۈرمە» ئاتالغۇسىنىڭ دائىرىسىگە يەنە تۆۋەندىكى ئىككى خىل كۆچۈرمىنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

سۆزلىگۈچى باشقىلارنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ سۆزلىگىنى ياكى ئويلىغىنىنى ئەينى جۈملە بويىچە كۆچۈرمەستىن، پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسمىنى (كۆپرەك خەۋەر قىسمىنى) مەنەن كۆچۈرۈپ ئىشلەشى ياكى ئۆزىنىڭ پەرىزى بويىچە كۆچۈرمە شەكلىنى قوللىنىشى مۇمكىن. بۇ خىل كۆچۈرمىلەرنى ئەينى كۆچۈرمىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ «تەخمىن كۆچۈرمە» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. تەخمىن كۆچۈرمىلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلىدۇ. تەخمىن كۆچۈرمىلەر يېزىقتا ئومۇمەن مەخسۇس بەلگىلەر ئارقىلىق ئايرىپ كۆرسىتىلمەيدۇ. مەسىلەن:

(تېگىگە سىزىق تارتىلغانلار تەخمىن كۆچۈرمىلەر):

ئەخمەتمۇ بارىمەن دەيدۇ.

ئەته ئۆيگە بېرىپ كېلەي دەيمەن.

ئۇ يەرنى بەك سوغۇق دېيىشىدىغۇ؟

... «يازغىچە تۆككەن تەرىمىز شامالغا كەتتى» دەپ، سىزنى يامان ئاتلىق قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن،

(«ئاۋرال شامالىلىرى»)

يامان ئاتلىق بولساق مەيلى دېيىشتۇق. (يۇقىرىقى كىتاب)

شەيئىلەرگە قويۇلغان ياكى قويۇلىدىغان نامىلارمۇ ئايرىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرستىلگەندە كۆچۈرمىچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. بىز بۇلارنى يۇقىرىقى ئىككى خىل كۆچۈرمىدىن پەرقلەندۇرۇپ «ئاتاش كۆچۈرمە» دەپ ئاتايمىز. ئاتاش كۆچۈرمىلەرنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى ئوخشاش ئەمەس. بۇلاردىن كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ماقالە ناملىرى ئومۇمەن قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. قالغانلىرى ئاپتورنىڭ خاھىشى بويىچە زۆرۈر تېپىلغاندا قوش پەش ياكى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ، زۆرۈر تېپىلمىسا، ئايرىپ كۆرسىتىلمەيدۇ. مەسىلەن:

قېيۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» دېگەن رومانى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ ژۇرنالغا «بۇلاق» دەپ نام بېرىلىشى بەكمۇ مۇۋاپىق بولغان.

ماۋجۇشىنىڭ «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بىر سۆز بار.

بىزنىڭ يۇرتتا «چىلانلىق» دەيدىغان بىر يېزا بار.

بۇ ھادىسە فونېتىكىدا «تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى» دېيىلىدۇ.

ئۆزمىنى تۇرپاندا جۇجەم دەيدۇ.

دېمەك، بىز «كۆچۈرمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان ‹ دېمەك، پېئىلى» دېگىنىمىزدە يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل كۆچۈرمە بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان «دېمەك» پېئىلىنى نەزەردە تۇتىمىز.

2. كۆچۈرمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان «دېمەك» پېئىلى كۆچۈرمە بىلەن بىرلىكتە خۇددى باشقا پېئىل بىرىكمىلىرىگە ئوخشاش بىر سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدىغان بىر خىل پېئىل بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىپ، ئاددىي جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كونىلار «بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرما» دەپتىكەن.

خەۋەر

ئەخمەتنى كەل دېسەم، جەزمەن كېلىدۇ.
خەۋەر
مەن ئۇنىڭغا پات - پات خەت يېزىپ تۇر دېيىشنى ئۇنتۇپ
تولدۇرغۇچى
قاپتىمەن.
ئۇنى كەلمىدى دەپ خاپا بولمايمەن.
هالەت
قۇمۇلدا «قارا دۆۋە» دەيدىغان بىر يۇرت بار.
ئېنىقلىغۇچى
بارمايمەن دېگەن قانداق گەپ؟
ئىگە

كۆچۈرمە بىلەن «دېمەك» پېئىلنىڭ بىرىكىشىدىن هاسىل بولغان بۇ خىل پېئىل بىرىكمىسىنى ئادەتتىكى پېئىل بىرىكمە-لىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل پېئىل بىرىكمىسى ھېسابلاپ، ئۇنى «كۆچۈرمە - دېمەك بىرىكمىسى» دەپ ئاتاش كېرەك. چۈنكى، ئۇ كۆچۈرمە بىلەن «دېمەك» پېئىلنىڭ بېقى-نىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بىرىكىشىدىن هاسىل بولغان بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئادەتتىكى بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدىكى پېئىل بىرىكمىلىرى قاتارىدا تۇرسىمۇ، لېكىن تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

1) ئادەتتىكى پېئىل بىرىكمىلىرىدە جۈملە شەكلىدىكى ياكى ئاخىرلاشقان خەۋەر شەكلىدىكى بىرلىكلەر بېقىنىغۇچى بولۇپ كەلمەيدۇ. كۆچۈرمە - دېمەك بىرىكمىسىدە بېقىنىغۇچى بولۇپ كەلگەن كۆچۈرمىلەر بولسا، كۆپىنچە جۈملە شەكلىدە ياكى ئا-خىرلاشقان خەۋەر شەكلىدە كېلىدۇ.

2) ئادەتتىكى پېئىل بىرىكمىلىرىدە بېقىنىغۇچى بولۇپ كەل-گەن ئىسىم بىرىكمىلىرى باش كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كېلىشلەردە كېلىدۇ. كۆچۈرمە - دېمەك بىرىكمىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېقىنغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلىرى بولسا، باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش شەكىللىرىدىمۇ كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن، «ئۇ مېنى كىچىك ئاتا دەيدۇ»، «بۇ كىتابنى ئەخمەتنىڭ دەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش.

3) ئادەتتىكى پېئىل بىرىكمىلىرى ئىككىدىن ئارتۇق بېقىنغۇچى بىلەن مۇرەككەپلەشكەندە، زۆرۈرىيەتكە قاراپ ھەرقانداق بىر بېقىنغۇچىنى بىرىنچى قاتلامدىن ئىككىنچى قاتلامغا ياكى ئىككىنچى قاتلامدىن بىرىنچى قاتلامغا يۆتكەشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ كىتابنى ئەخمەتكە بەر.

ئەخمەتكە بۇ كىتابنى بەر.

لېكىن، كۆچۈرمە - دېمەك بىرىكمىسى باشقا بېقىنغۇچىلار قوشۇلۇپ مۇرەككەپلەشكەندىمۇ، كۆچۈرمە ھامان بىرىنچى قاتلامدا تۇرۇۋېرىدۇ. كۆچۈرمىنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى قاتلامغا يۆتكەشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، «ئۇ مېنى كىچىك ئاتا دەيدۇ» دېگەندىكى «كىچىك ئاتا» بىلەن «مېنى» نىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

4) ئادەتتىكى پېئىل بىرىكمىلىرىنىڭ تەرتىپىدىكى بېقىنغۇچىلار بىر بولسا، تولدۇرغۇچىلىق ۋەزىپىسىدە كېلىپ ھەرىكەتنىڭ ئۆتۈملۈك ياكى ئۆتۈمسىز ئوبيېكتى بولغان شەيئىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىر بولسا، ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىپ ھەرىكەتنىڭ ئورنى، ۋاقتى، سەۋەبى، مەقسىتى، ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلى، دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. كۆچۈرمە - دېمەك بىرىكمىسى تەركىبىدە بېقىنغۇچى بولۇپ كەلگەن كۆچۈرمە بولسا، پەقەت «دېمەك» پېئىلىنىڭ مەزمۇنىنى كونكرېتلاشتۇرۇش رولىنىلا ئوينايدۇ.

3. كۆچۈرمە - دېمەك بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىپ كەلگەن «دېمەك» پېئىلى تۆۋەندىكى لېكسىكىلىق مەنىلەردە قوللىنىشى مۇمكىن:

1) كۆچۈرمىدىكى پىكىر ـ تونۇشنى ئىزھار قىلىشى، كۆچۈرمىدىكى پىكىر ـ تونۇشقا كېلىشى ياكى مەلۇم شەيئىنى كۆچۈرمىدە ئېيتىلغانغا ھېسابلاش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر لۇشۇن: «جەڭچىنىڭ كەمچىلىكى بولسىمۇ بەرىبىر جەڭچى، چىۋىن بېجىرىم بولسىمۇ بەرىبىر چىۋىن» دېگەنىدى.
— مەن سىزدىن ئۆلسەممۇ ئايرىلمايمەن، — دېدى ئۇ، قەتئىيلىك بىلەن.
ئۇنداق دېسەم، «ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىۋاتىدۇ» دەپ قالماڭ. («ئاۋرال شاماللىرى»)
شۇ مۇھەببەت قىبلىگاھ، شۇ ئىپتىخارسىز بىر مىنۇت، ياشىسام «جەننەت» تىمۇ، دەيمەن «دوزاخقا بەندىمەن». (تېيىپجان ئېلىيوف)
بەزىلەر شياۋدۇينى تارقاتماقچى، ئەكبەر بۇنى ناھەق دەيدۇ. («ئاۋرال شامالىلىرى»)
ياخشىنى يات ئىكەن دېمە، ياماننى ئۆز ئىكەن دېمە. (ماقال)
2) مەلۇم شەيئىنى كۆچۈرمىدىكى نام ـ ئاتالما بىلەن ئاتاشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئەي زەرەپشان، زەرەپشان! سېنى نېمىشقىمۇ زەر ئاقىدىغان دەريا دېيىشكەن. («كۆرەشچان يىللار»)
بەختىيارمەن، «مېھرىبان ئوغلۇم» دېدى، مېنى ئانام ... (تېيىپجان ئېلىيوف)
شۇڭا، ئۇنى زاكىر «قار ياغدى» دەپتۇ ئەل،
بەزىلەر دەپتۇ زاكىر «جېدەل». (مۆمىن سەپىرى)
ئۇنىڭ باللىرى ئۇنى ئاكا دەيدىكەن.
3) كۆچۈرمىدىكى پىكىر ـ تونۇشنى باھانە ـ سەۋەب قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۇ نېمىشقا خاپا بولىدۇ؟
— مېنى «ۋاقتىدا كەلمىدىڭ» دەيدۇ.

«يەرلەرنى زەي بېسىپ كەتتى» دەپ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەتسەك، «ۋاقتلىق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىمىز» دەپ كوللېكتىپ ئىگىلىكنى چۇرۇۋەتسەك، بىزدەك پارتىيە ئەزالىرى كىمگە كېرەك؟ («ئاۋرال شاماللىرى»)

4) كۆچۈرمىدىكى پىكىرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ (بۇ مەنىدە ئاساسەن «دېمەك» پېئىلىنىڭ شەرت رايى شەكلى ياكى چېتىلما رەۋىشداش شەكلى قوللىنىلىدۇ:) مەسىلەن:

بوغۇزلايمەن دېسەك قويمۇ تېپىرلايدۇ. (ماقال)

بىر ماقالە يازاي دېسەم ھېچ ئەپلەشمەيۋاتىدۇ.

شە ئالىمەن دەپ شەرمەندە بوپتۇ. (ماقال)

ئۇستىلىق قىلىمەن دەپ چاندۇرۇپ قويدى.

5) كۆچۈرمىدىكى گەپ بىلەن ئەيىبلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

باردى دەيدۇ، كەلدى دەيدۇ، مەيلىم ئۆزۈمنىڭ،
سەكسەن قامچا يېگەن بىلەن يايرىم ئۆزۈمنىڭ. (قوشاق)

ھاراق ئىچىدۇ دەيدۇ، تاماكا چېكىدۇ دەيدۇ.

مېنى ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلدى دەيسەن، ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى بىلەمسەن؟

6) كۆچۈرمىدە ئىپادىلەنگەن شەيئىنى تەلەپ قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۆي ئىگىسى نەق پۇل دەيدۇ. («ئاۋرال شاماللىرى»)

ئۇن يوق دېسە زاڭ دەيدۇ، ھاردىم دېسە ماڭ دەيدۇ.
(ماقال)

قانچە بۇلبۇللار مازاردا «سۆيگۈنۈم» دەپ سايرىغان.
(نىمشېھىت)

7) كۆچۈرمىدە ئىپادىلەنگەن شەيئى توغرىسىدا گەپ بولۇش، شۇ شەيئىنى تىلغا ئېلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھەتتا بەگنىڭ ئۆزىمۇ جىڭساجۇي دېسە تىك تۇرىدۇ.
(«كورەشچان يىللار»)

بىز «دېمەك» نى «ياردەمچى پېئىل» دېگەندە تۆۋەندىكىدەك پېئىللارنى كۆزدە تۇتىمىز.

ئەخمەت دېسە، ئۇ ھېچنەرسىنى ئايىمايدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، كۆچۈرمە - دېمەك بىرىكمىسى شەكلىدىكى بەزى قۇرۇلمىلاردا «دېمەك» پېئىلى ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ بىر خىل ئابستىراكت مەنىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى خىلىنى كۆرستىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

1) پېئىلنىڭ 1 ـ شەخس بىرلىك بۇيرۇق - تەلەپ رايى شەكلىگە ئۆتكەن زامان شەكلىدە بىرىكىپ كەلگەن «دېمەك» پېئىلى شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىش چېكىگە يەتكەنلىكىنى (بىر خىل تۈس ئۇقۇمىنى) ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئاسىم ئالماسقا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆز ھېكايىسىنى ئاياغلاشتۇرغاندا، تۈن تەڭ بولاي دېگەنىدى. («كورەشچان يىللار»)

چاپسان ئۇسسۇزلۇق بەر، ئۇساپ ئۆلەي دېدىم.

قازان قايناي دەپتۇ.

ئالمىلار پىشاي دېگەندە، بىر بوران چىقىپ ھەممىنى قېقىۋەتتى.

2) ئۆتكەن زامان سۈپەتداش شەكلىدە ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن «دېمەك» پېئىلى شۇ ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن شەيئىنى گەۋدىلەندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

پارتىيە ئەزاسى دېگەن ... ھېلىغۇ بىر دادۇيكەن، ھەتتا گۇڭشېدا، ناھىيىدە ناھەق ئىش كۆرۈلسە ئارىلىشىدۇ.
(«ئاۋرال شاماللىرى»)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قازا دېگەن قاش - كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا. (ماقال)
ئارمان دېگەننىڭ چېكى بولمايدۇ - دە.
(«ئاۋرال شامالللىرى»)
ناخشا دېگەننى مانا مۇشۇنداق ئېيتسا بولىدۇ.
خۇددى «ئاغرىپ كەتمەك» دېگەنگە ئوخشاش هال پېئىل - ياردەمچى پېئىل قۇرۇلمىلىرىنىڭ «كېلىپ كەتمەك» دېگەنگە ئوخشاش چېتىلما شەكلىدىكى پېئىل بىرىكمىلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىققىنىغا ئوخشاش، يۇقىرىقى قۇرۇلمىلارنىڭمۇ كۆچۈرمىلىك پېئىل بىرىكمىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقى ناهايىتى روشەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىل قۇرۇلمىلارنى «دېمەك» پېئىلىنىڭ ئابستراكتلىشىشى نەتىجىسىدە هاسىل بولغان بىر خىل گراماتىكىلىق شەكىل هېسابلاپ، بىرىنچى خىلىنى پېئىلنىڭ بىر خىل تۇس شەكلى، ئىككىنچى خىلىنى بولسا «ئىسمىنىڭ گەۋدىلەنمە شەكلى» دەپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

4. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۆچۈرمە — دېمەك بىرىكمىسى ئاددىي جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىش جەھەتتە ئادەتتىكى پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىسىدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن بەزى گراماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ رول ئويناش دائىرىسى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇنداق بىرقانچە نۇقتا بار:

1) «دېمەك» پېئىلى چېتىلما رەۋىشداش (دەپ) شەكلىدە كەلگەن كۆچۈرمە — دېمەك بىرىكمىسى جۈملىدە ئادەتتىكى پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىلىرىنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن ئوخشاش رول ئوينىغاندىن تاشقىرى يەنە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ:

مەقسەت هالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مۇنداق رولدا كەلگەن كۆچۈرمە - دېمەك بىرىكمىسىدىكى كۆچۈرمىلەر كۆپىنچە مەقسەت - تەلەپ رايىدىكى ياكى هازىرقى زامان كېلەر زامان شەكلى-

دىكى پېئىللار بىلەن ئاخىرلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن سىز بىلەن بىر پاراڭلىشاي دەپ كەلگەنىدىم.

سېنى خامانغا بېرىپ ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالغىن دەپ ئەۋەتمە-
گەن ... (ز • قادىر)

پاتقاق دەرياسىغا چۆكۈپ كەتكەن ئېتىنى چىقىرىمەن دەپ
ئۇنىڭ تارتقان كۈنى ئازمۇ؟ (ز • قادىر)

«دېمەك» تىن باشقا نۇتۇق — تەپەككۇر پائالىيىتىنى بىل-
دۈرگۈچى پېئىللارغا، مەسىلەن، «سورىماق»، «جاۋاب بەر-
مەك»، «چۈشەندۈرمەك»، «ماختىماق»، «تەنقىدلىمەك»،
«ۋارقىرىماق»، «ئىلتىماس قىلماق»، «ئاتىماق»، «ئېيتماق»،
«ئويلىماق»، «ھېسابلىماق»، «بىلمەك» قاتارلىق پېئىللارغا
بېقىنىپ، شۇ پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەزمۇنىنى تو-
لۇقلاپ، ئۇنى كونكرېتلاشتۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بەزىلەر ئۇنى ئاددىي قىلىپ «بوۋا، ئاتا» دەپ ئاتايتتى.
(ق • تۇردى)

ئۇ، ئاپام كېسەل، ھازىرچە ئېيتمايمەن، دەپ ئويلىغانىدى.
(م • كېۋىر)

— گۆش يوق چاغدا قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن
ھەيران بولۇپ. (ئە • ھاشىم).

— ھوشۇر ... قالغاچ ... — دەپ پىچىرلىدى «ياۋا سادىق».
(ئە • ھاشىم)

— ۋاي ھېتەك (گىتلېر)! ... — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.
(ل • مۇتەللىپ)

روشەنكى، بۇ رولدا كەلگەن كۆچۈرمە — دېمەك بىرىكمە-
سىنى باشقا پېئىل ياكى باشقا پېئىل بىرىكمىلىرىنىڭ چېتىلما
رەۋىشداش شەكلى بىلەن، شۇنىڭدەك كۆچۈرمە — دېمەك بىرىك-
مىسىنىڭ باشقا ئەھۋال ئاستىدىكى چېتىلما رەۋىشداش شەكلى
بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ ھالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈش ناھايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئالاھىدە بىر خىل تولدۇرغۇچى ھې-
سابلاپ، «مەزمۇن تولدۇرغۇچى» دەپ ئاتاش كېرەك.

ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،

داڭزىدا خېتىم قالدى. (سادىر قوشاقلىرىدىن)

قۇمۇلدا قارا دۆۋە دەپ بىر يۇرت بار.

بۇ يىل تەرجىمە مەشىقى دەپ بىر دەرس كىرگۈزۈلدى.

2) كۆچۈرمە — دېمەك بىرىكمىسى سۈپەتداش شەكلىدە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى مەجھۇل دەرىجە شەكلىدە قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، «قۇمۇلدا قارا دۆۋە دەيدى-غان بىر يۇرت بار» دېگەن جۈملىدىكى «قارا دۆۋە دەيدىغان» ئەمەلىيەتتە «قارا دۆۋە دېيىلىدىغان» مەنىسىدە قوللىنىلغان؛ «نەسىرىدىن ئەپەندى دېگەن كىنو» بىرىكمىسىدىكى «نەسىردىن ئەپەندى» دېگەن ئەمەلىيەتتە «نەسىردىن ئەپەندى دېيىلگەن» مە-نىسىدە قوللىنىلغان.

3) كۆچۈرمە — دېمەك بىرىكمىسىنىڭ شەخس بۇيرۇق - تەلەپ رايى شەكلى بۇيرۇق - تەلەپ مەنىسىدە قوللىنىلغاندىن تاشقىرى يەنە سۆزلىگۈچى سۆھبەتدىشىنىڭ سۆزىدىن خەۋەردار بولغانلىقىنى ياكى سۆھبەتدىشىنىڭ سۆزىدىن ھاسىل قىلغان چۈ-شەنچىسىنى سۆھبەتدىشىغا ئۇقتۇرغاندىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

شۇنداق قىلىپ، ماقالىنى يېزىپ بولدۇم دەڭا (دەڭگا)

ئۇ، قىزىل داغ بولسا، بىر بالا قازا دېگىن ئەمىسە؟...
(ل • مۇتەللىپ)

ئىككىسى قوشۇلسا گۇم بولسەن دېگىن. (ل • مۇتەللىپ)

## 2. كۆچۈرمىسىز كېلىدىغان «دېمەك» پېئىلى

«دېمەك» پېئىلى بەزى كونتېكىستلاردا كۆچۈرمىسىزمۇ قوللىنىلىدۇ. كۆچۈرمىسىز كېلىدىغان «دېمەك» پېئىلى تۆۋەن-

دىكى لېكسىكىلىق مەنىلەردە كېلىشى مۇمكىن:
1. بايان قىلماق، يەتكۈزمەك، ئېيتماق، ئۇقتۇرماق. مەسىلەن:
ئەكبەر مۇشۇ گەپلەرنى دېدى — دە، ئەخمەتجان بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. («ئاۋرال شاماللىرى»)
بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دېمەي تۇرۇڭلار.
2. ئەرز قىلماق، شىكايەت قىلماق. مەسىلەن:
گەپ ئاڭلىمىساڭ داداڭغا دەيمەن.
3. نەزەردە تۇتماق، كويىدا بولماق. مەسىلەن:
سېنى دېدىم، سېنى دېدىم، كەچتىم بۇ جاندىن. (قوشاق)
باتۇر خىزمەتنى دەپ بايرامدىمۇ ئۆيگە قايتمىدى.
4. ئاتىماق، بېغىشلىماق. مەسىلەن:
مەن بۇ لۇغەتنى سىزگە دەپ ئالدىم.
چۇشۇرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرگەن بۇ بىلەكلەرنى.
(ل • مۇتەللىپ)
5. تەرىپلىمەك، ماختىماق. مەسىلەن:
تۇرپان يۇزىنى دەيمۇ، جىلىيۇزىنى دەيمۇ،
ئاق ئالماڭ ناۋات تۇرسا، شېكەرنى ئېلىپ يەيمۇ؟
(قوشاق)
ساۋۇتنىمۇ دەيدۇ، لېكىن ئەخمەتكە يەتمەيدۇ.
كۆچۈرمىسىز كەلگەن «دېمەك» پېئىلى جۈملىدە باشقا پېئىللارغا ئوخشاش رول ئوينىغاندىن تاشقىرى، ئۆزىگە بېقىنىپ كەلگەن سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
مەن بۇ لۇغەتنى سىزگە دەپ ئالدىم.
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرگەن بۇ بىلەكلەرنى.
مەن سىزنى دەپ شۇنچە يىراقتىن كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

### 3 . «دېمەك» پېئىلىنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى ئاساسىدا هاسىل بولغان يېڭى سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىدا «دېمەك» پېئىلىنىڭ ھەر خىل گراماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ مەلۇم سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ ياكى ئۆزى يالغۇز لېكسىكىلىشىشىدىن هاسىل بولغان يېڭى سۆزلەر ئاز ئەمەس. بۇ سۆزلەرنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

رەۋىشلەر

1. «نېمىدېگەن» شەكلىدە سۇپەتلەرگە بېقىنىپ ئۈندەشلىك سۈپەت بىرىكمىسىنى هاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:
ئاھ، ئاتا - ئانا! سىلەرنىڭ قولۇڭلار نېمىدېگەن ئىسسىق نېمىدېگەن يېقىملىق - ھە؟ («كورەشچان يىللار»)
... يالت - يۇلت قىلغان نۇر نېمىدېگەن ئاجايىپ - ھە؟ (يۇقىرىقى كىتاب)
نېمىدېگەن ئېگىز ئىمارەت بۇ!
2. «ھەش - پەش دېگۈچە» ياكى «ھايت - ھۇيت دېگۈچە» شەكلىدە پېئىللارغا بېقىنىپ، ھەرىكەتنىڭ ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياكى ھېچقانچە ئۇزاق سېزىلمەيلا بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
بىرنەچچە يۈز توما - تاقال ھەش - پەش دېگۈچە ۋەيران بولۇپ، ئىككى قىرغاقتىكى ھېسابسىز تېرىلغۇ يەر كەلكۈنگە يەم بولدى. («كورەشچان يىللار»)
ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئون مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇۋەتتۇق.
ھەش - پەش دېگۈچە يازلىق تەتىلمۇ كېلىپ قالدى.
3. «ھە دېسە» شەكلىدە پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ، «ھەر دائىم»، «پۇرسەت بولسىلا» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ، كۆچەيتىلگەندە «لا» يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ كېلىدۇ (كۆپرەك سەلبى ئىشلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ). مەسىلەن:

ھە دېسە كوچىغا يۈگۈرمەي، دەرسىڭنى ياخشى تەكرار قىل.
ھە دېسىلا ئۆزىنى ماختاپ قويىدۇ.
شۇمۇ گەپمۇ، ھە دېسىلا «كۆچۈڭلار، يەرنى تاشلاڭلار» دېيىشكىنى نېمىسى! («ئاۋرال شاماللىرى»)
4. «ھە دېگەندە» شەكلىدە پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ «باشلىنىش بىلەنلا» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
ھە دېگەندە بۇ سوئالنى سوراپ ئۆنى تەمتىرەتمەيلى.
مەسخىرىگە قالغان ۋە قىزىپ كەتكەن مەخسۇت بەگ ھە دېگەندە ئۆنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. («كۆرەشچان يىللار»)
5. «ھە دەپ» شەكلىدە پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ، «ئۈزلۈكسىز ھالدا»، «ئۈستى - ئۈستىلەپ»، «جىددىي رەۋىشتە»، «باش كۆتۈرمەي» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:
ھېسامىدىن داموللا بولسا ھە دەپ تىپىرلاپ قانداقتۇر يول ئىزدەيتتى. («كۆرەشچان يىللار»)
پەگادا ئولتۇرۇپ ئېلىنغۇل ھە دەپ جادۇ قىڭغىراقنى تاشقا سۈركەپ بىلەۋاتاتتى. («كۆرەشچان يىللار»)
ئۇلار ھە دەپ سالا قىلغىلى تۇردى.
6. «دېگەندەك» شەكلىدە پېئىل ياكى سۈپەتلەرگە بېقىنىپ، «تەلەپكە لايىق دەرىجىدە» مەنىسىدە بولۇشسىز جۈملىلەر تەركىبىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:
خىزمىتىمنى دېگەندەك ئىشلەپ كېتەلمىدىم.
دېگەندەك چىرايلىق رەخت ئەمەس ئىكەن.

باغلىغۇچىلار

1. «دېمەك» شەكلىدە ئاساسنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر بىلەن يەكۈن ياكى ھۆكۈمنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەرنى باغلاش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

لۇشۇن «مەن ئۆزۈممۇ ئەزەلدىن تەرجىمىدىن مىننەتدار-مەن» دەپ تەرجىمان بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەن، دېمەك، تەرجىمە ئاشۇنداق پەخىرلىنەرلىك خىزمەت. (ئىمىن تۇرسۇن)

ئۇنىڭدىن تېخىچە خەۋەر يوق، دېمەك، تېلېگراممۇ ۋاقتىدا يېتىپ بارمىغان.

2. «دېگەن بىلەن» شەكلىدە «لېكىن، ئەمما، بىراق» باغلىغۇچىلىرى بىلەن مەنىداش بولۇپ كېلىپ، ئاساسەن ئالدىنقى جۈملىدىكى ئىشقا ياخشى تەرەپتىن ئىزاھات بېرىدىغان جۈملىلەر-نىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆيىمىز يىراق، دېگەن بىلەن قاتناش قۇلاي.

بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولدى، دېگەن بىلەن مەھسۇلات كې-مەيمىدى.

3. «نېمىشقا دېگەندە» شەكلىدە جانلىق تىلدا «چۈنكى» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ، بەزىدە «نېمىشقا دېسەڭ»، «نېمىشقا دېسىڭىز»، «نېمىشقا دېسەڭلار»، «نېمىشقا دېسىلە»، «نېمىش-قا دېسەك» شەكىللىرىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

مەن بۇ پىكىرگە قوشۇلمايمەن، نېمىشقا دېگەندە، بۇ چارە بۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

... ئەزالاردىن ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوق، نېمىشقا دېسەڭ، كوللېكتىپتىن ئۈمىد بولمىغاندىن كېيىن جان ساقلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ ـ دە! («ئاۋرال شامالىلىرى»)

4. «دېمىسىمۇ» شەكلىدە ئالدىنقى جۈملىدە ئېيتىلغان ئىشنىڭ ئەمەلىي پاكىتىنى ياكى ئۇنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلى-كىنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇ شېئىرنىڭ يېزىلىشىغا ئاپ-تور كەچۈرگەن رېئال تۇرمۇش — «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردىكى ئىككى يۈزلىمىچى، پۇرسەتپە-

رەس، زاۋالپەرەس ئادەملەرنىڭ قىلمىشى ئاساس يارىتىپ بەر
گەن، دېمىسىمۇ ئاشۇ بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللاردا بىزگە ئاشۇ خىل
زاۋالپەرەس ئادەملەر ئاز ئۇچرىدىمۇ؟ ! («ئىلى دەرياسى»)
رەيھانغا ئېيتقانىكەن، بارغىلى ئۇنىماپتۇ. دېمىسىمۇ
بالىلىق ئايالغا قىيىن ـ دە.

يۈكلىمىلەر

1. «-غۇ (-قۇ) دەيمەن» شەكلىدە خەۋەرى پېئىلنىڭ بايان رايى شەكلىدىكى ياكى خەۋىرى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن بولغان جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ خەۋەردە ئىپادىلىگەن ئىشنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ مۆلچەرى بويىچە بايان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار قايتىپ كەلدىغۇ دەيمەن.
ئۇ، خەنزۇچىنى ياخشى بىلمەيدىغۇ دەيمەن.
بۇياق سىزنىڭ ئاكىڭىزغۇ دەيمەن.
ئۇلارنىڭ ئۆيى خېلى يىراققۇ دەيمەن.

2. «دەيمەن» شەكلىدە I شەخستىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ بۇيرۇقنى تەكىتلەش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

جىم تۇر دەيمەن! ھېلى بىكار ……….
مېنى توسما، توسما دەيمەن!

3. ھازىرقى زامان ـ كېلەر زامان II شەخس شەكىللىرىدە سوئال ئالماشلىرى قاتناشقان سوئال ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، شۇ سوئالنىڭ بولۇشسىز جاۋابى (ئەگەر سوئال جۈملە بولۇشسىز بولسا بولۇشلۇق جاۋابى) نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

— ئاكا، نېمىشقا بىزنىڭ بايرىقىمىزنىڭ بەلگىسى قىزىل ھەم دۈگىلەك؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— كىم بىلىدۇ دەيسەن ئۇكام ئۇنى! ...
(ل. مۇتەللىپ: «پادشاھ سامورايلىرى ئىغىر ھالسىرايدۇ»)
بۇ ئىش كىمنىڭ خىيالىغا كېلىدۇ دەيسىز!
ئۇ كىچىك بالا نېمىنى بىلىدۇ دەيسىلەر؟
خۇشخۇي، تىنىم تاپماس بۇ يېزا ئاكتىپى ھازىرغىچە بولغان ھەرىكەتنىڭ قايسى بىرىدە كۆپنىڭ ئالدىدا ماڭمىغان دەيسىلەر.
(«ئاۋرال شاماللىرى»)

4. I شەخستىكى بۇيرۇق - تەلەپ رايى شەكىللىرى بايان جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، تەكىتلەش، ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. (بىرلىك ئاددىي تۈر شەكلىگە يەنە «گىنە» قوشۇلىدۇ، سىپايە تۈر شەكلىگە يەنە «ئا» قوشۇلىدۇ). مەسىلەن:
— مەھەللە ھۆكۈمەتكە «يىغىن بار» دەپ چاقىرىپتىكەن ... «نېمە ئىش باركىن» دەپ ئىشنى تاشلاپ بېرىپتىمەن ... دەڭا،
(«ئىلى دەرياسى»)
شۇ كۈنى زۇكام تېگىپ ساق بەش كۈن ياتتىم دېگىنە.
ئۇنىڭ باققاندەك بەش بالىسى بار دەڭلار.

5. ھازىرقى زامان - كېلەر زامان II شەخس سوئال شەكىللىرى قاتار كەلگەن بىرنەچچە ئىسىم ياكى ئىسىم تۈپىنىڭ ھەربىرىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىملار ئىپادىلىگەن شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن شەيئىلەر ئىچىدىن يادىغا كەلگەنچىلا ئاتاپ كۆرسىتىلگەن بىرنەچچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق تىزىلمىلار ھامان ئۇمۇملاشتۇرغۇچى بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
شېئىر دەمسىز، ھېكايە دەمسىز، دراما دەمسىز، ئىشقىلىپ يازمايدىغىنى يوق.
ئۇنىڭ سېۋەتلىرىگە قارىسىڭىز: يىرتىق بوتى دەمسىز؛ سۇنۇق قازان، ماكچىيىپ كەتكەن پەش، كونا كىيىم - كېچەك

دەمسىز؛ يۆگەكلىك سىم، قوغۇشۇن ۋە ھەر خىل تۆمۈر تەسەكلەر دەمسىز؛ كونا گېزىت، بوشىغان ھەر خىل ھاراق بوتۇلكىلىرى دەمسىز؛ ئەيتاۋۇر ـ جاھاندا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. («ئىلى دەرياسى»)

... بىراق، ئۇ بىكار ياتماستىن ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەش دەمسەن، مەكتەپنىڭ ئىچى ـ تېشىنى سۈپۈرۈش دەمسەن، ھەممىنى قىلاتتى. («ئىلى دەرياسى»)

6. «مۇنداق دە» شەكلىدە يالغۇز كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىشتىن يېڭى خەۋەردار بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ («مۇنداق دەڭ»، «مۇنداق دېسىلە»، «مۇنداق دەڭلار» شەكىللىرىدىمۇ كېلىشى مۇمكىن). مەسىلەن:

— ئۇ، كىشى مېنىڭ ئاكام بولىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، — مەن بۇرۇن ئۇياقنى كۆرمەپتىكەنمەن.

— بىز ئۇ ئىشى ئاللىقاچان تۈگىتىپ بولدۇق.

— مۇنداق دە، بۇ بەك ياخشى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەرنىڭ قوللىنىلىشى*

جۈملىگە ياكى جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ جۈملىگە گەپنىڭ ئېيتىلىش تەرزى (ئورانى) بىلەن مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە مەنە يۈكلەيدىغان ياردەمچى سۆزلەرنى «يۈكلىمە» دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن:

1. ئەخمەتمۇ كەلدىمۇ؟
2. مەنلا كەلدىم.
3. ئېھتىمال ئۇ بىزنى كۆرمىدى.
4. كېچىكىپ قالما جۇمۇ.

1 ـ جۈملىدە ئىگىگە قوشۇلۇپ كەلگەن «مۇ» سۆزى قاتارداشلىق تەرزىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن، خەۋەرگە قوشۇلۇپ كەلگەن «مۇ» سۆزى ئۇدۇل سوئال تەرزىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ 2 ـ جۈملىدە ئىگىگە قوشۇلۇپ كەلگەن «لا» سۆزى چەكلەش تەرزىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ 3 ـ جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەن «ئېھتىمال» سۆزى مۆلچەر تەرزىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ 4 ـ جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن «مۇ» سۆزى جېكىلەش تەرزىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. مانا مۇشۇ جۈملىلەردىكى «مۇ»، «لا»، «ئېھتىمال»، «جۇمۇ» سۆزلىرى يۈكلىمە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەرنى جۈملىدىكى ئورنى ۋە يېزىلىشىغا قاراپ «يەككە يۈكلىمىلەر» ۋە «ئۇلانما يۈكلىمىلەر» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يەككە يۈكلىمىلەر ئايرىم سۆز

* بۇ ماقالە ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1986- يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

سۆپىتىدە ئىپتىلىپ، جۈملىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياكى مەلۇم جۈملە بۆلىكىنىڭ ئالدىدا قىستۇرما بولۇپ كېلىدۇ ھەم ئايرىم يېزىلىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى «ئېھتىمال»، «جۈمۇ» يۈك-لىمىلىرى شۇ خىلغا كىرىدۇ؛ ئۆلانما يۈكلىمىلەر خۇددى قو-شۇمچىلارغا ئوخشاش، مەلۇم جۈملە بۆلىكىنىڭ تەركىبىدە كېلى-دۇ ھەم قوشۇپ يېزىلىدۇ. يۇقىرىدىكى «مۇ»، «لا» يۈكلىمە-لىرى ئەنە شۇ خىلدىكى يۈكلىمىلەر.

يۈكلىمىلەرنى يەنە باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراپ، «خاس يۈكلىمىلەر» ۋە «كۆچمە يۈكلىمە-لەر» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يۇقىرىدىكى جۈملى-لەردە كەلگەن «مۇ»، «لا»، «جۈمۇ» يۈكلىمىلىرى خاس يۈك-لىمىلەرگە كىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەر زامان يۈكلىمە ۋەزىپى-سىدىلا كېلىدۇ. كۆچمە يۈكلىمە دېگىنىمىز — باشقا سۆز تۈر-كۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە يۈكلىمە بولۇپ كېلىشىگە قارىتىلغان. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى 3 ـ جۈملىدە ئەسلىي ئىسىم تۈركۈمىگە كىرىدىغان «ئېھتىمال» سۆزى كۆچمە مەنىدە يۈكلىمە بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق كۆچمە مەنىدە كېلىدىغان يۈكلىمىلەر ئاز ئەمەس. «كىچىكىپ قالمايلى يەنە»، «قېنى ئۆيگە كىرەيلى»، «گېزىت دەمسەن، ژۇرنال دەمسەن ھەممىسى بار» دېگەن جۈملىلەردىكى «يەنە»، «قېنى»، «دەمسەن» سۆز-لىرىمۇ كۆچمە يۈكلىمىلەرگە كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلە-مىلەرنىڭ بىر قىسمى يەككە مەنىدە قوللىنىلىدۇ، بىر قىسمى بولسا كۆپ مەنىلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىرقانچە مەنىدە ياكى بىرقانچە يۈكلىمىنىڭ ۋەزىپىسىدە قوللىنىلىدۇ. يۈكلىمە-لەرنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى تۆۋەندىكى بايانلىرىمىزدا مەلۇم بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گىراماتىكا ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە، بىز «ئۆلانما يۈكلىمە» دەپ ئاتىغان يۈكلىمىلەر «ئۆلانما» دېگەن نام بىلەن بىر سۆز تۈركۈمى قىلىنىدۇ؛ بىز «يەككە يۈكلىمە»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتىغان يۈكلىمىلەر بولسا «مودال سۆز» دېگەن نام بىلەن يەنە بىر سۆز تۈركۈمى قىلىنىدۇ. بەزىلىرىدە، بىز «ئۆلانما يۈكلىمە» دەپ ئاتىغان يۈكلىمىلەرلا يۈكلىمە ھېسابلىنىپ، قالغانلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يۈكلىمىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئۇلارنىڭ جۈملىگە ياكى مەلۇم جۈملە بۆلىكىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، جۈملىگە ئۇنىڭ ئېيتىلىش تەرزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە مەنە يۈكلىيەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ قانداق يېزىلىشى ۋە قايسى ئورۇندا كېلىشى ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنى ئايرىم يېزىلىش ۋە قوشۇپ يېزىلىشىغا قاراپلا ئىككى سۆز تۈركۈمىگە ئايرىپ قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس. پەقەت قوشۇپ يېزىلىدىغانلىرىنىلا يۈكلىمە ھېسابلاپ، قالغانلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا كەلسەك، بۇنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ئۆز - ئۆزىدىنلا مەلۇم. شۇڭا، بۇ توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تىلىمىزدا، بولۇپمۇ جانلىق تىلدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ ھەم ئىنتايىن نازۇك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق، ئۇيغۇر تىلىغا بېغىشلانغان گراماتىكا كىتابلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەرنىڭ قانداق قوللىنىلىدىغانلىقى ۋە قانداق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىدىغانلىقى تېخى تەپسىلىي تەسۋىرلىنىپ باققىنى يوق. بىزنىڭ بۇ ماقالىمىزنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان ئاساسىي مەقسىتى مانا مۇشۇ جەھەتتىن دەسلەپ قىلىپ بىر ئۇرۇنۇپ كۆرۈش. بىز تۆۋەندە ئۇيغۇر تىلىدا بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان يۈكلىمىلەرنى بىر - بىرلەپ تەسۋىرلەپ ئۆتىمىز.

## — مۇ

1. ئۇدۇل سوئال يۈكلىمىسى بولۇپ، ئاساسەن جۈملىنىڭ ئاخىرىدا ياكى پېئىل ۋە تۈرغۈن سۆزلەرنىڭ خەۋەر شەكلىنىڭ

ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە، تولۇق «— مۇ» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئۇلار كەلدىمۇ»، «مەن بارىمەنمۇ»، «سىز كادىرمۇ»، «بىلەتتىڭلارمۇ»، «سەن يالغۇز ئىدىڭمۇ» دېگەنلەرگە ئوخشاش. پېئىل ۋە تۇرغۇن سۆز-لەرنىڭ خەۋەر شەكلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەندە، تولۇق «— مۇ» شەكلىدە كېلىشىمۇ، «مىدى» (ئەسلىي «مۇدۇر»)، «م» شە-كىللىرىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن، مەسىلەن، «ياخشىمۇسىز»، «بارامدىمەن»، «يالغۇزمىدىڭ»، «بىلەمتىڭلار» دېگەنگە ئوخ-شاش.

بۇ خىل سوئال يۈكلىمىسى قوشۇلغان جۈملىلەر «ھەئە» ياكى «ياق» جاۋابىنى ئېلىش مەقسىتىدە قويۇلغان سوئالنى بىل-دۈرىدۇ. مەسىلەن:

ماقالىنى يېزىپ بولدۇڭمۇ؟

ئۇرۇمچىگە بارامسىلەر؟

بۇ ئىشتىن سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار بارمىدى؟

تىل شارائىتى ئېنىق بولغان ئەھۋالدا، جۈملىنىڭ سوئال چۈشكەن بۆلىكىلا ئېيتىلىپ، «مۇ» يۈكلىمىسى شۇ بۆلەككىلا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ خەۋەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ تۇرسۇندىنمۇ؟

قاچان كەلدىڭىز؟ ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنىمۇ؟

بۇ يۈكلىمە قوشۇلغان جۈملىلەر باشقىچە مەنىلەردە قوللىنى-لىشىمۇ مۇمكىن:

1) شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئەكسىنىڭ پاكىت ياكى مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسى-لەن:

نېمە ماڭا خاپا بولىسەن؟ لۇغەتنى مەن يۈتتۇردۇممۇ؟

بوپتۇ، بۈگۈن ئويناپ كەلسۇن، بايرام ئەمەسمۇ؟

2) پېئىلنىڭ I ۋە III شەخستىكى بولۇشسىز بۇيرۇق -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەلەپ رايى شەكلىگە ۋە پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ھازىرقى زامان - كېلەر زامان I شەخس بولۇشسىز «ئا» شەكلىگە قوشۇلۇپ كەلگەندە:

(1) مەسلىھەت تەرزىدىكى سوئالنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئەخمەتكە بىر پارچە خەت يازمايلىمۇ؟ («يازساق قانداق» دېگەن مەنىدە)

بۈگۈنكى يىغىننى ئەخمەت باشقۇرمىسۇنمۇ؟ («باشقۇرسا قانداق» دېگەن مەنىدە)

مۇشۇ لۇغەتتىن بىرنى ئالمامسىز؟ («ئالسىڭىز قانداق» دېگەن مەنىدە)

(2) تەكىتلەنگەن بولۇشلۇق بۇيرۇق - تەلەپ رايىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

تۇرسۇن سۆزلەپ باقمىسۇنمۇ، ئاندىن پىكىر بولسا بەرمەيلىمۇ!

پىكىرىڭ يوللۇق بولسا كۆپچىلىك ئالدىدا ئېيتمامسەن؟

ئاۋۋال كۆرۈپ ئاندىن باھا بەرمەمسىز؟

3) ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلگەن خەۋەرلەرگە ئۇلانغاندا، ئۇنىڭدىن كېيىن «بولدى» پېئىلى كەلسە، شۇ خەۋەرنى كۈچەيتىلگەن شەرت ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندى جۈملە خەۋىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

قىش كەلدىمۇ بولدى، ئۇنى مۇز مەيداندىن باشقا يەردە كۆرمەيسەن.

ئىشىڭ تۈگىدىمۇ بولدى، يولۇڭغا ماڭ.

4) تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋە پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ ئېنىقسىزلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق سۆزلەر ھامان ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان ئالماش خاراكتېرلىك سۆز - ئىبارىلەر بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ،

جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

شۇ چاغدا، مېنى تۇرسۇنمۇ بىرسى چاقىرىپ چىقىپ كەتكەنىدى.

ئەخمەت كىتابمۇ بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنىدى.

2. پېئىلنىڭ پەرەز ـ قارشىلىق رايى شەكلىدە كەلگەن خەۋەرلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ خەۋەرنى توسقۇنسىز بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

بارساڭمۇ تاپالمايسەن.

يامغۇر ياغسىمۇ بېرىۋېرىمىز.

3. جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ بۆلەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشنىڭ يەنە بىر ئىشقا قاتارداش قىلىپ ئېيتىلغانلىقى، قوشۇمچە قىلىپ ئېيتىلغانلىقى، يەنە بىر ئىش ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ ئېيتىلغانلىقى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سەن بارساڭ، مەنمۇ بارىمەن.

ئەخمەت بۇ خىزمەتكە لايىق، ئۆزى ياش، سالامەتلىكىمۇ ياخشى.

4. خەۋىرى پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان ھازىرقى زامان – كېلەر زامان شەكلىدە كەلگەن جۈملىلەرنىڭ مەلۇم بىرلىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ جۈملىنى ۋاقىت بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ. مۇنداق جۈملىلەر ئۆزى ئىپادىلىگەن ئىشنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ باش جۈملىدىكى ئىشنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يازمۇ بولىدۇ، ئۇنى شەھەردىن تاپالمايسەن.

ئۇ قولىغا كىتابنىمۇ ئالىدۇ، ھەممە ئىشنى ئۇنتۇيدۇ.

5. جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بولۇپ كەلگەن سوئال ئالماشلىرىغا قوشۇلۇپ، بىلىپ بولماسلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ نەگىمۇ كەتكەندۇر؟

بۇنى ئېلىپ نېمىمۇ قىلارسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ بىچارە ئەمدى قانداقمۇ قىلار؟

6. جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى بولۇپ كەلگەن ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشنىڭ ئاخىر بارلىقىنى كۆرسىتىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مانا، بىپىجىڭغىمۇ يېتىپ كەلدۇق.

ئىمتىھاندىنمۇ ئۆتتۇق، ئەمدى گەپ مەكتەپنى ياخشى پۈتتۈرۈشۈگىدە.

ئالدىرىما، ئاكاڭ بىلەنمۇ كۆرۈشىسەن.

7. ئۈندەشلىك جۈملىلەردە كەلگەن سۈپەت ياكى رەۋىشلەرگە قوشۇلۇپ، مەنىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

چىرايلىقمۇ شەھەر ئىكەن.

يىراقمۇ يول ئىكەن، ساق بەش كۈن ماڭدۇق.

تازىمۇ كېچىكتۇردۇڭ.

## — چۇ

1. ئىنچام سوئال يۈكلىمىسى بولۇپ، تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

1) تىل شارائىتى ئېنىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا، جۈملىنىڭ خەۋەردىن باشقا نۇقتىلىق بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ جۈملىنىڭ سوئاللىق خەۋىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

— تۇرسۇن كەلدى.

— ئەخمەتچۇ؟ (= ئەخمەت كەلمىدىمۇ؟)

ھەممەيلەنگە بىلەت بەردىڭ، ماڭىچۇ؟ (= ماڭا بەرمەمسەن؟)

— بۇ تەتىلدە ئۆيگە قايتمايمەن.

— كېيىنكى تەتىلدىچۇ؟ (= كېيىنكى تەتىلدە قايتامسەن؟)

2) پەرەز بىلدۈرىدىغان جۈملىگە قوشۇلۇپ، سوئاللىق باش

جۇملىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:
— ئەتە كېلىڭ، ئەتە سۆزلىشەيلى.
— ئەتە كېلەلمەسەمچۇ؟ (= قانداق بولىدۇ؟)
— سەن مېنى ساقلاپ تۇر.
— سەن كەلگۈچە ماشىنا كېلىپ قالسىچۇ؟ (= قانداق قىلىمەن؟)
3) پېئىلنىڭ «يَ» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلۇپ، شۇ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ «بولماسلىقىغا نېمە ئاساس بار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
— سەنمۇ بارامسەن؟
— بارمايچۇ؟ (= نېمىشقا بارمايمەن؟)
— سەنمۇ باردىڭمۇ؟
— بارمايچۇ؟ (= نېمىشقا بارمايتتىم)
2. ئاڭلىغۇچىغا بىر ئىشنى ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشتە جۇملىنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
مەنچۇ، بۇ يېقىندا ئۇ يەرگە بارالمايمەن.
سىزنىچۇ، ئەخمەت چاقىرىۋاتىدۇ.
3. سۈپەتنىڭ «— لىق، — لىك // — لۇق، — لۈك» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىم شەكلىگە ۋە پېئىلنىڭ زامانلىق ھەرىكەتنامى شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ بىر خىل ئۈستىلىمە ئۇندەش جۇملە ھاسىل قىلىدۇ، بۇ خىل جۇملىلەر مەلۇم شەيئى ياكى مەلۇم ئىشقا بېرىلگەن باھانى بىلدۈرۈپ كەلگەن جۇملىلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۈستىلەپ قوشۇلغان يەنە بىر باھا ياكى پاكىتنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق جۇملىلەر كۆپ ھاللاردا يەنە «تېخى» يۈكلىمىسى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
بۇ ناھايىتى ياخشى بالا، ئۆتكۈرلۈكىچۇ تېخى.
بۇ يەر بەك مولچىلىق ئىكەن، ھاۋاسىنىڭ ياخشىلىقىچۇ تېخى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇنداق جۈملىلەردىن سۇپەتنىڭ سۇبيېكتى ئالدىنقى جۈملىدىكى سۇبيېكتىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت بولغان بەزىلىرىنى تېخىمۇ ئىخچاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۇپەتنى چۈشۈرۈپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يەر بەك مولچىلىق ئىكەن، ھاۋاسىچۇ تېخى.

4. پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى شەكلىگە قوشۇلۇپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) مەسلىھەت، يېقىنلىق، ئامراقلىق، يالۋۇرۇش تەرزلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

خاپا بولماي ئەخمەتنى چاقىرىپ قويۇڭچۇ.

ھېلىقى يىغىننى بۈگۈن ئېچىۋېتەيلىچۇ.

2) I شەخس بىرلىكتە شۇ ئىشنىڭ يېڭى ئەسكە ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بىكار ئولتۇرغۇچە ئۆيگە خەت يازايچۇ.

3) شۇ ئىشنىڭ بولۇشىنى كۈتۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

مەن ئىشلىرىمنى تۈگىتەيچۇ، تازا ئوينايمىز.

4) سىناق تۈس مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى پېئىللار بىلەن كەلگەندە، بۇ ئىشتىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك، يامان ئاقىۋەتكە قېلىش تەرزلىرىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

يامان بولساڭ، بىزنى بۇ يولدىن قايتۇرۇپ باقچۇ.

5. پېئىلنىڭ پەرەز - قارشىلىق رايى شەكلىگە قوشۇلۇپ كەلگەندە:

1) ئۆتۈنۈش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يولداشلار، پاراڭ سالمىساڭلارچۇ، ھېچنەرسىنى ئاڭلىغىلى بولمايۋاتىدۇ.

2) ئەپسۇس تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا، پېئىلنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ئۇرغۇلۇق ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

تونۇگۇنكى دوكلاتنى مەنمۇ ئاڭلىسامچۇ! بىر پۇرسەت قولـ
دىن كېتىپتۇ.

— ما

بۇ يۇكلىمە «مۇ» يۇكلىمىسى بىلەن «ئا» يۇكلىمىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. شۇڭا «مۇ» يۇكلىمىسى ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان سۆزلەردە «ما» شەكلىدە ئىپادىلەنسە، «مۇ» يۇكـ لىمىسى «م» شەكلىدە، ئوتتۇرىدا كېلىدىغان سۆزلەردە «ئا» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ يۇكلىمە، ئاساسەن خەۋەر تەركىبىدە كېلىپ، سۆزلىگۈـ چى ئاڭلىغان، پەملىگەن ھەتتا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشنى تەستىقلىتىش مەقسىتىدە قويۇلغان سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق سوئاللار كۆپىنچە قىزىققان، ئەجەبلەنگەن، نارازى بولغان، ئىشەنـ مىگەن ياكى ئىشىنىشكە پېتىنمىغان تەرزلەردە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن كەلدىڭىزما؟

سىز چەت ئەلگە چىقامسىزا؟

ئۇلار راستتىنلا كېتەمدا؟

بۇ يۇكلىمە بەزىدە ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلگەن خەۋەرگە قوشۇلۇپ سوئالنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سۆزلىگۈچىنىڭ خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنى كۆرگەن ياكى بىلگەنلىكىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن قوللىـ نىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشقا ماڭدىڭىزما، بىللە ماڭايلى.

كەلدىڭىزما، ئەمىسە يىغىننى باشلايلى.

— غۇ (— قۇ)

1. ئەسلەتمە سوئال يۈكلىمىسى سۇپىتىدە جۈملىنىڭ خەۋە-

رىگە قوشۇلۇپ، شۇ جۈملىدىكى ئىشنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش ياكى ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش مەقسىتىدە قويۇلغان سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— تۈنۈگۈن يىغىنغا كەلمىدىڭغۇ؟

— كەلدىمغۇ، كۆرمىدىڭما؟

ئەتە ئۇلار بۇ يەرگە كېلىدىغۇ؟ شۇ چاغدا كۆرۈشمەمسىز.

بۇ خىل جۈملىلەر بەزىدە سوئال ئۇقۇمىنى بىلدۈرمەستىن پەقەت پاكىتنى ئەسلىتىش رولىنىلا ئوينايدۇ. مەسىلەن:

سائەت توشتىغۇ، سىنىپقا كىرەيلى.

2. جۈملىنىڭ خەۋەردىن باشقا نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ بۆلەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكى، ھەممىگە ئايان ئىكەنلىكى، ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغانلىقى، بىر مەسىلە بولمايدىغانلىقى، ئۇنى مۇستەسنا قىلىش-قا بولىدىغانلىقى قاتارلىق تەرزلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدىكى «غۇ» يۈكلىمىسى باغلىغۇچىلىق رولىنىمۇ ئوينايدۇ. مەسىلەن:

مەنغۇ ۋېلىسىپىت بىلەن بارىمەن، سەن قانداق قىلىسەن؟

مەن بۇلارنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇياقىنىغۇ تونۇيسىز.

3. پەرەز بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ، باش جۈملىدىكى ئىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ.

ئىمتىھانغا قاتناشسامغۇ ئۆتۈپ كېتىمەن.

تىرىشسىغۇ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

4. جۈملىنىڭ خەۋىرىگە قوشۇلۇپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ قانداق بولۇشى، سەۋەبى قاتارلىقلار ئېنىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا كۆپىنچە «تاڭ» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلى-شىپ كېلىدۇ. «تاڭ» يۈكلىمىسى ئادەتتە «-غۇ» دىن كېيىن كېلىدۇ، بەزىدە «تاڭەي» شەكلىدە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇ ناھىيىگە كەتكەنىدى، كەلمەيدىغۇ تاڭ.

نېمە بولدىكىن، ھېچنېمە يېمەيدىغۇ تاڭ.

## — دە ( — تە)

بۇ يۈكلىمە جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەردە كېلىدۇ:

1. جۈملىنىڭ شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنى ماختاش تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تازا ۋاقتىدا كەلدىڭ ـ دە.

ناخشا دېگەننى ئېيتىدۇ ـ دە بۇ قىز.

2. جۈملىنىڭ شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشتىن ئەپسۇسلانغان تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاقىت يوقتە، بولمىسا مەنمۇ باراتتىم.

ئەمدى ھەرقانچە قىلساقمۇ ئۇلگۈرەلمەيمىز ـ دە.

3. ۋاستىلىق بايان رايىدىكى خەۋەرلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، چۈشەنچىنىڭ يېڭى ھاسىل بولغانلىقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

كەينىمىزدە ماراپ يۈرۈپتىكەنسەندە! (ز. سابىر)

ئارتىس ئىكەندە ئۇ.

4. جۈملىدە ئېيتىلغان ئىشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پۇل تاپقان ئادەم ياخشىسىنى ئالىدۇ ـ دە.

5. جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ بولغىنىچىلا قىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يازدىم ـ دە بىر نەرسىلەرنى قىلىپ.

## — كىن

سوئال جۈملىنىڭ خەۋىرىگە قوشۇلۇپ، تۆۋەندىكى مەنىلەر-

www.uyghurkitap.com

نى بىلدۈرىدۇ. («مۇ» يۈكلىمىسىگە ۋە «ئۇ» بىلەن ئاخىرلاشقان خەۋەرلەرگە قوشۇلغاندا، ئۇنىڭ ئالدىدىكى «ئۇ» تاۋۇشى «ئى» غا ئۆزگىرىدۇ) :

1. سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەسىلە ئۈستىدە بىر قارارغا كېلەلمىگەنلىكىنى، ئويلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى ئۇنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن بارايمىكىن ئاندا، يار كېلەرمىكىن مۇندا،
يارغا يار كېرەك بولسا، قول سېلىپ كېلەر مۇندا.
(قوشاق)

ئىشىكنىڭ ئالدىدا ۋېلىسىپىت تۇرىدۇ، كىم كەلدىكىن؟

2. سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ئىشنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرىمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەتە بارساڭ كېچىكىپ قالامسەنمىكىن.
بارسىڭىز جاپا تارتىپ قالارسىزمىكىن.

3. سوئالنىڭ ئەمەلىي جاۋابىنى بىلىش خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كىرىپ باقايلى، كىم كەلدىكىن.
سوراپ باق، بىلەمدىكىن.

— لا

1. جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بولۇپ كەلگەن ئىسىم ۋە ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ نۇقتا قىلىنغان بىرىگە قوشۇلۇپ، ئىشنىڭ شۇ بۆلەك بىلەنلا چەكلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەنلا باراي.
بولدى، ئۆيگە كىرمەيلى، مەشەدىلا ئولتۇرايلى.

ئوخشاتما كېلىش ۋە تەڭلەشتۈرمە كېلىشتىكى ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلغاندا، ئوخشاشلىقنى تەكىت-

لەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ مۇشۇ جوزىدەكلا (جوزىچىلىكلا) بىر تاشنى كۆتىرەلەلدى.

ئورۇن كېلىش ۋە چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملارغا قوشۇلغاندا، «ئۇدۇل» مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

مەن ئىدارىدىنلا كەلدىم.

2. ۋاقىت ھالەتلىرىگە قوشۇلۇپ، مەلۇم ئىشنىڭ تېز ئارىدا بولىدىغانلىقى ياكى بولغىنىغا ئۇزاق بولمىغانلىقى ياكى بالدۇرلا بولغانلىقى قاتارلىق تەرزلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ يېقىندىلا ئۆيىگە بېرىپ كەلگەنىدىغۇ، يەنە كەتتىما؟

مەن ئەتىلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن.

ئورۇن كېلىشتىكى ئۆتكەن زامان سۈپەتدىشىغا «-لا» قوشۇلۇپ كەلگەن شەكىل بەزىدە مەلۇم بىر ئىشنىڭ بىردىنبىر شەرتىنى بىلدۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

خاتالىقنى تونۇغاندىلا ئۇنى تۈزەتكىلى بولىدۇ.

3. چېتىلما رەۋىشداشلارغا ئۇلىنىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە ئۇلىنىپلا ياكى شۇ ھەرىكەت بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنىڭغا مەجلىس بارلىقىنى ئېيتىپ قويۇپلا قايتىپ چىقىمەن.

ئۇ كېلىپلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتى.

4. چېتىلما رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلىگە ياكى ھازىرقى زامان - كېلەر زامان سۈپەتدىشىنىڭ بولۇشسىز «ئار» تۈرىنىڭ چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكلىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا ياكى شۇ ھەرىكەت بارلىققا كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىلا يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز تاڭ ئاتمايلا (ئاتماستىنلا) يولغا چىقتۇق.

ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولمايلا (بولماستىنلا) ۋارقىراپ كەتتى.

5. قوشۇلما پېئىللارنىڭ ياكى تۈس شەكلىگە كىرگەن پېئىللارنىڭ رەۋىشداش قىسمىغا قوشۇلۇپ، شۇ ھەرىكەتنىڭ بىر يولىلا ئورۇنلىنىشى، بىر قېتىملا ئورۇنلىنىشى، ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشى (ئىزچىل تۈس شەكلىلىرىدە) قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاران بىر كەلگەندە ئىشىڭنى تۈگىتىپلا كەت.

دورىنى ئىچىشىمگە قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى بېسىلىپلا قالدى.

6. سان ياكى سان مىقدار بىرىكمىسىگە قوشۇلۇپ، كىشىگە «شۇقەدەر ئاز» دېگەن چۈشەنچىنى بېرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىدارىدە ئون ئىككىلا ئادەم بار.

مەجلىس بىر سائەتلا ئېچىلدى.

7. ئۆتكەن زامان سۈپەتدىشىغا قوشۇلۇپ، شۇ خىل ھەرىكەت بەلگىسىگە ئىگە بولغان شەيئىنىڭ بىرىنچىمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۇنى كۆرگەنلا ئادەم ماختايدۇ.

ۋەكىللەر بارغانلا يېرىدە قىزغىن قارشى ئېلىندى.

8. يۆنىلىش كېلىشتىكى «ش» ھەرىكەتنامى بىلەن «بولىدۇ» سۆزى بىرىكىپ كەلگەن قۇرۇلمىدا ھەرىكەتنامىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، پەقەت شۇ ھەرىكەتنامى ئىپادىلىگەن ئىشنى قىلىشقىلا يول قويۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ پۇلنى باشقا نەرسىگە خەجلەشكە بولمايدۇ، كىتاب ئېلىشقىلا بولىدۇ.

9. «ھەممە» ئالمىشىغا ۋە بەلگىلەش ئالمىشى ۋەزىپىسىدە كەلگەن سوئال ئالماشلىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە، مۇستەسناسىز-

لىقنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ، ئالماش سانلارغا قوشۇلۇ
كەلگەندىمۇ شۇ رولنى ئويىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن:
بۇ يەرنى ھەممىلا ئادەم ماختايدۇ.
قاچانلا كەلسىڭىز قارشى ئالىمىز.
10. پەرەز بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ، شۇ شەرتنىڭ
پۈتۈنلەي يېتەرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
تىرىشساڭلا ئالغا باسىسەن.
ئاممىدىن ئايرىلمىساقلا مەغلۇپ بولمايمىز.
بەزىدە «ـلا» يۈكلىمىسى پەرەز بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرىگ
ئەمەس، بەلكى باشقا بۆلەكلىرىگە قوشۇلۇشى مۇمكىن. مەسە
لەن:
ئاممىدىنلا ئايرىلمىساق مەغلۇپ بولمايمىز.
11. يولۇقما بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە قوشۇلۇپ، سۇب-
يېكتىنىڭ ھەر قېتىمدا باش جۈملىدىكى ھالەت ياكى ھەرىكەتكە
دۇچ كېلىشىنى ياكى بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىدىكى ھەرىكەتنى
ئورۇنلاش بىلەنلا باش جۈملىدىكى ھەرىكەتكە دۇچ كېلىشىنى
بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئۇ نەگە كېتىدىكەن، بارساملا ئۆيىدە يوق.
«مېنىڭ سىزگە ئازراق پىكرىم بار» دېيىشىملا خاپا بولۇپ
كەتتى.
12. چەكلەنمەسلىكنى بىلدۈرىدىغان پېئىل قۇرۇلمىلىرى
نىڭ تەركىبىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:
ئۇ سۆزلەش بىلەنلا قالماي، ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

— زە

1. سوئال شەكلىدە ياكى ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئىنكا
مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن جۈملىلەرنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلە

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىگە قوشۇلۇپ، «مەسىلە ئېنىققۇ» دېگەن تەرزنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەشەدىنزە زىرائەت ئۈنەمدۇ! (ئەلۋەتتە ئۈنمەيدۇ)

مەشەدىنزە زىرائەت ئۈنىدۇ؟ (ئەلۋەتتە ئۈنمەيدۇ)

2. ئاددىتتىكى جۈملىلەرنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، بۇرالما تەكىت تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ هاراق ئىچمەيدۇ، تاماكىنىزە ئۈزۈلدۈرمەي چېكىدۇ.

3. ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق سوئال مەنىسى ئىپادىلەنگەن جۈملىلەرنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، «نەدە شۇنداق قائىدە بار» دېگەن تەرزنى بىلدۈرىدۇ.. مەسىلەن:

بىز كېتىمىز، سەنزە مەشەدە قالىسەن؟ ! مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن.

4. خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئېرەنسىزلىك بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئېغىز ئۆزىنىڭ بولغاندىكىن دەيدۇ زە!

## — ئا

1. بايان رايىدىكى خەۋەرلەرگە قوشۇلۇپ، ئەجەبلەنگەن تەرزدىكى سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

نېمە بولدۇڭ، جاۋاب بېرەلمەيسىنا؟ !

تاماكا چېكىدىكەنسىنا، كىچىككىنە تۇرۇپ.

2. ۋاستىنسىز بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلگەن خەۋەرلەرگە قوشۇلۇپ، هەرىكەتنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىنى ياكى ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئۇندەشلىك جۈملىلەرنى هاسىل قىلىدۇ. مۇنداق خەۋەرلەر كۆپىنچە تەكرارلىنىپ كېلىدۇ، بىراق تەكرارلانغىنىغا «— ئا» قوشۇلمايدۇ. III شەخس شەكلىگە «— ئا» قوشۇلغاندا، ئاخىرىدىكى «ى»

تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:
بۇ خەتنى يازدىڭا ـ يازدىڭ!
بۇ يامغۇر ياغدا ـ ياغدى!
3. پېئىلنىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپ رايى II شەخس شەكلىگە قوشۇلۇپ، يالۋۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ياكى بۇيرۇق تەرزىنى ئاجىزلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:
خۇش بولاي، ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىڭا.

هە (ئە)

1. سوئال جۈملىلەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، قاراتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:
هە، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟
هە، نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟
2. بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، تەلەپ ھاسىل بولغانلىقنى ياكى ئىشنىڭ مۇۋاپىق تېپىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
هە، بۇ ئىشىڭ يارايدۇ.
هە، بۇ پىلان ياخشى بولدى.
3. بۇيرۇق ـ تەلەپ رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، شۇ ئىشقا نۆۋەت كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
هە، ئەمدى ماڭايلى.
هە، ئەمدى سۆزلە.
4. بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، چۈشەنگەنلىك، ئېسىگە ئالغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ سەل سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:
هە... ئېسىمگە كەلدى.
هە... توغرا، بىز ئۇرۇمچىدە كۆرۈشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5. بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، چۆچۈگەند-
لىك ياكى ئېنىق ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ كۆچ-
لۈك ھەم ئۇزۇك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھە؟ كەلمىدى؟

ھە؟ ئەخمەتما؟ ئۇمۇ بارمايدۇ.

6. بۇيرۇق - تەلەپ رايى II شەخس شەكلىدىكى خەۋەرلەر-
گە قوشۇلۇپ، قوپاللىق بىلەن قىلىنغان بۇيرۇقنى بىلدۈرىدۇ.
مۇنداق خەۋەرلەر ھامان جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. ئەگەر «ھە»
قوشۇلىدىغان سۆز ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، ئۇ
«ئە» شەكلىگە كىرىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

يازە، تولا گەپ قىلماي!

ماڭە چاپسان!

## ئەمىسە

1. جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىشنىڭ
شەرت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— مەن بارالمايمەن.

— <u>ئەمىسە</u> مەن باراي.

2. جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، بىر ئىشتىن
يەنە بىر ئىشقا بۇرۇلۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەمىسە يىغىننى باشلايلى.

خوش ئەمىسە، بىز كەتتۇق.

## مەيلى

1. ئىختىيارىغا قويۇش، پەرۋا قىلماسلىق، تەۋەككۇل قى-
لىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، جۈملىنىڭ بېشىدا كېلە-

دۇ. مەسىلەن:
مەيلى، بارسۇن.
مەيلى، خاپا بولساڭ بولىۋەر.
2. پەرەز بىقىندى جۈملىلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى توسقۇنسىز قارشىلىق بىقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:
بارمىساڭ مەيلى، ئىختىيار ئۆزۈڭدە.
ئۇ كەلمىسە مەيلى، يىغىننى ئېچىۋېرەيلى.

## تېخى

بۇ سۆز بەزىدە رەۋىش رولىدا كەلسە، بەزىدە يۈكلىمە رولىدا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنى «تېخىچە» سۆزى بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولمىسا، يۈكلىمە رولىدا كەلگەن بولىدۇ. بۇ سۆز يۈكلىمە رولىدا كەلگەندە، تۆۋەندىكىچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:
1. جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئۇستىلەپ ئېيتىلغان يەنە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئۇ قاملاشمىغان ئادەم ئىكەن، پىكىر بەرسەڭ قوبۇل قىلماي-دىكەن تېخى.
2. جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، شۇ جۈملىدىكى ئىشنىڭ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
مەن ھازىر ياتمايمەن، ئۆيگە خەت يازىمەن تېخى.
3. جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، جۈملىدىكى ئىشنى باشقا بىر ئىشقا نىسبەتەن شۇنداق دېيىشكە بولىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
— نېمانچە ئورۇقلاپ كەتتىڭ؟
— ھازىر سەمرىپ قالدىم تېخى، بۇرۇن كۆرسەڭ قورقۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كېتەتتىنىڭ.

4. جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ قارىشىچە خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ بىھۇدە بولغانلىقى، چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، سۈبىيېكت ئۈچۈن مۇناسىپ ئەمەسلىكى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەبلغازى، گادايمەن دەپ زارلايسەن تېخى، مانا بايلىق...
(ز. سابىر)

ئۇ دائىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ، شۇ ھالىغا تېخى باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

5. بەزى ۋاقىت ھالەتلىرىنىڭ ياكى چېتىلما ھالەتلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىگەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا، كۆپىنچە «ـلا» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا كېلىپ كەتكەنىدىغۇ؟
تېخى سوئالنى كۆرۈپ بولمايلا سائەت توشۇپ قالدى.

## قېنى

بۇ سۆز «ئەخمەت قېنى» قاتارلىق جۈملىلەردە سوئال ئالمىشى رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، كۆپىنچە يۈكلىمە رولىدا كېلىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1. بۇيرۇق ـ تەلەپ رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، تەكلىپ تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قېنى ئۆيگە كىرەيلى.

2. سوئال جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ سوئالنىڭ ئەمەلىي جاۋابىنى بىلىش خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ ياكى ئاڭلىغۇچىدىن جاۋاب تەلەپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

يەنە بىردەم كۆرەيلى، قېنى كىم يېڭىدۇ.

سوراپ باقايلى، نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ قېنى.

3. پېئىلنىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپ رايى شەكلىگە «چۇ» يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ، ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى كۈتۈش، ھەرىكەتتىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك ياكى يامان ئاقىۋەتكە قېلىش تەرزلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن خەۋەرلەرگە ماسلىشىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

مەن ئىشلىرىمنى تۈگىتەيچۇ قېنى، تازا ئويناپمىز.

## ئېھتىمال

بۇ سۆز ئىسىم رولىدا قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يۈكلىمە رولىدىمۇ قوللىنىلىشى مۇمكىن. بۇ سۆز يۈكلىمە رولىدا كەلگەندە مۆلچەر بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، مۆلچەر ئۇقۇمىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ ياكى ئادەتتىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، مۆلچەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئېھتىمال بۇ يىگىت بۈرۈن ھەربىيدە بولغان بولسا كېرەك.
(ئە. تاتلىق)

بۇ يۈكلىمە ئورنىدا بەزەن «ئەتىمالىم»، «ھەقىچان» (ھەرقاچان) سۆزلىرى قوللىنىلىشى مۇمكىن. «ئەتىمالىم» ئاساسەن جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزىمۇ ھازىر ئۇيقۇدىن تۇرغان بولسا كېرەك ئەتىمالىم.
(ز. سابىر)

ئۇ بىزنى كۆرمىدى ھەقىچان.

## نايىتى (نىھايەت)

1. سان، سان ـ مىقدار بىرىكمىسى، ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ ياكى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىپ، ئازلىق تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ كۆپىنچە «- لا» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن نايىتى ئىككى سائەتلا دەرس بار.

2. جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، ئىشنى كىچىكلىتىش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ھېچقانچە چوڭ ئىش قىلغىنىم يوق، نايىتى ئۆز بۈر-چۈمنى ئادا قىلدىم.

## ھەرھالدا

جۈملىنىڭ بېشىدا، بەزەن ئاخىرىدا كېلىپ، «قانداق بول-مىسۇن»، «ئومۇمەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ھەر ھالدا يامان ئەمەس كېتىۋاتىمىز.

ھەر ھالدا ئۈمىدىمىزنى يەردە قويماسسەن.

## دەرۋەقە

جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، جۈملىدە ئېيتىلغان ئىشنى ئې-تىراپ قىلىش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

دەرۋەقە بۇ مەسىلىدە مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار.

دەرۋەقە سىزدە قىيىنچىلىق بار.

## جۈمۇ

1. بۇيرۇق - تەلەپ رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇ-لۇپ، ئالاھىدە جېكىلەش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

چاپسان قايتىپ كەل جۈمۇ.

ئۇلار ماڭا قارىماي كېتىۋەرسۇن جۈمۇ.

2. بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئاڭ-لىغۇچىدىن جۈملىدە ئېيتىلغان ئىشنى بىلىپ قويۇش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئاگاھلاندۇرۇش، ئەسلە-تىش تەرزىنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:
بەرمىسەڭ تۈگ - يۈڭۈڭ بىلەن كۆتۈرۈپ ماڭىمەن جۇمۇ.
(ز. سابىر)
سەن بەك قىزىققان جۇمۇ، ئەخمەت.

## بىكا (ھېلى بىكا)

بۇ «بىكار» دېگەن سۆزدىن ئايرىلىپ چىققان يۈكلىمە بولۇپ، جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، ئاگاھلاندۇ-رۇش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
تارتما، بىكا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.
بولدى، تولا گەپ قىلما، ھېلى بىكا ئۇرۇشۇپ قالىمىز.

## ئىشقىلىپ

جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ «قانداقلا بولمىسۇن» دېگەن تەر-زىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئىشقىلىپ كېچىكىپ قالمىدۇق.
ئىشقىلىپ زىيان تارتمايسەن.

## خۇددى

جۈملىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بىلدۈرىدىغان بۆلەكلىرىنىڭ ئال-دىدا كېلىپ، ئوخشاشلىقنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسە-لەن:
خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۆزلەۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى ئادرېسى

خۇددى مۇشۇ جوزىدەك بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كەتتى.
بەزىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلە-
رىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئوخشاشلىقنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.
مەسىلەن:
بۇ بالا خۇددى دادىسىنىڭ ئۆزى ئىكەن.
بەزىدە بۇ يۈكلىمىنىڭ ئورنىدا «بەئەينى»، «گويا» يۈكلە-
مىلىرى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:
بەئەينى (گويا) ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۆزلەۋاتىدۇ.

## نېمە

بۇ ئالماش بەزىدە يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

1. «مۇ» يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ تۈزۈلگەن سوئال جۈملە-
لەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئوبيېكتىپ مۆلچەر تەرزىدە-
كى سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ياتاقنىڭ چىرىغى يېنىق تۇرىدۇ، ئۇلار قايتىپ كەلدىمۇ نېمە؟
گەپ قىلسام بېشىنى لىڭشىتىۋاتىدۇ، ئۇيغۇرچە بىلەمدۇ نېمە؟

2. خەۋىرى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان سۈپەتداش شەكلىدە
كەلگەن جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ جۈملىدە-
كى ئىشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى تەخمىنلەش تەرزىنى بىلدۈرى-
دۇ. مەسىلەن:
سەن ئۇنى خاپا قىلغان نېمە، بولمىسا نېمىشقا كېتىپ
قالىدۇ.

## زادى

بۇ سۆز «ھەرگىز»، «قەتئىي» سۆزلىرى بىلەن مەنىداش
رەۋىش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يەنە يۈكلىمە رولىدا كېلىپ،

تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1. سوئال جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، جاۋابنىڭ ئېنىق بولۇشى تەلەپ قىلىنغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

زادى نەگە بارىسەن؟

كىم بارىدۇ زادى؟

2. جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ جۈملىدىكى ئىشنىڭ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، چوقۇم بىر بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

زادى بىر بېرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ.

3. جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ تۈپتىن شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

زادى سېنىڭ باشقا بىر پىلانىڭ بار.

## بەلكى (بەلكىم)

بۇ سۆز كۆپىنچە باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەندىن تاشقىرى، بەزىدە يۈكلىمە بولۇپمۇ كېلىدۇ ۋە ئاساسەن مۆلچەر بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا ياكى ئارقىدا كېلىپ ۋە ياكى خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، مۆلچەر تەرزىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئەكبەرنىڭ نىيىتى ياخشىدۇر بەلكى. (ز. سابىر)

بەلكىم بۇ تۇگۇچنىمۇ يېشىۋالارمىز. (ز. سابىر)

ئۇ يىغىنغا سىلەرمۇ قاتناشقان بولغىيدىڭلار بەلكى.

## ھەتتا

بۇ سۆز كۆپىنچە باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەندىن تاشقىرى، بەزىدە يۈكلىمە بولۇپمۇ كېلىدۇ. بۇ يۈكلىمە ۋەزىيىتىدە كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دە، جۈملىنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ بۆلەكنىڭ ئىلگىرىلەپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۆپىنچە شۇ مەنىدىكى «— مۇ» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ھەتتا جېنىنىمۇ ئايىمىدى.
ئۇ ۋەزىپە تەلەپ قىلىپ ھەتتا شەھەرلىك پارتكومغىچە باردى.

## خالاس

جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئىشنىڭ شۇ جۈملىدە ئېيتىلغىنى بىلەنلا چەكلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ قويدۇم خالاس.
مەن ھېچقانچە چوڭ ئىش قىلغىنىم يوق، ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم خالاس.

## ھېلىمۇ (ھېلىمۇ ياخشى)

بۇ سۆز «ھازىرمۇ» بىلەن مەنىداش رەۋىش رولىدا قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يۈكلىمە رولىدىمۇ كېلىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1. جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ ئامەت سۈپىتىدە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھېلىمۇ (ياخشى) ماشىنا چىقىپ قالدى، بولمىسا قانداق كېلەتتۇق؟

خەۋەرنىڭ ئالدىدا ياكى ئاخىرىدا ۋە ياكى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنى ئېتىراپ قىلىشقا ياكى ئۇنىڭغا قانائەت قىلىشقا ئۇندەش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تەشكىل ھېلىمۇ ساڭا كۆپ ئېتىبار بەردى.
ھېلىمۇ غەيرەت قىلدىڭلار، ئاسان ئىشمۇ بۇ.

## يەنە

بۇ سۆز ھەرىكەتنىڭ ئۇستىلىنىشىنى بىلدۈرۈپ رەۋىش رو-
لىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، تۆۋەندە-
كى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1. پېئىلنىڭ بولۇشسىز بۇيرۇق - تەلەپ رايى شەكلىگە قوشۇلۇپ، ئەنسىرەش تەرزىدىكى تەلەپنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ سائەت بىلەن بەك ئىتتىشىپ كەتتىڭ، بۇزۇپ قويما يەنە.

2. جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا شۇنداق ئىكەنلىكىنى ياكى داۋاملىق شۇنداق بولۇپ قېلىشنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا يەنە «- لا» يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

يەنە (يەنىلا) مۇشۇ لۇغەت ياخشى ئىكەن.

## پەقەت

بۇ سۆز «قەتئىي»، «ھەرگىز» سۆزلىرى بىلەن مەنىداش رەۋىش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كې-
لىپ، كۆپىنچە چەكلەش رولىدا كەلگەن «- لا» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ، بەزىدە ئۆزى يالغۇز چەكلەش رولىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ھەممەيلەن كەلدى، پەقەت ئەخمەتلا كەلمىدى.

مەن پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم.

## يالغۇز

بۇ سۆز سۈپەت رولىدا قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدىمۇ كېلىپ، بەزى ئورۇنلاردا «پەقەت» يۈكلىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىلەن مەنداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
ھەممەيلەن كەلدى، يالغۇز ئەخمەتلا كەلمىدى.
مەن يالغۇز مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم.

## مانا

بۇ سۆز «ماۋۇ يەردە» مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، ئالماش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، يېقىنراقتىكى نەرسىگە ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:
مانا ھەممە ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولدى.
مانا ئىش چاتاق بولدى.
بەزىدە تېزلىك تەرزىنى بىلدۈرۈپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:
مانا ھازىر بارىمەن.
مانا بىردەمدىلا تەييار بولىدۇ.

## ئەنە

بۇ سۆز «ئاۋۇ يەردە» مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، ئالماش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يۈكلىمە رولىدا كېلىپ، يىراقراقتىكى نەرسىگە ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:
ئەنە كۈن چىقتى.
ئەنە ئۇلار توپتوغرا مەن تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. (ز. قادىر)

## يۈكلىمە رولىدىكى «دە–» پېئىلى

«دە-» پېئىلىنىڭ بەزى گرامماتىكىلىق شەكىللىرى بەزى

كونتېكىستلاردا يۇكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، تۆۋەندىكىچە قول. لىنىلىدۇ:

1. «دەيمەن» شەكلىدە «-غۇ» يۈكلىمىسىنىڭ كەينىدە كې. لىپ، سۇبيېكتىپ مۆلچەر تەرزىنى بىلدۈرىدىغان قوشما يۈكلىمە ھاسىل قىلىدۇ ۋە خەۋىرى بايان رايىدا كەلگەن جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ئىشنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ مۆلچىرى بويىچە بايان قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار تېخى قايتىپ كەلمىدىغۇ دەيمەن.

بۇ يىغىنغا بىزمۇ قاتنىشىمىزغۇ دەيمەن.

2. «دەيمەن» شەكلىدە خەۋىرى Ⅱ شەخس بۇيرۇق - تەلەپ رايى شەكلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، بۇيرۇقنى تە. كىتلەش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

جىم تۇر دەيمەن! ھېلى بىكا...

مېنى تۇسما، تۇسما دەيمەن!

3. Ⅱ شەخستىكى ھازىرقى زامان - كېلەر زامان شەكلىدە سوئال ئالماشلىرى قاتناشقان سوئال جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇ. لۇپ كېلىپ، شۇ سوئالنىڭ بولۇشسىز جاۋابى (ئەگەر سوئال جۈملە بولۇشسىز بولسا، ئۇنىڭ بولۇشلۇق جاۋابى) نەزەردە تۇتۇلغانلىقى. نى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

كىم بىلىدۇ دەيسەن (= ھېچكىم بىلمەيدۇ).

بۇ ئىش كىمنىڭ خىيالىغا كېلىدۇ دەيسىز (= ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ).

4. Ⅱ شەخستىكى بۇيرۇق - تەلەپ رايى شەكلىدە خەۋىرى بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ تەكىتلەش، ئاڭلى. غۇچىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ (بىرلىك ئاددىي تۇرىگە ھامان «گىنە» قوشۇلىدۇ، سىپايە تۇرىگە «ئا» قوشۇلىدۇ). مەسىلەن:

شۇ كۈنى زۇكام تېگىپ ساق بەش كۈن ياتتىم دېگىنە.
ئۇنىڭ پاقلاندەك بەش بالىسى بار دەڭلا.

5. I شەخستىكى ھازىرقى زامان - كېلەر زامان سوئال شەكلىدە قاتار كەلگەن بىرنەچچە ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىملار ئىپادىلەنگەن شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن شەيئىلەر ئىچىدىن يادىغا كەلگىنىچە ئاتاپ كۆرسىتىلگەن بىرنەچچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق تىزىلمىلار ھامان ئومۇملاشتۇرغۇچى بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ھوسۇللۇق يازغۇچى، شېئىر دەمسىز، ھېكايە دەمسىز، دراما دەمسىز، ئىشقىلىپ يازمايدىغىنى يوق.

بىراق، ئۇ بىكار ياتماستىن ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەش دەمسەن، مەكتەپنىڭ ئىچى - تېشىنى سۈپۈرۈش دەمسەن، ھەممىنى قىلاتتى. («ئىلى دەرياسى»)

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى

## 1. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى

ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بەزى ئەسەرلەردە شەيئىلەرنىڭ ئاۋازى، كۆرۈنۈشى ۋە كىشىلەرنىڭ سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان «جىرىڭ - جىرىڭ»، «ۋال - ۋۇل»، «زىڭ - زىڭ» قاتارلىق تەقلىد سۆزلەر «ئىملىق سۆز» دەپ ئاتىلىپ، ھېس - تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارغا ئىما (ئىشارەت) بولۇپ كېلىدىغان «پاھ»، «ئۇھ»، «خوپ»، «تۇ - تۇ - تۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر «ئۇندەش سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئالدىنقى تۈردىكى سۆزلەرنى بىۋاسىتە «تەقلىدىي سۆز» دەپ ئاتاپ، ھېس - تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان كېيىنكى تۈردىكى سۆزلەرنى «ئىملىق سۆز» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق. چۈنكى، بۇ ئاتالغۇدىكى «ئىملىق» سۆزى «ئىمالىق» (ئىما + لىق) سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، شۇ تىپتىكى سۆزلەرنىڭ خاراكتېرىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئالدىنقى تۈردىكى سۆزلەرنى «تەقلىدىي سۆز» دەپ ئاتاش ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا خېلى ئومۇملىشىپ كەلمەكتە. شۇڭا بىز «ئىملىق سۆز» ئاتالغۇسىنى ھېس - تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق - جاۋاب قاتارلىقلارغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەرگە قاراتتۇق.

• بۇ ماقالە ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرىسى

## 2. ئىملىق سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى

1. ئىملىق سۆزلەر ھېس - تۇيغۇ، بۇيرۇق - جاۋاب، چاقىرىق قاتارلىقلارغا ئىما (ئىشارەت) بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «پا!» دېگەن سۆز ئىسسىقلىق، كۆيگەنلىك تۇيغۇسىغا ئىما بولۇپ كېلىدۇ (پا! قولۇم كۆيدى! ※ پا! بەك ئىسسىق ئىكەن)؛ «ئايھاي» سۆزى ياقتۇرۇش تۇيغۇسىغا ئىما بولۇپ كېلىدۇ (ئايھاي! نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە!)؛ «ئەستاغپۇرۇللا» دېگەن سۆز تىت - تىت بولۇش تۇيغۇسىغا ئىما بولۇپ كېلىدۇ (ئەستاغپۇرۇللا، ئۇنىڭ تېخىچە كەلمەيۋاتقىنىنى قارىمامدىغان!)؛ «تۇ - تۇ - تۇ» سۆزى توخۇنى چىقىرىشقا، «تاخ!» سۆزى توخۇنى قوغلاشقا، «چۇھ!» سۆزى ئات - ئېشەكنى ماڭدۇرۇشقا، «ۋوي!» سۆزى ئات - ئېشەكنى توختىتىشقا ئىما بولۇپ كېلىدۇ؛ «ھەئە» سۆزى بولۇشلۇق جاۋابقا ئىما بولۇپ كېلىدۇ (ھەئە، بارىمەن). مانا مۇشۇ «پا!»، «ئايھاي»، «ئەستاغپۇرۇللا»، «تۇ - تۇ - تۇ»، «تاخ»، «چوھ»، «ۋوي»، «ھەئە» سۆزلىرى ئىملىق سۆزلەرگە كىرىدۇ.

ئىملىق سۆزلەر ھېس - تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق - جاۋاب قاتارلىقلارنى كونكرېت ئاتاپ ئىپادىلىمەي، پەقەت ئۇلارغا ئىما بولۇپلا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى، بولۇپمۇ ھېس - تۇيغۇغا ئىما بولۇپ كېلىدىغانلىرى مەنە جەھەتتە ناھايىتى ئابستراكت بولۇپ، شۇ خىل تۇيغۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى ئاتاپ ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەردىن بۇرۇن (بەزىدە كېيىن) كېلىپ، شۇ جۈملىدىكى پىكىرنىڭ تەكىدىشى سۈپىتىدە ئۇنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينىيالايدۇ ياكى بەزى تىل شارائىتلىرىدا كونكرېت ئېيتىلمىغان مەزمۇنلارغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. مەسىلەن:

ئۇھ، ھېرىپ ھالىم قالمىدى.
ئۇھ، بۇگۇن ماڭا بەك ھاردۇق يەتتى.
ئۇھ، مېنى بەك چارچىتىۋەتتىڭ.

مانا بۇ يەردە «ئۇھ» دېگەن ئىملىق ھارغىنلىق تۇيغۇسىنى ھەر خىل ئاتاپ ئىپادىلىگەن ئۇچ جۇملىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇلارنىڭ تەگدىشى سۇپىتىدە مەزمۇننى كۇچەيتىش رولىنى ئويناپ كەلگەن.

ئۇھ، نېمىدېگەن يىراق يول بۇ!
ئۇھ، بۇ چاپان بەكمۇ ئېغىر كەلدى.

مانا بۇ جۇملىلەردىكى «ئۇھ» سۆزى «مېنى بەك ھارغۇزۇۋەتتى» دېگەندەك بىر مەزمۇنغا ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن.

2. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوخشاش بولمىغان كونتېكستلاردا كېلىپ ياكى ئوخشاش بولمىغان ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىپ، بىرنەچچە ئىملىق سۆزنىڭ رولىدا كېلەلەيدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى «ئۇھ» دېگەن ئىملىق سۆز يۇقىرىدىكى جۇملىلەردە ھارغىنلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولسا، «ئۇھ، نېمىدېگەن راھەت جاي بۇ!»، «ئۇھ، تازا ئۇسسىغان يېرىمگە تەگدى بۇ سۇ!» دېگەن جۇملىلەردە راھەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن؛ «بەللى» دېگەن ئىملىق سۆز «بەللى، بۇ مەسىلىنى تازا جايىدا قويدۇڭ!» دېگەن جۇملىدە ياقتۇرۇش تۇيغۇسىنى بىلدۇرسە، «بەللى، شۇنداق گەپنىمۇ قىلامدىكەن!» دېگەن جۇملىدە ياقتۇرمىغانلىق تۇيغۇسىنى بىلدۇرۇپ كەلگەن.

3. كۆپ سانلىق ئىملىق سۆزلەرنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى نىسپىي بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قانداق ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش تەس. مەسىلەن، «ۋاي - ۋۇي، بۇ نېمە تۇگىمىگەن گەپ!» دېگەن جۇملىدىكى «ۋاي - ۋۇي» دېگەن ئىملىقنىڭ ئەمەلىي تەلەپپۇزى مۇنداق ئاددىي ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنى ھەر خىل ئىنتوناتسىيىدە تەلەپپۇز قىلىش

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى بىزارلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. لېكىن، بۇ پەرقلەرنى يېزىقتا كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۇرمۇشتا يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ئىملىق سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، سوغۇقتىن شۈركىنىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان، باققان قۇشلارنى قارىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىملىقلارنى يېزىقتا كۆرسىتىپ بېرىش ناھايىتى تەس.

4. ئىملىق سۆزلەرنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

1) جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن ھېچقانداق قورۇلما مۇناسىۋەتتە بولماستىن، ھامان مۇستەقىل بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ ياكى ئۆز ئالدىغا جۈملە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

پاھ، نېمىدېگەن ئېگىز تاغ بۇ! (مۇستەقىل بۆلەك)

قاسىمغۇ بۇ، ھوي! (مۇستەقىل بۆلەك)

— بەللى! — دېدى ئۇ بارمىقىنى كۆرسىتىپ. (جۈملە)

— بارامسەن؟

— ھەئە. (جۈملە)

2) بەزى ئىملىق سۆزلەر ئىسىملىشىپ ئىسىم رولىدا قوللىنىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «زېمىننى باسسۇن ئاھىم مېنىڭ» دېگەن جۈملىدە قايغۇ تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان «ئاھ» دېگەن ئىملىق سۆز ئىسىملىشىپ كەلگەن؛ بەزى ئىملىق سۆزلەر پېئىل ياساشقا ئاساس بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «ۋاي ـ ۋايلا-» (ۋاي - ۋاي + لا)، «ئاھ ئۇر-»، «ئۇھ دە-» دېگەنگە ئوخشاش.

### 3. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ «ئەسلىي ئىملىق سۆزلەر» ۋە «ياسالما (ياكى ،كۆچمە،) ئىم-

لىق سۆزلەر» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئەسلىي ئىملىق سۆزلەر مەخسۇس تاۋۇشلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئىملىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر گۇرۇپپا تاۋۇشتىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، «پاھ»، «ۋاي»، «ئايھاي»، «پا»، «ئۇھ»، «ھەئە»، «چۇھ» دېگەنگە ئوخشاش؛ بەزىلىرى ئوخشاش بىر گۇرۇپپا تاۋۇشنىڭ تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، «ۋاي - ۋاي»، «ئىھ - ئىھ»، «تۇ - تۇ - تۇ» دېگەنگە ئوخشاش؛ بەزىلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى گۇرۇپپا تاۋۇشنىڭ جۈپلىشىشىدىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، «ۋاي - ۋوي»، «ئاھ - ئۇھ» دېگەنگە ئوخشاش.

ياسالما ياكى كۆچمە ئىملىق سۆزلەر ئىملىق سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىشى ياكى باشقا سۆز - جۈملىلەرنىڭ ئىملىق سۆزگە كۆچۈشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ئىملىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «ۋايجان»، «ۋاي ئاتام»، «ۋاي قوۋۇرغام»، «ۋاي چىشىم»، «ئاپا»، «خۇدا»، «ئەستاغپۇرۇللا» (ئەستاغپۇرۇللا — ئاللادىن كەچۈرۈم تىلەيمەن)، «ئاللاھۇئەكبەر» (ئاللاھۇئەكبەر — ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ) دېگەنگە ئوخشاش.

## 4. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرنى مەنىسىگە قاراپ «ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى»، «جاۋاب ئىملىقلىرى»، «بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرى» دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1. ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى

بۇ تۈرگە تۆۋەندىكىدەك ئىملىق سۆزلەر كىرىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

## هەببەللى

ئىنتايىن مۇۋاپىق كۆرگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پاتەمخان: ... سېيىت ئۆيگە كىرگۈچە مەن غۇنچەمنى باشلاپ چىقىمەن.

تۇرغان: ھەببەللى، جايىدا (ز. قادىر)

## بەللى

ماختاش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بەللى، يارايسىلەر، بۇ ئىشنى ناھايىتى ياخشى قىلدىڭلار.

بەزىدە ئەكس مەنىدىمۇ (ياقتۇرماسلىق مەنىسىدىمۇ) قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بەللى، شۇنىمۇ گەپ دەپ قىلىۋاتامسەن؟!

## بەللى - بەللى

«ھەببەللى» بىلەن مەنىداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بەللى - بەللى، قالتىس گەپ قىلدىڭىز - دە، شاگىيۇكا... (ز. قادىر)

## ۋاھ

بەكمۇ يارىتىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاھ، ناھايىتى ياخشى ئىش ئىكەن بۇ. (ز. قادىر)

ۋاھ، تازا لايىق كەلدى.

## ئوھو (ئوھوي)

1. كۆتۈلمىگەن خۇشاللىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئوهۇ... مانا كارامەت، سەنئەت، سەنئەت... (ق. تۇردى)
2. هەيران قېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئوهۇ... نېمىدېگەن كاتتا ئىمارەت بۇ.
ئوهوي، بارىكاللا، ياخشى، چىرايلىق تىكىپسىلەر (ز. قادىر)

## بارىكاللا

كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ماختاش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
بارىكاللا، ناھايىتى ياخشى ئىش قىلدىڭلار.

## ئايهاي

ياقتۇرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئايهاي، بۇ بۇغدايلار نېمىدېگەن ئوخشىغان!

## ئېھ

شېئىرلاردا سۆيۈنۈش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئېھ جۇڭگو! ئىقبالى پارلاق ۋەتىنىم! (ئا. توختى)

## پاھ

1. ھەيران قېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
پاھ، قوللىرىڭىز نېمانچە قاتمال! (ز. سابىر)
2. مەمنۇنلۇق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
پاھ، تازا ۋاقتىدا مېھمان بولۇپ كەپتىمەن - دە! (ز. سابىر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

3. يېقىملىق ھېس قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
پاھ، مانا قىزىق گەپ، «يۇز تاپار» دېگىنى قانداق كىشى-
لەر؟ (گ. جاپپار)

## ئاھ

قايغۇ - ھەسرەت ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئاھ... ئىچىمگە ئوت كەتتى. (ق. ئىمىن)
يانغىن ئوراپ ئالدى گۆدەك بالىنى...
ئاھ! ئوتتەك قانلار يۇگۇردى ئادىمىي يۇرەككە. (ئا. نازى-
رى)

## ھەي

1. ئېچىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
مېنىڭ ئۇكام كەنجىتاي، دادام، مېھرىبان ئانام بىچارە،
ھەي... بۇ كۈنلەرنى كۆرەلمىدى، خەپ! (ق. تۇردى)
2. تەقەززالىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ھەي... كىچىكىپ قالمىغان بولدۇق - تە!
3. يىرگىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ھەي... نېمىدېگەن سەت ھايۋان بۇ!

## ئېھ، ئېھ

بۇ سۆز قايتا - تەكرارلىنىپ ھالسىزلىنىش، ئاغرىق-
تىن ئازابلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
شاھزادە: ئېھ، ئېھ... سۇ، سۇ... جىگىرىم قۇرۇپ كەتتى.
ئاھ، ۋايجان! (ق. ئىمىن)

## ۋايجان (ۋايجانەي)

1. ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋايجان، بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.
2. چارچاش، ئۇسساش، ئېچىرقاش قاتارلىق ھالسىزلىنىش ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋايجان، بەك ھېرىپ كەتتىم.
ۋايجان، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.
ۋايجان، بەك ئۇسساپ كەتتىم.
3. قورقۇش، چۆچۈش ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋايجان، نېمىدېگەن سەت ھايۋان بۇ!
4. پىسەنت قىلماسلىق ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋايجانەي، «پۇل… پۇل» دەپ، بىز دۇكان ئاچاتتۇقمۇ؟!

## ۋىيەي

بۇ ئىملىق ئاساسەن خوتۇن - قىزلار تەرىپىدىن قوللىنىلىپ، تۆۋەندىكى ئىمالارنى بىلدۈرىدۇ:
1. ئىزا تارتىش، ئوڭايسىزلىنىش. مەسىلەن:
ۋىيەي، سىز بىر بويتاق، مەن بىر تۇل ئايال، قانداق مېھمان بولىمەن ئەمىسە؟ (ز. سابىر)
ۋىيەي، خەق نېمە دەپ قالغاندۇر؟
2. ئېتىراز بىلدۈرۈش. مەسىلەن:
زورىخان: «ئۇ كۈنى سىلەر ھاشارغا بارمىدىڭلار…» دەپ ۋالاقلاۋاتىدۇ.
غۇنچەم: ۋىيەي، ئۆستەڭگە دەپ باغدىن نەچچە ھارۋا شاخ كېسىپ كەتتىغۇ… (ز. قادىر)
3. چۆچۈش، قورقۇش. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

غۇنچەم: ۋىيەي، كىمدۇر ئۇ؟ (ز. قادىر)

## ۋاييەي

1. ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋاييەي، قولۇمنى دەسسىدىڭ!
ۋاييەي قولۇم، قولۇمنى ئىششىك قىسىۋالدى!
2. پىسەنت قىلماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
نۇرۇم: ... پۇل تېپىش كېرەك ئىكەن، غۇنچەم.
غۇنچەم: ۋاييەي، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.
«پۇل ... پۇل» دەپ، دۇكان ئاچاتتۇقمۇ. (ز. قادىر)
3. ئېتىراز ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
شاڭيۇ: ... بىزنىڭ 3 ـ 4 كالا تۇغۇپتۇ، بىرەرسىنى ئەكىلىپ سېغىپ ئىچسىلە.
زورىخان: ۋاييەي، كىشىنىڭ جانلىق مېلىنى تۇتامدىغان. (ز. قادىر)

## ۋاي

1. قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ھەسرەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (سوزۇپ ئېيتىلىدۇ). مەسىلەن:
ۋا... ي دوستۇم، ئۇ كۈنلەردە مۇنداق ئىشلار كىمنىڭ بېشىغا كەلمىگەن.
2. قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، جېمىلەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋاي سادەتخان! ئەمدى كەلدىڭىزمۇ؟ سازچىلار سىزدىن رەنجىشتى. (ز. قادىر)
3. ئۇخايسىزلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
قازى: (پۇلنى قولىغا ئېلىپ) ۋاي، بۇ نېمە قىلغانلىرى

(ز. قادىر) …

4. جىددىيلىشىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي چۈشۈڭلار، ئاكاڭلارنىڭ كىيىمىنى بۇلغايسىلەر. (ز. سابىر)

ۋاي ئۇلار كېلىپ قالدى! چاپسان بولۇڭلار.

5. ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. (ئاغرىغان ئەزانى بىلدۈرگۈچى سۆزنىڭ ئالدىغا قوشۇلىدۇ). مەسىلەن:

ۋاي قولۇم! قولۇمنى دەسسىدىڭ!

تەكرارلىنىپ كەلسە، بەك ئاغرىغانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پاتەمخان: غالجىر ئىت (سېيىتنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق ئۇرىدۇ)

سېيىت: ۋاي، ۋاي، ۋاي ياڭىقىم!

6. ۋاپات بولغان كىشى ئۈچۈن يىغلىغاندا، شۇ كىشىنىڭ ئاتالمىسى ئالدىغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تۈيۈقسىزدىن يان ھويلىنى «ۋاي ئاتام، ۋاي قېرىندىشىم» دەپ يىغلىغان ئاۋازلار قاپلاپ كەتتى.

## ئاپلاھەكبەر (ئاپلا)

1. غەزەپلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاپلاھەكبەر، مۇشۇ بالىنى قانداق قىلسام بولار.

2. ئۈمىدسىزلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاپلاھەكبەر، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ!

ئاپلا… ئىش بولمىدى، ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق… (ق. ئىمىن)

3. پۇشايمان ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاپلا، بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا بىكار دەپتىمەن.



## ئەستاغپۇرۇللا (ئەستا)

جىلە بولۇش، تىت - تىت بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شەرۋان: بۇ پەقەت نۇرنىڭ ئىشى، غۇنچىنى پايلاپ يۈرۈپتىكەن دۆيۈز.

شاڭيۇ: ئەستاغپۇرۇللا! (ز. قادىر)

ئەستا، بۇ ئىشنىڭ تەتۈرىگە تارتقىنىنى.

## تۇۋا

1. چۈشەنمەي ھەيران بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تۇۋا، راھەت پۈتلىشىپ يۈرسىمۇ كۆز قىرىنى سالماي، جېنىغا جاپا ئىزلەپ يۈرىدىكەن. (ز. سابىر)

2. مەلۇم كېلىشمەسلىكنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— ئۇن نەچچە ياشلىق بىر قىز تۇيۇقسىزدىنلا گەپ قىلالماس بولۇپ قاپتۇ.

— تۇۋا، خۇدا ساقلىسۇن.

## ۋاي - ۋۇي

1. بىزار بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي - ۋۇي… مۇنۇ پۇرۇمچۇقاينىڭ مەمەدانلىقىنى… (ز. سابىر)

2. مەلۇم بىر نەرسىنىڭ مىقدار - ئۆلچىمىگە ھەيران

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي - ۋۇي، بىر ئەقلىڭ قايسى بىرسىگە يېتەتتى سېنىڭ؟ (ز. سابىر)

ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن كۆپ ئادەم بۇ!

3. مەسخىرە قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي - ۋۇي، «چىقىپ كېتىمەن» دەپ بىزنى قورقۇتماقچىمۇ سەن! (ز. قادىر)

## ھىم

1. چۈشەنگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھىم، راسا ئويلىشىپ ئىش قىلىدىغان يېرى ئىكەن. (ز. سابىر)

2. نەپرەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (ئۇرغۇلۇق ئېيتىلىدۇ). مەسىلەن:

ھىم! ئالۋاستىلار! كىم بىلەن كىم سىرداش ئىكەنلىكى ھازىر سىلەرگە مەلۇم بولىدۇ. (ز. قادىر)

3. ئىشەنمەسلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (ئۇرغۇلۇق، قىسقا ئېيتىلىدۇ). مەسىلەن:

— مەن چوقۇم كېلىمەن.

— ھىم!

— نېمە، ئىشەنمەمسىز؟

## ۋۇي

تويۇقسىزلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋۇي، سۇنۇپ كەتتىغۇ بۇ!

ۋۇي، ئەكبەرمۇ سەن! (ز. سابىر)

## ئوي (ئو)

ياقتۇرماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (سەل سوزۇپ ئېيتىلىدۇ). مەسىلەن:
ئو... ي، پايدىسى يوق نەرسىنى قويۇپ تۇرساڭچۇ. (ز. قادىر)
ئو... ي، قويۇڭا چاقچىقىڭىزنى! (م. قادىر)

## ۋاي تېخى

ئانچە ئىشەنمەسلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
نۇرۇم: كېچە - كۈندۈز مېنىڭ خىيالىم سىلەردە.
غۇنچەم: ۋاي تېخى، ئۇستىلىق دېگەن مانا. (ز. قادىر)

## هە

1. يېڭى چۈشەنگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (سەل سوزۇلۇپ، ئاخىرى كۆتۈرۈلىدۇ). مەسىلەن:
هە... شۇ ئىشقا خاپا بولغانىكەنسەن - دە!
باسىت: بىر ئات هارۋىسى بار، ئۇنى هۆركۈرەتكەن شۇمىكىن.
شاڭيۇ: هە... توختاپ تۇرسۇن، كۆرىمىز. (ز. قادىر)
2. ئەسلەۋاتقانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (تۈز، سوزۇپ ئېيتىلىدۇ). مەسىلەن:
هەزرەتلىرى ئۈچ نەرسىنى ياخشى كۆرىلا: بىرىنچىسى، پۇلنى؛ ئىككىنچىسى، پادشاھنى؛ ئۈچىنچىسى، هە... (سەل تۇرۇۋېلىپ) خېنىمنى، هە، خانقىزنى (ق. ئىمىن)
3. يېڭى ئەسكە ئالغانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
هە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى.
هە راست، ئاۋۋال چۆچەك ئاڭلايلى. (ق. ئىمىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## پا

كۆيگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
پا، چىنە ئىمىدىگەن قىزىق!

## ئۇھ (ئۇف)

1. چارچاش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئۇھ... ھېرىپ كەتتىما. (ز. قادىر)
2. ھالسىزلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
غۇنچەم... ئۇھ جېنىما (كالتە يۆتىلىپ مەيدىسىنى تۇتىدۇ).
(ز. قادىر)
3. راھەت ھېس قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئۇھ، ئەجەب سالقىن شامال چىقتى!

## ئىسىت

ئېچىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئىسىت، ئېچىلماي تۇرۇپ توزىغان غۇنچەم! (ز. قادىر)
بۇ سۆز بەزىدە «ۋاي ئىسىت»، «ۋاي ئىسىتەي»، «ئىسىتقىنا» شەكىللىرىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:
ۋاي ئىسىتەي، غۇنچەمدەك چىرايلىق، چېچەن قىز باينىڭ شۇ قوپال، ماڭقا ئوغلىغا خوتۇن بولۇپ كېتەرمۇ. (ز. قادىر)
ئىسىتقىنا ئاغزىم، ساڭا گەپ قىلغان!

## يائاللا

1. چۆشىنەلمەي ھەيران بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ياﺋاللا، شۇنداقمۇ ﺋادەملەر بولىدىكەن ـ ھە!

2. ﺋىشىنىش ﺋاقىۋىتىدىن قورققانلىق ﺋىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ياﺋاللا، تۆيۈپ قالسا قانداق قىلارسىز. (ز. قادىر)

3. زارلىنىش ﺋىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ياﺋاللا، زادى ﺋارام بەرمەيدىغان بولدۇڭ ـ دە.

## ھەتتەڭگەي

تەققەززالىق ﺋىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھەتتەڭگەي، ﺋەمدى چىقسا بولاتتى! (ز. قادىر)

## خەپ

ﺋاداۋەت تۇتۇش، تەن بەرمەسلىك ﺋىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يايى: خەپ تۇر، بىر قوشۇق قېنىڭنى ﺋىچمىسەم توختاپ تۇر. (ز. قادىر)

خەپ، بۇ قېتىم ﺋۆتتۈرىۋەتتۇق.

## خەير

كەچۈرۈش، زورىغا ماقۇل بولۇش، ۋاقتىنچە تەن بېرىش ﺋىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

خەير، قورۇنما ﺋاپا، يەرلىكىڭدە تىنچ يات. (ز. قادىر)

سىز ﺋارىغا چۈشۈپ قالدىڭىز، خەير بوپتۇ.

خەير... مەن ھاياتلا بولسام ﺋۇنىڭ بىلەن تېخى ھېسابلىشىمەن. (ق. تۇردى)

## ۋاي خۇدايىمەي

1. ئەنسىرەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ (ز. قادىر)
2. ھەيران بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋاي خۇدايىمەي، كىچىكلا قىزغۇ... كەل سىڭلىم. (ق. تۇردى)
3. پىسەنت قىلماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋاي خۇدايىمەي، پۇل كەتسە كەتمەمدۇ!

## ۋاي ئاتام

1. باش قېتىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋاي ئاتام، مۇنچە كۆپ ئادەمنى نەگە پاتقۇزارمىز.
2. ئەجەبلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋاي ئاتام، نېمانداق قاراڭغۇ ئۆي بۇ.

## ۋاي قوۋۇرغام

مازاق قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ۋاي قوۋۇرغام، تېخى «چىقىپ كېتىمەن» دەپ بىزنى قورقۇتماقچىمىكەن!

## خۇدا (ھەي خۇدا)

باش قېتىش، ئەنسىرەش ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
خۇدا، بۇ چاتاقنى قانداقمۇ تۈگىتەرمىز.
ھەي خۇدا، ئۇ بىچارە قانداقمۇ قىلار!

ئاپا

خوتۇن ـ قىزلار تەرىپىدىن قوللىنىلىپ، چوڭچۇش ئىماسىـ
نى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
— ئاپا! — قىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

2. جاۋاب ئىملىقلىرى

بۇ تۈرگە تۆۋەندىكىدەك ئىملىق سۆزلەر كىرىدۇ:

هەئە

بولۇشلۇق جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
— بارامسەن؟
— هەئە.
— قاسىمنى كۆردۈڭمۇ؟
— هەئە، كۆردۈم.

ياق

بولۇشسىز جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
— بارامسەن؟
— ياق.
— قاسىمنى كۆردۈڭمۇ؟
— ياق، كۆرمىدىم.

هە

1. ئىلىك ئېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
— ئەخمەت!

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ھە.

2. «ھەئە» نىڭ ئورنىدا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

— بارامسەن؟

— ھە.

— قاسىمنى كۆردۈڭمۇ؟

— ھە، كۆردۈم.

لەببەي

ھۆرمەت بىلەن ئىلتىك ئېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شاھ: ھەي مۇلازىم!

مۇلازىم: لەببەي... (ق. ئىمىن)

خوش

1. ھۆرمەت بىلەن ئىلتىك ئېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— ھەي ئەخمەت!

— خوش.

2. ھۆرمەت بىلەن ماقۇل بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شاھ: قەلەندەرگە نەزرە ئېلىپ چىق!

مۇلازىم: خوش... (ق. ئىمىن)

خوپ

ھۆرمەت بىلەن ماقۇل بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— جەڭچىلەر تىزىلىسۇن!

— خوپ!

### 3. بۇيرۇق - قىچقىرىق (چاقىرىق) ئىملىقلىرى

بۇ تۈرگە تۆۋەندىكىدەك ئىملىق سۆزلەر كىرىدۇ:

مە — ئېلىشقا ئۈندەش.

بەس — سۆزدىن توختاشقا ئۈندەش.

تىش (تىنچ) — جىم بولۇشقا ئۈندەش.

چۇھ — ئات - ئېشەكلەرنى مېڭىشقا ئۈندەش.

تاخ — توخۇنى قوغلاش.

چاغ — ئىتنى قوغلاش.

كۇش — ئۇچار قۇشلارنى قوغلاش.

پەش — مۇشۇكنى قوغلاش.

قىخ — ئېشەكنى مېڭىشقا ئۈندەش.

هەي (هوي) — ئادەمنى چاقىرىشتا قوللىنىلىدۇ، كۆپىنچە ئىسمىنىڭ ئالدىدا كېلىپ چاقىرىقنى كۈچەيتىدۇ. مەسلەن، ئەخمەت، هەي ئەخمەت!

تۇ - تۇ - تۇ — توخۇنى قىچقىرىش.

مە - مە — ئىتنى قىچقىرىش.

پىش - پىش — مۇشۇكنى قىچقىرىش.

تىر - تىر — ئېشەكنى قىچقىرىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى*

بىز بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلە مەسىلىسىنى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش ئاساسىدا بايان قىلىشقا تىرىشىمىز ھەم ئۇنىڭ كەلگۈسى يۈزلىنىشى ھەققىدىكى پەرەزلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى ھەم تارىخىنى مۇكەممەل بىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىنتايىن پايدىلىق، ئەلۋەتتە.**

## 1. ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق بولۇپ، ئىنتايىن قەدىمكى قاراڭغۇ تارىخ دەۋرىگە

* خەمىت تۆمۈر ئەپەندى بىلەن ۋاڭ جېنجۇڭ ( 王振忠 ) ئەپەندى بىرلىكتە يازغان بۇ ماقالە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1992 - يىلى 8 - ئايدا نەشر قىلغان «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى» ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ 555 — 585 - بەتلىرىدە « 维吾尔族 » دېگەن ماۋزۇ بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، بۇ يەردە چۈشىنىشلىك بولۇشنى ھەم ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماقالە ماۋزۇسىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى» دەپ تەرجىمە قىلدىم. ( — تەرجىماندىن)

** خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن، چاڭدې قاتارلىق جايلىرىدىمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بار، ئۇلار ئۇزاق مۇددەت شۇ جايلاردىكى خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئاللىبۇرۇنلا خەنزۇچە سۆزلىشىدىغان بولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئېلىمىزدىكى مەشھۇر تارىخشۇناس ھەم جامائەت ئەربابى جيەن بوزەن ( 翦伯赞 ) خۇنەننىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسىدىن چىققان ئۇيغۇردۇر. (سابىق) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بەزى جايلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلار توپ ياكى تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى (سابىق) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئاھالىلەرگە ئوخشاش، رۇس فورمىسىدىكى فامىلە قوللىنىدۇ، ئادەتتە فامىلىنىڭ كەينىگە رۇسچە فامىلە قوشۇمچىسى «- ئېۋ، - ئوۋ» (ئاياللار ئۈچۈن «- ئوۋا، - يېۋا») لار قوشۇلىدۇ، شۇڭا، (سابىق) سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىم بۆلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىم بۆلىكى بىلەن ئوخشاش، بىراق فامىلە بۆلىكى پەرقلىقتۇر.

ئائىت ئەپسانە - رىۋايەتلەردىلا (ئۇيغۇرلاردىكى) ئىسىم ھەم ئىسىم قويۇشقا دائىر تەپسىلىي تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ. «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن كلاسسىك داستانى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىدىكى ئەجدادى ئوغۇزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مىراسىدۇر.* «ئوغۇزنامە» دىكى كىشى ئىسمى ھەققىدە بېرىلگەن بايان تۆۋەندىكىدەك:

«ئاي» (Ay، تۈندىكى ئاي) ئاتلىق بىر ئايال خاقان (خان) بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. ئۇ ئوغۇلنىڭ يۈزى كۆك، ئېغىزى يالقۇندەك، قاش ۋە چاچلىرى قويۇق قارا، كۆزلىرى ئاچ قىزىل بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتى (دەسلەپكى سۈتى) نى بىر قېتىملا ئىمىپ، قايتا ئەممەستىنلا، شاراپ ئىچىپ گۆش يېيىشكە باشلايدۇ، ھەم تىلى چىقىدۇ، 40 كۈن ئىچىدە چوڭ ئادەم بولىدۇ. بۇ بوۋاق دەل ئوغۇز خاقاندۇر. بۇ بۆلۈمدە ئوغۇز خاقانغا ئىسىم قويۇلۇش ئەھۋالى مۇنداق سۆزلىنىدۇ: ئۇ تۇغۇلۇپلا ئوزۇقلۇق ۋە ئانتىتېلا (مىكروبقا قارشى ماددا) تەركىبى ئىنتايىن مول بولغان ئوغۇز سۈتىنى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن «ئوغۇز» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئوغۇز» نىڭ ئۇيغۇر تىلى ھەم باشقا تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىدىكى تىللاردىكى مەنىسى «دەسلەپكى سۈت» تۇر. بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر ئامىمىسىنىڭ قوي - كالىلارنىڭ ئوغۇز سۈتىنى پىشۇرۇپ، كىچىك بالىلىرىغا ئىچۈرۈپ قويىدىغان ئادىتىنى كۆرەلەيمىز.

ھېكايە يەنە مۇنداق داۋاملىشىدۇ: ئوغۇز خاقان بىر يەردە

---

* ھازىر مەلۇم بولغان «ئوغۇزنامە» نىڭ ئەڭ قەدىمكى تولۇق بولمىغان قولىيازما نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدىكى Seheter كىتاب ساقلاش ئۆيىدە ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان ئۇيغۇرچە «ئوغۇزنامە» گە قاراڭ (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى).

تەڭرىگە تاۋاپ قىلىۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز ھاۋا قاراڭغۇلىشىپ ئاسماندىن بىر كۆك شولا چۈشىدۇ، ئۇنىڭ نۇرى تەڭداشسىز بولۇپ، ئايدىنمۇ يورۇق، كۈندىنمۇ نۇرلۇق ئىدى. شولا ئىچىدە بىر قىز تەنها ئولتۇرغان بولۇپ، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، ماڭلىيى ئوتتەك، قارا خالى تۆمۈردەك ئىدى. ئۇ كۈلسە، تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى، ئۇ يىغلىسا، تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز خاقان بۇ قىزغا كۆيۈپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغۇلىدۇ، چوڭىغا «كۈن»، ئوتتۇرانچىسىغا «ئاي»، كەنجىسىگە «يۇلتۇز» دەپ ئىسىم قويىدۇ. «كۈن» نىڭ مەنىسى «قۇياش»، «ئاي» نىڭ مەنىسى «تۈندىكى يورۇق ئاي»، «يۇلتۇز» نىڭ مەنىسى «ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇز» دۇر.

يەنە بىر كۈنى ئوغۇز خاقان ئوۋ ئوۋلاپ بىر كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قالىدۇ ۋە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۈپ دەرەخنى، ئاندىن دەرەخ كاۋىكىدا تەنها ئولتۇرغان كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆك، چاچلىرى ئېقىن سۇدەك ئەۋرىشىم، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئاپئاق بىر قىزنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئوغۇز خاقاننىڭ يۈرىكى لاۋۇلداپ، ئۇ قىزغا ئاشىق بولىدۇ ھەم ئۇنى ئەمرىگە ئالىدۇ. ئۇ ئايالدىنمۇ ئۈچ ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا «كۆك» (ئاسمان)، «تاغ» (چوڭ تاغ) ۋە «تەڭىز» (دېڭىز) دەپ ئات قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقان كاتتا زىياپەت تەييارلاپ، پۈتۈن خالايىقنى شاراپقا تەكلىپ قىلىپ قۇتلۇقلايدۇ.

«ئوغۇزنامە» نىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن بىز ئەڭ ئاددىي بولغاندىمۇ مۇنداق ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز: بىرىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا بوۋاقلارغا رەسمىي ئات قويۇش ئادىتىگە ئىگە ئىدى؛ ئىككىنچى، ئۇ چاغدىكى ئىسىملار ھەيۋەتلىك تەبىئەت ھادىسىلىرى، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغ - دېڭىز ۋە كۆك ئاسمان قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان؛ ئۈچىنچى، ئەرلەر ئىسمى بىلەن ئاياللار



www.uyghurkitap.com

ئىسمى قاتتىق ئۆلچەم بىلەن ئايرىلمىغان، ئوغۇز خاقانىنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى «ئاي» ئىدى، كېيىن ئۇ 1 - خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوتتۇرانچى ئوغلىغىمۇ «ئاي» دەپ ئىسىم قويغان. خۇددى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا خاس ئىسىملارنى قوللىنىپ، كېيىن يەنە يېڭى ئىسىملارنى قوللانغانغا ئوخشاش، قەدىمكى دەۋردىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئات قويۇشقا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. «ئوغۇزنامە»دە قوللىنىلغان «كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، تاغ، تەڭىز» قاتارلىق كىشى ئىسىملىرى، ئېھتىمال، ئىپتىدائىي ئېتىقاد، يەنى «ھەممە نەرسىنىڭ روھى بار، تەبىئەت كۈچى ئىنساننىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن ئانىمىزملىق قاراش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلەردىكى دەسلەپكى ئەجدادى «دەسلەپكى سۈت» مەنىسىدىكى «ئوغۇز» سۆزىنى ئىسىم قىلىپ قويغان. كىشىنى قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، قەدىمكى تارىختا ھەقىقەتەن «ئوغۇز» نامى بىلەن ئاتالغان قەبىلە بولغان. مىلادىيە 11 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى قالدۇرغان قىممەتلىك مەدەنىي مىراس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بۇ ھەقتە ئىنتايىن ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىيال ئۇچرايدۇ. مەھمۇد كاشغەرى چۈشەندۈرۈپ: «‹ئوغۇز›، — تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر، 22 ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ‹قىنىق›نى يېتەكچى قىلغان بۇ 22 ئۇرۇقنىڭ نامىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادىنىڭ ئىسمىدۇر» دەيدۇ. بۇ چۈشەندۈرۈش «ئوغۇزنامە»دىكى ھەقىقىي تەركىبلەرنى تولۇق ئىسپاتلاش بىلەن بىللە قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئادەم ئىسىملىرىنىڭ جەمەت ياكى قەبىلە نامىغا ئايلىنىش ئەھۋالىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.* تا ھازىرغا قەدەر،

---

* «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك (تۈركىي تىللار دىۋانى)» I توم (ئۇيغۇرچە). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى. 77 - 80 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىۋاتقان قازاق، قىرغىزلارنىڭ كۆپ قىسمى دادا ئەجدادلىرى، بوۋا ئەجدادلىرى، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئىلگىرىكى ئۇرغۇن ئەجدادلىرىنىڭ ئىسمىنى راۋان دەپ بېرەلەيدۇ ھەم ئاخىرىدا قەبىلە نامىغىچە سۈرۈشتۈرەلەيدۇ. تۈركىي تىللىق بۇ مىللەتلەرنىڭ قەبىلە نامىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

## 2. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە تىل تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ باردى. چوڭ ئۆزگىرىش نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دەۋر (مىلادىيە 10 - ئەسىردىن بۇرۇن)، ئىسلام دىنى ئىسىملىرى دەۋرى (مىلادىيە 10 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە)، ھازىرقى دەۋر. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ۋە دىنىي قائىدىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتتى، تا بۇگۈنگە قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ بىرەرسىمۇ مۇسۇلمانلىقنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئىسلام دىنى بىلەن زىچ باغلانغان.

### 1. ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دەۋر

بۇ دەۋردىكى ئادەم ئىسىملىرىگە دائىر ھۆججەتلىك خاتىرىلەرنىڭ ئىنتايىن چەكلىك بولۇشى بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۇمۇ-

يۈزلۈك تەكشۈرۈشىمىزگە زور قۇلايسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. پەقەت بىز بىلىدىغان مۇشۇ دەۋرگە ئائىت كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنىسى ۋە قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، بۇ دەۋردىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىككى خىل ئالاھىدىلىكىنى بايقاشقا بولىدۇ: بىرى، تۈرلۈك تەبىئەت كۈچلىرى ۋە يىرتقۇچ قۇش، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئات قىلىپ قويۇش. بۇنداق ئىسىملارنىڭ ھەممىسى تەبىئىيلا قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر (بەزىلىرى ئورتاق تۈركىي سۆزلەر) دىن بولغان. بۇ تۈردىكى ئىسىملاردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ: قۇرت (بۆرە)، قاچىغار (قوچقار)، ئارسلان (شىر)، ئايىق (ئېيىق)، چاغرى (لاچىن)، بۇركۇت، قاپان (قاۋان)، توغرىل (بىر خىل يىرتقۇچ قۇش) ھەمدە «ئوغۇزنامە» دىكى ئادەم ئىسىملىرى. كۈن - ئاي، تاغ - دەريا ۋە ئۇچار قۇش، جان - جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەت كۈچىنىڭ سىمۋولى. بۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئات قىلىپ قويۇشنىڭ ئۆزى تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنۇش، تۇتېمغا چوقۇنۇشنىڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى كەڭ تەسىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ ئىككىنچىسى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ خىل دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتى كىشى ئىسىملىرىدە ئۆز ئىزنالىرىنى قالدۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ دەسلەپ قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان، ئۇ چاغلاردا ئۇلار شىمالدىكى باشقا يايلاق مىللەتلىرىگە ئوخشاش كەڭ دائىرىدە سامانغا — ئانىمىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. كېيىنچە، ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك سەييارە سوغدى سودىگەرلىرى ۋە مانى دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى شەرققە ئىلگىرىلەپ سودا - تىجارەت ۋە دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان. غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، بۇددا دىنى كەڭ كۆلەمدە تارقالغان ۋە شىنجاڭدا قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرغان. ئىچكىرىنىڭ مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ ئىزچىل تەسىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى كىرمە سۆزلەردە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، كىشى ئىسمىلىرىمۇ بۇلاردىن مۇستەسنا ئەمەس. Qintsu دېگەن ئادەم ئىسمى، ئېھتىمال qinsu سۆزىنىڭ ۋارىيانتى (ئۆزگەرگەن شەكلى) بولۇشى مۇمكىن، qinsu سۆزى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، «ئۈنچە - مارجان» مەنىسىدە. Qintsu دېگەن ئىسىم ئېھتىمال، «قىممەت-لىك» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن. يەنە Qarikqa دېگەن كىشى ئىسمى ئۇچرايدۇ، بۇ ئېھتىمال سانسكرىتچە كىرمە سۆز Qarik (يۇمىلاق، چاق) قا qa - قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان بولـۇشى مۇمـكىن. «ئالتۇن يارۇق» مۇ Singku Cäli Tutung (س. مالوفنىڭ يازغىنىغا ئاساسەن) دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئاتاقلىق رۇس تۈركو-لوگى ۋ. ۋ. رادلوفنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسلانغاندا، بۇ نومنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى چوقۇم 13 — 14 - ئەسىرلەرگە تەۋە بولىدۇ. تەرجىمان Singku Cäli Tutung نىڭ ئىسمىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى تېخى ئېنىق بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىچىدىكى Cäli سۆزى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا سەدىقە - سېلىق تاپشۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ،* يۇقىرىقى ئۈچ ئىسمىنىڭ بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. «قەدىمكى ئۇيغۇر تۈرك-چىسى سۆزلۈكى» دە «ئادام توغرىل (Adam Togril)» دېگەن بىر كىشى ئىسمى ئۇچرايدۇ. بۇ ئىسىمنى ئازراق تەھلىل قىل-ساق، كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدۇ: ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسمى «ئادام» ، «ئادام» دىنىي كىتاب «ئىنجىل» ۋە «تەۋرات» تا بايان قىلىنغان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى، تەڭرى ياراتقان تۇنجى ئىنسان، ئىسلام دىنىمۇ ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىقى-

* «ئالتۇن يارۇق» . س. مالوفنىڭ كىرىش سۆزى ھەمدە ۋ. رادلوفنىڭ كىرىش سۆزى. سانپېتېربۇرگ، 1913 - يىلى نەشرى، 558 - بەت.

نى ئىبتىراپ قىلىدۇ، «قۇرئان» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە ئۇنى "阿丹" دەپ ئالغان. بۇ ئىسىمنىڭ ئارقا قىسمىدىكى «تۇغرىل» بولسا بىر خىل يىرتقۇچ قۇشنىڭ نامى. بۇ ئىسىمنىڭ كۆرۈلۈشى مانى دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. مانى دىنى ئاتەشپەرەسلىك (ئوتقا چوقۇنۇش)، خرىستىئان دىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ ھەرقايسى تەلىماتلىرىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ راھىبلىرى خرىستىئان دىنى مۇراسىمى شەكلىدىن پايدىلىنىپ دىن تارقاتقان. شۇڭا، تەبىئىي ھالدا خرىستىئان دىنىنىڭ دىنىي رىۋايەتلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دەۋردىكى بۇ ئىسىم ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن خالىي ھالدا پەيدا بولغان.

يۇقىرىقى ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە كىشى ئىسىملىرىدىن باشقا يەنە ئادەتتىكى ئىسىم ياكى پېئىل سۆزلەرنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىنى ئىسىم قىلىپ ئىشلىتىشمۇ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، ياش (يېشىل؛ ياش)، يارۇق (يورۇق)، تارىك (ئازاب)؛ بىر ئايالنىڭ ئىسمى «كۈسۈك (بىر خىل قارىغاينىڭ ئۇرۇقى)» بولۇپ، ئۇ ئېھتىمال كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولغان بولۇشى مۇمكىن. تۇرا (Tura)، تۇرمىش (Turmix)، تۇرچى (Turqi) قاتارلىق ئىسىملار يىلتىز پېئىل «تۇر-» غا قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان بولۇپ، «تۇر-» نىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئورنىدىن تۇرۇش، رۇسلىنىش»، كېڭەيگەن مەنىسى «ئۆلمەس» تۇر. بۇ ئىسىملار ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ياشلا ئۆلۈپ كەتمەستىن، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. يۇقىرىدىكى بۇ ئىسىملاردىن ياكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇلاردا ئەكس ئەتكىنى دىندىن خالىي تۇرمۇشتۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، بۇ ئىسىملار ئاتا - ئانىلارنىڭ ئوخشاشمىغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئۇلار ئوخشاشمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇستىكى سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگىدۇر.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، دىندىن خالىي ئارزۇلارنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار ئىنتايىن كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل ئىسىملار ئىسلام دىنىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە بەرداشلىق بېرىپ، بۈگۈنگىچە قوللىنىلماقتا. بەزى سۆزلەر ئىشلىتىلىشتىن قالغان بولسىمۇ، بىراق ئوخشاش ئارزۇ يەنىلا باشقا ئادەتتىكى ئىسىملار بىلەن ئىپادىلەنمەكتە؛ بەزى سۆزلەردە قىلچىلىكمۇ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، مەسىلەن، «تۇرا» (Tura) ھەم «تۇر ـ» غا قوشۇمچە قوشۇپ ياسالغان ئادەم ئىسىملىرى ئەنە شۇنداق. مەيلى قانداق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان قۇتلۇق تىلەكلىرى مەڭگۈلۈكتۇر.*

## 2. ئىسلام دىنى ئىسىملىرى دەۋرى

مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە، ئىسلام دىنىنى ئالدى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلام دىنى شەرققە قاراپ كېڭەيدى، كېيىنچە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى، ئىسلام دىنى پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق دىنىغا ئايلاندى. بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرى ھەر تەرەپلىمە بولۇپ، مۆرتلارنىڭ دىنىي قىزغىنلىقى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرگە ئىخلاسمەنلىكى ئىلگىرىكى مەدەنىي مىراس-

* ئىسلام دىنىي شىنجاڭغا تارقىلىشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىگە دائىر ماتېرىياللار تۈركىيىلىك ئە. جەفەر ئوغلى تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى» (1968 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان) بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»ىدىن ئېلىندى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىن ئېلىنغان كىشى ئىسىملىرىنىڭ بىر قىسمى ئابلىمىت روزىنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ مەنبەسى» (ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـ سانى) ناملىق ماقالىسىدىن نەقىل قىلىندى. نەقىل ئېلىنغان كىشى ئىسىملىرىنىڭ يېزىلىشىدا پرىنسىپ جەھەتتىن ئەسلىي ماقالىدىكىنى ئاساس قىلدۇق.

لار ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى زور دەرىجىدە سۇسلاشتۇردى.

بۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، نۇرغۇنلىغان «دىنىي ئىسىم» لار مەيدانغا كەلدى. دىنىي ئىسىم — ئىسلام دىنى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك كىشى ئىسىملىرىدۇر، كونكرېت ئەھۋالنى كېيىن تەپسىلىي بايان قىلىمىز. دىنىي ئىسىملاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم پارسچە ۋە ئەرەبچە سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى پەيدا بولدى. زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەسلىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئۆزگىرىش (بەزىلىرى ئەسلىي شەكلىنى ساقلاپ قالدى) ئارقىلىق يەنىلا تا ھازىرغا قەدەر ئىشلىتىلىۋەردى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى سۇتۇق بۇغراخان باش بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەم ئالدى بىلەن ئۆز ئىسمىنىڭ ئالدىغا «سۇلتان ئابدۇلكەرىم» دېگەن دىنىي ئىسمنى قوشقان.* بۇنىڭدىكى «ئابدۇلكەرىم» نىڭ مەنىسى «چەكسىز سېخىي ئاللاھنىڭ قولى» دېگەنلىك بولۇپ، ئەسلىدىكى ئىسمى بىلەن قوشقاندا، پۈتۈن ئىسمى «ئاللاھنىڭ قۇلى سۇلتان سۇتۇق بۇغرا (ئەركەك تۆگە) خان» دېگەن مەنىدە بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمدارلارنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن دىنىي ئىسىملار ئومۇملىشىشقا باشلىدى. دىنىي ئىسىملارنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئومۇملىشىش ۋاقتى گەرچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ئايلاندى.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى يالغۇز دىنىي ئىسىملارنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش مۇراسىمىغىمۇ دىنىي تۈس قوشتى. ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ھەققىدە بىزدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بىزنىڭ ھازىر بىلىدىغىنىمىز ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە ئىسىم قويۇش شەك-

---

* پەرھات جىلان: «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر قوللانغان ئادەم ئىسىملىرى ۋە بىر قىسىم ئۇنۋانلار توغرىسىدا». «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1982 - يىللىق 5 - سان.

لى بولۇپ، بۇ خىل مۇراسىم شەكلى ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا.

ئۇيغۇرلاردا يېڭى بوۋاق ئالەمگە كۆز ئاچقاندا پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى خۇشاللىققا چۆمىدۇ. بوۋاققا قانداق ئىسىم قويۇش كېرەك؟ بۇ ھەتتا بوۋاق تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئاتا ـ ئانىلارنى ھاياجانغا سالىدىغان مەسىلە. ئادەتتە دىنىي قائىدىلەرنى پىششىق بىلىدىغان مولىلار ئۇلارغا دىنىي ئىسىم تېپىپ بېرىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپلا بىرقانچە كۈن ئىچىدە، بوۋاقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مەزىننى چاقىرىپ كېلىدۇ. مەزىن تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ، قىبلىگە قاراپ «ئاللاھۇ ئەكبەر...» دەپ، بالىنىڭ ئوڭ ۋە سول قۇلىقىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەزان ۋە تەكبىر كەلىمىلىرىنى ئېيتىپ، ئاندىن ئالدىن بەلگىلەنگەن ئىسىمنى قويىدۇ، كېيىن بوۋاقنى ئاستا يەرگە (جايىنامازغا) قويۇپ، قولى بىلەن يېنىك بىر يۆمە- لاتقاندىن كېيىن بالىنى قولىغا ئېلىپ، باققۇچىسىغا تۇتقۇزىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش مۇراسىمى بولۇپ، بۇنداق مۇراسىم قائىدىلىك ھەم سۈرلۈك دىنىي كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈ- زۈلىدۇ. مۇراسىمدىن كېيىن بوۋاقنىڭ ھەممىگە تونۇش ئىسمى بار بولىدۇ ھەم ئۆمۈر بويى شۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئىسىم ئۆزگەرتىدىغان ئادەت يوق. بۇ خىل كۈچلۈك دىنىي تۈس ئالغان ئىسىم قويۇش مۇراسىمى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان بو- لۇپ، ئۇ ئاللىبۇرۇنلا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتتى. لېكىن، ئازادلىقتىن كېيىن تۇغۇلغان بوۋاق- لارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى بېكى- تىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن مەزىنگە ئوقتۇرۇپ مۇراسىم ئۆتكۈ- زىدىغان بولدى.

پارسچە ۋە ئەرەبچە سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى ئىسلام دىنى- دىكى دىنىي ئىسىملاردىن پەرقلىنىدۇ. بۇ سۆزلەر ئۇزاق مۇددەت- لىك ئىستېمال جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مور- فولوگىيىلىك ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنۇپ، ئۇيغۇرچە

سۆزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ سۆزلەر دىنىي ئىسىملارغا ئوخ-
شاش سىرلىق (مەنىسى چۈشىنىكسىز) ئەمەس، بەلكى ھەممە
كىشىگە چۈشىنىشلىك بولۇپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى
بويىچە بۇ تۈردىكى ئىسىملارنى تاللاپ ئىشلىتەلەيدۇ. 19 -
ئەسىردە شىنجاڭ قەشقەردە بىر باتۇر خەلق ناخشىچىسى ئۆتكەن،
ئۇنىڭ ناخشىلىرى ئەركىن بولۇپ، گۈزەل تۇرمۇشقا تەلپۈنگەن.
ئۇنىڭ ناخشىلىرى بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ جىنىغا تەگكەچكە،
ئۇنى قوزغىلاڭچى يۇرتداشلىرى بىلەن بىرگە ئىلىگە سۈرگۈن
قىلغان. ئىلى بېگى ئۇنىڭغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تېگىش-
كە مەجبۇرلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن
ئىلى بېگىنى ئۆلتۈرۈپ، كېيىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.
ئۇ تا ھازىرغىچە پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق بولغان نوزۇ-
گۇم (Nuzugum) دۇر. «نوزۇگۇم» دېگەن بۇ ئىسىم پارسچە
nazuk (ئۇيغۇرچە nazuk ياكى nuzuk) سۆزىگە ئۇيغۇر تىلىدىكى
كۆيۈنۈشنى بىلدۈرىدىغان بىرىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى
«- ئۇم» نى قوشقاندىن كېيىنكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشتىن
كېيىن شەكىللەنگەن. nazuk سۆزى «يۇمشاق، ئەۋرىشىم» دې-
گەن مەنىدە. نوزۇگۇم بەگنى ئۆلتۈرۈپ قومۇشلۇققا قېچىپ
بارغىنىنى بايان قىلىپ مۇنداق ناخشا ئېيتىدۇ:

ئايدىڭدا قومۇشلۇقتا،
دەرد - مۇڭ چۈشتى باشىمغا.
قوغلار چېرىك شاڭ ئۈچۈن،
مەن نوزۇكنى تۇتماققا.•

• بۇ قوشاقنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردىن تەپسىلىي ئىزدەپ تېپىشقا ۋاقىت يار بەرمىگەنلىكتىن، خەنزۇچىسى ئاساسىدا تەرجىمە قىلىندى. ئەسلىي تېكىستتىكى خەنزۇچىسى مۇنداق: 阳光照在苇丛顶上，悲愁落在我的头上。兵勇在后面紧紧追赶，抓我 — 努孜克木好去请赏。 (تەرجىماندىن —)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ناخشا تېكىستىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مىسراسىدىكى «نۇزۇك» ناخشىچى قوللانغان ئىككى بىسلىق مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ ھەم نۇزۇگۇمنىڭ ئۆز ئىسمى (كۆيۈنۈش قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان)، ھەم ئۇنىڭ «ئەۋرىشىم (ئاجىز) قىز» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. بىز يەنە ئۇ يۇرتىدىن ئىلىگە پالانغان چاغدا، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئېيتقان ناخشىسىغا قارايلى:

شىرىن قىزىم نۇزۇك ئاي،
ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلدىم.
ھېچكىم مەندەك بولمىغاي،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.•

بۇ ناخشا تېكىستىدىكى «نۇزۇك ئاي» سۆزى دادىسىنىڭ نۇزۇگۇمنى يەنە بىر خىل كۆيۈنۈش بىلەن ئاتىشى بولۇپ، ئۇ «نۇزۇگۇم» دېگەن ئىسمىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدۇر، ئۇنىڭ مەنىسى «ئەۋرىشىم، ئۇماق ئاي» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ مىسالدىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پارسچە كىرمە سۆزلەرنى كىشى ئىسمى قىلىپ قوللانغاندا، ئۇلارغا خىلمۇخىل نەپىس ھېسسىي تۇسلۇك قوشۇمچىلارنى قوشىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەگەر «نۇزۇك»نى ھېچقانداق ھېسسىي تۇس قوشۇلمىغان «بىتەرەپ» ئايال ئىسمى دېسەك، «نۇزۇگۇم» ۋە «نۇزۇك ئاي» بولسا، سىلىقلاشتۇرۇش سۆزى (تەركىبى) قوشۇلۇپ كۆيۈنۈش ۋە ئەركىلىتىش ئىپادىلەنگەن ئىسىملاردۇر، «نۇزۇگۇم» دېگەن ئىسىم بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىگە تونۇشلۇق بولغان بۇ ناخشىچىنىڭ رەسمىي ئىسمى بولۇپ قالدى.

گەرچە ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تە-

---

• بۇ قوشاقنىڭ ئۇيغۇرچىسى ئۇچقۇنجان ئۆمەر تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1981- يىلى 12 - ئايدا نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 5 - بېتىدىن ئېلىندى (— تەرجىماندىن).

رەپلىرىگىچە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق قەدىمـ
كى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەلىرى يەنىلا ئوخشاش بولمىغان
دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان. دىنىي ئىسىملار كۆپلىگەن قەدىمكى
كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر
قىسىم هايۋانات نامىلىرى ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرى نامىلىرى ئاساـ
سىدىكى كىشى ئىسىملىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك هاياتىي كۈـ
چىنى يوقاتمىغان. تا هازىرغا قەدەر ئارسلان، يولۋاس قاتارلىق
باتۇرلۇق، كۈچ ۋە جاسارەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئىسىملار ئاتا ـ
ئانىلار ئوغۇللىرىغا قويۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئىسىملاردۇر.
«ئاي» ، «يۇلتۇز» دېگەن ئىككى ئىسىمنى « ‹ ئوغۇزنامە › دە ئوـ
غۇز خاقانىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇلار تەبىئەت كۈـ
چىنىڭ سىمۋولى ئىدى» دېسەك، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار گۈزەلـ
لىك، يورۇقلۇق ۋە پاكلىقنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى. «تۇرسۇن» ،
«توختى» دېگەن ئىسىملاردا ئىپادىلەنگەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز
پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە بولغان ئارزۇسى شۇنـ
چىلىك كۈچلۈك بولدىكى، ھەتتا دىنىي ئىسىملارنىڭ كەلكۈندەك
زەربىسىدىمۇ، ئۇلار يەنىلا دىنىي ئىسىملار بىلەن بىرلىشىپ
كېتىش شەكلى بىلەن ساقلىنىپ قالدى. «تۇرسۇنمەمەت» ،
«مەتتوختى» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق «بىرلەشمە ئىسىم» لاردۇر
(كېيىن تەپسىلىي چۈشەندۈرىمىز) ، بۇ ئىسىملاردىكى «مەمەت»
ۋە «مەت» لەر ئىسلام دىنىدىكى پەيغەمبەر مۇھەممەدنىڭ ئىسمىـ
نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىكىلىق قىسقىرىپ ئۆزگىرىشىدىن
شەكىللەنگەن ۋارىيانتلىرىدۇر. «مەمەت» ياكى «مەت» دىنىي
ئىسىم بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بولغان ھۆرمەت ۋە
سېغىنىشنى بىلدۈرىدۇ.

### 3. هازىرقى دەۋر

ئىسلامنىڭ دىنىي ئىسىملىرى 1000 يىل ئىشلىتىلدى،
بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەنىلا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ زور تەرـ

www.uyghurkitap.com

كىبىي قىسمى. قىلچە شۈبھىسىز ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي دەۋردە دىنىي ئىسىملار يەنىلا زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بىراق، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ جانلىنىشى، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. پۈتۈنلەي يېڭىچە كىشى ئىسىملىرىمۇ بارلىققا كەلدى، بۇلار ئاساسەن يېڭى ھادىسە، يېڭى قاراشلارنى بىلدۈرىدىغان ئادەتتىكى ئىسىملارنى كىشى ئىسمى قىلىپ قويۇشتىن شەكىللەنگەن يېڭى ئىسىملاردۇر. بۇنداق يېڭى ئىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. گەرچە چوڭ ياشتىكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئىسمىدا يېڭى ئىسىملار ئاز بولسىمۇ، ئەمما 40 ياشتىن تۆۋەنلەرگە قارايدىغان بولساق، قانچە ياش بولسا، يېڭى ئىسىم قويغانلار شۇنچە كۆپ. يېڭى ئىسىملارنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى بارغانسېرى چوڭايماقتا. نۆۋەتتە كەڭ ئومۇملىشىۋاتقان بۇنداق يېڭى ئىسىملاردىن تۆۋەندىكىلەرنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

ئازات، ئەركىن، بەختىيار، باھار، ئارزۇگۈل، ئۈمىد، غەيرەت، دولقۇن، قەيسەر... مانا بۇ ئىسىملار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى روھىي قىياپىتىنى ئىنتايىن ئېنىق ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، كۈچلۈك دەۋر پۇرىقىغا تويۇنغان.

## 3. ئىسىم ئالدىدىكى ئېنىقلىغۇچى تەركىب ۋە ھۆرمەت نامى

قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى كۆزىتىدىغان بولساق، بەزى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا ئېنىقلىغۇچى تەركىب-

لەرنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. بۇنداق تەركىبلەردىن «باي»، «بەگ» لەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. «باي» سۆزى «پۇل - دۇنياسى كۆپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» دە ئەقىللىق نەسىردىن ئەپەندىنىڭ باينى ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىغا دائىر لەتىپىلەر بار. بۇ سۆز ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىدە «دۆلەتمەن، پۇلدار» مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ: ئۇ تۈرك تىلىدا «ئەپەندى، مۆتىۋەر» مەنىسىدە، ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت بىر خىل قوشۇمچە رولىدا كېلىدۇ. «بەگ» سۆزى ئەسلىدە ئېسىلزادىلەرنى كۆرسىتەتتى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «بەگ» لىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بارلىققا كەلدى. بۇ مەزگىلدە «بەگ» ئوخشاش بولمىغان مەنسەپدارلار قاتلىمىدىكى ئەمەلدار بولۇپ، ئۇلار مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان، مەسچىتلەردە قوشۇمچە دىنىي ۋەزىپە ئۆتىمىگەن. ئىسىمنىڭ ئالدىغا «باي» ياكى «بەگ» سۆزلىرى قوشۇلغان قەدىمكى كىشى ئىسىملىرىدىن بايتۆمۈر، بەگبارس، بەگتاش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ھازىرقى كىشى ئىسىملىرىدە «بەگ» ۋە «باي» سۆزلىرى قەدىمكىگە ئوخشاش ئىسىمنىڭ ئالدىغا قوشۇلماستىن، ئىسىمنىڭ كەينىگە قوشۇلىدۇ، ئىسىمگە قوشۇپ ئوقۇلىدۇ ھەم قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن، نۇربەگ، سۇلتانباي دېگەندەك.

قەدىمكى كىشى ئىسىملىرىدە يەنە ئىسىمنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان «ئەدگۇ» (ياخشى) ۋە «مەڭگۇ» دېگەن ئىككى سۆز ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، ئەدگۇ تۇغرىل، مەڭگۇ تۆمۈر. بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئەسلىدە قانداق سىمۋول مەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئارزۇ - تىلەكنى بىلدۈرىدىغان سۆزمۇ ياكى مەرتىۋىنى كۆرسىتىدىغان ناممۇ، بۇنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.*

---

* يۇقىرىقى ئېنىقلىغۇچىلىق قەدىمكى كىشى ئىسىملىرى ئە. جەفەر ئوغلى تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى» دىن ئېلىندى. ئىستانبۇل، 1968 - يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرمەت نامىغا دائىر مول خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان، بۇ ھۆرمەت ناملىرىنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۇلارنى (قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى ھۆرمەت ناملىرىنىڭ فونېتىكىلىق ئوقۇلۇشىغا تەقلىد قىلىش ئارقىلىق) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا قايتۇرۇش (ئايلاندۇرۇش) كېرەك. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىنتايىن مۈشكۈل بىر خىزمەت. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەمگەك سەرپ قىلىپ، بىزنى ھۆرمەت ناملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە سۆز مەنىسى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھۆرمەت نامى بىر ئادەمنىڭ يەككە شەخسىي ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن بېرىلگەن ئالاھىدە نام. قۇرۇلمەسىدىن ئالغاندا، ئۇ يەككە ئىسىملارغا ئوخشاش بىر - ئىككى سۆزدىن تۈزۈلمەيدۇ، بەلكى بىر قاتار ئېنىقلىغۇچى ۋە ئېنىقلانغۇچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ؛ سۆز مەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ياكى باتۇر، ئۇلۇغلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، ھۆرمەت نامى خاقانلارغا خاس بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەر ھۆرمەت نامىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

ھۆرمەت نامىنى مىسال بىلەن چۈشىنەيلى: قەدىمكى ئۇيغۇرلار مىلادىيە 8 - ئەسىردە قۇملۇقنىڭ شىمالىدا قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ 2 - سەردارى «قۇس ئىلتەبىر» (كۈچ ئىلتەبىر بۇسات تېكىن؟). بۇ ئىسىمنىڭ ئالدىدىكى «قۇس» سۆزىنىڭ مەنىسى «كۈچ، كۈچلۈك»؛ «ئىلتەبىر» سۆزىنىڭ مەنىسى «باتۇر، قەھرىمان». بۇلار ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلمەيدۇ، بىراق ھازىرقى تۈرك تىلىدا ساقلانغان. «كۈچ ئىلتەبىر بۇسات تېكىن» دېگەن بۇ ھۆرمەت نام بىلدۈرگەن مەنە دەل «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار

ھەققىدە قىسسە» دىكى ئۇنى تەسۋىرلەپ يازغان «يارامىلىق، باتۇر، پاراسەتلىك، ئوۋ خۇمار، ئۇرۇشتا ئالدىدا ماڭىدۇ، يۈزلەنگەن (دۈشمەن) نى ھەرقاچان كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋېتىدۇ...» دېگەن بايان بىلەن دەل كېلىدۇ. يەنە بىر نەپەر «ئالىپ ئەرتوڭا» ئىسىملىك سەردار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆرمەت نامىدىكى «ئالىپ» سۆزى «باتۇر» مەنىسىنى، «ئەر» سۆزى «ئەركەك، يىگىت» مەنىسىنى، «توڭا» سۆزى «قاپلان» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى يادىكارلىقلاردىكى قايسى خاقان ياكى تارىخىي شەخسنى كۆرسىتىدىغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس. پارسچە يادىكارلىقلاردا ئۇنى «ئاپراسىياپ» دەپ ئاتىغان، يەنە ئۇنى «ئېھتىمال، ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇر ئەجدادى بوقاخان» دېگۈچىلەرمۇ بار.* مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»ىدە خاتىرىلەنگەن ئالىپ ئەر توڭا توغرىسىدىكى داستاندا: «ئالىپ ئەر توڭا ئۆلدىمۇ؟ ئىسسىز ئازۇن (يامان دۇنيا) قالدىمۇ؟ ئۆزلەك (پەلەك) ئۆچىن ئالدىمۇ؟ ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر» دېيىلگەن. بۇ پارچىدا خەلقنىڭ ئالىپ ئەر توڭادىن ئىبارەت بۇ قەھرىمانغا بولغان سېغىنىشى ئىپادىلەنگەن. بىز يەنە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى مويۇنچۇر (Moyun — quru) خاقانىنىڭ ھۆرمەت نامى — «تەڭرى (دەپ) ئولمىش ئىل ئىتمىش بىلگە قاغان» نى مىسال قىلىمىز. بۇ ھۆرمەت نامىدىكى «تەڭرى (دەپ) ئولمىش» نىڭ مەنىسى «تەڭرى بولۇپ»، «ئىل ئىتمىش» نىڭ مەنىسى «ئەلنى ئىدارە قىلىش»، «بىلگە» نىڭ مەنىسى «ئەقىللىق» تۇر. (سابىق) سوۋېت تىلشۇناسى ئا. ن. كونونوفنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسلانغان، «بىلگە» سۆزى «بىل ـ» (باشقۇر، ئىدارە قىل) سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ، «باشقۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش» مەنىسىدە ئىكەن، شۇڭا، بۇ يەردىكى «بىلگە» سۆزى-

---

* جى فېينى: «دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى». ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى. 62 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىڭ «ئەقىللىق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئەمەس، بەلكى بىر خىل ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى.• «قاغان» سۆزى خاننى بىلدۈرىدۇ. «مويۇنچۇر» ئۇنىڭ ئۆز نامىنى تىكلەپ خاقان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىسمى، ئەمما بۇ ئىسمىنىڭ ئەسلىدە ھۆرمەت نامى ياكى ئەمەسلىكىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەزى ئالىملار «مويۇن» سۆزىنى «باي» مەنىسىدە، «چۇر» قوشۇمچىسى بولسا «ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇريي مەنسەپنى بىلدۈرىدىغان ھۆرمەت نامى (خاقاندىنلا كېيىن تۇرىدۇ)» دەپ قارايدۇ.••

«تېگىن (تېكىن)» سۆزىمۇ ھۆرمەتناملىرىدا دائىم ئىشلىتىلگەن، ئۇ خەنزۇچە يادىكارلىقلاردا "特勤"، "的斤" قاتارلىق شەكىللەردە ئېلىنغان. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە «‹تېكىن› نىڭ ئەسلىي مەنىسى ‹قۇل›، كېيىنچە ئۇ شاھزادىلەرنىڭ ھۆرمەت نامىغا ئايلانغان» دېيىلگەن. قوچۇ ئۇيغۇر خانى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ھۆرمەت نامىدا «تېكىن» دېگەن سۆز بار. ئۇ چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ئۇنىڭغا ئەل بولغان، چىڭگىزخان ئۇنىڭغا قىزىنى بەرمەكچى بولغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرى «قارا» سۆزىنى ھۆرمەت نامى قىلغان. «قارا» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «ئۇلۇغ، ناھايىتى زور» ئىدى، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئاساسەن قارا رەڭنى بىلدۈرگەندىن باشقا يەنە «يوغان، چوڭ» مەنىلىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئىككى نەپەر نامى مەشھۇر خاقاننىڭ ھۆرمەت نامى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئارسلان قاراخان» («ئۇلۇغ شىر خاقان» دېگەن مەنىدە) ۋە «بۇغرا قاراخان»

• ئا. ن. كونونوف: «7 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردىكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار تىلىنىڭ گرامماتىكىسى» (1 ـ، 6 ـ بابلار). «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ئۇچۇرلىرى» نىڭ 1985 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سانلىرىغا بېسىلغان. 25 ـ، 26 ـ بەتلەر.

•• ئا. ن. كونونوفنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى. 28 ـ، 29 ـ بەتلەر.

(«ئۇلۇغ بۇغرا ، ئەركەك تۆگە، خاقان» دېگەن مەنىدە) بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ھۆرمەت نامىدا «قارا» دېگەن بۇ ئۇلۇغلۇقنى بىلدۈرىدىغان سۆز بار ئىدى.

## 4. كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئاساسەن ئۇچ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۈگۈنكى قۇرۇلما ھالىتىگە كەلگەن. ئومۇملاشتۇرغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئادەتتىكى ئىسىم ۋە دىنىي ئىسىمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئومۇمەن، ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغانلىكى كىشى ئىسىملىرىنى ئادەتتىكى ئىسىملار قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

### 1. ئادەتتىكى ئىسىم

ئادەتتىكى ئىسىم دېگىنىمىز دىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان بەلگىلىك سىمۋوللۇق مەنىدىكى ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى ئىسىملارنى شۇ ئىسىم ئەسلىي تەۋە بولغان سۆز تۈركۈمى، كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. سۆپەت ياكى ئىسىم سۆزلەردىن قويۇلغان كىشى ئىسىملىرى.

كىشى ئىسمى بولۇپ ئىشلىتىلگەن سۆپەت ياكى ئىسىم سۆزلىرى ئادەتتە بىرەر گۈزەل ئالاھىدىلىك ياكى ياخشى ۋەقە - ھادىسىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنداق سۆزلەر ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇشىمۇ ياكى ئەرەبچە - پارسچە كىرمە سۆزلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىلدىكى ئىسىملار مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارغانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆپەيمەكتە. ئەرلەر ئىسىملىرىدىن باتۇر، قەھرىمان، جەسۇر، قەيسەر، ئادىل، ئۆتكۈر، ساغلام، نۇر، جۇرئەت، بەختىيار، پولات، تۆمۈر، تاش، ئالماس، ئالىم، ئارسلان، يولۋاس، دولقۇن، يالقۇن، ئۇچقۇن، جۇشقۇن، ئۆرلەش، سۇلتان، شۆھرەت، شەپقەت، شەۋكەت، ئىلھام، يولداش قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئىسىملاردۇر.

ئاياللار ئىسىملىرىدىن ئالتۇن، گۆھەر، زۇمرەت، پاشا، مەلىكە، يۇلتۇز، چولپان، ئانار، رەنا، رەيھان، سالامەت، ئادالەت، مەدەنىيەت، سائادەت، ھۆرىيەت، دىلبەر، ھەسەل، مۇھەببەت، مۇنەۋۋەر، روشەن، گۈلشەن، ھەمراھ قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئىسىملاردۇر.

2. «تۇر ـ»، «توختا ـ»، «سېتىۋال ـ»، «تىلىۋال ـ» قاتارلىق پېئىل يىلتىزلىرىغا مورفولوگىيىلىك قوشۇمچىلارنى قوشۇشتىن ياسالغان كىشى ئىسىملىرى ياكى ئىسىم بىلەن پېئىلنىڭ قوشۇلۇشىدىن تەركىب تاپقان ئىگە ـ خەۋەرلىك بىرىكمە شەكلىدىكى كىشى ئىسىملىرى.

«تۇرسۇن» بولسا «تۇر ـ» پېئىلىنىڭ 3 ـ شەخس بۇيرۇق شەكلى؛ «تۇردى» بولسا «تۇر ـ» پېئىلىنىڭ 3 ـ شەخس ئۆتكەن زامان شەكلى؛ «تۇرغان» بولسا «تۇر ـ» پېئىلىنىڭ پۈتكەن سۈپەتداش شەكلى؛ «تۇرغۇن» بولسا «تۇر ـ» پېئىلىدىن ياسالغان سۈپەت سۆز؛ «تۇراق» مۇ «تۇر ـ» پېئىلىدىن ياسالغان سۈپەت سۆز. يۇقىرىدىكى ئالدىنقى ئۈچ ئىسىمنىڭ ھەممىسى «تۇر ـ» سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام چوڭ بولۇشى، ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتمەسلىكىنى ئارزۇ قىلىشتەك تىلەكلىرىنى ئىپادىلىگەن.

«توختى» دېگەن ئىسىم «توختا ـ» پېئىلىنىڭ ۋارىيانتى بولۇپ، بۇ پېئىلنىڭ 2 ـ شەخس بۇيرۇق شەكلىدۇر. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىسىم بالىلىرىنىڭ بالا ـ قازا ۋە كېسەللىكلەرگە

مۇپتىلا بولماسلىقىنىڭ سىمۋولىدۇر. بىراق، بۇ ئىسمىنىڭ سۆز مەنىسى ئىلگىرى كىشىلەرگە ئېغىر كۆڭۈلسىزلىكلەرنىمۇ كەل. تۈرگەن. ئىلگىرىكى فېئودال خوراپاتلارنىڭ پەتىۋاسى بويىچە بولغاندا، «توختى» ئاتلىق كىشىلەر كەلكۈننى قورقۇتۇپ توختى. تارمىش، زالىم پومېشچىكلار بۇ خىل خوراپىي پەتىۋادىن پايدى. لىنىپ دېھقانلارنىڭ نارازىلىقىنى باستۇرغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىسى قېيۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» ناملىق رومانىدا مۇشۇنداق ئەھۋالدىن پەيدا بولغان كىشىنى ھەيران قال. دۇرىدىغان كۆرەش تەسۋىرلىنىدۇ. زەرەپشان دەرياسىنىڭ سۈيى. نى باشقۇرۇپ بولالمىغان زومىگەرلەر ۋە مەنسەپدار كۈچلەر ئال. لىبۇرۇنلا ئۆزلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالغان توختى ئاكىنى ئالداپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بەدىنىگە تاش باغلاپ، دەرياغا تاشلىماقچى بولىدۇ ھەم «پەقەت توختىلا دەريانى بويسۇن. دۇرالايدۇ» دەيدۇ. دەل شۇ چاغدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييار. لىنىپ تۇرغان دېھقانلار يېتىپ كېلىپ، بۇ سۈيىقەستنى بىتچىت قىلىپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن ھايات ـ ماماتلىق كۆرەشكە چۈشىدۇ. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شائىرى تېيىپجان ئېلىيوف «ئاق ئۆستەڭ» ناملىق شېئىرىدا مۇشۇنداق ئەھۋال ئۈستىدىن قانلىق شىكايەت قىلىدۇ.*

يەنە «سېتىۋالدى» ۋە «تىلىۋالدى» دېگەن ئىككى ئىسىممۇ

---

* خەنزۇچە ئەسلى تېكىستتە تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ "阿克玉斯坦大渠" ماۋزۇلۇق شېئىرى تىلغا ئېلىنىپ، سەككىز مىسرا بېرىلگەن. بۇ شېئىرنىڭ ئۇيغۇرچە ئەسلىسىنى تېپىش ئۈچۈن خېلى ئىزدەنگەن بولساممۇ، ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن دەرھاللىققا تېپىلمىدى. توپلامنىڭ ۋاقتىدا بېسىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ مىسرالارنىڭ مەزكۇر ماقالىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى بەرمەيلا ئۆتۈپ كەتتىم. قىزىققۇچىلار بولسا، خەنزۇچىسىدىن پايدىلانسا بولىدۇ. خەنزۇچىدە بېرىلگىنى مۇنداق:

阿克玉斯坦昔日里血泪翻滚，
它像一匹野马桀骜难驯。
一次山洪就意味着一次灾难，
哪有一处可靠的堤坝和闸门。
往日从这一段到那一段的修复．
成年要征调上千的徭役民工。
简陋的鹿砦怎档得住滔滔洪水，
名叫托合提的就被扔进水中。

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «سىتىۋال ـ» ۋە «تىلىۋال ـ» پېئىللىرىدىن ياسالغان بولۇپ، «سىتىۋالغان» ۋە «تىلىۋالغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

«خۇداۋەردى» دېگەن ئىسىم «خۇدا» ۋە «ۋەدى» (ئەسلى «بەردى»، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە «ۋەدى» بولۇپ قالغان) دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىگە ـ خەۋەرلىك بىرىكمىدۇر، ئۇنىڭ مەنىسى «خۇدا بەردى» بولىدۇ.

«سىتىۋالدى»، «تىلىۋالدى»، «خۇداۋەدى» دېگەن بۇ ئۈچ ئىسىم بەلگىلىك دىنىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ھەممىسىدە ئاللاھدىن پەرزەنتلەرنى خاتىرجەم قىلىشنى تىلەش مەنىسى بار. بىراق، ئۇلار دىنىي ئىسىملارغا كىرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى پېئىللاردىن ياكى ئىسىملارغا پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى پەيغەمبەرلەر، دىنىي كىتابلار ۋە دىنىي ئەھكاملاردىكى كىشى ئىسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىمىز پۈتۈنلەي ئەرلەر ئىسىملىرى، بىراق «تۇرسۇن»، «تۇردى»، «تۇرغان»، «توختى» قاتارلىقلارنىڭ كەينىگە سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرىنى قوشۇپ، ئايال ئىسىملىرىنى ياساشقا بولىدۇ. ئىسىملارغا قوشۇلىدىغان سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرى ھەققىدە كېيىن تەپسىلىي توختىلىمىز.

3. مەخسۇس ئادەم ئىسىملىرىنى بىلدۈرىدىغان ئەرەبچە، پارسچە كىرمە سۆزلەر ياكى سۆز بىرىكمىلىرى.

ئادەم ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان ئەرەبچە ياكى پارسچە سۆزلەر گەرچە ئانا تىلىدا ئىسىملار (ئىسىملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئادەتتىكى سۆزلەر) بولسىمۇ، بىراق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت كىشى ئىسمى ئورنىدىلا ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتىكى سۆز قاتارىدا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئىسىم قويغاندا، بۇ خىل

كىشى ئىسىملىرى ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى سۆز مەنىسىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. بۇنداق ئىسىملار كۆپ كۆرۈلىدۇ، بەزىلىرى ئاز-دۇر - كۆپتۇر دىنىي تەسىرلەرنىمۇ يوقتۇرغان، بىراق ئۇلار دىنىي ئىسىملارغا تەۋە ئەمەس. ئەرلەر ئىسىملىرىدىن ئەكبەر (مەنىسى: ئۇلۇغ)، ئەنۋەر (مەنىسى: ئەڭ شەرەپلىك)، ئەسەت (شىر)، قاسىم (تەقسىم قىلغۇچى)، سەلىم (مۇكەممەل، كەم - كۇتىسىز)، قاتارلىقلار مۇشۇ تۈردىكى ئىسىملاردۇر. ئايال ئى-سىملىرىدىن دائىم ئىشلىتىلىدىغان قەمەر (ئاي)، ماينۇر (ئاي نۇرى)، مۇكەررەم (ئىززەتلىك)، رىزۋان (پەرىزات)، گۈلەن-دەم (ساھىبجامال) قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ تۈردىكى ئىسىملاردۇر.

4. رىۋايەتلەر ياكى مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى شەخس-لەرنىڭ ئىسىملىرى.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سەۋەبلىك، كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە رىۋايەتلەردىكى ماتېرىياللار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئورتاق تېمىسىغا ئايلاندى، گەرچە ئىجادىيەت مەزمۇنى ئوخشاشمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىچى-دىكى پېرسوناژلار ئاساسەن ئوخشاش بولاتتى. ئۇلاردىكى ئىجابىي پېرسوناژلارنى ئۇيغۇر ئاممىسى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «لوقمان» دېگەن ئەر كىشى ئىسمى ئەسلىدە رىۋايەتلەر-دىكى تېبابەتچىلىك پىرى، تېبابەتچىلىكنى كېيىنكىلەرگە ئۆگەت-كۈچىنىڭ ئىسمى بولۇپ، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ كىشى شىپالىق قوللىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ياشلىق باھارىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىكەن، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىكەن. «رۇستەم» دې-گەن ئۇيغۇر ئەر ئىسمىمۇ مىلادىيە 10 - ئەسىردىكى پارس شائىرى فىردەۋسىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «شاھنامە» دىكى قەھرى-ماننىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. رۇستەمنىڭ ھېكايىلىرى يالغۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىراندىلا ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ قالماستىن، ئۇيغۇرلار ئارى-
سىدىمۇ ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ھېكايىدە بايان قىلىنىشىچە،
رۇستەمنىڭ ئاپىسى رۇستەمنى تۇغقۇچە تۇغۇتى تەسكە چۈشۈپ،
ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. بوۋاق تۇغۇلغاندا ئۇ: «بەراستەم»
(مەن قۇتۇلدۇم) دەپ ۋارقىرايدۇ، «رۇستەم» دېگەن ئىسىم
ئەنە ئاشۇ «بەراستەم» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان سۆزدۇر.*
«شاھنامە» دە رۇستەمنىڭ كۆپلىگەن قەھرىمانلىقلىرى تەسۋىر-
لەنگەن بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقال-
غان. تاجىكلار ھەسەن ـ ھۈسەننى «رۇستەمنىڭ كامالىكى» دەپ
ئاتايدۇ. يەنە «پەرھات»، «شېرىن» دېگەن ئىككى ئىسىممۇ
ئۇيغۇرلار دائىم ئىشلىتىدىغان كىشى ئىسىملىرىدۇر. بۇ ئىككى
كىشى ئىسىممۇ خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان «پەرھاد ـ شېرىن»
داستانىدىكى ئەر ـ ئايال باش قەھرىمانلارنىڭ ئىسىملىرىدىن
كەلگەن. بۇ تېمىنى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ
مەشھۇر ۋەكىللىك يازغۇچىسى ئەلىشىر نەۋايى قايتا قەلەمگە ئال-
غاندىن كېيىن، ئامما ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ئاۋامنىڭ ئىنتا-
يىن ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. داستاندا پەرھادنىڭ جۇڭگو
(چىن) خاقانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئەرمىنىيە ئايال پادىشاھىنىڭ
سىڭلىسى شېرىنگە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ساپ
مۇھەببەت ئۈچۈن پەرھاد بارلىق ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ،
سۇ باشلاپ ئەرمىنىيە خەلقىگە بەخت يارىتىش يولىدا تاغلارنى
تېشىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز جەبىر ـ جاپالارنى تارتىدۇ. نەۋايى
«پەرھاد» دېگەن ئىسىمنى (بۇ ئەسلىي «فەرھاد»، ھازىر بەزىدە
«پەرھات» دەپمۇ ئېلىنىۋاتىدۇ) تەسۋىرلەپ، «بۇ ئىسىم ‹فى-
راق›، ‹رەشىك›، ‹ھىجران›، (كۈندەشلىك)، (ئايرىلىش)،

* فىردەۋسى: «شاھنامە»، موسكۋا، 1955 ـ يىلى نەشرى. 31 ـ بەت.

«ئاھ» (ئەلەملىك ئاھ ئۇرۇش) ۋە «دەرد» قاتارلىق بەش سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن*، بۇ ئىسىمنىڭ پۈتۈن مەنىسى پەرھادنىڭ شىرىنگە بولغان ئاشىقلىقى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىنى بىلدۈرىدۇ» دەيدۇ. «شىرىن» نىڭ مەنىسى «تاتلىق، جەلپ قىلغۇچى» دۇر. «پەرھاد» (ياكى «پەرھات») دېگەن ئىسىم خەلققە بەخت يارىتىش، مۇھەببەتكە سادىق بولۇشنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇيغۇرلار سۇ قۇرۇلۇشى ساھەسىدە جاپاغا چىداپ تۆھپە ياراتقانلارنى «دەۋرىمىزنىڭ پەرھادى» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

بۇ ئىككى ئىسىمنى بالىلىرىغا ئات قىلىپ قويۇشتا، ئاتا - ئانىلارنىڭ غايىسى ۋە بالىلىرىنىڭ ۋاپادار بولۇشىنى تىلەشتەك كۈچلۈك ئارزۇسى سىڭگەن بولىدۇ. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى كىشى ئىسمى بار، ئۇلار «تاھىر» ۋە «زۆھرە». ئۇ ئىككىسى ئۇيغۇر خەلق داستانى «تاھىر - زۆھرە» دىكى باش قەھرىمانلاردۇر. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار ئەركىنلىك ۋە بەختىيار تۇرمۇش ئۈچۈن زوراۋان كۈچلەر بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ، ئاخىرى بىرلىكتە قۇربان بولغان ۋە بۈگۈنكى كورلا ئەتراپىدىكى «باش ئەگىم» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى خاتىرىلەش، ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى قويۇشىدۇ. ئۇيغۇرلار يالغۇز ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، يەنە كىشى ئىسىملىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتى، غايە - ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەشكىمۇ ماھىر خەلق. ئۇيغۇرلاردا «ئىشقى يوق ئېشەك، دەردى يوق كېسەك» دېگەن ماقالمۇ بار.

5. ھېيت - بايرام ياكى ئايلارنىڭ ناملىرى ئاساسىدىكى كىشى ئىسىملىرى.

---

* «پەرھاد» دېگەن بۇ كىشى ئىسمى ئەينى ۋاقىتتا «ف، ر، ھ، ئا، د» دىن ئىبارەت بەش ھەرپتىن تەركىب تاپقانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ تۈرگە تەۋە ئىسىملاردىن قۇربان، ھېيت، روزى، بارات، رەجەپ قاتارلىقلار بار. كۆپ كىشىلەر ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن «ئانارخان» دېگەن كىنونى كۆرگەن، كىنودىكى ئەر باش قەھرىماننىڭ ئىسمى قۇربان، «قۇربان» نىڭ مەنىسى «نەزىر؛ قۇربانلىق مالنى نەزىر قىلىش» بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى قۇربان ھېيتىنى كۆرسىتىدۇ. قۇربان ھېيتتا ئۇيغۇرلار قوي ئۆلتۈرۈپ، ھېيتلاپ كەلگەنلەرنى كۈتىدۇ. بۇ ھېيت پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتى بولۇپ، ئىسلام (ھىجرىيە) كالېندارى بويىچە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مىلادىيە كالېندارىدىكى ۋاقتى مۇقىم بولمايدۇ. «ھېيت» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى «بايرام» بولۇپ، ئادەتتە روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتنى كۆرسىتىدۇ. «روزى» دېگەن ئىسىم روزادا روزا تۇتۇشنى، رامزان ئېيىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر ئايدا ئۇيغۇرلار سەھەردە كۈن چىقىشتىن بۇرۇن زوھۇرلۇق يەپ، كەچتە كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىپتار قىلىدۇ. ئارىلىقتا يېيىشكە، ئىچىشكە بولمايدۇ. «جۈمە» نىڭ مەنىسى ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ توپلىشىپ ناماز ئوقۇيدىغان كۈننى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ھەپتىنىڭ 5 ـ كۈنىدۇر. «رەجەپ»، «سەپەر»، «بارات» دېگەن ئۈچ ئىسىممۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىسلام كالېندارىدىكى 2 ـ ئاي، 7 ـ ئاي ۋە 8 ـ ئايلارنىڭ ناملىرىدۇر. يۇقىرىقى ئىسىملار پەرزەنتلەرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاساسەن ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «بارات» ئىسىملىك كىشىنى سورىمىساقمۇ، ئۇنىڭ ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 8 ـ ئايدا تۇغۇلغانلىقىنى بىلەلەيمىز؛ «روزى» ئىسىملىك كىشىمۇ چوقۇم رامزان ئېيىدا تۇغۇلغان بولىدۇ؛ «ھېيت» ئىسىملىكى ھېيتتا تۇغۇلغان بولىدۇ؛ «جۈمە» ئىسىملىك كىشىمۇ جۈمە كۈنى، يەنى ھەپتىنىڭ 5 ـ كۈنى تۇغۇلغان

بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، باللار جۈمە كۈنى تۇغۇلسا بەختلىك بولىدۇ؛ ئەگەر جۈمە كۈنى تۇغەپ كەتسە، بۇ ئۆلگۈچىنىڭ پەزىلەتلىكلىكىنى، خاسىيەتلىك كۈندە تۇغىلغەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ. يۇقىرىقى ئىسىملار ئاساسەن ئەرلەرگە خاس بولۇپ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «روزى»، «قۇربان»، «سەپەر» لەرگە ئاياللىق سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرىنى قوشساق، ئاياللار ئىسمىغا ئايلىنىدۇ.

6. ئادەتتىكى ئىسىملارنىڭ كەينىگە ئەرەبچە «نىسا» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان ئايال ئىسىملىرى.

«نىسا» سۆزى «قىز، ئايال» دېگەن مەنىگە ئىگە. بۇ تۈردىكى ئىسىملاردىن گۈلنىسا، نۇرنىسا، هۆرنىسا، ئاينىسا، قەمەرنىسا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاخىرقى ئىككى ئىسىم ئوخشاش مەنىلىك ئىسىم بولۇپ، ئوخشاشمايدىغىنى «ئاينىسا» دىكى «ئاي» ئۇيغۇرچە سۆز، «قەمەرنىسا» دىكى «قەمەر» ئەرەبچە سۆز، ئۇلار ئوخشاشلا «ئاي» دېگەن مەنىدە. ئۇلاردىن باشقا خەيرىنىسا، ئۇلۇغنىسا، مېهرىنىسا، ئوغۇلنىسا قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ خىلدىكى ئىسىملاردۇر. «نىسا» سۆزىنى شۇ پېتى ئىسىم قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغاندا، كەينىگە ئاياللىق سىلىقلاشتۇرۇش تەركىبلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، نىساگۈل، نىساخان دېگەندەك.

## 2. دىنىي ئىسىم

دىنىي ئىسىم ئىسلام دىنى بىلەن تەڭ شىنجاڭغا تارقالغان، ئۇ ئادەتتىكى ئىسىمغا ئوخشاشمايدۇ: ئادەتتىكى ئىسىملار خاس ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى، دىنىي ئىسىم بولسا ئوخشاشمىغان مىللەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ هەممىسى ئورتاق ئىشلىتىدىغان ئىسىملاردۇر. دىنىي ئىسىملار «قۇرئان» ۋە ئىسلام دىنى پەيدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان دەۋردىكى دىنىي پائالىيەتچىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىز بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان دىنىي ئىسىملار توغرۇلۇق توختىلىمىز.

1. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» دا بايان قىلىنغان مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى.

تېخى ھازىرغىچە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى خەنزۇچە تەرجىمە قىلىشنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى بېكىتىلمىگەچكە، بۇ تۈردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى خەنزۇچە يازغاندا، خىلمۇخىل ئېلىنىۋاتىدۇ ھەمدە ئوخشاش بىر ئىسىمنى ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلىش بىلەن ئۇيغۇرچىدىن تەرجىمە قىلىشتىكى ئاھاڭ تەرجىمىسىمۇ زور پەرقلىق بولۇۋاتىدۇ. بۇ يەردە بىز ئۇيغۇر ئىسىملىرىنى خەنزۇچە يېزىشتا ئادەت بويىچە ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلدۇق ھەم ئۇ ئىسىملارنىڭ كەينىگە «قۇرئان» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدىكى يېزىلىشىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتۇق. بۇنداق ئىسىملاردىن مۇسا، ئەيسا، ئىبراھىم، نۇھ، داۋۇت، سۇلايمان، ئايۇپ، ئىسمائىل، ئىدرىس، ئىسھاق، ياقۇپ، ئىسرائىل، زىكرىيا، يەھيا، يۇسۇپ، يۇنۇس، ھاۋا، مەريەم قاتارلىقلار بار.

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى، ئوتتۇرا شەرق رايونى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن — يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەن جاي. ئىسلام دىنى يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنىدىن خېلىلا كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، تەبىئىي ھالدا يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ بەزى تەركىبلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن. يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپلىرى «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» دا تىلغا ئېلىنغان، ئىسلام دىنى ئىلگىرىكى دىنىي كىتابلاردىكى پەيغەمبەرلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم «ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام» دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى تەلەپپۇز جەھەتتىن ئەرەب

تىلىدىكىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، «ئىنجىل» دىكى ئىسىملارنىڭ تەلەپپۇزىدىن پەرقلىق. تۆۋەندىكى ئاددىي جەدۋەل ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى پەيغەمبەر ئىسىملىرىنىڭ «ئىنجىل» دىكى قايسى ئىسىملارغا توغرا كېلىدىغىنىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

| ئۇيغۇر تىلىدا | «ئىنجىل» دا |
|---|---|
| Musa （木沙） مۇسا | Mōsheh （摩西） |
| əysa （艾沙） ئەيسا | 'Iysous （耶稣） |
| Ibrahim （依布拉音） ئىبراھىم | Abraham （亚伯拉罕） |
| Dawut （达吾提） داۋۇت | Dāwid （大卫） |
| Noh （努赫） نۇھ | nōah （挪亚） |
| Yakup （牙库甫） ياقۇپ | Ya'aqōp （雅各） |
| Yûsûp （玉素甫） يۈسۈپ | Yōsēph （约瑟） |
| Israyil （斯拉衣力） ئىسرائىل | Yisrā'ēl （以色列） |
| Məriyəm （麦丽艳） مەرىيەم | Maria （圣母马利亚） |
| Hawa （哈瓦） ھاۋا | Hawwāh （夏娃，亚当妻） |

2. مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھەم ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىسىملىرى.

«مۇھەممەد» نىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «مەدھىيىگە لايىق» بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا «مەھەممەت» ۋە «مەمەت (مەممەت)» دېگەندەك ۋارىيانتلىرى بار. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يەنە بىر ئىسمى «ئەھمەد» بولۇپ، مەنىسى «ماختاشقا لايىق» تۇر. بۇ ئىسمىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا «ئەخمەت»، «ئەمەت» دېگەندەك ۋارىيانتلىرى بار. يۇقىرىدىكى تۆت ئىسىم ئۇيغۇرلار دائىم ئىشلىتىدىغان ئىسىملاردۇر. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۆت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەپەر شاگىرتى ئابابەكىر، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلىلەر مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن خەلىپىلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنى كېڭەيتكەن، بۇ تۆتەيلەننىڭ ئە- سىملىرىمۇ ئۇيغۇرلار دائىم قوللىنىدىغان ئىسىملاردۇر. بۇ تۆر- دىكى ئىسىملاردىن يەنە ھاشىم (مۇھەممەد پەيغەمبەر جەمەتىنىڭ چوڭ بوۋىسى)، ئەبۇتالىپ (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ چوڭ دادى- سى، يەنى تاغىسى)، سىدىق (ئابابەكىرنىڭ ھۆرمەت نامى) قاتارلىقلارمۇ بار.

ئەگەر سىز ئۇيغۇرلار ئىچىدە «ھەسەن» ۋە «ھۈسەن» ئە- سىملىك قېرىنداشلارنى ئۇچراتسىڭىز، ئۇلارنىڭ قوشماق ئاكا - ئۇ- كىلار ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرسىڭىز بولىدۇ. بۇ ئىككى ئىسىم ئەسلى خەلىپە ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسمى ئىدى، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئىككىسىنىڭ ماڭلاي چاچلىرى ئالتۇن رەڭلىك بولۇپ، ئۇلار دىن يولىدا قۇربان بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئالتۇن رەڭلىك چاچلىرىدىن ئاسمانغا رەڭگارەڭ نۇرلار كۆتۈرۈلۈپ، ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بولغانىكەن. قىزىقارلىقى شۇكى، ئاسماندىكى ھەسەن - ھۈسەن ئۇيغۇر تىلىدا «ھەسەن - ھۈ- سەن» دېيىلىدۇ، بۇ ئېھتىمال يۇقىرىقى رىۋايەت بىلەن مۇناسى- ۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تۈردىكى ئىسىملار ئىچىدە ئايال كىشى ئىسىملىرىدىن ئامىنە (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى)، خەلىچە (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 1 - خوتۇنىنىڭ ئىسمى)، ئائىشە (مۇ- ھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يەنە بىر خوتۇنىنىڭ ئىسمى)، ھەلىمە (مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئىنىگ ئانىسىنىڭ ئىسمى) ۋە يەنە پاتەم، گۈلسۈم (بۇلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قىزلىرىنىڭ ئىس- مى) قاتارلىقلار بار.

3. «ئابدۇ» غا ئاللاھنىڭ ھۆرمەت نامى (سۈپىتى) نى قو- شۇپ ياسالغان دىنىي ئىسىملار.

«ئابدۇ (Abdu)» ئەرەب تىلىدىكى «ئابد (Abd)» سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى بولۇپ، «بويسۇنغۇچى، قۇل» مەنىسىگە ئىگە. ئاللاھنىڭ ھۆرمەت ناملىرى كۆپ بولۇپ، كېيىنكىلەر «قۇرئان» دىكى ئىشلىتىلىشىگە ئاساسەن ئاللاھنىڭ 99 خىل ھۆرمەت نامى (سۈپىتى) نى رەتلەپ چىققان. مەسىلەن، رەھىم، رەھمان، قادىر، كەرىم قاتارلىقلارغا ئوخشاش.• بۇ تۈردىكى ئىسىملارنىڭ بىر ئورتاق مەنىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئاللاھنىڭ قۇلى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ تۈردىكى دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىن ئابدۇغوپۇر (ئەپۇ قىلغۇچى ئاللاھنىڭ قۇلى)، ئابدۇرېھىم (رەھىم قىلغۇچى ئاللاھنىڭ قۇلى)، ئابدۇكېرىم (كارامەتلىك ئاللاھنىڭ قۇلى)، ئابدۇخەمىت (ماختاشقا لايىق ئاللاھنىڭ قۇلى)، ئابدۇقادىر (ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ قۇلى)، ئابدۇرازاق (رىزىق بەرگۈچى ئاللاھنىڭ قۇلى) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. «ئابدۇ» نى يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاكالەتچى ئىسىملىرى — ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېگەن مەنىدىكى ئەرەبچە سۆزلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىسىم ياساشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇرۇسۇل (ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ قۇلى)، ئابدۇنەبى (پەيغەمبەرنىڭ قۇلى) قاتارلىقلارغا ئوخشاش. يۇقىرىقى ئىسىملارنى ئالدىدىكى «ئابدۇ» سۆزىنى قىسقارتىۋېتىپ، بىۋاسىتە كېيىنكى قىسىملىرى بىلەن ئاتاشقىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن، «ئابدۇغوپۇر» نى «غوپۇر» دەپ، «ئابدۇقادىر» نى «قادىر» دەپ، «ئابدۇراخمان» (مېھىر - شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ قۇلى) نى «راخمان» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇ ئىسىملاردىكى «ئابدۇ» نى قىسقارتىپ ئاددىيلاشتۇرۇش بىلەن ئۇ ئىسىملارنىڭ ئەسلىي سۆز مەنىلىرىدە

• ۋاڭ رۇيخاۋ يازغان «ئەرەبلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ. جاڭ لېيەنفاڭنىڭ باش تۈزگۈچىلىكىدە تۈزۈلگەن «چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى» دېگەن كىتابقا بېسىلغان. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئۇلار يەنە ئوخشاشلا «ئاللاھنىڭ قۇلى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاددىيلاشقان ئىسىملار ئاسا. سەن بىر خىل ستىخىيىلىك ئادەت تەسىرىدە شەكىللەنگەن بو. لۇپ، مىسالغا ئالساق، مەلۇم بىرىگە ئات قويغاندا «ئابدۇنەبى» دەپ ئاتىغان بولسا، كېيىنچە ئەتراپتىكىلەر ئۇنى چاقىرغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىنى قىسقارتىلغان شەكلى بىلەن ئاتاپ چاقىرىشىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئادەتلەنگەن ئىسمى «نەبى» بولۇپ قالىدۇ. ئادەتتە رەسمىي سورۇنلاردا كىشىلەر ئىسمىنىڭ تولۇق شەكلىنى ئىشلىتىدۇكى، قىسقارتىلغان شەكلىنى ئىشلەتمەيدۇ. «ئابدۇ» بىلەن كەلگەن ئىسىملار پەقەت ئەرلەر ئىسىملىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

4. بەزى ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا «ئاللاھنىڭ»، «خۇدا. نىڭ» دېگەن مەنىدىكى «ئۇللا» نى قوشۇپ ياسالغان ئىسىملار.

بۇنداق ئىسىملاردا كەلگەن «ئۇللا» دىكى «ئۇ» سوزۇق تا. ۋۇشى ئالدىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشقا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇنداق ئى. سىملاردىن ئىنايىتۇللا، ئەمرۇللا، نەسرۇللا، ئىززەتۇللا، خەي. رۇللا، رەخمىتۇللا، لۇتپۇللا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولى. دۇ. يەنە بىر دائىم ئىشلىتىلىدىغان «ئابدۇللا» دېگەن ئىسىم بولۇپ، ئۇ «ئابدۇ» غا «ئۇللا» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان، «ئاللاھنىڭ قۇلى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىقى بۇ ئى. سىملارمۇ ئەرلەر ئىسىملىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

5. بىر قىسىم ئەرەبچە سۆزلەرگە «دىن» سۆزىنى قوشۇپ ياسالغان دىنىي ئىسىملار.

«دىن» سۆزى دىننى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە ئادەم ئىسىملىرى. غا قوشۇلغاندا ئىسلام دىنىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، شەمشى. دىن (ئىسلامنىڭ قۇياشى)، بۇرھانىدىن (ئىسلامنىڭ ئىسپاتى)، ئەرشىدىن (ئىسلامنىڭ ئەرشى)، نەسىردىن (ئىسلامنىڭ قوللى. غۇچىسى)، پەخرىدىن (ئىسلامنىڭ پەخرى)، جامالىدىن (ئىس. لامنىڭ جامالى)، غېنىدىن (ئىسلامنىڭ بايلىقى)، جالالىدىن

(ئىسلامنىڭ شەرىپى) قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇنداق ئىسملار-مۇ ئەرلەرگىلا قوللىنىلىدۇ.

### 3. قوشما ئىسملار

ئۇيغۇر كىشى ئىسملىرىنى يۇقىرىدىكىدەك ئاددىيلىكى ئى-سىم ۋە دىنىي ئىسىمدىن باشقا يەنە «قوشما ئىسىم» دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. قوشما ئىسملار ئىككى ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈل-گەن بولۇپ، تەلەپپۇزدا ئۇلاپ بىرلا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، يازغان-دىمۇ ئۇلاپ يېزىلىدۇ. قوشما ئىسىم قوللىنىدىغان كىشىلەر ئۇيغۇرلار ئىچىدە بەلگىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. قوشما ئىسملار-نىڭ ياسىلىشى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ:

بىرىنچى، ئاددىيلىكى كىشى ئىسملىرىنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى قوشۇلىدۇ. «مۇھەم-مەد» دېگەن ئىسىمنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما ئىسملاردا «مە-ھەممەت»، «مەممەت»، «مەت» دېگەن ئۈچ خىل ۋارىيانتى بار. بۇ تۈردىكى ئىسملاردىن مەھەممەتشېرىپ («شېرىپ» نىڭ «شە-رەپلىك، ئۇلۇغۋار» دېگەن مەنىسى بار)، مەممەتسىدىق («سى-دىق» نىڭ «ھەقىقەت، ئەمەلىيەت» دېگەن مەنىسى بار)، مەت-توختى («توختى» سۆزى «ئۆلمەس» مەنىسىدە)، مەممەتسوپى («سوپى» سۆزى سوپى، يەنى دىنىنىڭ ساداقەتمەن مۇرىتىنى كۆرسىتىدۇ)، يارمەھەممەت («يار» سۆزى «ھەمراھ، يول-داش» دېگەن مەنىدە)، تۇرسۇنمەھەممەت («تۇرسۇن» سۆزىمۇ «ئۆلمەس» مەنىسىدە)، نۇرمەممەت («نۇر» سۆزى يورۇقلۇق، نۇرنى كۆرسىتىدۇ)، شىرمەممەت («شىر» سۆزى شىرنى كۆر-سىتىدۇ) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئاددىيلىكى كىشى ئىسملىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە «نىياز» سۆزى قوشۇلىدۇ. «نىياز» نىڭ مەنىسى «ئاللاھقا ھەدىيە قىلىنغان، ئاتالغان» دېگەن بولىدۇ. مىسالغا ئالساق، نىياز-

www.uyghurkitap.com

بەگ، مەممەتنىياز، تۆمۈرنىياز، سىيىتنىياز قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

قوشما ئىسىملار تەركىبىدىكى ئادەتتىكى ئىسىملارنىڭ مىسالىدىن بىلەلەيمىزكى، ئۇ ئەرەبچە - پارسچە كىرمە سۆزلەر بولۇشىمۇ ياكى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. روشەنكى، قوشما ئىسىملارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇنداق ئىسىملار بەلگىلىك دىنىي تۈسكە ئىگە بولىدۇ.

«نىياز» سۆزىنى ئايرىم ئىسىم ئورنىدا قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ، سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرىنى قوشۇپ ئاياللار ئىسمى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «نىيازخان»، «نىيازبۈۋى» دېگەنلەردىكى «خان»، «بۈۋى» سۆزلىرى ئاياللارنى بىلدۈرىدىغان سىلىقلاشتۇرغۇچى سۆزلەردۇر.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئەرلەر ئىسىملىرى ئاياللار ئىسىملىرىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپ، بۇ ئاساسلىقى دىنىي ئىسىملار ۋە قوشما ئىسىملارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەرلەر ئىسمى بولغانلىقىدىن بولغان. پەقەت ئادەتتىكى ئىسىملار ئىچىدىكى ئاياللار ئىسمىلا كۆرۈنەرلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. دەۋرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، دىنىي تۈس ئالمىغان كىشى ئىسىملىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئاياللار ئىسمىنىڭ نىسبىتىمۇ تەبىئىي رەۋىشتە ئۈزلۈكسىز كۆپەيگۈسى.

## 5. كىشى ئىسىملىرىدىكى سىلىقلاشتۇرۇش

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە، باشقىلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندا دائىم ئىسمىنىڭ كەينىگە باشقا تەركىبلەرنى قوشۇپ چاقىرىدۇ.

بۇ تەركىبلەر ئىسىملارغا تۈرلۈك سۇبيېكتىپ تۇس قوشىدۇ، مەسىلەن، ھۆرمەتلەش، يېقىنچىلىق، تەكەللۇپ قاتارلىقلارغا ئوخشاش. مانا بۇ ئىسىملارنىڭ سىلىقلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسىملارغا تۈرلۈك ئوخشاشمىغان ھېسسىي تۇس كىرگۈزىدىغان سۆزلەر (تەركىبلەر) كىشى ئىسىملىرىنى سىلىقلاشتۇرغۇچى سۆزلەردۇر. سىلىقلاشتۇرغۇچى سۆزلەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم رولى كىشى ئىسىملىرىنىڭ جىنس تەۋەلىكىنى پەرقلەندۈرۈشتۇر.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى سىلىقلاشتۇرغۇچى سۆزلەر (قوشۇمچىلار ياكى تەركىبلەر) تۆۋەندىكىدەك:

1. ئاخۇن

«ئاخۇن» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا يالغۇز ئىشلىتىلگەندە دىنىي ساھەدىكى ئاخۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىسىملارنىڭ سىلىقلاشتۇرغۇچى تەركىبى بولۇپ كەلگەندە بولسا، ئەسلىي مەنىسىنى يوقىتىپ، باشقىلارنى چاقىرغاندىكى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە ئۇ خېلىلا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدا، ئومۇمەن ئەر ئىسمىلا بولسا، ئىسمىدىن كېيىن «ئاخۇن» سۆزىنى قوشۇشقا بولىدۇ. «ئاخۇن» نى قوشقاندا، ئۇنىڭدىكى «ئا» سوزۇق تاۋۇشى ئىسىمنىڭ كەينىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن قوشۇلۇپ بىر بوغۇم بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر ئىسىمنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى سوزۇق تاۋۇش بولسا، ئۇ سوزۇق تاۋۇش قىسقىراپ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

تۇرسۇناخۇن (Tursun+ahun=Tursunahun)،

ئابدۇكېرىماخۇن (Abdukerim+ahun=AbduKerimahun)،

تۆمۈراخۇن (Tθmür+ahun=Tθmürahun)،

روزاخۇن (Rozi+ahun=Rozahun)،

توختاخۇن (Tohti+ahun=Tohtahun) دېگەنلەردەك.

«ئاخۇن» سۆزى ئىسىملارغا قوشۇلغاندىن باشقا، شىنجاڭ-نىڭ قۇمۇل ئەتراپلىرىدا يەنە ئۆسمۈر ئوغۇللارنىڭ نامى سۈپىتە-دىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئومۇمەن ئىسمىنى بىلمىگەن ئوغۇل باللار-نى «ئاخۇن» دەپ چاقىرىشقا بولىدۇ.

2. جان

«جان» ئەسلىي پارسچە سۆز بولۇپ، «ھاياتلىق، روھ» دېگەن مەنىگە ئىگە. ئۇيغۇرلاردا ئەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «جان» نى قوشسا، يېقىنلىق ۋە ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ، مە-سىلەن، ئەخمەتجان، كېرىمجان دېگەندەك. كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «جان» نى قوشىدىغان ئادەت ئۇيغۇرلاردا كېيىنرەك شە-كىللەنگەن بولۇپ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى نىسبەتەن تار، ئادەتتە زىيالىيلار قاتلىمى بىلەن شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدىراق ئىشلە-تىلىدۇ. ئېلىمىزدىكى ئۆزبېكلەر ئارىسىدا ئەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «جان» نى قوشۇش ناھايىتى ئومۇملاشقان.

3. ھاجى

«ھاجى» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئىسلامنىڭ مۇقەددەس جايى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان مۇسۇلماننى كۆرسىتىدۇ. ئومۇ-مەن، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا بۇ سۆزنى قوشۇشقا بولىدۇ. ئۇ مەلۇم كىشىنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ «ھا-جى» نامىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، تۇر-سۇن ھاجى، كېرەم ھاجى، مەرىيەم ھاجى، ھەلىمىخان ھاجى دېگەنلەردەك.

4. موللا

بۇ ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، «ئىلىملىك، بىلىمى

مول ئادەم» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. خەلق ئارىسىدا، بولۇپمۇ بەزى جايلاردا، ئىسمىنىڭ ئالدىغا «موللا» نى قوشۇپ چاقىرىپ، شۇ كىشىگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ بىر خىل ئادەت. مەسىلەن، موللا توختى، موللا نىياز، موللا تۇرسۇن دېگەنلەردەك.

5. قارى

بۇ ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، «قۇرئان» نى تولۇق يادلاپ بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. خەلق ئارىسىدا ئادەتتە ئوغۇل باللارنى ئىسمىنىڭ كەينىگە «قارى» سۆزىنى قوشۇپ چاقىرىش ئادىتى بار، ئۇ ئىززەتلەشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇللاقارى، تۇرسۇنقارى دېگەنلەردەك.

ئاياللىقنى بىلدۈرىدىغان سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرى مەخسۇس ئاياللارغىلا ئىشلىتىلىدۇ، ئەرلەرگە ئىشلىتىلمەيدۇ. تۆۋەندە بىز ئايال ئىسىملىرىدىكى سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرى (تەركىبلىرىنى) تونۇشتۇرىمىز.

6. خان

«خان» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، يەككە ئىشلىتىلگەندە «خاقان»، «بۈيۈك خان» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئايال ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە قوشۇلغاندا ھۆرمەتلەش، ئەتىۋارلاشنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ياشانغان ئاياللارنى چاقىرغاندا، ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا چوقۇم «خان» سۆزىنى قوشۇپ، ھۆرمەتنى بىلدۈرۈش كېرەك. مىسالغا ئالساق، «ئايشە» ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ياش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ھەر خىل سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرىنى قوشۇشقا بولىدۇ، مەسىلەن، ئايشىگۈل، ئايشىقىز، ئايشەبۈۋى دېگەندەك، بىراق ئۇ ياشانغاندا «ئايشىخان» دەپ چاقىرىلىدۇ. بۇ ئىسىم «ئايشە» گە «خان» نى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«خان» سۆزىگە باشقا ئاياللىق سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرى قوشۇلۇپ ئاياللار ئىسمى ياسىلىدۇ. مەسىلەن، خانگۈل، خانقىز دېگەنلەردەك.

### 7. قىز

«قىز» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «ياتلىق بولمىغان، يېشى كىچىك ئايال جىنس» بولۇپ، بۇ سۆز ئادەتتە توي قىلمىغان قىز ـ ئاياللارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ، كۆيۈنۈش ياكى ئەتىۋارلاشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، پاشاقىز (پادىشاھ قىز)، تىللاقىز (ئالتۇن تەڭگە قىز)، چولپانقىز (زۆھرە يۇلتۇزى قىز)، گۆھەرقىز دېگەنلەردەك.

### 8. گۈل

«گۈل» سۆزى «ئېچىلغان غۇنچە، چېچەك» مەنىسىدە بولۇپ، ئاياللار ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇلغاندىكى مەنىسى «قىز» سۆزىنىڭ مەنىسىگە يېقىن كېلىدۇ، كۆيۈنۈش، ماختاش تۈسىگە ئىگە. بۇ سۆزمۇ ئادەتتە كىچىك قىزلارنىڭ، ياش چوكانلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، ئايشىگۈل، نىساگۈل، روشەنگۈل دېگەنلەردەك.

### 9. بۈۋى

«بۈۋى» ئەسلىدە ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. ئىسىملارنىڭ كەينىگە قوشۇلغاندا بولسا ھۆرمەتلەشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، خەلچە بۈۋى، تۇرسۇن بۈۋى دېگەنلەردەك.

«بۈۋى» سۆزىنى يەككە ھالدىمۇ ئاياللار ئىسمى قىلىپ قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا باشقا ئاياللىق سىلىقلاشتۇرۇش سۆزىنى قوشۇش كېرەك. مەسىلەن، بۈۋىخان دېگەندەك.

### 10. نىسا

«نىسا» ئەسلىي ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر ئايال ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە قوشۇلغان «نىسا» سۆزى مەخسۇس جىنس ئالاھىدىلىكىنى، يەنى ئاياللىقنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ باشقىچە سۇبيېكتىپ تۈس مەنىسى يوق.

ئادەتتىكىچە ئېيتقاندا، سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرى كىشى ئىسىملىرىگە تۈرلۈك سۇبيېكتىپ تۈس قوشىدىغان بولۇپ، ئۇلارنى ئىسىمغا قوشسىمۇ - قوشمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بىراق، تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل ئەھۋالدا سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرى ئىسىملارنىڭ مۇقىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۇلارنى ئىسىملاردىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇلار بىلدۈرگەن سۇبيېكتىپ ھېسسىي تۈس مۇئەييەن دەرىجىدە ئاجىزلىشىدۇ ياكى پۈتۈنلەي يوقالغان بولىدۇ.

بىرىنچىسى، جامائەتكە تونۇلغان زاتلارنىڭ ئىسىملىرى جامائەت تەرىپىدىن بىردەك ئادەت خاراكتېرلىك مۇقىملىشىپ قالغاندا، ئۇلاردىكى سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، 1944 — 1949 - يىللاردىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئەخمەتجان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرى تېيىپجانلارنىڭ ئىسمىدىكى «جان» سۆزى ئەسلىدە ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇلغان سىلىقلاشتۇرۇش سۆزى ئىدى، بىراق كۆپچىلىك ئۇلارنى بىردەك شۇنداق ئاتىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىسمىدىكى «جان»نى چىقىرىۋېتىشكە ھەم ئۇلارنىڭ ئىسمىغا باشقا سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرىنى قوشۇشقا بولمايدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىككى ئىسىمغا باشقا سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرىنىمۇ قوشقىلى بولاتتى. مەسىلەن، موللائەخمەت، تېيىپاخۇن دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇنداق ئادەت خاراكتېرلىك مۇقىملىشىپ قالغان ئىسىملار زىيالىيلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدا كۆپرەك.

ئىككىنچىسى، ئەر - ئاياللار ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئىسىم-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لار ئايال ئىسمىنى بىلدۈرۈپ كەلگەندە، ئۇنىڭ كەينىگە مەخسۇس ئاياللىق سىلىقلاشتۇرۇش سۆزى قوشۇلىدۇ، بۇنداق سىلىقلاشتۇرۇش سۆزى مۇقىم ئىسىمنىڭ بىر تەركىبى ھېسابلىنىدۇ. مەسالغا ئالساق، تۇرسۇن، توختى، تۇردى، تۇرغان قاتارلىق ئىسىملارنى ئاياللار ئۇچۇنمۇ، ئەرلەر ئۇچۇنمۇ ئىسىم قىلىشقا بولىدۇ، بىراق ئۇلار ئاياللار ئىسمى بولۇپ كەلگەندە چوقۇم كەينىگە «خان، قىز، گۈل، بۈۋى» دېگەندەك ئاياللىق سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرىدىن بىرى قوشۇلۇپ، «تۇرسۇنخان»، «توختىگۈل»، «تۇردى بۈۋى»، «تۇرغانقىز» دېگەندەك شەكىللەردە كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەر ـ ئاياللار ئۇچۇن ئورتاق بولغان ئىسىملاردىن يەنە قۇربان، روزى، نىياز قاتارلىقلارمۇ بار، بۇلار ئايال ئىسمى بولغاندا يۇقىرىقى ئاياللىق سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرى قوشۇلىدۇ، مەسىلەن، قۇربانخان، روزىگۈل، نىياز بۈۋى دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇچىنچىسى، بىرلا بوغۇملۇق كىشى ئىسىملىرى چوقۇم مەلۇم بىر سىلىقلاشتۇرۇش سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ، مۇقىم ئىسىم شەكلىنى ھازىرلايدۇ. مەسىلەن، «ئاي»، «خان» دېگەن بۇ ئىككى ئايال ئىسمى بىرلا بوغۇملۇق سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار چوقۇم ئاياللىقنى بىلدۈرىدىغان سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرىنىڭ بىرى بىلەن بىرىكىپ كەلگەندىلا ئىسىم رولىنى ئۆتىيەلەيدۇ، يەنى، ئايگۈل، ئايبۈۋى، خانقىز، خانگۈل دېگەندەك. بىراق، «گۈل» دېگەن ئايال ئىسمى يەككە ئىشلىتىلگەندە سىلىقلاشتۇرۇش سۆزى قوشۇلماي، كەينىگە بىر «ئى» قوشۇلۇپ «گۈلى» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. يەنە «نۇر» ۋە «تۇر ـ» دېگەن ئىككى سۆز ئەرلەر ئىسمى بولغاندا، ئۇلارغا ئەرلىك سىلىقلاشتۇرۇش سۆزى «ئاخۇن» نى قوشۇش كېرەك، يەنى «نۇراخۇن، تۇراخۇن» دەپ ئېلىش كېرەك. «نۇر» نىڭ كەينىگە «ئاخۇن» نى قوشماي «جان» نى قوشۇپ، «نۇرجان» دېسىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىككى بىر

بوغۇملۇق سۆز ئاياللار ئىسمى بولغاندا، ئۇلارغا ئاياللىق سىلىق-لاشتۇرۇش سۆزى «خان» نى قوشۇش كېرەك، «خان» نى قوشقاندا بۇ سۆزلەرنىڭ كەينىدىكى «ر (r)» تاۋۇشى چۈشۈپ قې-لىپ، «نۇخان»، «تۇخان» دېگەن ئىسىملار بارلىققا كېلىدۇ. «تۇر -» غا «خان» نى قوشقاندا، «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالمىسى-مۇ بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭ كەينىگە بىر «ئا» تاۋۇشىنى قوشۇپ «تۇراخان» دەپ ئېلىش كېرەك.

خەلق ئىچىدە يۇقىرىدىكى سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرىدىن باشقا يەنە بەزى ياخشى كۆرۈش ۋە يېقىنچىلىقى بىلدۈرىدىغان سىلىقلاشتۇرۇش سۆزلىرى بار. مەسىلەن، ئەرلەرنىڭ ئىسمى-نىڭ كەينىگە «تاي» سۆزىنى قوشۇپ، نۇرتاي، ئەركىنتاي، تۇرسۇنتاي دېگەندەك ئاتاش ئادىتىمۇ بار. «تاي» سۆزى ئوغۇللار-نىڭ ئىسمىغا ئالاھىدە ئەھۋالدا قوشۇپ ئېيتىلسا، تامامەن ئەركى-لىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر چوڭلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەي-نىگە قوشۇلسا، مۇقىم ئىسمىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، ئەسلىدىكى ئەركىلىتىش تۈسىنى يوقىتىدۇ، پەقەت كىشىلەر شۇ كىشىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئەركىلىتىش يۈزى-سىدىن «تاي» دەپ سۈپەتلىنىپ چاقىرىلغانلىقىنىلا بىلەلەيدۇ.
ئاياللار ئىسمىنىڭ كەينىگە بىرىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى «- م» ياكى ئۇنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىنى قوشۇش ئارقىلىقمۇ كۆيۈنۈش ۋە يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، پە-رۇزەم (پەرۇزە + م)، ھەدىيەم (ھەدىيە + م)، خەلىچەم (خەلىچە + م) قاتارلىقلاردەك. ئىسىملارغا بىرىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندىن كېيىن، مەنە جەھەتتىن ئال-غاندا «مېنىڭ × ×» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بىراق «- م» ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى قوشۇلغان ئاياللار ئىسىملىرىدىكى كۆيۈنۈش تۈسى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئۇ مۇقىم ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. ئايرىم ئەھۋاللاردا ئەرلەرنىڭ ئىسمىگىمۇ

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشقا بولىدۇ، مەسىلەن، «نۇر» دېگەن ئىسمنى «نۇرۇم» دەپ ئۆزگەرتىشكىمۇ بولىدۇ (نۇر + ئۇم. مەنىسى: مېنىڭ نۇرۇم).

يەنە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە ئومۇمەن يېشى ئۆزىدىن چوڭ بولغانلارنى چاقىرغاندا (مەيلى ئۇلارنىڭ ئىسمىغا سىلىقلاشتۇرۇش سۆزى قوشۇلغان بولسۇن ياكى قوشۇلمىغان بولسۇن)، ئەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «ئاكا»، ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «ئاچا» ياكى «ھەدە» سۆزى قوشۇپ چاقىرىلىدۇ. بۇ يەردىكى «ئاكا» سۆزى خەنزۇچىدىكى «ئاكا»، «تاغا»، «چوڭ دادا» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئۇ بىر كەڭ مەنىلىك سۆز، ئومۇمەن ئۆزىدىن چوڭ بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئاكا» دەپ چاقىرىشقا بولىدۇ؛ «ئاچا» ياكى «ھەدە» سۆزىمۇ خەنزۇچىدىكى «ئاچا»، «يەڭگە»، «ھاما، كىچىك ئاپا» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن باراۋەر بولۇپ، خۇددى «ئاكا» سۆزىگە ئوخشاشلا، ئۇمۇ بىر كەڭ مەنىلىك سۆز.

## 6. ئوخشاش ئىسىملارنى پەرقلەندۈرۈش

1990 ـ يىلىدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 7 مىليون 213 مىڭ 431 بولغان. بىراق، ئادەم ئىسىملىرىنىڭ سانى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، 1968 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان ئەمىر نەجىپ تۈزگەن «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت» نىڭ قوشۇمچە قىسمىدا بېرىلگەن كىشى ئىسىملىرى جەدۋىلىدە جەمئىي 867 ئەر ئىسمى، 360 ئايال ئىسمى بېرىلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ سانى جەدۋەلدە بېرىلگەن ساندىن كۆپ بولسىمۇ، ئومۇمىي نوپۇس-

قا سىلىشتۇرغاندا، ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ئاز. ئۇيغۇرلاردا ئى-
سىملارنىڭ تەكرارلىنىش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ،
ئادەتتە بىر ئىدارىدىمۇ ئوخشاش ئىسىملىكلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.
ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئوخشاش ئىسىملارنى قانداق پەرقلەندۇرىدۇ؟
تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات
جەريانىنى كۆزىتىش ئاساسىدا، ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى پەرق-
لەندۇرۇش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

*1. مەلۇم بىر شەخسنىڭ مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئوغلى ياكى قىزى ئىكەنلىكىنى كونكرېت چۈشەندۈرۈش*

بۇنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: تۇرسۇنئاخۇننىڭ ئوغلى تۇر-
دىئاخۇن، قادىر ھاجىنىڭ قىزى ئائىشەمخان دېگەنلەردەك، بۇنىڭ-
دا، ئەجدادنىڭ ئىسمى چوقۇم ئەر ئىسمى بولۇشى كېرەك، ئايال
ئىسمى بولمايدۇ. بۇ خىل شەكىلدە ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى
پەرقلەندۇرۇش ئۇسۇلى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن
بۇرۇن تۈزۈلگەن توختامنامىلەردە كۆپ ئىشلىتىلگەن.

*2. ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئاۋۋال «بىن» ياكى «بىننى» قو-
شۇمچىسىنى قوشۇپ، ئاندىن دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش*

بۇ خىل شەكىل ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ،
بۇ دېگەنلىك «مەلۇم شەخسنىڭ پەرزەنتى مەلۇم ئادەم» دېگەنلىك
بولىدۇ. بىراق، بۇ خىل شەكىلدە ئىسىملارنىڭ ئورنى ئالدىنقى
شەكىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تەتۈر تەرتىپتە كېلىدۇ،
مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان، 19 ـ ئەسىردە يېزىلغان
«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئۆزىنى «موللا
ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ دېگەن-
لىك «موللا نىمەتۇللانىڭ ئوغلى موللا ئىسمەتۇللا» دېگەنلىك
بولىدو. بۇ خىل شەكىل 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن

كىتاب ئۇيغۇر ئۆيى www.uyghurkitap.com

بۇرۇن ياشىغان زىيالىيلار ئارىسىدا ئانچە ـ مۇنچە قوللىنىلغان.

***3 . ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ، ئاندىن ئەركىشى بولسا «ئوغلى»، ئايال كىشى بولسا «قىزى» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئاتاش***

بۇ خىل شەكىلمۇ ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، «مەلۇم شەخس مەلۇم شەخسنىڭ ئوغلى؛ مەلۇم شەخس مەلۇم شەخسنىڭ قىزى» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، تۇرسۇن قادىر ئوغلى، ئايشەم روزى قىزى دېگەنلەردەك. بۇ يەردىكى «ئوغلى» دېگەنلىك «. . . نىڭ ئوغلى» دېگەن مەنىنى، «قىزى» دېگەنلىك بولسا «. . . نىڭ قىزى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىككى سۆز «ئوغۇل، قىز» دېگەن ئىسىملارغا 3 ـ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان. بۇ خىل شەكىل 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى بىر مەھەل ئەۋج ئالغان بولۇپ، ھازىر ئانچە قوللىنىلمايدۇ. بۇ خىل شەكىل ئەۋج ئالغان مەزگىللەردىمۇ، زىيالىيلار ئارىسىدا، يەنە كېلىپ يېزىق تىلىدىلا قوللىنىلغان، كەڭ خەلق ئاممىسى قوللانمىغاچقا، تەدرىجىي ھالدا ئىشلىتىلىش قىممىتىنى يوقاتقان، بىز بۇ خىل شەكىلنى بەزى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ئىسمىدىلا ئۇچرىتالايمىز.

***4 . ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا شۇ شەخس تۇغۇلغان يەرنىڭ نامىنى، ئاندىن يەنە ئەرەب ـ پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىنىقلىغۇچى قوشۇمچە «ى»نى قوشۇپ ئاتاش***

بۇ خىل شەكىل «مەلۇم يەرلىك پالانى كىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، سۆز تەرتىپى تەتۈر كېلىدۇ. بۇ خىل شەكىل 11 ـ ئەسىرلەردىلا قوللىنىلغان بولۇپ، 11 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر تىلشۇناس، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كەشغەرىنىڭ ئىسمى بۇ خىل شەكىلدە خاتىرىلەن-

گەن. بۇ يەردىكى «مەھمۇد» مۇئەللىپنىڭ ئىسمىنى، «كاشغەر» مۇئەللىپ تۇغۇلغان يەر نامىنى بىلدۈرىدۇ. «ئى» بولسا ئېنىقلىغۇچىلىق قوشۇمچىدۇر. «مەھمۇد كەشغەرى» دېگەنلىك «كاشغەردە تۇغۇلغان مەھمۇد» دېگەن بولىدۇ. 16 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر مۇزىكانت قىدىرخان ياركەندىنىڭ ئىسمىمۇ مۇشۇ خىل شەكىلدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىدىكى «ياركەندى» سۆزى «ياركەند» دېگەن يەر نامىغا «ئى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق ياسالغان، قىدىرخاننىڭ ياركەندلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل شەكىل ئۆتمۇشتە زىيالىيلار ئارىسىدا قوللىنىلغان، ھازىرمۇ ئانچە ـ مۇنچە قوللىنىلىدۇ.

***5. ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا شۇ شەخسنىڭ ئەمەل نامى، ھەدىيە نامى ياكى لەقىمىنى قوشۇپ ئاتاش.***

بۇ خىل شەكىلمۇ 11 ـ ئەسىرلەردىلا قوللىنىلغان بولۇپ، 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان، ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپۋى داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسمى مۇشۇ شەكىلدە خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىكى «يۈسۈپ» مۇئەللىپنىڭ ئىسمى، «خاس ھاجىپ» بولسا ئۇنىڭ ئەمەل نامى، مۇئەللىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىدا ئوردىدا ئەمەلدار بولۇپ ئىشلىگەنىدى. بۇ خىل شەكىل ھازىرمۇ كەڭ قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، تۇرسۇن ھاكىم، ھاشىم كاسىر دېگەنلەردەك. بۇ خىل شەكىل كەڭ خەلق ئارىسىدا ئېغىز تىلىدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ، يېزىق تىلىدا ئانچە كۆپ قوللىنىلمايدۇ.

مەلۇم بىر شەخسنىڭ ھەدىيە نامى شۇ شەخسنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن شۇ كىشىگە بېرىلگەن نامدۇر. ئۇ مەلۇم شەخسنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم بىلەن بىرگە قوللىنىلىدۇ. 19 ـ

ئەسىردە ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىر رەھبەرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى سادىر پالۋان ئىدى. ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ھەمدە ئۇ ئۆزى ئېيتقان خەلق ناخشىلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ھېلىمۇ كەڭ تارقىلىپ كەلمەكتە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ 13 قېتىم يامۇلغا سولانغان بولۇپ، ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ، سەبداشلىرى بىلەن بىللە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۈرەش قىلغان. بۇ شەخسنىڭ ئەسلىي ئىسمى «سادىر» بولۇپ، «پەيدا بولۇش، يۈز بېرىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «پالۋان» دېگەن سۆز بولسا شۇ چاغدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا بەرگەن ھەدىيە نام بولۇپ، «ئەزىمەت، قەھرىمان، ئېلىشىشقا ماھىر» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. «پالۋان» دېگەن ھەدىيە نام ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى ھېچكىم چىقىرىۋەتمەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا لەقەم قويۇش كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك لەقىمى بار. بەزى لەقەملەر بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئەجدادلىرىدىن مىراس قالىدۇ. ئادەتتە كۆپ قىسىم لەقەملەر مەلۇم بىر شەخسنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى، تۇرمۇش ئادىتى، ئارتۇقچىلىقى، كەسپى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى، قان سىستېمىسى ۋە كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ئەتراپتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن، قاراقاش، تايغان، تەمبۇر، كاسكاس، شەيتان، بورىچى، قويچى، سەتەڭ، كاچات دېگەندەك.

لەقەمنىڭ ئىككى خىل ئىجتىمائىي رولى بولىدۇ: بىرى، ئۇ خەلق ئىچىدىكى قىزىقچىلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەك-

www.uyghurkitap.com

لى. ئۇيغۇرلار كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە كوللېكتىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشتىن سىرت، بىر ـ بىرىنىڭ لەقىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىزىقارلىق ياپتا سۆزلەرنى قىلىشىپ، كۆپ- چىلىككە كۈلكە ئاتا قىلىپ، پائالىيەتنى قىزىتىدۇ؛ يەنە بىرى، لەقەم ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى پەرقلەندۇ- رۇش رولىنى ئوينايدۇ، ئەگەر بىر كەنتتە ئىبراھىم ئىسىملىك تۆت ئادەم بولسا، كىشىلەر ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۇ- رۇش ئۈچۈن، «ئىبراھىم جۇدا، ئىبراھىم تۆمۈرچى، ئىبراھىم كۆككۆز، ئىبراھىم چولاق» دەپ لەقىمى بىلەن قوشۇپ ئاتايدۇ. يەنە تۇرپان قاتارلىق بەزى يۇرتلاردا، لەقەم بىر جەمەت كىشىلە- رىگە ئورتاق بولۇپ، ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا قالىدۇ. بۇنداق لەقەملەر فامىلىگە ئوخشاش رول ئوينايدۇ.

بەزى يۇرتلاردا كىشىلەر لەقەمگە كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قو- شۇپ، پۈتۈن بىر جەمەت كىشىلىرىنى ئاتايدۇ. مەسىلەن، «كاۋا» دېگەن لەقەمگە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «كاۋىلار» دېيىلسە، «كاۋا» لەقەملىك بىر جەمەت كىشىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

※ ※ ※ ※ ※ ※

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئادەتتە كۆپلىگەن لە- قەملەر سەلبىي تۈسكە ئىگە بولغاچقا، رەسمىي سورۇنلاردا ياكى تەنتەنىلىك يىغىلىشلاردا لەقەم ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. يەنە كې- لىپ لەقەم ئەرلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئايال ئىسىملىرىغا لەقەم قوشۇشقا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، يەنە بەزى لەقەملەرنى كىشىلەر ئوخشاش ئىسىمدىكىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، دائىم ئىشلەت- سە ياكى دائىم ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ قالسا، ئۇ هالدا بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەقەملەر ئۆزىدىكى سەلبىي تۈسنى يوقىتىپ، ئىسمىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، بىر ئۇيغۇر دېھقان بوۋاينىڭ رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن قول كۆرۈشۈپ چۈشكەن سۈرىتى ھەممىلەنگە تونۇشلۇق، ئۇ بوۋاينىڭ ئىسمى قۇربان تۇلۇم بولۇپ، بۇ يەردىكى «تۇلۇم» ئەسلىي ئۇنىڭ لەقىمى، «تۇلۇم» دېگەنلىك «تېرىدىن ياسالغان خالتا» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ ياكى سۈت قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «تۇلۇم» دېگەن لەقەم ئۇ بوۋاينىڭ ئىسمىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، خەنزۇ تىلىغا ئاھاڭى بويىچە تەرجىمە قىلىنغان.

### *6. ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا شۇ شەخسنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش*

بۇ خىل شەكىل ئارقىلىق ئوخشاش ئىسىمدىكىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ھازىر كەڭ قوللىنىلىۋاتىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل شەكىل خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشتى. ئۇنىڭ بۇنداق كەڭ ئومۇملىششى ئاساسلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئادىتىنىڭ ئاساس بولغانلىقىدىن بولغان. ئۇيغۇرلاردا چوڭلار ياشلار بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كىملىكىنى سورايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ خىل پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى قولاي ھەم ئاسان. نۆۋەتتە نوپۇس تىزىملىغاندا ياكى ھەر خىل جەدۋەللەرنى تولدۇرغاندا، مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ يازىدۇ. مىسالغا ئالساق، مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى بولغان «خەمىت تۆمۈر» دېگەن ئىسىمدىكى «خەمىت» ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمى، «تۆمۈر» بولسا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىدۇر.

## 7. ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىسى

بىز يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىمىزدا، ئەمەلىيەتتە پەقەت ئىسىم قىسمىدىلا توختالدۇق. ئۇيغۇر تىلىدا كىشى ئىسىملىرى «ئات» دەپ ئاتىلىدۇ، يەنە «ئىسىم» مۇ دېيىلىدۇ. «ئىسىم» ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، ئادەتتە ئۇ «ئات» بىلەن پاراللېل ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «فامىلە» سۆزى رۇسچىدىكى «فامىلىيا» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مۇشۇ ئەسىر (20 - ئەسىر) نىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ قوللىنىلغان. بۇ ئۈچ سۆز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلە ئىشلىتىش تارىخىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ: دەسلەپىدە قەدىمكى ئىسىم (ئات)، كېيىن دىنىي ئىسىم، ئەڭ ئاخىرىدا فامىلە شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىسى ھەققىدە بىز «فامىلە بار، بىراق ئومۇملاشمىغان» دېسەك بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ (20 - ئەسىرنىڭ) 30 - يىللىرىدىن باشلاپ زىيالىيلار فامىلە ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئەڭ ئاۋۋال دادىسىنىڭ ئىسمىغا فامىلە قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىق فامىلىنى ئىپادىلىدى. بۇ خىل فامىلە بىلەن دادىسىنىڭ ئىسمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، پەقەت فامىلە قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلغانلىقىلا بولۇپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنداقلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ بىر جەمەت كىشىلىرى ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان فامىلىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدۇر.

ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلىسىنىڭ تەرتىپى ئاۋۋال ئىسىم، كېيىن فامىلە بولۇپ، فامىلە ئىشلەتمىگەنلىرىنىڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئىسمى، ئارقىدىن دادىسىنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ. فامىلىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ ھازىرچە ئۈچ خىل شەكلى بار: بىر-

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com

رى، فامىلە سۆزى بىۋاستە ئىسمىنىڭ كەينىگە كېلىدۇ. فامىلە سۆزىنىڭ مورفولوگىيىلىك بەلگىسى يوق. مەسىلەن، داڭلىق ئۇيغۇر تەرجىمان ۋە شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ فامىلىسى «خوجا» بولۇپ، «خوجا» دېگەن سۆزنىڭ ھېچقانداق فامىلىلىك بەلگە ـ ئالامىتى يوق؛ ئىككىنچىسى، فامىلە سۆزنىڭ كەينىگە فامىلە قوشۇمچىسى «-ئى» قوشۇلۇپ كېلىدۇ، مەسىلەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ فامىلىسى «ئەزىزى» دېگەن سۆز «ئەزىز» دېگەن ئىسىمغا فامىلە قوشۇمچىسى «ئى» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. يەنە مەسىلەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدىنىڭ فامىلىسى «شەھىدى» مۇ «شەھىد» دېگەن ئىسىمغا فامىلە قوشۇمچىسى «-ئى» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان؛ ئۈچىنچىسى، فامىلە سۆزىنىڭ كەينىگە ئەرلەرگە «ئوف» ، ئاياللارغا «ئوۋا» قوشۇلىدۇ، بۇ رۇسچىدىكى فامىلە قوشۇمچىسى «- ئوۋ// - ئوۋا» لارنىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن. بۇ خىل شەكىلدىكى فامىلە ئىشلەتكەنلەردىن ئۇيغۇر شائىرى تېيىپجان ئېلىيوف، ئۇيغۇر ناخشىچىسى پاشا ئىشانوۋالارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. تېيىپجاننىڭ فامىلىسى «ئېلىيوف» دېگەن سۆز «ئېلى» دېگەن ئىسىمغا «ئوف» نىڭ قوشۇلۇشىدىن (ئۇيغۇر تىلى قائىدىسى بويىچە ئارىغا بىر «ي» تاۋۇشى قوشۇلغان) شەكىللەنگەن، پاشانىڭ فامىلىسىدىكى «ئىشانوۋا» دېگەن سۆز «ئىشان» سۆزىگە «ئوۋا» نىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. بۇ ئۈچ خىل شەكىل ئىچىدە ئالدىدىكى ئىككى خىل شەكىلنى قوللانغانلار بىر ئاز كۆپ، ئاخىرقى شەكىل بولسا 50 ـ يىللارنىڭ ئالدىدا بىر ئاز ئەۋج ئالغان، كېيىن بۇ خىل شەكىل بارا ـ بارا ئازايدى، ھەتتا ئىلگىرى بۇ خىل شەكىلدىكى فامىلىنى قوللانغۇچىلارمۇ يۇقىرىدىكى بىرىنچى ياكى ئىككىنچى شەكىلدىكى فامىلىنى قوللىنىشقا ئۆزگەردى.

نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلاردىكى بىر جەمەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە فامىلە ئىشلىتىدىغانلار پەقەت قىسمەن كادىر - زىيالىيلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسى يەنىلا دادىسىنىڭ ئىسمى ئارقىلىق تۈرلۈك جەدۋەللەردىكى «گەسىم - فامىلىسى» دېگەن كاتەكچىنى تولدۇرۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئۆز فامىلىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

گەرچە ئۇيغۇرلاردا ھازىر جەمەت فامىلىسىنى قوللىنىش ئادىتى تولۇق شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، بىراق زىيالىيلارنىڭ ئالدى بىلەن فامىلە قوللىنىشى بىر خىل يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىدا دادىسىنىڭ ئىسمى ياكى لەقەم ئارقىلىق ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئىنتايىن يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە فامىلە ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئويناپلا قالماي، يەنە جەمەت يىلتىزىنى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىنى چۈشىنىش، ئالاقە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە فامىلە ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئىسىم - فامىلە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئاكتىپ تەسىرلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىغا ۋە ئالاقە دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدە جەمەت فامىلىسى قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن فامىلىلەرگە ئاساسەن پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئاتا ئىسمى بىرنەچچە ئەۋلاد ئىشلىتىلسە، ئۇ چوقۇم خاس فامىلىگە ئايلىنىدۇ، ئەلۋەتتە، لەقەم ۋە ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ فامىلىگە ئايلىنىش ئېھتىماللىقىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

فامىلە سۆزلىرىنىڭ شەكلىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەتقىق قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ھازىر بار بولغان فامىلىنى ئىپادىلەيدىغان ئۈچ خىل شەكىل (يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق) پاراللېل ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى خىل شەكىل شەكىل جەھەتتىن دادا ئىسمىدىن پەرقلەنمەيدۇ. بۇ دادا ئىسمى بىلەن فامىلىنى پەرقلەندۈرۈشكە بەلگىلىك قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ، بىرلىككە كەلگەن شەكىل فامىلىدە كەم بولسا بولمايدىغان شەرت. يەنە بىرى، ھازىر فامىلە بىلەن دادىنىڭ ئىسمى پاراللېل ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ئۆز ئىسمىغا دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇش ياكى ئۆز ئىسمىغا فامىلە قوشۇش. ئۆز ئىسمى، دادا ئىسمى ۋە فامىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم سۆز شەكلى مەسىلىسىمۇ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىكتۇر.

ئاخىرىدا، ھەربىر ئۇيغۇر بوۋاقنىڭ قۇتلۇق ئىسمى بولۇشىنى، ھەممەيلەننىڭ ئۆز جەمەتىنى تىرىشچانلىقتا، گۈللىنىشكە يېتەكلەيدىغان فامىلىسىنىڭ بولۇشىنى تىلەپ، ماقالىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد

# «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل توغرىسىدا•

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى 1823 - يىلى ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغاندىن بۇيان، بۇ ئەسەر ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان ئالىملار تۈرلۈك نۇقتىلار بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە. ئەسەرنىڭ تىلى، بولۇپمۇ بۇ تىلنىڭ تەۋەلىكى ئۈستىدە پىكىر بايان قىلغان ئالىملار بۇ تىلنى مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى»، «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ ئاتىغان تىلنىڭ ئەدەبىي شەكلى ھېسابلاپ، ئۇنى تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي گۇرۇپپىسى ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈش جەھەتتە ئومۇمەن ئورتاق قاراشتا. لېكىن، «خاقانىيە تۈركچىسى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى — ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن ئەسەر تىلىنىڭ زادى قايسى خەلققە مەنسۇپلۇقى توغرىسىدا ئوخشاشمىغان پىكىرلەرمۇ مەۋجۇت. بىرمۇنچە ئالىملار خاقانىيە تۈركچىسىنى، جۈملىدىن ئەسەر تىلىنى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى» دەپ تونۇيدۇ. مەسىلەن، ۋ. ۋ. رادلوف بۇ ئەسەرنىڭ ھىرات نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلىنى قايتا نەشر قىلدۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان كىرىش سۆزىدە «مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنى ساپ ئۇيغۇر دىئالېكتىدا يازغان، ئۇ بۇ تىلغا ۋە يېزىققا

• بۇ ماقالىنى مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئامىنە غاپپارلار بىلەن بىرگە يازغان. بۇ ماقالە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 2 -، 3 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

ماھىر ئىدى» دەيدۇ[1]. س. يې. مالوف بۇ ئەسەرنى «ئۇيغۇر مۇسۇلمان يادىكارلىقى» دەپ ھېسابلايدۇ ۋە «ئۇنىڭ ئەرەبچە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى XI ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دەپ تەكىتلەيدۇ[2]. سائادەت چاغاتاي «خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان ‹قۇتادغۇ بىلىك›، ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ»[3] دەيدۇ. يى. بېنزىڭ تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي گۇرۇپپىسىنى «ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ ھەم خاقانىيە تىلىنى VIII — XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزچىل داۋامى ھېسابلىنىدىغان تىللار قاتارىغا كىرگۈزىدۇ[4]. ك. مېنگىس قاراخانىيلار مەتنىلىرىنى ئۇيغۇرچە ھېسابلايدۇ ھەم ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيا گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزىدۇ[5]. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا بۇ ئەدەبىي تىلنى ئۇيغۇر تىلى ھېسابلىسىمۇ، لېكىن ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ئايرىپ قارايدىغان، ھەتتا ئۇنى «ئۇيغۇر تىلى ئەمەس، بەلكى قارلۇق تىلى، چىگىل تىلى» دەپ تونۇيدىغان ياكى ئۇنى «شۇ دەۋردىكى ھەممە تۈركىي تىللار ئاساسىدا شەكىللەنگەن» دەپ تونۇيدىغان ئالىملارمۇ بار.

بىز بۇ ماقالىدە «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈرىدىگەن ھالدا ئۇنىڭ تىل تەۋەلىكى ئۈستىدە ئۆز كۆزقاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.

## 1

ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، «قۇتادغۇ بىلىك» تەك مول مەزمۇنلۇق يىرىك بىر ئەسەرنى ئىپادە قىلالىغان

① ۋ. ۋ. رادلوف: «قۇتادغۇ بىلىك» ھىرات نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىل نەشرىگە كىرىش سۆز.
② س. يې. مالوف: «قەدىمكى تۈركىي تىل يېزىق يادىكارلىقلىرى»، 220 — 244 - بەتلەر، موسكۋا - لېنىنگراد، 1951.
③ س. چاغاتاي: «تۈرك لەھجەلەرى ئۈزەرىنە دېنەمەلەر»، 12 - بەت، ئەنقەرە، 1978.
④ ⑤ «تارىخىي تۈرك لەھجەلەرى». 5 — 8 - بەتلەر، ئەنقەرە، 1988.

تىلىنىڭ (خاقانىيە ئەدەبىي تىلىنىڭ) قاراخانىيلار تەۋەسىدە يېتىل-
دىن شەكىللەنگەن بىر ئەدەبىي تىل ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قى-
لىش ئىنتايىن تەس. چۈنكى، شۇ دەۋر ئىجتىمائىي شارائىتىدىن
قارىغاندا، بىرەر ئەنئەنىۋى ئاساس بولماي تۇرۇپ مۇنداق بىر
ئەدەبىي تىلنىڭ بىرەر ئەسىر ئىچىدە ئۇنچىلىك پىشىپ يېتىلىشى
مۇمكىن ئەمەس؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مۇنداق زور ھەجىملىك بىر
ئەدەبىي ئەسەرنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىدىكى يازما ئەدەبىيات
ئەنئەنىسى بولمىغان شارائىتتا بىردىنلا مەيدانغا كەلگەنلىكىمۇ
ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىپادىلەنگەن خا-
قانىيە ئەدەبىي تىلىنى قاراخانىيلار خانلىقى شەكىللىنىشتىن بۇ-
رۇنلا پىشىپ يېتىلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن (ئىدى-
قۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن) ، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان قەدىم-
كى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بول-
مايدۇ. ئەمەلىيەتتە، خاقانىيە ئەدەبىي تىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر
ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىسلام شارائىتىدىكى ۋارىيانتى ئىدى.

ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قارا
بالغاسۇننى پايتەخت قىلغان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 840 -
يىلى يىمىرىلىشى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى نوپۇز-
لۇق ئۇيغۇر خانزادىلىرىنىڭ باشچىلىقىدا، بۇ خانلىقنىڭ غەربىي
زېمىنى بولغان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپكە يۆتكىلىپ بۇ
جايلاردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇ زېمىنغا
بولغان ھۆكۈمرانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە شەرقتە شاجۇدىن
غەربتە سىر دەريا، ھەتتا ئامۇ دەرياغىچە، غەربىي جەنۇبتا خوتەن
ۋە قەشقەرگىچە، جەنۇبتا تىبەتكىچە بولغان جايلارنى ئۆز تەۋەلى-
كىگە ئالدى. دەسلەپ بالاساغۇندا ۋۇجۇدقا كېلىپ، كېيىن قەش-
قەرنى پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتېپى
www.uyghurkitap.com

خانلىقىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خانزادىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھاكىمىيەت بولۇپ، ئۇلار تاكى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دىنىي دۈشمەنلىك تۈپەيلى ئايرىلىپ چىققانغا قەدەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى•.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ پۈتۈنلەي يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى: ئۇلار يايلاق مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان قىسمەن ئولتۇراق، قىسمەن كۆچمەن تۇرمۇشتىن شەھەر مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزلىرىگە خاس بولغان ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئالغان يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنى بەرپا قىلدى. ئۇيغۇر خانلىقىدا ئورقۇن دەۋرىدىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە شۇ دەۋردە بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بۇ مەزگىلدە ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلىنىپ، بۇ تىل بىلەن مانى، بۇددا دىنلىرىغا ئائىت بىر مۇنچە يىرىك ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنىدى ھەم ھەر خىل مەزمۇندىكى مول يازما ئەسەرلەر، جۈملىدىن ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەدەبىي تىل ھەر جەھەتتىن تېخىمۇ يېتىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى باسقۇچىغا كىردى ۋە دۆلەت تىلى، خان تىلى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدىكى جايلاردا ئۈنۈملۈك قوللىنىلدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۈستىدە توختىلىپ، «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن

---

• گەنبۈجيەنفۇ: «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە نەشرى)، 1985. 272 ـ، 378 ـ بەتلەر.

يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت - ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن»* دەپ بەرگەن مەلۇماتى دەل مۇشۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىگە قارىتىلغان. چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ يېزىقنى نوقۇل ھەرپ شەكلى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ ھەرپلەر ئىپادىلىگەن فونېمىلار نۇقتىسىدىن بايان قىلىۋاتقانلىقى — ئەمەلىيەتتە شۇ ئەدەبىي تىلنى نەزەردە تۇتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق، ئۇنىڭ ئۆز ئەسىرىدە بەزى سۆزلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قانداق يېزىلىشىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىمۇ** شۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، بۇ ئەدەبىي تىل قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئەدەبىي تىلى، خان تىلى سۈپىتىدە داۋاملىق قوللىنىلىۋەردى. چۈنكى، ئۇزاقتىن ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە خاقانىيىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن خان جەمەتىنىڭمۇ ئۆز تىلى بولغان بۇ ئەدەبىي تىلدا بىرەر ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىغا ھېچقانداق ئاساس يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئەدەبىي تىل ئىسلامغا كىرگەن ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن دۈشمەنلىك ھالىتىدە بولغان قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى يېڭى ئېتنىك قاتلاملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرمەي قالمىدى. نەتىجىدە، بۇ ئەدەبىي تىل ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىسلام شارائىتىدىكى ۋارىيانتى سۈپىتىدە «خاقانىيە تۈركچىسى»، «خان تىلى»، «بۇغراخان تىلى»، «كاشغەر تىلى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى

* * * مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ئۈرۈمچى، I توم، 526 -، 40 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن پاراللېل قوللىنىلدى.

«خاقانىيە تۈركچىسى» بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر تىل ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاشلىقىدا ئىسپاتلىنىش بىلەن بىللە، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە»* دېگەن سۆزى بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركچە» ئاتالغۇسىنى «خاقانىيە تۈركچىسى» نىڭ قىسقارتىلغان شەكلى سۈپىتىدە قوللانغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم.

دەرۋەقە، قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ۋە بۇ جەھەتتە دۈشمەنلىك ھالىتىدە تۇرغان قېرىنداشلىرى — ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن چەك - چېگرا ئايرىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دېمەستىن، «تۈرك» دەپلا ئاتاپ كەتكەن. لېكىن، بۇ ئاتالغۇ جەھەتتىكىلا پەرق بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئۇيغۇر ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» تە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدارغا ۋاستىلىك ھالدا بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپپۇزىدا «ئەي چۇماق» دەپ خىتاپ قىلىشى** ئۇلارنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە ئوخشاشلا خۇيگۇ (回鹘) دەپ ئاتىلىشى، ئەرەبچە - پارسچە مەنبەلەردە بولسا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئوخشاشلا «توققۇز غۇز» دەپ ئاتىلىشى بۇنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى «تۈرك» دەپ ئاتىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن باشقىچە يېڭى بىر نامنى قوللانغانلىقىمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، شۇ دەۋردە «تۈرك» دېگەن بۇ

---

* مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 توم. ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980. 526 -، 40 - بەتلەر.

** «قۇتادغۇ بىلىك» 4701 - بېيىت؛ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك». 1 توم، 495 - بەت، 1 توم، 2 - بەت.

نامىنىڭ كەڭ مەنىدە ئومۇمىي تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىتىل-
سا، تار مەنىدە ئۇيغۇرلارغا قارىتىلىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن نام
بىلەن تەڭداش قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار ئاز
ئەمەس. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»
نىڭ «ئۇيغۇر» ماددىسىدا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقى-
شى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەتنى سۆزلىگەندە، «زۇلقەرنەيىن ئۇي-
غۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ
ئادەم ئەۋەتكەن» دەپ، «ئۇيغۇر خاقانى» ئىبارىسى ئورنىدا
«تۈرك خاقانى» ئىبارىسىنى قوللىنىدۇ* . ئىدىقۇت ئۇيغۇر خان-
لىقىدا «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق
ئىككى يىرىك ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بەشبالىق-
لىق ئۇيغۇر ئالىمى سىنقۇسەلى ئۆز تىلىنى ئالدىنقى ئەسەردە
«تۈرك ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىسا، كېيىنكى ئەسەردە «تۈرك
تىلى» دەپ ئاتايدۇ** .

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، «خاقانىيە
تۈركچىسى»نى «قارلۇق تىلى» دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ھېچقانداق
ئاساس يوقلۇقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر شۇ دەۋردە قاراخانىي-
لار دۆلىتىنىڭ ئەدەبىي تىلىغا (خاقانىيە تۈركچىسىگە) ئاساس
بولۇشقا ئەرزىيدىغان بىر «قارلۇق تىلى» مەۋجۇت بولغان بولسا،
شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللارنى پۇختا تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەھ-
ۋالىدىن ئېنىق مەلۇمات بەرگەن مەھمۇد كاشغەرى ئەلۋەتتە بۇ تىل
توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتكەن بولاتتى. لېكىن، مەھمۇد كاشغەرى ئۆز
ئەسىرىدە پەقەت ئون نەچچىلا سۆزگە «قارلۇقچە» دەپ ئىزاھ
بەرگەندىن باشقا، ھېچقانداق جايدا «قارلۇق تىلى» دىن سۆز ئاچ-
مايدۇ، ھەتتا قارلۇق قەبىلىسىنى تۈركىي تىللىق چوڭ قەبىلىلەر

---

* مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم. 151 ـ بەت.

** ئا. ۋ. گابايىن: «قەدىمكى تۈرك تىلى گرامماتىكىسى» تۈركچە نەشرى، 1988، ئەنقەرە، 236 ـ بەت.

قاتارىغىمۇ كىرگۈزمەيدۇ[①]. بۇ ھال بۇرۇندىن ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدە بولۇپ كەلگەن قارلۇقلارنىڭ بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار (خاقانىيە تۈركلىرى) بىلەن تېخىمۇ جىپسىلىشىپ پەرقلەنمەس دەرىجىگە يېتىپ قالغانلىقىنى، قارلۇق تىلىنىڭ بولسا ئەزەلدىنلا ئۆزى بىلەن ناھايىتى يېقىن بولغان ئۇيغۇر تىلىغا (خاقانىيە تۈركچىسىگە) پۈتۈنلەي سىڭىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ خالاس.

خاقانىيە تۈركچىسىنى «چىگىل تىلى ئىدى» دېگەن پىكىرنىڭمۇ ئاساسسىز ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. مەھمۇد كاشغەرى چىگىل تىلىنى سەھرا قىر خەلقلىرىنىڭ تىللىرى قاتارىدا تونۇشتۇرىدۇ[②] ۋە لۇغەتنىڭ «چىگىل» ماددىسىدا: «ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى، بىرىنچىسى، بارسغاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قۇياس شەھەرچىسىدە ياشايدىغان كۆچمەنلەر، ئىككىنچىسى، تالاس شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر شەھەرچىدە ياشايدىغانلارمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىدۇ، ... ئۈچىنچىسى، قەشقەردىكى بىرمۇنچە يېزا ـ قىشلاقلاردا ياشايدىغان تۈركىي قەبىلىلەرمۇ ‹چىگىل› دەپ ئاتىلىدۇ، بۇلارمۇ بىر يەردىن تارالغان» دەپ ئىزاھ بېرىدۇ[③].

ناھايىتى روشەنكى، ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەر ھاياتى ئومۇملاشقان قەشقەر، بارچۇق، بالاساغۇن، سەمەرقەند، ئوترار، فاراب قاتارلىق يىرىك ئىقتىسادى، سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئىگە بولغان قاراخانىيلار خانلىقىدا تېخى ئاساسىي جەھەتتىن كۆچمەن ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ياكى يېزا ـ قىشلاقلاردا ياشاۋاتقان تارقاق بىر خەلقنىڭ تىلى ئەدەبىي تىل بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ.

ئەمدى «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىلنى «شۇ

① مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم. 238 ـ، 40 ـ بەتلەر.
② مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم. 238 ـ، 40 ـ بەتلەر.
③ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم. 511 ـــ 512 ـ بەتلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەۋردىكى ھەممە تۈركىي تىللار ئاساسىدا شەكىللەنگەن» دەيدىغان قاراشقا كەلسەك، بۇ قاراشنىڭمۇ ئاساسسىزلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم.

بىرىنچىدىن، بۇ خىل قاراشتا شۇ دەۋر تۈركىي تىللىرىدىكى ئورتاق ئامىللارلا (بۇ تىللارنىڭ تۇغقانچىلىقىغا دائىر ئورتاق ئامىللار) نەزەرگە ئېلىنىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرقلەر (يەنى، بۇ تىللارنى قوللىنىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆپەيلىدىن تىلدا ئەكس ئەتكەن روشەن پەرقلەر) گە كۆز يۇمۇلىدۇ. ۋەھالەنكى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللار ئۇلارنىڭ بىر تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپلۇقىنى كۆرسىتىدىغان ئورتاق ئامىللارغا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، تۈركىي (خاقانىيە تۈركچىسى)، ئوغۇزچە، قىپچاقچە دېگەندەك تىللارغا بۆلۈنىدىغان پەرق ۋە ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە ئىدى*.

ئورقۇندىكى مەڭگۈ تاشلاردا ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىلدا ھەقىقەتەن ئەينى دەۋردىكى تۈركىي تىللار ۋە بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى تۈركىي تىللارغا ئورتاق تەركىبلەر خېلى كۆپ ئىدى. بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئورقۇن ۋە ئېنىسەي رايونى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى ئىككى، ئۈچ ئەسىرلىك تەرەققىياتى تۈركىي تىللارنىڭ ئىچكى تەرەققىياتى (بۆلۈنۈش ۋە بەزىدە بىرلىشىش) غا مۇناسىپ ھالدا بارغانسېرى ئۇيغۇر تىلى تەركىبلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشى ۋە باشقا (مەسىلەن، ئوغۇز، قىپچاق) تىل تەركىبلىرىنىڭ تەدرىجىي ئازىيىشى بىلەن نەتىجىلەندى. ئالايلى، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان güqi // ɤuqi قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان «ayɤuqisi — دانىشمىنى، مەسلىھەتچىسى» دېگەن سۆپەتداش پەقەت ئۈچلا جايدا كۆرۈلگىنىدىن باشقا، قالغان

---

* مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» I توم. 41 -، 46 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەڭگۇ تاشلاردا بۇ قوشۇمچىنىڭ كۆرۈلمەسلىكى، «مايترى سىم-مىت» دا بۇ قوشۇمچە بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلارنىڭ XI ئەسىردە ئوغۇز - قىپچاق تىللىرىنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى سۈپىتى-دە تىلغا ئېلىنىغان -daqi ، -dəqi // -taqi ، -təqi بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلارغا نىسبەتەن ئاز قوللىنىلغانلىقى، «قۇتادغۇ بىلىك» تە بولسا ئەھۋال تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ خىل قاراش «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىپادى-لەنگەن تىل پاكىتلىرىغا زىت كېلىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» تىلى «bas — باش» ، «tas — تاش» دەيدىغان «S» لىق تىل ئەمەس، بەلكى «bax» ، «tax» دەيدىغان «X» لىق تىل؛ «jas — ياش» ، «jil — يىل» دەيدىغان «j» لىق تىل ئەمەس، بەلكى «yax» ، «yil» دەيدىغان «y» لىق تىل؛ سۆز بېشىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار-نىڭ ئالدىدا «y» چۈشۈپ قالىدىغان، يەنى «ip — يىپ» ، «īraķ — يىراق» دەيدىغان تىل ئەمەس، بەلكى «yip» ، «yiraķ» دەيدىغان تىل؛ سۆز ئوتتۇرىسى ۋە بوغۇم ئاخىرىدىكى «ɣ ، g» تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالمايدىغان ياكى بۇ تاۋۇشلار «w , y» تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلەشمەيدىغان تىل، يەنى «taw — تاغ» ، «biy — بەگ» ، «baruqi — بارغۇچى» دەيدىغان تىل ئەمەس، بەلكى «taɣ» ، «bəg» ، «barɣuqi» دەيدىغان تىل ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئۇنىڭدا سۆز بېشىدىكى m/b نۆۋەتلىشىشىدە «m» ئاساسىي ئو-رۇندا تۇرىدۇ. (مەسىلەن، «bən — مەن» ئەمەس، «mən» )؛ سۆز بېشىدىكى t/d نۆۋەتلىشىشىدە «t» ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ (مەسىلەن، «daɣ — تاغ» ئەمەس، «taɣ» )

بۇ تىلنىڭ مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەھمۇد كاشغەرى قويغان ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن ھالدا تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي گۇرۇپپىسىغا ئەمەس، بەلكى شەرقىي گۇرۇپ-پىسىغا، جۈملىدىن «خاقانىيە تۈركچىسى» گە مەنسۇپلۇقى رەت قىلىپ بولمايدىغان پاكىت.

# 2

ئەمدى بىز ئۆز قارىشىمىزنى «قۇتادغۇ بىلىك» تە كۆرۈلگەن تىل پاكىتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلايلى. بىزچە «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىپادىلەنگەن خاقانىيە ئەدەبىي تىلى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن كېيىنكى چاغاتاي تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەنمۇ زىچ باغلىنىپ تۇرىدۇ.

## 1. فونېتىكىلىق جەھەتتە

### 1. سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ü ، u ، θ ، o ، i ، ə ، a دىن ئىبارەت يەتتە سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى بار.

بۇلاردىن «i» فونېمىسى ئومۇمەن تىل ئورنى ئارقىدىراق بولغان ئۇزۇن تاۋۇشلارنىڭ يېنىدا تىل ئوتتۇرا، سەل ئېگىز ۋارىيانتى «ī» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ ۋارىيانت بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن تاۋۇشلار بىلەن ماسلىشىش رولىنى، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە يەنە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئاھاڭداشلىقىنى راۋانلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ھېچقانداق ئورۇندا سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينىمايدۇ. ئورقۇن يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەممىسىدىلا بۇ فونېما بىرلا ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» تە «i» بىلەن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى سۆزلەرگە بەزى قوشۇمچىلارنىڭ بىردە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى، بىردە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلغانلىقىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ، مەسىلەن -biq ( «پىچماق» پېئىلىنىڭ يىلتىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نزى) ، iz (ئىز) سۆزلىرىنى ئالساق، بۇنىڭ ئالدىنقىسى «پىچ-
قىن» دېگەن مەنىدە biqɤil (B، C) نۇسخىلىرىدا—4661) ،
biqqil (B، C) نۇسخىلىرىدا—1375) ، «پىچاق» سۆزىدە biqaķ
(B) نۇسخىسىدا—4599) ، biqək (B، C) نۇسخىلىرىدا—810،
788، 4131) ، «پىچىغلىق» سۆزىدە biqiɤli (B، C) نۇسخىلە-
رىدا—810) ؛ كېيىنكىسى «ئىزنى» مەنىسىدە iziɤ (B، C)
نۇسخىلىرىدا—4411) ، izig (B، C) نۇسخىلىرىدا— 2382)
شەكلىدە ئىككى خىل ئېلىنغان. ix (ئىش) سۆزىمۇ «قۇتادغۇ
بىلىك» نىڭ ر. ئارات تەرىپىدىن بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىسىدە
تۇرلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ ixig (C. B. 327) — ئىشنى،
ixkə (B. C. 516) — ئىشقا شەكلىدە ئېلىنغان. ۋەھالەنكى بۇ
سۆز C نۇسخا 556 - بېيىتتا «ايشقا ixķa» شەكلىدە ئېلىن-
غان.

ئەمەلىيەتتە، مۇنداق سۆزلەرگە قوشۇلۇشى مۇمكىن بولغان «نى — -ni » ، «تك — tɛg» ، «سا- -sə//-sa» ، «ور— -ur//-ür » ياكى «ار — -ar//-ər» ، «ما — -ma//-mə» ... قاتارلىق بىر بولسا يېزىقتىكى ئىپادىسى ئېنىق بولمىغان، بىر بولسا باشقا ۋارىيانتى يوق قوشۇمچىلار بۇ سۆزلەردىكى «i» فونېمىسىنىڭ قايسى ۋارىيانتتا قوللىنىلغانلىقىنى بىلىشىمىزگە يار بەرمەيدۇ. شۇنىڭغا قارىماي «i» تاۋۇشىنى ئىككى فونېمىغا ئاجرىتىپ قاراش ۋە مەڭگۈ تاشلاردىن تارتىپ تاكى كېيىنكى يېزىق يادىكارلىقلىرىغىچە ئىككى خىل ترانسكرىپسىيە بېرىش ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. جۈملىدىن، ر. ئاراتمۇ مۇشۇ مەسىلىدە ئىككىلەنگەچكە، «i» فونېمىسى بىلەن كەلگەن بىر قىسىم سۆزلەرگە بىردە تىل ئالدى «i» بىلەن، بىردە تىل كەينى «ī» بىلەن ترانسكرىپسىيە بەرگەن. مەسىلەن:

(ر. ئاراتنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئىندېكسى بويىچە) ايت
-it (ئىت) ، ئىتتا ،3422 ،ittə، ئىتتەك ،3601 ،ittəg،

ئىتقا ،2047، ītķa ، ئىتىڭ ،5379، itiŋ ، ئىتىڭ ،6368، ītiŋ ، ئىتلار ،3422، itlər ، ايدىش — idix ، (ئىدىش) ئىدىشنى ،2905، idixin ، ئىدىش ،...2919، 2886، īdīx ، ئىدىشلىق ،...6057، 6045، īdīxlīɣ ، ئىدىشتا ،2918، idixtə ...، بىج — biq (پىچ-) ... بىجارمەن ،2573، bīqərmən ، بىجارمەن ،3620، 811، biqarmən ، ايسى - («ئىسىماق» پېئىلىنىڭ يىلتىزى) ئىسسىغان ،4629، isigli ، ئىسسىدۇ ،5865، 2479، isir ، ئىسسىن ،106، īsín ، ايشان — ixən («ئىشەنمەك» پېئىلىنىڭ يىلتىزى). ئىشەنمە ،2778، īxanma ، ئىشىنىدۇ ،5847، īxanur ، ئىشەنگۈ - ئىسىمداش ،5533، ixəngü

بۇ مىساللار «قۇتادغۇ بىلىك» تە «i» بىلەن «ī» نىڭ ئايرىم - ئايرىم فونېما بولماي، بىر فونېمىنىڭ ئىككى ۋارىيانتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«ə» فونېمىسىنى ر. ئارات تامامەن «e» بىلەن ئىپادىلىگەن. شۇڭا ر. ئاراتنىڭ ترانسكرىپسىيىسى فونېتىكىلىق نۇقتىدىن «ə» فونېمىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشقا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. لېكىن، بىز ئەسەرنىڭ B (پەرغانە) نۇسخىسىنى يۈزە بولسىمۇ كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە، «ə» فونېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ئالاقىدار تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز.

بىرىنچى، «ə» بىلەن قۇرۇلۇپ، ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئەھۋالى:

بۇ تىپقا كىرىدىغان تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر ئەمەلىيەتتە «ə» تەلەپپۇز قىلىنغانچا، يېزىقتىمۇ ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرىدىن كېيىن «ي -» قويۇلماي يېزىلغان. مەسىلەن:

ار — ər (ئەر، ئادەم)، انك — əŋ (ئەڭ، ئۆڭ)، انك — aŋ (ئەڭ — ئاشۇرۇش رەۋىشى)، كد — kəd

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(ناھايىتى)، بك — bəg (بەگ)، تنك — təŋ (تەڭ، باراۋەر)، تف — təf (ھىيلە)، نك — nəŋ (نەرسە)، ترك — tərk (تېز، چاپسان)، ار — ar (ئەرمەك، بولماق)، اك — ag (ئەگمەك)، اس — as (ئەسمەك، چىقماق)، كل — kəl (كەلمەك)، كج — kəq (كەچمەك)، كد — kad (كەيمەك)، كس — kəs (كەسمەك)، كز — kəz (كەزمەك)، تك — təg (تەگمەك — ھەم مۇستەقىل پېئىل، ھەم قوشۇمچە ھالىتىدە)، تز — təz (تەزمەك)، سۋ — səv (سۆيمەك)، سج — səq (تاللىماق)، يت — yət (يەتمەك)، الت — əlt (ئەكەتمەك) قاتارلىقلار.

بۇ تىپقا كىرىدىغان تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم سۆزلەر بەزىدە «ə»، بەزىدە «E» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنغاچقا، يېزىقتىمۇ ئىككى خىل يېزىلغان. مەسىلەن، ير ‹302›، يير ‹64، 96، 395› — يەر؛ يكلارى ‹252›، ييكلارى ‹276› — ياخشىلىرى؛ يلكورار ‹74› — يەلپۈنىدۇ، ييل ‹143› — يەل، شامال؛ من ‹186، 187› — مەن (كۆپىنچە تۇرلەنمەي تۇرغاندا)؛ مين — مەن (تۇرلەنگەندە: ميندا ‹186› — مەندە، ميندين ‹381› — مەندىن، مينى ‹166، 385› — مېنى، مينتك ‹389› — مەندەك)؛ سن ‹135، 209› سەن (كۆپىنچە تۇرلەنمەي تۇرغاندا)؛ سين — سەن (تۇرلەنگەندە: سيندا ‹361› — سەندە، سينى ‹194› — سېنى)؛ بكلا- «161» — چېكىت-، ئەت-؛ بكليك ‹436› — بەكىتكىلىك، ئېتكىلىك؛ بيرك ‹361› — چىڭ، مەھكەم؛ كنكاشچى ‹49› — كېڭەشچى، كينك ‹55› — كەڭ؛ ات اوز ‹337› — ۋۇجۇد، تەن؛ اتسيز ‹2206› — ئەتسىز، گۆشسىز؛ ايتينكنى ‹194› — ئېيتىڭنى، گۆشۈڭنى؛ ام ‹1061› — ئەم، داۋا؛ ايملاماسا ‹157› — داۋالىمىسا؛ اف ‹1418› — ئۆي؛ ايۋ ‹744› — ئۆي قاتارلىقلار.

بۇ تىپقا كىرىدىغان تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر پۈتۈنلەي «E» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنغاچقا، ھەممىلا جايدا دىگۇدەك ئۇزۇك تا-

ۋۇش ھەرپلىرىدىن كېيىن بىر «ي» قوشۇپ يېزىلغان. مەسى-
لەن: ايت - Et- ،B165 ،223 ،256... ، — ياخشىلىماق،
ايۋ - EV- ،B538 ،557 ،5867... ، — ئالدىرىماق، بير -
bEr- ،B106 ،151 ،88، — بەرمەك، تير - ، 3021 ،
tEr- ،B114 ،1129 — تەرمەك، ايش — Ex ،B60 ،500،
ھەمرا، كيج kEq ،B556 ،1350... ، — كەچ، ايل ،346،
El — ،B87 ،143 ئەل، خەلق، مەملىكەت، بيش ،2060،
bEX ،B1432 — بەش (سان) قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، ئالدىنقى بوغۇمى «ə» بىلەن، كېيىنكى بوغۇ-
مى «ə» ، «ü» ، «i» بىلەن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق سۆز-
لەرنىڭ ئەھۋالى:

بۇ تىپقا كىرىدىغان سۆزلەردىن ئالدىنقى بوغۇمى يېپىق
بوغۇم بولغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا «ə» بىلەن ئىپادىلەن-
گەن، يەنى بىرىنچى بوغۇمدىكى «ə» ئۈچۈن «ي» قوللىنىلمى-
غان. مەسىلەن:

تركان tərkən ،B109، — ئايااللارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان،
اردم ərdəm ،B281 ،534 ،1644... ، — پەزىلەت، امكاك
əmgək ،B677 ،932 ،1425... ، — ئەمگەك، جاپا، ئەمدى
əmdi ،B452 ،553 ،1649، — ئەمدى (ۋاقىت رەۋىشى)، بلكو
bəlgü ،B1648 ،1864 ،1997... ، — بەلگە، افران ، 1805... ،
əvrən ،B344 ،1642 — پەلەك.

ۋەھالەنكى بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى C نۇسخىدا بەزى ھاللار-
دا «E» بىلەن (يەنى «y» ھەرپىنىڭ ياردىمى بىلەن) يېزىلغان.
مەسىلەن:

ايرديم ErdEm ،C465 ،798، ، — پەزىلەت، ايىردام
Erdəm ،C466 ،469 ،534 ،567 ،673، - پەزىلەت، اردام
ərdəm ،C1186 ،1489 ،1644 ،1679، - پەزىلەت؛ ايفران
Evrən ،C4863 ،5896 ،1805 ، — پەلەك، افران ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

C1642، əvran — پەلەك؛ ايدكو، 456، 695، 715، C502، Edgü — ياخشى، ادكو، C542، ədgü — ياخشى قاتارلىقلار.

بۇ تىپقا كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇمى ئوچۇق بولغانلىرى B ۋە C ھەر ئىككىلا نۇسخىدا ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلە-رىدىن كېيىن «ي» قوشۇلماي يېزىلغان. مەسىلەن،

اليك əlig — قول، اشيت əxit- — ئېشىت، ئاڭلا، اريژ ~ اراژ ərəz — ھۇزۇر، ھالاۋەت، اسان ~ اسن əsən — ئېسەن، بزا bəzə- — بېزىمەك، بدۇك bədük — چوڭ، بۈيۈك، بديز bədiz — نەقىش، تليم təlim — كۆپ، نۇرغۇن، تتيك tətik — تېتىك، تنكيز təŋiz — دېڭىز، نجا nəqə — نەچچە، منكيز məŋiz — مەڭىز، يۈز، كراك kərək — كېرەك، ينيك yənik — يېنىك، يزاك yəzək — كۆزەتچى قاتارلىقلار.

لېكىن، خوددى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە كۆرۈلگىنىدەك مۇنداق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇملىرىدىكى «ə» نى ئاجىزلاشتۇ-رۇش ئەينى دەۋردىكى بىر فونېتىكىلىق يۆنىلىش بولغاچقا، تۆ-ۋەندىكىدەك بىر قىسىم سۆزلەردە بۇ «ə» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلاش-قانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىدىن ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرىدىن كې-يىن بىر «ي» قوشۇپ يېزىلغانلىقىنى، بەزى سۆزلەرنىڭ ئىككى خىل ئىملادا يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

تامامەن ئاجىزلاشتۇرۇپ (يەنى «ي» بىلەن) يېزىلغانلار

ايشيك، 164...، 2727، B451، Exik — ئىشىك، ايسيز، 347...، B235، Esiz — ئۇياتسىز، سيزيك، 4256...، B1090، SEzik — سېزىش، شۇبھە، جيجاك، 2573، 120، 96، B80، qEqək — چېچەك، كيدين، 1012، B192، kEdin — كېيىن، ئارقا، كيجا، 3765.، B489، keqə — كېچە، تيۋا، B206، tEvə — تۆگە قاتارلىقلار.

بەزىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ، بەزىدە ئاجىزلاشتۇرۇلماي يېزىل-

غانلار:
يكو ، B232 ، yəgü ، ييكو ، 1123 ، 1046 ، 425 ،
B495 ، yEgü — يېمەكلىك، نكو ، 260 ، 261 ، 445 ،
B336 ، nəgü ، نيكو ، 369 ، 368 ، 346 ، B333 ، nEgü—
نېمە، يما ، 1010 ، 954 ، B814 ، yəmə ، ييما ، 126 ،
B191 ، yEmə — يەنە، ھەم، بارو ، 3155 ، 1941 ، 923 ،
106 ، B84 ، bərü ، برو ، 3852 ، 486 ، B219 ، bərü ، بيرو
B621 ، bErü — بېرى قاتارلىقلار.

بۇ يەردە مۇنداق ئىككى مەسىلە بار: بىرى، يېپىق بوغۇم-لاردىكى «ə» نىڭ «E» بىلەن ئۆزگىرىشى. بۇ ھادىسە جانلىق تىل شارائىتىدا مەلۇم فونېتىكىلىق تەسىردىن كېلىپ چىققان ئەمەس، يەنى مۇنداق «E» تاۋۇشى «ə» نىڭ ئەركىن ۋارىيانتى بولۇپ، ئۇ ئورقۇندىكى مەڭگۈ تاشلاردا ئىپادە قىلىنغان تىلدىن تارتىپ، پۈتۈن چاغاتاي تىلى دەۋرىدىمۇ داۋام قىلغان فونېتىكى-لىق ھادىسە؛ يەنە بىرى ئوچۇق بوغۇملاردىكى «ə» نىڭ «E» بىلەن ئۆزگىرىشى، يەنى يېزىق ئىپادىسىدە ئۆزۈك تاۋۇشلاردىن كېيىن بىر «ي» قوشۇپ يېزىلىش. بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمى-دىكى ئۇرغۇنىڭ ئاخىرقى بوغۇملارغا كۆچۈشى نەتىجىسىدە كې-لىپ چىققان بىر خىل ئاجىزلىنىش بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات دەۋرىدە ئالاھىدە بىر خىل قائىدە بولۇپ شەكىللەنگەن فونېتىكىلىق ھادىسىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرىنى كۆرسىتىدىغان ھەرپلىك بەلگىلەر يوق. ئەينى دەۋردىكى جانلىق تىل بىزگە مەلۇم ئەمەس، بەلكىم ئىككىلەمچى سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار (فونېما ئەمەس) بولغان بولۇشى مۇمكىن. «قۇتادغۇ بىلىك» تە سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ بولمىغانلىقى-نى بۇ دەۋردىكى باشقا يازما يادىكارلىقلار ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلىغى-لى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەھمۇد كاشغەرىمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلارنى مەنە ئىپادىلىشى جەھەتتىن قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىمۇقارشى قويغان ئەمەس، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە گەرچە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدا بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن بەزى سوزۇق تاۋۇشلار ھەرپى لىن (ا، و، ى) نىڭ قاتنىششى بىلەن يېزىلغان بولىسمۇ، لېكىن مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئىملاسى باشتىن ئاياغ ئىزچىل ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە «ə» فونېمېسىنىڭ ئەركىن ۋارىيانتى «E» يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپىدىن كېيىن بىر «ي» قوشۇلۇپ يېزىلغاندىن باشقا، بۇ فونېما ھېچقانداق يەردە ئىككى ئەلف «اا» بىلەن يېزىلغان ئەمەس؛ ئۈچىنچىدىن، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ھەرپى لىن ياردىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن سوزۇق تاۋۇشلار پەقەت سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇملىرىدىلا بوغۇم بېشى ھالىتىدە كۆرۈلىدۇ.

ئەھمەت جەفەر ئوغلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تېكىستلىرىغا ئاساسەن تەييارلىغان لۇغىتىنى ئالساق، ئۇنىڭدا سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدا بوغۇم بېشى بولۇپ كېلىدىغان سوزۇق تاۋۇش فونېمېلىرىدىن سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنى تەكرار يېزىش بىلەن ئىپادىلەنگەنلىرى يوق، پەقەت ساناقلىق بىرقانچە سۆزدە سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا بوغۇم ئوتتۇرىسى بولۇپ كېلىدىغان. سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنى تەكرار يېزىش بىلەن ئىپادىلەنگەنلىرى پەقەت «ü، u ، i» فونېمىلىرىدىنلا ئىبارەت* . مەسىلەن:

qiik — قەبىلە ئىسمى، quuɤ — بۇلغانغان. küülüg — داڭلىق، مەشھۇر، süü~sü — ئەسكەر، ھەربىي قىسىم، yüüz — يۈز.

شۇڭا، مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر

* ئەھمەت جەفەر ئوغلى: «قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى»، 1968 - يىل، ئىستانبول.

بولسۇن، مەيلى ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بولسۇن، ئومۇمەن بۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىدا «سوز ۋلما سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى بولغان» دەپ قاراشقا ئاساس يوق.

2. ئۈززۈك تاۋۇش فونېمىلىرى

ئەسەردە قوللىنىلغان ئۈززۈك تاۋۇش فونېمىلىرى توغرۇلۇق كېسىپ بىر نېمە دېيىش قىيىن. تۈركىي تىلغا خاس سۆزلەر ئۈچۈن b ، g ، k ، ķ ، r ، x ، s ، z ، q ، ɣ ، t ، p ، d (ð ۋارىيانتى بىلەن) ، y ، v ، η ، n ، m ، l لاردىن ئىبارەت 19 فونېمىنىڭ قوللىنىلغانلىقى بىرقەدەر ئېنىق.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى فونېتىكىغا ئائىت بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەسەردە خاس ئەرەب، پارس تىلى سۆزلىرى ئۈچۈنلا قوللىنىلغان ع، ص، ف، ض، ط، ث، ح قاتارلىق ھەرپلەر، جۈملىدىن ج (j) ، ھ (h) ھەرپلىرى ئىپادىلىگەن تاۋۇشلارنىڭ ئۇ دەۋر جانلىق تىلىدىكى رولىغا قارىغاندا يېزىق تىلىدىكى رولىنى تەكىتلەش مۇۋاپىق. چۈنكى، بۇ ھەرپلەرنىڭ ئالدىنقىلىرى ئۇزاق بىر مەزگىللىك چاغاتاي تىلىدا قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىپادىلىگەن تاۋۇشلار ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا فونېمىلىق رولغا ئىگە بولالمىدى.

خ — h ھەرپى ئىپادىلىگەن تاۋۇش ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرى تەركىبىدە فونېما سۈپىتىدە كەلگەندىن سىرت، ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدە كۆپىنچە بوغۇم ئاخىرىدىكى ķ . ɣ فونېمىلىرىنىڭ ۋارىيانتى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

سختاتور ‹B6126› siɣtatur — قاخشىتىدۇ، اخساقىغ ‹B3238› akşakiɣ — ئاقساقنى، اوخشار ‹4098 ، B784› — oķxar ئوخشايدۇ، اوخشادى ‹ 826 ، B746› oķxadi — ئوخشىدى، اوخشاغ ‹B3720 ، okxoɣ— ئوخشىشى، قاتارلىقلار.

«خ—h» تاۋۇشى ھەققىدىكى بۇ مىساللار بوغۇم ئاخىرىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەزى پارتلىغۇچى تاۋۇشلاردا ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان بىر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش — سىيرىلاڭغۇلىشىش تىندىنسىيىسى-نىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

«v» فونېمىسى ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرى تەركىبىدە (ھەرپلىك ئىپادىسى «و») سۆز بېشىدا ۋە ئوتتۇرىسىدا قوش لەۋ ئۈزۈك تاۋۇشى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدە (ھەرپ-لىك ئىپادىسى «ۋ») لەۋ - چىش ئۈزۈك تاۋۇشى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانىغا كۆرە بۇ تاۋۇش خاقانىيە تىلىغا خاستۇر[*]. لېكىن، بىز بەزى سۆزلەردە بۇ ئىككى ھەرپ-نىڭ تەڭ قوللىنىلغانلىقىغا قاراپ، بۇ ئىككى خىل تەلەپپۇز ئۇسۇلىنىڭ بىرىكىش يۈنىلىشىگە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بايقىيا-لايمىز. مەسىلەن:

يالاۋچ ‹B52. 56، ‹2666، 2643، 2640، 2639، 2638، 56، ‹C52 — yalavaq، يالاوچ ‹2666، 2643، 2640، 2639، ‹B2638 yalawaq — ئەلچى؛ قولاۋۇز ‹6519، ‹C3730، kulavuz، قولاوز ‹129، 128، ‹B3730 kulawuz — يېتەكچى.

«d» فونېمىسى سۆز بېشىدا پەقەت ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرى تەركىبىدە، ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىدا (مەسىلەن، كەنت — kənd، and — قەسەم سۆزلىر-دەك) ۋە بىر قىسىم قوشۇمچىلاردىلا كۆرۈلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىلى d < ð < z < y ئۆزگىرىشىدە d ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇۋاتقان تىل. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىز بۇ تاۋۇشلارنىڭ بەزى سۆزلەردە يەنىلا تەڭ قوللىنىلىۋات-قانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، قداش ‹3151، 524، ‹B317 kadax، قذاش ‹2575، ‹B1327 ka dax — قاياش؛ يايىل-

---

* مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم. 9 -، 20 -، 43 - بەتلەر.

، 5601 ، 5600 ، 2336 ، B1428 ، yayil ، يزيلـ ، 6041 ، 4558 ،
3095 ، 2556 ، 1044 ، 496 ، B458 ، ya ḍil ، يزيلـ ، B2685 ،
yazil — يېيىلماق.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنىڭ يېزىق ئەدەبىي تىل بولۇشى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدا جانلىق تىلنىڭ تولۇق ئەكس ئېتىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىگە قارىماي، ئۇنىڭ يازما نۇسخىلىرىدا كۆرۈلۈۋاتقان بۇ ئىككى خىللىق بۇ خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشنىڭ تېخى تاماملانمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«p» فونېمىسىنىڭ سۆز بېشىدا كېلىشىدىن كۆرە سۆز ئوتتۇرىسىدا ياكى سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. مەسىلەن، «alp — باتۇر، αpαη — ئەگەر» سۆزلىرىدەك.

3. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

تۈركىي تىللارغا ئومۇمىي بولغان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورون ئاھاڭداشلىقى «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىزچىل ئىپادىلەنگەن. تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان تىللاردىن ھازىر پەقەت ئۇيغۇر تىلىلا، مەيلى تۈركىي تىللارغا خاس بولغان تۈپ سۆزلەردە بولسۇن، مەيلى ئىككى ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلاردا بولسۇن، بۇ قائىدىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلمەكتە.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە كۆرۈلگەن لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى شەرقىي گۇرۇپپىغا كىرىدىغان تىللارغا ئورتاق ئەمەس، بەلكى بۇ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ئەسەردە «كونكول — kθηül (kθηil ئەمەس)، اوغول oɤul (oɤil ئەمەس)، كومور kümür (kθmir — ئەمەس)، اورون — orun (orin ئەمەس)، اويون — oyun (oyin ئەمەس)، بويۇن — boyun (boyin ئەمەس) قاتارلىق بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بوغۇملىرى ئوخشاشلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن كەلگەن سۆزلەرنى كۆپلەپ
ئۇچرىتىش مۇمكىن.

مۇندىن باشقا، سۆز يىلتىزى ياكى ئۆزەكنىڭ ئاخىرقى بو-
غۇمىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشقا ماس ھالدا لەۋلەشكەن
سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى بىلەن قوللىنىلىدىغان قوشۇمچىلار-
مۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن:

ئىسىملارنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇم-
چىلىرى: -m، -im، -um، -üm//-η، -iη، -uη، -üη.
مەسىلەن، ارتوقوم (C3795) artuķum — ئارتۇقۇم، بودوم
(B371) bodum — بويۇم، بوينونك (B1754) boynuη —
بوينۇڭ، كوجونك (B. C3760) küqüη — كۈچۈڭ، كوجوم
(C6244) küqüm — كۈچۈم، بوغزونك (B. C4404) boɤzuη —
بوغۇزۇڭ، بوغزوم (C3797) boɤzum — بوغۇزۇم.

پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ۋاسىتىسىز بايان رايى بىرىنچى،
ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى: -dim، -tim، -dum//-tum،
-düm، -tüm، -diη، -tiη، -duη//-tuη، -düη، -tüη. مەسى-
لەن، قالديم (C6597) ķaldim — قالدىم، كدتيم (B84) —
Kədtim كەيدىم، بولدوم (B373) boldum — بول-
دۇم، بوشتوم (C795) buxtum — زېرىكتىم، ئىچىم پۇشتى،
اوكدوم (B184) θgdüm — ماختىدىم، بوتوم (B. C5071) —
büttüm چىنپۇتتۇم، ئىشەندىم، اوكراندينك (B4156) —
θgrendiη ئۆگەندىڭ، قينتك (B4517) ķattiη — قاتتىڭ،
قوشتۇڭ، بولدونك (B1940) bolduη — بولدۇڭ، قودتونك
(B3327) ķodtuη — قويدۇڭ، اقوردونك (B649) əvürdüη —
ئۆرۈدۈڭ، بدوتونك (B1152) bədüttüη — چوڭ قىلدىڭ.

رەۋىشداش قوشۇمچىسى:
-ip، -up//-p، üp. مەسىلەن، يراب (B1619) yarap —
ياراپ، كليب (B104) kəlip — كېلىپ، توروب (B1604)

تۈزۈپ — tüzüp ‹B2344› تۈزۈب، تۈرۈپ — turup

4. «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىدا بىرىنچى بوغۇمى «a، ə» بىلەن تۈزۈلگەن ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەنلىرى خېلى كۆپ. مۇنداق a—u، ə—ü قۇرۇلمىسىدىكى ئاھاڭداشلىق ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمى يېپىق بوغۇم بولغانلىرىدا «a، ə» سوزۇق تاۋۇشلىرى ئەينەن ساقلانماقتا. بىرىنچى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم بولغانلىرىدا «a، ə» تاۋۇشلىرى ئاجىزلىشىپ، كۆپىنچە «o» ۋە «θ» گە، بەزەن «ü» گە ئايلىنىپ كەتتى.

ئالدىنقىسىغا مىساللار:

| «قۇتادغۇ بىلىك» تە | ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|
| altun | ئالتۇن |
| arkun | ئارغۇن |
| kadɣu | قايغۇ |
| yalŋuz—yaŋluz | يالغۇز |
| məŋgü | مەڭگۈ |
| bəlgü | بەلگۈ ـ بەلگە |

كېيىنكىسىگە مىساللار:

| | |
|---|---|
| tanu - | تونۇ ـ، تونۇماق |
| yaru - | يورۇ ـ، يورۇماق |
| yaxur - | يوشۇر ـ، يوشۇرماق |
| avuq | ئوۋۇچ ـ، ئوچ |
| azuk | ئوزۇق |
| kavux - | قوۋۇش ـ، قوۋۇشماق |
| tamur | تومۇر |
| yaɣuk | يېقىن ـ يوۋۇق |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۆمۈر — təmür
سۆيۈل -، سۆيۈلمەك — səvül -
ئۆرۈ -، ئۆرۈمەك — əvür -
ئۆتۈك — ətük
بۆيۈك — bədük
قوغۇن — ķaɣun
ئوقۇر — aķur
قوۋۇق قاتارلىقلار. — ķapuɣ

5. «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدىكى «ķ» نىڭ ئاجىزلاشماسلىقى ئىزچىل. بۇ نۇقتا بولۇپمۇ «ķ، ɣ» تاۋۇشلىرى ئايرىم ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان B ۋە C نۇسخىلىرىدا ناھايىتى ئېنىق. مەسىلەن:

اداقى ~ ازاقى ‹801› — ئايىقى، بايلىقى ‹2618› — بايلىقى، اولدوردوقى ‹801› — ئولتۇرغىنى، توزاقى ‹3637› — توزىقى، توقلوقى ‹2615› — توقلۇقى، سوقلۇقى ‹2615› — ئاچكۆزلۈكى، قودروقىندىن~قوزروقىندىن ‹66› — قۇيرۇقىدىن.

بىر پۈتۈن فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتنى كۆزدە تۇتقاندا، مۇشۇنداق شارائىتتىكى «k» تاۋۇشىنىڭمۇ ئاجىزلاشمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، پەقەت يېزىقتا «k، g» پەرقلەندۈرۈلمىگەچكە، ئۇنىڭ ئىپادىسى ئېنىق بولمىغان. مەسىلەن، كورماكىنك ‹3910› — كۆرمىكىنىڭ، كودازماكى «3351» — ئاسرىمىقى، توكوكى ‹816› — تۈگۈكىلىكى، يوزسوزلوكوم ‹816› — يۈزسىزلىكىم قاتارلىقلاردا شۇنداق.

6. تۆۋەندىكىدەك بەزى قوشۇمچىلار پەقەت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەنلا تۈزۈلگەن، مۇنداق ئەھۋال شەرقىي گورۇپپىدىكى تىللاردىن پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى -sun، -sün ياكى -su، -sü

ئەگسۈن، — ‹5800› əgsü، ئېچىنسۇن، — ‹468› aqinsun
كەلسۇن. — ‹944—509› kəlsün—i، بولسۇن، — ‹940› bolsu

-dük، -tuķ//-tük، -duķ بىلەن تۈزۈلگەن سۈپەتداش قو-شۇمچىلىرىنىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋارى-يانتلىرى يوق. مەسىلەن:

bolduķum ‹3350› — بولغىنىم، ķarixtuķta ‹2310› —
تۇتۇشقاندا، bərdüki ‹6054› — بەرگىنى، iqtüküŋ ‹6045› —
ئىچكىنىڭ.

پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرى: -tur،
-tapindur ، -ür ، -ur // -gür ، -ɤur // -tür ، -dur // -dür
‹1755› - خىزمەت قىلدۇر، تېپىندۇر، yaraxtur ‹146› —
ياراشتۇر -، ildür- ‹3081› — تۆۋەن چۈشۈر، biriktür
‹4280› — بىرىكتۈر -، siɤur ‹3860› — سىغدۇر -، kigür
‹3293› — كىرگۈز -، bixur— ‹2782› — پىشۇر -، iqür
‹495› — ئىچۈر -.

## 2. گرامماتىكىلىق جەھەتتە

### 1. پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامانى

«قۇتادغۇ بىلىك»تە خۇددى مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغا-تىت تۈرك»تە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامانى ئۈچۈن «-r» قوشۇمچىسى قوللىنىلغان. بۇ قوشۇمچىنى قوللىنىش، بولۇپمۇ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىل يىلتىزلىرى ياكى پېئىل ئۆزەكلىرىدە ئىزچىل. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتنى كەلتۈرىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلىشىپ، كەلگۈسى زامان فورمىسى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىل 73. بۇلارنىڭ «-r» بىلەن تۈرلەنگەنلىرى 64، «-r» ھەم «-yur، -yür» بىلەن تۈرلەنگەنلىرى ئالتە بولۇپ، بۇ ئالتە پېئىلنىڭ «-r»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن تۇرلەنگەن قېتىم سانى 399، «-yür، -yur» بىلەن تۇر-
لەنگەن قېتىم سانى 16. پەقەت «-yür، -yur» بىلەن تۇرلەنگەن
پېئىللار «oyna- (79) — ئوينا، sөzlə- (2701) — سۆزلە،
tu- (3412) — ئېتىۋالماق، يېپىۋالماق» قاتارلىق ئۈچ پېئىل
بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەربىرى بىر قېتىمدىنلا تۇرلەنگەن.

ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىل يىلتىزى ياكى پېئىل ئۆزەكلىرىگە بۇ قوشۇمچە قوشۇلغاندا دانىكالىق رول ئوي- نايدىغان «a، ə، i، u، ü» تاۋۇشلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرنىڭ قانداق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلىششى ياكى بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق بولۇشىغا قاراپ بىرقانچە خىل بولىدۇ. قانداق بولمىسۇن، بۇ قوشۇمچىدا ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان، شۇنىڭدەك ھازىرمۇ بەزى ئۇيغۇر شېۋىلىرىدە ئەي- نەن قوللىنىلىۋاتقان ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قوشۇلۇپ كېلىش خۇسۇسىيىتى ئۇستۇنلۇك قازىنىۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈ- نۈپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ «l» ۋە «r» بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇم- لۇق پېئىللاردا شۇنداق.

تەپسىلىي ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

1. t، p، ķ، k، q، n، m، ŋ، g، v، y، z، s، ɣ، ḍ تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا «-ər//-ar» قوشۇلغان.

مۇستەسنا ئەھۋاللار تۆۋەندىكىدەك:

«t» بىلەن ئاياغلاشقان yat- (ياتماق)، Elt- ~ ilt- (ئەكەتمەك) پېئىللىرىغا ür- // ur- قوشۇلغان، tat — (تېتىماق) پېئىلىغا «-ir» قوشۇلغان، 164، 335، .

«n» بىلەن ئاياغلاشقان ķan- (قانماق) پېئىلىغا، بىر بو- غۇملۇق بولسىمۇ پېئىلنىڭ دەرىجە مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان yun- (يۇيۇنماق) ۋە sin- (بۇزۇلماق) پېئىللىرىغا «-ur» قوشۇلغان، 6017، 3387، 6035، «ḍ» بىلەن ئاياغلاشقان ķoḍ-

(قويماق)، id- (ئۇۋەتمەك) پېئىللىرىغا «-ur» قوشۇلغان (2593، 2003).

«x» بىلەن ئاياغلاشقان yEx- (يېيىشمەك) پېئىلىغا بىر بوغۇملۇق بولسىمۇ، ئۆملۈك دەرىجە فورمىسىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن «-ür» قوشۇلغان ،6481، .

«g» بىلەن ئاياغلاشقان «-təg» (تەگمەك) پېئىلىغا -ir، -ür ،1823، قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان.*

«y» بىلەن ئاياغلاشقان «-ay» (ئېيتماق) پېئىلىغا «-ur» قوشۇلغان ،193، 82، . kθr- (كۆرمەك)، yan- (يانماق، قايتماق)، toḍ- (تويماق)، tin- (تىنماق)، ķorķ- (قورقماق) پېئىللىرىغا «-ər//-ar» قوشۇمچىسى بىلەن تەڭ «-ür//-ur» قوشۇمچىسىمۇ قوشۇلغان ،3391، 1163؛ 1050، 967؛ 923، 2003؛ 1049، 6313؛ 2288، 5070، .

2. «l» بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق al- (ئالماق)، ķal- (قالماق)، bol- (بولماق)، tol- (تولماق)، ķol- (سورىماق، تەلەپ قىلماق)، bul- (ئېرىشمەك، ئىگە بولماق، تاپماق)، tul- (tu- پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى — ئېتىلمەك)، ul- (ئۇۋالماق)، bil- (بىلمەك)، til- (تىلماق)، yEl- (yə پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى — يېيىلمەك)، θl- (ئۆلمەك)، kəl- (كەلمەك) پېئىللىرىغا، «r» بىلەن ئاياغلاشقان bar- (بارماق، كەتمەك)، yar- (يارماق)، bər- (بەرمەك)، ər- (بولماق)، kir- (كىرمەك)، ur- (ئۇرماق)، tur- (تۇرماق) پېئىللىرىغا -ur//-ür، -ir قوشۇلغان.

مۇستەسنا ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە:

* «-təg» پېئىلىنىڭ «-ür» قوشۇمچىسى بىلەن كېلىشى ر. ئارات ئىندېكسىدە كۆرسىتىلمىگەن. 1823 - بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا مۇنداق كەلگەن:

اولوغ بولسا اوترو تيلاك كا تكور (چوڭ بولغاندىن كېيىن تىلىكىگە يېتىدۇ)

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«l» بىلەن ئاياغلاشقان -qal (چالماق) ، -kül (كۈلمەك) پېئىللىرىغا، «r» بىلەن ئاياغلاشقان -Er-~ir (تاشلىماق، زېرىكمەك)، -sər (چىدىماق، سەۋر قىلماق)، -sür (سۈرمەك، قوغلىماق)، -tər (تەرمەك، توپلىماق، يىغماق)، -ür (پۈۋلىمەك)، -sor (شورىماق، ئەممەك)، -yir (ياراتماسلىق، يامان كۆرمەك)، -yθr (يەشمەك، تەبىر بەرمەك) قاتارلىق پېئىللارغا «-ər//-ar» قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان.

3. l، r، t، n، ḍ، x، z بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق پېئىللارغا، جۈملىدىن پېئىللارنىڭ بارلىق دەرىجە ئۆزەكلىرىگە -ir // -ur، -ür قوشۇلغان.

مۇستەسنا ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە:

«r» بىلەن ئاياغلاشقان -bəlgür (بىلىنمەك)، -adir (ئايرىماق)، -ķatɤur (قاقاقلىماق، كۈلمەك)، -bürkir (توزىماق، چېچىلماق)، -ķaḍɤur (قايغۇرماق)، -yəlkür (ئۇچۇشماق، يەلپۈنمەك، دەككە - دۈككە بولماق) پېئىللىرىغا، «t» بىلەن ئاياغلاشقان -ķomit (ئۇرغۇتماق، ھاياجانلاندۇرماق) پېئىلىغا «-ər//-ar» قوشۇلغان. -θldür (ئۆلتۈرمەك)، -bassiķ ~- basiķ (بېسىقماق) پېئىللىرىغا «-ar//-ər» بىلەن تەڭ «-ur//-ür» قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان (679، 6271، 2292، 2383).

4. ئىككى بوغۇملۇق -birik (بىرىكمەك)، -alsiķ (ئالدۇرۇپ قويماق)، -arsiķ (ئالدىناماق)، -qaviķ (داڭ چىقارماق، ئاتانماق) قاتارلىق ياسالما پېئىللارغا «-ar//-ər» قوشۇلغان.

2. ئىسىمداشلار

«قۇتادغۇ بىلىك» تە شەرقىي گۇرۇپپىغا كىرىدىغان تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان «x» لىق ئىسىمداش خېلى كۆپ. مەسىلەن: aɤix، 903، — ئېغىش، چىقىش، bakix، 1855، — بېقىش، karɤix، 246، — قارغىش، alkix

1309، — ئالقىش، biqix، 4661، — پىچىش، bilix، 497، —
بىلىش، qiƙix — ، 1316، چىقىش، inix، 3784، — تۆۋەن
چۈشۈش، ئىگىش، kEηəx، 3484، — كېڭەش، kirix
2774، — كىرىش، sθküx، 177، — سۆكۈش، tutux
2098، ، تۇتۇش، uƙux، 150، 151، — ئۇقۇش، ülüx
432، — ئۆلۈش، ھەسسە، yulux، 1113، — يۇلۇش، yanix
1471، — يېنىش، urux، 2098، — ئۇرۇش، toƙix
2365، — ئۇرۇش، سوقۇش …

«قۇتادغۇ بىلىك» تە -ɣu//-gü بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلار كەڭ قوللىنىلغان. بۇ خىل ئىسىمداشلار ئىسىم ئورنىدا، سۈپەت ئورنىدا قوللىنىلغاندىن ۋە پېئىلنىڭ زۆرۈرىيەت رايى مەنىسىنى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، ئاخىرىغا -qi//-luƙ، -lük//-qə//-təg//-، -suz//süz قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولغان. بۇلاردىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا زۆرۈرىيەت رايى مەنىسىنى بىلدۈرۈشتىن باشقا ھەممە رولى ئەينەن داۋاملىشىۋاتىدۇ.

بىز تۆۋەندىكى مىساللار ئارقىلىق بۇ ئىسىمداشنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى رولى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى رولىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

1. ئىسىم ئورنىدا كېلىشى.

495، yatiɣ yarliƙaɣil iqür bəryəgü . (يات يەردىن كەلگەنلەرگە يار ـ يۆلەك بول، يېمەك ـ ئىچمەك بەر).

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىسىم ئورنىدا كەلگەن مۇنداق ئىسىمداشلار كېلىش فورمىلىرى بىلەن، تەۋەلىك فورمىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن:

kəlgükə، 3308، — كېلىشكە، كەلگىلى
ƙilɣuƙa، 380، — قىلىشقا، قىلىش ئۈچۈن
yəgü - iqgüdə، 2833، — يېيىش - ئىچىشتە
ƙilɣuni، B44، — قىلىشنى

barɣum ،5663، — بارغۇم

ķopɣumizni ،5342، — قوپقۇمىزنى، كېتىشىمىزنى

egküsi ،1020، — ماختىشى، ماختىلىش

bərgüŋ ،4657، — بەرگۈلۈك

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق ئىسىمداشلار كۆپ بولۇپ، ئىسىملارغا خاس تۈرلىنىشلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلالايدۇ. مەسىلەن:

ئۇرغۇ، قونالغۇ، تۇرالغۇ، ئېچىتقۇ، ئېزىتقۇ، توڭلاتقۇ.

2. سۈپەت ئورنىدا قوللىنىلىشى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە بۇ ئىسىمداش سۈپەت رولىدا كۆپىنچە ئىسىملارغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىپ، بىر بىرىكمە ھاسىل قىلغان. مەسىلەن:

kөrügli nə barmu yəgü- iqkü ax ،524، (قارايدىغان كىشىنىڭ، يېمەك - ئىچمىكىڭ بارمۇ؟)

ئىسىمداشلارنىڭ بۇ رولى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىرقەدەر كېمەيگەن. مەسىلەن، تۇرالغۇ جاي، تېرىلغۇ يەر، يېقىلغۇ ئەشيا.

3. پېئىلنىڭ زۆرۈرىيەت رايى مەنىسىنى ئاڭلاتقان. مەسىلەن:

sөzüg kimgə ayɣu maŋa ay muni. ،1011، (سۆزنى كىمگە ئېيتقۇلۇق، بۇنى ماڭا ئېيت)

өküx tiŋlaɣu sөz birər sөzləgü. ،1014، (سۆزنى كۆپ ئاڭلىغۇلۇق، بىرە - بىرە سۆزلىگۈلۈك).

ئىسىمداشنىڭ بۇ رولى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قالمىغان.

4. -suz // -süz قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنى ياسىشى. مەسىلەن:

barɣusuz ،5254، — بارغۇسىز، kəlgüsüz ،1396، — كەلگۈسىز، yanɣusuz ،4831، — يانغۇسىز، өlgüsüz ،3756، — ئۆلگۈسىز

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ رولى ئەينەن داۋام قىلماقتا.

5 . -təg قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سۈپەتداش ياسىشى. مەسىلەن:

bu anqa ix ərməz aɣir kəlgütəg,
bu ixtin bəliŋləp yirak̡ turɣutəg <4950>.

(بۇ ئانچىلىك ئېغىر كەلگۈدەك، چۆچۈپ يىراق قاچقۇدەك ئىش ئەمەس)

ئىسىمداشىنىڭ بۇ رولى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەينەن داۋام قىلماقتا.

6 . -qi قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنى ياساش ۋە مۇنداق سۆزلەرنى قوللىنىش «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىنتايىن كۆپ. گەرچە بۇ ئەسەردە سۈپەتداش ياسىغۇچى -təqi ، - taqi // -dəqi ، -daqi فورمىلىرىمۇ قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە نىسبەتەن مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ •.

تۆۋەندە بۇ ئىككى قوشۇمچىنىڭ پۈتۈن ئەسەردە قوللىنىلىش ئەھۋالىنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

ئەسەردە پۈتۈنلەي -gü$^{+}$qi ، -ɣu$^{+}$qi قوشۇمچىلىرى بىلەن سۈپەتداشقا ئايلانغان سۆزلەر (تىرناق ئىچىدىكى سان كۆرۈلۈش قېتىم سانىنى بىلدۈرىدۇ):

al - alɣuqi (3) ئالغۇچى
ay - ayɣuqi (10) ئېيتقۇچى
ba - baɣuqi (1) باغلىغۇچى
baxla - baxlaɣuqi (2) باشلىغۇچى
bas - basɣuqi (4) باسقۇچى
bEr - bErgüqi (17) بەرگۈچى
bildür - bildürgüqi (1) بىلدۈرگۈچى

• بۇ قوشۇمچىلارنىڭ XI ئەسىردىكى قوللىنىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا قاراڭ: مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، 32 ـ، 33 ـ بەتلەر. I توم 43 ـ، 62 ـ، 64 ـ، 237 ـ، 372 ـ، 466 ـ، 74 ـ، 433 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

tE - tEgüqi (13) دېگۈچى
təpsə - təpsəgüqi (1) كەمسىتكۈچى
tinma - tinmaɣuqi (1) تىنمىغۇچى
tEr - tErgüqi (1) تەرگۈچى
ti ḍ- tiḍɣuqi (2) تىيغۇچى، چەكلىگۈچى
to ḍ - to ḍɣuqi (1) تويغۇچى
tüz - tüzgüqi (1) تۈزگۈچى
yE — yEgüqi (4) يېگۈچى
yaŋsa - yaŋsaɣuqi (1) قىزغانغۇچى
yu - yuɣuqi (1) يۇغۇچى
yir - yirɣuqi (1) يىرغۇچى
yor - yorɣuqi ،4368، (1) تەبىر بەرگۈچى
ya ḍ - yạdɣuqi (1) يايغۇچى
yat - yatɣuqi (3) ياتقۇچى
yort - yortɣuqi (1) يۇرگۈچى
yap - yapɣuqi (1) ياپقۇچى
yət - yətgüqi (1) يېتەكلىگۈچى
yθr - yθrgüqi ،6042 ،5992، (2) تەبىر بەرگۈچى
kər - kərgüqi (1) كەرگۈچى
kəz - kəzgüqi (1) كەزگۈچى
kθksə - kθksəgüqi (1) يۆكسەلگۈچى
ķal -ķalɣuqi (2) قالغۇچى
ķod - ķodɣuqi (2) قويغۇچى
ķiy - ķiyɣuqi (1) قىيغۇچى
əmlə - əmləgüqi (1) ئەملىگۈچى، داۋالىغۇچى
əxit - əxitgüqi (1) ئىشتكۈچى، ئاڭلىغۇچى
ət - ətgüqi (2) ئەتكۈچى، قىلغۇچى
θg - θgküqi (2) ماختىغۇچى

satɤu - satɤuqi (1) خارلىغۇچى، خورلىغۇچى

səv - səvməgüqi (3) سۆيمىگۈچى، سۆيمەيدىغان

sanq - sanqɤuqi (1) سانچىغۇچى

tik - tikgüqi (1) تىككۈچى

tθk - tθkgüqi (1) تۆككۈچى

ur - urɤuqi (2) ئۇرغۇچى

ut - utɤuqi (1) ئۇتقۇچى

oḍɤur - oḍɤurɤuqi (1) ئويغاتقۇچى

min - mingüqi (2) مىنگۈچى

ilt -Elt ～ - Eltgüqi (1) ئەكەتكۈچى

iq - iqgüqi (2) ئىچكۈچى

پەقەت تۆۋەندىكى پېئىللارغىلا - təqi ، - dəqi // - taqi ، - daqi قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ سۇپەتداش ياسىغان. بۇلار: kətərdəqi (1) كەتكۈزگۈچى، turdaqi (1) تۇرغۇچى، yügürdəqi (1) يۈگۈرگۈچى، taηladaqi (1) تاڭ قالغۇچى، yaruttaqi (2) يورۇتقۇچى، yəttəqi (2) يەتكۈچى، يوقالغۇ-چى، alƙtaqi (2) تۈگىگۈچى.

كۆپىنچە «l» بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللاردا بۇ ئىككى خىل قوشۇمچە تەڭ قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى (ئوغۇز - قىپچاقچە) قوشۇمچە نىسبەتەن ئاز. مەسىلەن (تىرناق ئىچىدىكى-سى كۆرۈلۈش قېتىم سانى).

bilgüqi (10) ، bildəqi (4) بىلگۈچى

bolɤuqi (6) ، boldaqi (7) بولغۇچى

bulɤuqi (3) ، buldaqi (1) ئېرىشكۈچى

kəlgüqi (3) ، kəldəqi (2) كەلگۈچى

ƙilɤuqi (22) ، ƙildaqi (3) قىلغۇچى

ƙoltɤuqi (2) ، ƙoldaqi (2) سورىغۇچى، تىلىگۈچى

θlgüqi (1) ، θldəqi (1) ئۆلگۈچى

barɤuqi (5) ، bardaqi (1) بارغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوپقۇچى ķoptaqi (1) ، ķopɤuqi (1)

سۆزلىگۈچى sθzlədəqi (2) ، sθzləgüqi (5)

تۇتقۇچى tuttaqi (8) ، tutɤuqi (22)

7. بۇ ئىسىمداشتا ‎-luķ‎ ، ‎-lük‎ قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان پېئىللارنىڭ زۆرۈرىيەت رايى قوللىنىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن:

(2078) ķara ķilķi ol bu yiraķ turɤuluķ. (بۇ ئاۋامنىڭ قىلىقى، بۇنىڭدىن يىراق تۇرغۇلۇق)

(6636) nəqə miŋ yaxasa θlgülük (نەچچە مىڭ يىل ياشىسىمۇ ئاخىرى ئۆلۈم بار)

لېكىن، «قۇتادغۇ بىلىك»تە پېئىللارنىڭ زۆرۈرىيەت رايىنى بىلدۈرىدىغان ئوغۇز - قىپچاقچە قوشۇمچە «‎-ɤsaķ‎» ئۇچرىمايدۇ*.

پېئىللارنىڭ مۇنداق زۆرۈرىيەت رايى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىئالېكتلىرىدا، شۇنىڭدەك ئەدەبىي تىلىمىزدىمۇ كەڭ قوللىنىلماقتا.

8. بۇ ئىسىمداشتا چەك كېلىش قوشۇمچىسى ‎-qa ~ -qə‎ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان ‎-ɤuqa//-güqə‎ شەكلى پۈتۈن ئەسەردە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە بېيىتتىلا ئۇچرايدۇ ۋە چەك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(4769) ķarin todɤuqa yə ķamuɤ yəm iqim. (ھەرقانداق يېمەك - ئىچمەكنى قورساق تويغۇچىلىك، تويغانغا قەدەر، يە.)

turu θlməgüqə yəgil əy ķadax yəmə u ḍlayu sən taduŋ bolɤa(y) bax. (4770)

ئەي قېرىنداش، ئۆلمىگۈدەكلا بىر نەرسە يېگىن، ئۇيغا

* بۇ قوشۇمچىلارنىڭ XI ئەسىردىكى قوللىنىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا قاراڭ: مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، 32 ـ، 33 ـ بەتلەر. I توم 43 ـ، 62 ـ، 64 ـ، 237 ـ، 372 ـ، 466 ـ، 74 ـ، 433 ـ بەتلەر.

ئوخشاش يەپ كەتسەك، مىجەزىڭ بۇزۇلىدۇ.

3. سۈپەتداشلار

پۈتكەن سۈپەتداش ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىك»تە «-mix» قو-شۇمچىسىنى قوللىنىش كۆپ، gən- //-ɤan- قوشۇمچىسىنى قول-لىنىش ناھايىتى ئاز. مۇنداق بولۇشى بىرىنچىدىن، «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋام-لاشتۇرغانلىقىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىدىن، بۇ ئىككى قوشۇمچە-نىڭ بىلدۈرگەن مەنىلىرى ئارىسىدا ئازدۇر – كۆپتۇر پەرق پەيدا بولۇۋاتقانلىقىدىن، يەنى ئالدىنقىسىنىڭ پېئىلنىڭ سۆزلىگۈچىگە بىرقەدەر ئېنىق ئەمەس ھالەتتە ئورۇندىلىشىدىن پەيدا بولغان سۈپەتداشنى، كېيىنكىسىنىڭ ئېنىق ھالدا ئورۇندالغان پېئىلدىن ھاسىل بولغان سۈپەتداشنى بىلدۈرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. بۇ نۇقتا، بولۇپمۇ يارانتقۇچىغا قارىتىلغان -igi ḍ (يېتىشتۈرمەك، پەرۋىش قىلماق)، -tθrüt (تۆرەلدۈرمەك)، -yarat (ياراتماق) پېئىللىرىنىڭ سۈپەتداش شەكلى تامامەن دېگۈدەك -gən // -ɤan بىلەن ياسالغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»تە تامامەن -ɤan // -gən بىلەن سۈپەتداشقا ئايلانغان پېئىللار تۆۋەندىكى-لەر:

basin - basinɤan ،4448، باسقان، ئاجىز كۆرگەن
igid - igidgən ،1343، يېتىشتۈرگەن، پەرۋىش قىلغان
iglə - igləgən ،1108، يىگلىگەن، ئاغرىغان
ķarix - ķarixɤan ،2379، قېرىشقان، قارشى بولغان
ķis - ķisɤan ،965، قىسقان، قىستىغان
ķiy - ķiyɤan ،850، قىيغان
kθyür - kθyürgən ،249، كۆيدۈرگەن
θt - θtgən ،6114، ئۆتكەن
sərin - səringən ،1318، سەۋر قىلغان، چىدىغان
sür - sürgən ،1438، سۈرگەن
süz - süzgən ،421، سۈزگەن

تۆرەلدۈرگەن ، 1242 ، ... tθrüt - tθrütgən
يارىغان، پايدا بەرگەن ، 3247 ، tusul - tusulɤan
يۇدۇگەن، يۇكلىگەن ، 6620 ، yüḍ - yüḍgən

تۆۋەندىكى پېئىللار «قۇتادغۇ بىلىك»تە «-mix» ۋە «-gən // -ɤan» قوشۇمچىلىرى بىلەن ئارىلاش ھالدا تۈرلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا «-mix» بىلەن تۈرلەنگەن قېتىم سانى جىق، «-gən // -ɤan» بىلەن تۈرلەنگەن قېتىم سانى ئاز (بىز «-mix» بىلەن تۈرلەنگەن مىساللاردىن پەقەت بىر قىسمىنىلا كۆرسەتتۇق) . مەسىلەن:

ئالغان ، 5487 ، almix ، 4514 ، alɤan
باسقان ، 3126 ، 3639 ، basmix ، 965 ، basɤan
بارغان ، 3314 ، barmix ، B 58 ، barɤan
بەرگەن ، 2648 ، bərmix ، A3 ، bərgən
ئاڭلىغان ، 3818 . 3848 . 4062 ، əxitmix ، B 16 ، əxitgən
ئەتكەن، قىلغان ، 223 . 256 . 6156 ، ətmix ، 2707 ، ətgən
كەچۈرگەن ، 426 . 1222 . 3630 ، kəqürmix ، 1343 ، kəqürgən
قىلغان ، 304 ، 556 ، 587 ، 631 ، ķilmix ، 848 . 5733 ، ķilɤan
قوپقان ، 602 . 4089 . 4889 ، ķopmix ، 1506 ، ķopɤan
كۆزەتكەن، ساقلىغان ، 3764 ، küḍəzmix ، 994 ، küḍəzgən
ئۆلگەن ، 2403 . 5689 ، θlmix ، 3217 ، θlgən
سۆزلىگەن ، 204 ، 171 ، 5072 ، sθzləgən ، 986 ، sθzləmix
تەرگەن ، 1363 . 4265 ، tərmix ، B 54 ، tərgən
تۇتقان ، 3639 ، 255 ، 1058 ، tutmix ، 4343 . 4682 ، tutɤan
ئۇققان ، 1475 ، uķmix ، 2648 ، uķɤan
ياراتقان ، 4743 ، 6247 ، yaratmix ، 4743 ، yaratɤan
يەتكۈزگەن ، 216 ، 426 ، 4413 ، yətürmix ، 3216 ، yərürgən

4 . -lik ، -liķ // -liɤ ، -lig // -luķ ، -lük // -luɤ ، -lüg قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ قوللىنىلىشى مەھ-

مۇد كاشغەرىنىڭ بۇ قوشۇمچىلارنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئىپادىلەي-دىغان مەنىلىرى ھەققىدىكى بايانلىرىغا ئۇيغۇن*. گەرچە ھازىر-قى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرقى ئۈزۈك تاۋۇشلىرى پۈتۈنلەي ķ ۋە k بىلەن ئىپتىلىدىغان بولۇپ كەتسە-مۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتىكىدا يەنىلا k ، ķ بىلەن ɤ ، g پەرقلەندۈرۈلىدۇ، يەنى ئالدىنقىسى ئىسىملاردا، كېيىنكە-سى سۈپەتلەردە قوللىنىلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قوشۇمچە توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن قارىغاندا، 1535 ـ، 3529 ـ بېيىتلاردىكى künlük سۆزىنىڭ 1873 ـ، 1841 ـ، 3499 ـ بېيىتلاردىكى bəlgülük سۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۈزۈك تاۋۇشىنى «g» بىلەن künlüg ، bəlgülüg قىلىپ ئىپادىلەش توغرىدەك تۇرىدۇ. لېكىن، 1387 ـ بېيىتتە-كى aylik̡ ، 4263 ـ بېيىتتىكى tayak̡lik̡ سۆزلىرى B ۋە C نۇسخىلاردا ئوخشاشلا «ق ـ ķ» بىلەن يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئەسەرنىڭ بۇ نۇسخىلىرى كۆچۈرۈلگەن دەۋرلەردە «تىلدىكى ɤ ، g دىن ķ ، k گە ئۆتۈش جەريانى كاتىبلارنىڭ ئىملاسىدا ئەكس ئەتكەن» دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق كۆرۈنىدۇ.

بۇ قوشۇمچىنىڭ ئاخىرىدىكى ɤ ، g (ياكى ķ ، k) تاۋۇشلى-رى تاشلانغان ئوغۇزچە شەكلى «-li» پۈتۈن ئەسەردە تۆۋەندىكى سۆزلەردىلا، بىر بولسا يۇقىرىدىكى شەكلى بىلەن ئارىلاش ھالدا، بىر بولسا جۈپ سۆزلەر بىرىكمىسىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئاداشلىق 3173، a ḍaxliɤ ، 3485، a ḍaxli

قېرىنداشلىق 3171 . 3172 . 3173، k̡a ḍ axliɤ ،
3485، k̡a ḍaxli

پايدىلىق، مەنپەئەتلىك 645، luɤ ، tusu ɤ +

---

* مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» I توم. 651 ـ، 652 ـ، 657 ـ، 663 ـ، 664 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

tusuɣli+si ‹1622›
isgli soɣuķli ara bərülüg ‹4629› (ئىسسىقلىق بىلەن سوغۇقلۇقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىل)

θzüŋ təbini mən ayayin yora, ‹4632›
ķizili sariɣli ürüŋli ķara. (مەن سېنىڭ مىجەزىڭنى ئىزاھلاپ بېرەي. بۇ قىزىل، سېرىق، ئاق ياكى قارا بولىدۇ)
ķarali ürüŋli birθk boldilar ‹6492› (ئاق بىلەن قارا ئارىلىشىپلا كەتتى)
ķarali ürüŋli a ḍirtti kθrüŋ ‹2080› (بىلگىنكى، «خۇدا، قارا بىلەن ئاقنى پەرقلەندۈرگەن)
kθni əgri fərķi ürüŋli ķara. ‹6622› (توغرا، «يۇز بىلەن ئەگرىنىڭ پەرقى ئاق بىلەن قارىنىڭ پەرقىدۇر)

«بۇ فورما تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي گۇرۇپپىسىغا، بولۇپمۇ شەرقىي گۇرۇپپىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئەمەس، پەقەت ئەينى دەۋر يازما ئەدەبىياتىدا مۇشۇنداق قوللىنىش ئادەت بولۇپ قالغان يۇقىرىقى بىرقانچە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىلا كۆرۈلگەن» دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ قوشۇمچىنىڭ «-laɣ» شەكلى پەقەت ئورۇن - جاينى بىلدۈرىدىغان بىرقانچە سۆزدىلا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

turuɣlaɣ ‹B 57› تۇرار جاي
tariɣlaɣ ‹1393 . 4733 . 5248› تېرىلغۇ يەر*

5. بەزى يۈكلىمىلەر توغرىسىدا

«قۇتادغۇ بىلىك»تە سوراق يۈكلىمىسى «-mi» ئەمەس، «-mu» دۇر. مەسىلەن:

asiɣ ķilɣanmu? ‹1112› پايدا قىلغايمۇ؟

* مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» I توم. 651 ـ، 652 ـ، 657 ـ، 663 ـ، 664 ـ بەتلەر.

يانذۇرۇش لازىم ئەمەسمىدى؟ yanut ķilmaɤumu?

### 3. لېكسىكىلىق جەھەتتە

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىشلىتىلگەن تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى تۈركىي تىللارغا، جۈملىدىن شەرقىي گورۇپپىدىكى تىللارغا ئور- تاق سۆزلەر قاتارىدا ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر قاتارىدا ساناش مۇمكىن.

| | |
|---|---|
| ئەركەچ ərkəq | ئادىماق، بۇزۇلماق - arta |
| يىد، ھىد yid | ئوبۇشقا aviqɤa |
| قاياش، قېرىنداش ķadax | ئازغان (ئۆسۈملۈك) azɤan |
| قارىغۇ ķaraɤu | بارچە barqə |
| غوداي، قوداي ķorday | ئىچ پۇشماق - bux |
| ئۆرە θrü | ئېگىز ədiz |
| يۇرۇن yurun | ئەڭ (رەۋىش) əŋ |
| ئاداش adax | سەنلىمەك - sənlə |
| پايدا (ئەسقاتماق سۆزىدە) asiɤ | چۈچۈلماق، يەشمەك، سال- ماق suqul- |
| يىگلىمەك yiglə | تاڭسۇق taŋsuķ |
| ئوتاچى otaqi | تورقا torķu |
| قۇر، بەلۋاغ ķur | ئۆي ud |
| ماڭماق -maŋ | توسۇن tosun |
| ئۆز، چىرايلىق uz | ئومۇنماق -omun |
| ئۇل، ھۇل ul | ياڭشىماق -yaŋxa |
| تېڭىرقىماق -taŋirķa | يارماق، پۇل yarmaķ |
| ئىتتىك -yitig | ئۆپرىماق -upra |
| يۇدمەك -yüd | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## پايدىلانمىلار:

1. مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I ، II ، III توم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1981 — 1984.

2. «قۇتادغۇ بىلىك»، ر. ئارات تەرىپىدىن تىكلەنگەن مەتىن ۋە ئىندېكس. ئىستانبول، 1979.

«قۇتادغۇ بىلىك» نەسرىي تەرجىمە، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991.

«قۇتادغۇ بىلىك» فەرغانە (B) نۇسخا فاكسىمىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986.

«قۇتادغۇ بىلىك» قاھىرە (C) نۇسخا فاكسىمىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986.

3. مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي» خەنزۇچە تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985، 1986.

4. «ھۇدۇدۇلئالەم» مۇناسىۋەتلىك بابلىرى.

5. ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى».

6. ئا. م. شېرباك: «X — XIII. شەرقىي تۈركىستاندىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ گرامماتىكىلىق ئوچېرىكى». موسكۋا – لېنىنگراد. 1961.

7. س. مۇتەللىبوف: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك». ئۆزبېكچە تەرجىمە، تاشكەنت، 1960.

8. ق. كەرىموف: «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدىكى «تەۋسىفى» نىڭ كىرىش سۆزى، تاشكەنت، 1971.

9. «مايترى سىممىت»، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988.

10. «ئىككى تېگىن ھېكايىسى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما

يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983.
11. «خۋاست نەھۇفت» ، «ئۇلۇسال مەتبەئە» نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1941.
12. ئا. م. شېرباك: «ئوغۇزنامە» ، موسكۋا، 1959.
13. رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990.
14. خۋاتاۋ: «مۇسۇلمان يادىكارلىقلىرىدىكى توققۇز ئوغۇز» ، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» خەنزۇچە، 1991 - يىللىق 2 - سان.
15. تالانت تېكىن: «تۈركىي تىللارنىڭ يېڭى بىر كىلاسسىفىكاتسىيىسى» - «ئېردەم» ، ئەنقەرە، 1990.
16. ئەھمەت جەفەر ئوغلۇ: «ئېسكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈگۈ» («قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى») . ئىستانبول، 1968.
17. ئا. گابايىن: «ئېسكى تۈركچەنىڭ گراممېرى» ، ئەنقەرە، 1988.
18. «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ، خەنزۇچە، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىرلىك ئىشخانىسى. 1989.
19. ئەنبوجيەنفۇ: «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1985.
20. س. گ. كلياشتورنى: «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىق مەڭگۈ تاشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ دەسلەپكى يادىكارلىقلىرىدۇر» ، خەنزۇچە، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991.
21. ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن: «ئېسكى تۈرك يارىتلارى» ، ئىستانبول، 1940.
22. ئەخمەت. ب. ئەرجىلاسۇن: «قۇتادغۇ بىلىك گراممېرى — پېئىل» ، ئەنقەرە، 1984.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

23. ۋ. ۋ. رادلوف: «قۇتادغۇ بىلىك» ھىرات نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىل نەشرىگە كىرىش سۆز.

24. س. يې. مالوف: «قەدىمكى تۈركىي تىل - يېزىق يادىكارلىقلىرى». موسكۋا - لېنىنگراد، 1951.

25. س. چاغاتاي: «تۈرك لەھجەلىرى ئۈزەرىنە دىنەمەلەر»، ئەنقەرە، 1978.

26. س. چاغاتاي: «تارىخىي تۈرك لەھجەلىرى»، 5 - بەت، ئەنقەرە، 1988.

# «چاغاتاي تىلى» توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز*

## كىرىش سۆز

بىزدە چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان كلاسسىك ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش 60 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن باشلاندى. بۇ جەرياندا بۇ تىل توغرۇلۇق بىرمۇنچە ماقالىلەر يېزىلىپ بۇ تىل ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ دەسلەپكى ئاساسى ئورنىتىلدى. بۇ ھەقتە ئىبراھىم مۇتىئى، رەھمىتۇللا جارى، خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئوپ پولات، ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن قاتارلىق تەتقىقاتچىلارنى ۋەكىل سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇ كەمگىچە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردە ئومۇمەن چاغاتاي تىلىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكى ئىجابىي جەھەتتىن بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىلنىڭ شەكىللىنىشى، تەۋەلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرگە سىستېمىلىق جاۋاب بېرىلمىگەن. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بەزى ھاللاردا چاغاتاي تىلىنى قانداقتۇر ئۇيغۇر تىلىغا يات بىر تىل دەپ قاراش، چاغاتاي تىلى ئاساسچىلىرىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى ئەمەس، بەلكى شۇ ئەدەبىياتقا تەسىر كۆرسەتكۈچى دەپ قاراش خاھىشلىرىمۇ مەۋجۇت. بۇنىڭدىن باشقا بۇ نامنىڭ چاغاتاي تىلىنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن نامۇۋاپىقلىقى

---

* بۇ ماقالىنى تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن بىرلىشىپ يازغان. بۇ ئەسەر «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇنى توغرىلاپ ئاتاش زۆرۈرىيىتىدىن، خېلىدىن بۇيان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا كۆپىنچە ئۇنى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتاش لازىملىقى ھەققىدىكى پىكىرلەر كۆپ. لېكىن، بىز بۇ ماقالىمىزدە ئالدى بىلەن بۇ تىلنىڭ يۇقىرىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ نامى ئۈستىدە ئىزدىنىش مۇددىئاسىدا، ھازىرقى قوللىنىلىۋاتقان نامىغا تەگمەدۇق. «ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ھەل بولغاندىن كېيىن، ئىلىم ئەھلىنىڭ ئۇنىڭ نامىنى تۈزىتىشىلىشى تەسكە توختىمايدۇ» دەپ قارايمىز.

## 1

# چاغاتاي تىلى ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىشى

XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى ئورتاق قوللانغان يېزىق ئەدەبىي تىلى ئادەتتە «تۈركىي تىل»، «تۈركچە»، «قەشقەر تۈركچىسى» دېگەنناملاردا ئاتىلىش بىلەن بىللە «چاغاتاي تىلى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ ئەدەبىي تىل قاراخانىيلار دەۋرىدە مەھمۇد كاشغەرى تەرىپىدىن «تۈرك تىلى» ياكى «خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدە «كاشغەر تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەسلىدە ئۆزىگە ئاساس بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. ئۇ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان بىر قاتار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە خېلى دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقى بىلەن

خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلىپ قېلىشى ئۇنىڭ تەۋەلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بەلكى پەقەت چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا ئورناتقان «چاغاتاي خانلىقى» قاتارلىق هاكىمىيەتلەرنىڭ بۇ تىلنى هۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللانغانلىقى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك.

«چاغاتاي تىلى» دېگەن بۇ نام گەرچە ئۆز دەۋرىدە ئانچە كۆپ قوللىنىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەدەبىي تىلنى زامان ۋە ماكان جەھەتتىن بىر قەدەر ئېنىق ئاجرىتىپ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئىلىم ساھەسىدە ئومۇمەن مۇشۇ ئاتالغۇ قوللىنىلماقتا.

مەلۇمكى، چاغاتاي چىنگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى، ئۇ مىلادىيە 1224 ـ يىلىدىن 1242 ـ يىلىغىچە (ۋاپاتى هەم شۇ يىلدا) هاكىمىيەت تۇتقان. چىنگىزخان هايات ۋاقتىدىلا غەربىي لياۋغا تەۋە بولغان جايلار، يەنى يەتتىسۇ، مەۋارەئۇننەهر، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى چاغاتاينىڭ ئىدارە قىلىشىغا مىراس تەرىقىسىدە بۆلۈپ بەرگەن. بۇ كەڭ زېمىندا مىلادىيە 1370 ـ يىلىغىچە (يەنى ئەڭ ئاخىرى تۇغلۇق تۆمۈرخانغىچە) چاغاتاي ئەۋلادلىرى-دىن 27 كىشى خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن «چاغاتاي ئۇلۇسى»، «چاغاتاي ئېلى» دېگەن ئاتالغۇ بۇ زېمىندىكى هاكىمىيەت دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئاهالىسى مەزمۇنىدا رەسمىيلىشىپ قالغان. بۇ ئاتالغۇ ئەينى دەۋردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنرەك، مەسىلەن، چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ئالغۇ (تەختتە ئول-تۇرغان ۋاقتى 1261 — 1266) دىن تاكى تۇغلۇق تۆمۈرخانغىچە (تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىسلامنى قوبۇل قىلغان موڭغۇل قەبىلىلىرى ۋە باشقا تۈركىي تىللىق نۇرغۇنلىغان قەبى-لىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتكەن.

ئارال دېڭىزى ئەتراپىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ جەنۇبقا سىلجىشى XV ئەسىردە بۇ زېمىندىكى قەبىلىلەرنى تېخىمۇ مۇرەك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەپلەشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ كەڭ زېمىندا ئېتنىك مەنىدە ئەمەس، كۆپىنچە سىياسىي ـ ئىجتىمائىي گەۋدە سۈپىتىدە چاغاتايلار، موغۇللار ۋە ئۆزبېكلەر دېگەندەك ئۈچ ئاساسىي گەۋدە شەكىللىنىدۇ. لېكىن، ئىجتىمائىي ئېتنىك تەركىبىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشىغا قارىماي، ئومۇمەن XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن بۇ زېمىندىكى ھۆكۈمەت تىلى ياكى ئەينى دەۋردىكى يېزىق ئەدەبىي تىل ئەرەب ـ پارس تىللىرىغا قارشى ھالدا «تۈركىي تىل»، «تۈركچە» دەپ ئاتىلىش بىلەن بىللە «چاغاتاي تىلى»، «چاغاتاي تۈركچىسى» دېگەندەكناملار بىلەنمۇ ئاتالغان.

چاغاتاي تىلى مەملىكىتىمىز سىرتىدا ئۆتكەن ئەسىردىن ئېتىبارەن تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى. چاغاتاي تىلىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ۋ. ۋ. رادلوف، س. يې. مالوف، ھ. ۋامبېرى، ئا. ن. سامايلوۋىچ، يا. ئېكمان، ن. ئا. باسكاكوف، ئا. ن. كونونوف، ئا. بوروكوف، ك. مېنگىس، ئى. تىخونوف، ئا. م. شېرباك، ئا. ت. قايداروف، ۋ. ۋ. رەشىتوف، ش. شۇكۇروف، غ. ئابدۇراخمانوف قاتارلىق ئالىملارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بىز بۇ يەردە تەتقىقاتچىلارنىڭ قاراشلىرىدىن تېمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1889 ـ يىلى ئىستانبولدا شەمسىددىن سامى تەھرىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «قامۇسۇلئەئلام» دا «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە ئەڭ ئالغا كەتكەن خەلق بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل ئىدى ... چاغاتاي خانىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ‹ چاغاتاي تىلى› دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى» دېيىلىدۇ.*

---

* «قامۇسۇلئەئلام» II توم، 1640 ـ ۋ.، 1876 ـ بەتلەر.

ۋ. ۋ. رادلوۋ: «شەرقىي تۈركىي تىل ياكى چاغاتاي تىلى سۇلتان مۇھەممەد بابۇر ۋە بۇ تىلنىڭ ئەڭ يېقىنقى تەتقىقاتچىسى ھ. ۋامبېرى بىزنى ئىشەندۈرمەكچى بولغىنىدەك ئوتتۇرا ئاسىيا تىلى ئەمەس؛ ئۇ خۇددى ئوسمانلى ئەدەبىي تىلىغا ئوخشاشلا بىر خىل سۈنئىي ئەدەبىي تىل، ئۇ تارىخىي سەۋەبلەر ئارقىسىدا شەكىللەنگەن. ئۇ ھازىر شەرقتىكى تۈرلۈك تۈركىي تىل دىئا-لېكتلىرىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىلى. ئۇنىڭ ئاساسى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە موڭغۇل ئىستېلاسى-دىن بۇرۇنلا پىشىپ يېتىلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدۇر» دەيدۇ.*

«ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخىي گراماتىكىسى» دېگەن ئەسەردە س. يې. مالوفنىڭ ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى كۆز-قارىشى مۇنداق تونۇشتۇرۇلىدۇ: «س. يې. مالوف ئۆزبېك تىلى تارىخىنى ئۈچ دەۋرگە بۆلىدۇ: ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى، سوۋېت دەۋرى ئۆزبېك تىلى. بۇ خىل دەۋرگە بۆلۈش بويىچە ھازىرقى (سوۋېت دەۋرى) ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىن، بۇ تىل (چاغاتاي ئەدەبىي تىلى) بولسا ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن كېلىپ چىققىدۇ».**

ئا. ك. بوروكوف مۇنداق دەيدۇ: «خاقانىيە تىلى XII — XIV ئەسىرلەردە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ قالدى... ئوتتۇرا ئاسىيادا، ھەتتا موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىنمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە مۇھىم رول ئوينىدى. XI ئەسىردىن باشلاپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى شىنجاڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ، غەربكە تارالدى... چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەكىللىنىشى شەرقتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنى-لىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. قەدىمكى

* ئا. م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى ۋە گراماتىكىسى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

** غ. ئابدۇراخمانوۋ. ش. شۇكۇروۋ: «ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخىي گراماتىكىسى»، تاش-كەنت، 1973 ـ يىلى، 17 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان بىر قاتار فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر نەۋايىدىن بۇرۇنقى يادىكارلىقلاردا دېگۈدەك كۆرۈلىدۇ ... قانداقلا بولمىسۇن، نەۋايى ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدىب ئەھمەد ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى بىلەتتى. بۇنىڭدىن نەۋايى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنىڭ مۇستەھكەم بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ» .①لېكىن، ئا. بوروكوف يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«چاغاتاي دەۋرىدىكى كونا ئۆزبېك تىلى شەرقىي تۈركىي ئەدەبىي تىل ئەنئەنىسىگە بەك يېقىن. لېكىن، ئۇ [j] دىئالېكتىغا ياكى دىئالېكتلار تۈركۈمىگە ئاساسلانغان» .② ... « XII—XIV ئەسىرلەردىكى ئەدەبىي تىل تەرەققىياتىدا خارەزم ۋە يەرلىك دىئالېكت مۇھىتى زور رول ئوينىدى» .③... «نەۋايى تىلىدا بىر قىسىم ئۇيغۇرچە مورفولوگىيىلىك ئامىللارمۇ كۆرۈلىدۇ ... ھالبۇكى، بۇلار قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئامىللارنى قوللىنىشتىكى ئايرىم ئەھۋاللاردىن ئىبارەت. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى نەۋايى ياراتقان ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ» .④

ئا. سامايلوۋىچ ئىسلام شارائىتىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي يېزىق تىلىنى تۆۋەندىكىدەك دەۋرلەرگە بۆلىدۇ:

1. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي تىل ياكى قەشقەر تۈركچىسى ( X — XII ئەسىر ) .
2. ئوغۇز ـ قىپچاق تۈركىي تىلى (XIII — XIV ئەسىر ) .
3. چاغاتاي تىلى (XV — XIX ئەسىر)
4. ئۆزبېك تىلى (XX ئەسىر) .⑤

---

① ئا. بوروكوف: «ئەلىشىر نەۋايى ئۆزبېك تىلىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىدۇر»، نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 500 يىللىقىغا بېغىشلانغان توپلام. 1946 ـ يىلى، موسكۋا ـ لېنىنگراد.

② ③ ئا. ك. بوروكوف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تەپسىرىنىڭ لېكسىكىسى».

④ ئا. ك. بوروكوف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تەپسىرىنىڭ لېكسىكىسى».

⑤ يا. ئېكمان: «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى» نىڭ كىرىش قىسمى، ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى، 1966.

يا. ئېكمان چاغاتاي تىلىنى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى «XV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ بېشىغىچە قوللىنىلغان كلاسسىك يېزىق تىلى» دەپ ھېسابلايدۇ ۋە ئۇنىڭ «كونا ئۆزبېك تىلى» دەپ ئاتىلىشىنى مۇۋاپىق كۆرمەيدۇ. ئۇ يەنە بۇ تىلنىڭ ھازىرقى تىللاردىن ئۆزبېك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەڭ زىچ مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇ ئىسلام شارائىتىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي يېزىق تىلىنى تۆۋەندىكى دەۋرلەرگە بۆلىدۇ:

1. قاراخانىيلار تۈركىي تىلى (XIII — XI ئەسىر).
2. خارەزم تۈركىي تىلى (XIV ئەسىر).
3. چاغاتاي تىلى (XV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ بېشىغىچە).

يا. ئېكمان چاغاتاي تىلىنى يەنە تۆۋەندىكى ئۈچ دەۋرگە بۆلىدۇ:

1. كلاسسىكلىقتىن بۇرۇنقى دەۋرى (XV ئەسىرنىڭ بېشىدىن 1465 ـ يىلى نەۋائىينىڭ بىرىنچى دىۋانى تۈزۈلگەنگە قەدەر).
2. كلاسسىك دەۋرى (1465 ـ يىلدىن 1600 ـ يىلىغىچە).
3. كلاسسىكلىقتىن كېيىنكى دەۋرى (1600 ـ يىلدىن 1921 ـ يىلىغىچە).*

ن. ئا. باسكاكوف چاغاتاي تىلىنى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئەدەبىي تىلى ھېسابلاپ، ئۇنى XIII — XIV ئەسىر بىلەن چەكلەيدۇ، ئۇنىڭ داۋامىنى بولسا «كونا ئۆزبېك تىلى» دەپ ئاتايدۇ ۋە بۇ ئىككىسىنى تۈركىي تىللارنىڭ قارلۇق گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزىدۇ. ئۇ قارلۇق گۇرۇپپىسىدىكى تىللارنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىدۇ:

«قارلۇق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان تىللار ئالدى بىلەن ‹قارلۇق ـ ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسى›، ‹قارلۇق ـ خارەزم تارماق

* يا. ئېكمان: «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى» نىڭ كىرىش قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

گۇرۇپپىسى، دېگەن ئىككى تارماققا ئايرىلىدۇ: قارلۇق - ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى (X — XI ئەسىر) ئۇيغۇر تىلى («قۇتادغۇ بىلىك» تىلى ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى شۇ دەۋرنىڭ جانلىق ئېغىز تىلىدىن ئېلىنغان خاتىرىلەر) بىلەن قاراخانىيلاردىن كېيىنكى دەۋردىكى (XII — XIV ئەسىر) ئۇيغۇر تىلى («ئەتەبەتۇلھەقايىق» ۋە «قىسسەسۇلئەنبىيا» نىڭ تىلى) دىن ئىبارەت ئىككى ئەدەبىي تىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قارلۇق - خارەزم تارماق گۇرۇپپىسى قارلۇق - خارەزم تىلى (XII ئەسىر)، ئالتۇن ئوردا (خارەزم) تىلى (XIV ئەسىر)، چاغاتاي تىلى (XIII — XIV ئەسىر)، كونا ئۆزبېك تىلى (XV — XX ئەسىر) دىن ئىبارەت قەدىمكى ئەدەبىي تىللارنى ۋە ھازىرقى زامان تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۆزبېك تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».*

ن. ئا. باسكاكوفنىڭ ئەينى ئەسىرىدىن يەنە تۆۋەندىكى زىددىيەتلىك پىكىرلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز:

«... ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى يادىكارلىقلار XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى سوپىزم ئەدەبىياتىدىن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ‹دىۋانى ھىكمەت› ناملىق ئەسىرى ... ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ (XII — XIII ئەسىر) ‹ئەتەبەتۇلھەقايىق› ناملىق ئەسىرىدىن ئىبارەت. ... بۇ ئەسەرلەر ئوغۇز - قىپچاق دىئالېكتلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، خارەزم ئەدەبىي تۈركىي تىلىنىڭ قائىدىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قائىدىلىرىنىڭ تەسىرى ئانچە كۆپ ئەمەس».**

«قارلۇق - خارەزم تارماق گۇرۇپپىسى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پەيدا بولغان تۆت قەدىمكى ئەدە-

---

* ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986، ئۇيغۇرچە نەشرى، 312 — 322 - بەتلەر.

** ن. ئا. باسكاكوف، يۇقىرىقى ئەسەر، 82 - بەت.

بىي تىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار X — XI ئەسىرلەرگە تەئەل-
لۇق بولغان قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تىلى (ئۇيغۇر - قارلۇق)،
قارلۇق - خارەزم ياكى ئوغۇز - قىپچاق ئەدەبىي تىلى ··· چاغاتاي
تىلى ۋە كونا ئۆزبېك تىلى».①

«ئاتالمىش چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرىغا كەل-
سەك، بۇلار ئاساسىي جەھەتتىن قاراخانىيلار ئەدەبىي تىلىنىڭ
ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان».②

«چاغاتاي تىلى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ ئاسا-
سىغا قۇرۇلدى ۋە شەرقتىكى ئۇيغۇر - قارلۇق تىلى بىلەن
غەربتىكى خارەزم تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى بىرلەشتۇردى».③

ئا. م. شېرباك XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسى-
يادا قوللىنىلغان تۈركىي ئەدەبىي تىلنى «كونا ئۆزبېك تىلى»
دەپ ئاتايدۇ ھەم بۇ ئاتالغۇ شۇ دەۋردىكى ئۆزبېك جانلىق تىلىنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شېرباك بۇ تىلنىڭ ئۆزى-
دىن بۇرۇنقى تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق توختال-
غاندا، ئۇنى «بىرقەدەر كېيىنكى (X — XIII ئەسىرلەردىن كې-
يىنكى) شەرقىي تۈركىي تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋارىيانتى»
دەيدۇ ھەم بۇ يەردە بۇ تىلنىڭ قارلۇق - ئۇيغۇر دىئالېكتى كۆزدە
تۇتۇلغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.④

«ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخىي گراممانىكىسى» دا، ئۆزبېك ئا-
لىمى ئوسمانوفنىڭ ئۆزبېك تىلى تارىخىنى تۆۋەندىكىچە دەۋرلەر-
گە بۆلگەنلىكى تونۇشتۇرۇلىدۇ:

1. قەدىمكى تۇگيۇ تىلى (VI — XI ئەسىرلەر).
2. قەدىمكى ئۆزبېك تىلى (XI — XII ئەسىرلەر).

---

① ② ن. ئا. باسكاكوف، يۇقىرىقى ئەسەر، 330 - ۋە 325 - بەتلەر.
③ ن. ئا. باسكاكوف، يۇقىرىقى ئەسەر، 92 - بەت.
④ ئا. م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گراممانىكىسى»، موسكۋا - لېنىنگراد، 1962- يىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى (XIII — XIV ئەسىرلەر).
4. كونا ئۆزبېك تىلى (XIV — XIX ئەسىرلەر).
5. هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى.•

«ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخىي گراماتىكىسى» نىڭ ئاپتورلىرى ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىخىنى تۆۋەندىكىچە دەۋرلەرگە بۆلىدۇ:

1. ئەڭ قەدىمكى تۈركىي تىل (VII ئەسىرگىچە).
2. قەدىمكى تۈركىي تىل (VII ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە).
3. كونا تۈركىي تىل (XI ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە).
4. كونا ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى (XV ئەسىردىن XIX ئەسىرگىچە).
5. يېڭى ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى (XIV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ بېشىغىچە).
6. هازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى.••

«هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى» نىڭ كىرىش قىسمىدا تۆۋەندىكى سۆزلەر كۆزىمىزگە تاشلىنىدۇ:

«... توغرا، XI ئەسىردە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ناملىق ئەسىرىدە، خۇسۇسەن قەشقەر ئۇيغۇرلىرى فولكلورلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەمۇنىلەردە [j] تاۋۇشى بىلەن ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ [z] لىك (بەزەن [d] لىك) ۋارىيانتىمۇ ئۇچرايدۇ ... (بۇ تىل) فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەت جەھەتتىنلا ئەمەس، بەزەن بىر لېكسىكىلىق، گراماتىكىلىق بەلگىلىرى (جەھەتتىن) مۇ قەدىمكى تۈركىي يادىكارلىقلار تىلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ هال شۇ دەۋر يادىكارلىقلىرىنى قەدىمكى

---

• غ. ئابدۇراخمانوف، ش. شۈكۈروف: «ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخىي گراماتىكىسى»، تاشكەنت، 1973 ـ يىلى، 18 ـ، 19 ـ بەتلەر.
•• غ. ئابدۇراخمانوف، ش. شۈكۈروف، يۇقىرىقى ئەسەر، 18 ـ، 19 ـ بەتلەر.

تۈركىي تىل يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ياكى ئۇيغۇر خەلقىگىلا خاس مەنبەگە ئايلاندۇرۇشقا ئاساس بولالمايدۇ. چۈنكى، XI — XII ئەسىر يازما يادىكارلىقلىرىدا ھەر جەھەتتىنمۇ ئۆزبېك تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئارتۇقراق ۋە كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋر يادىكارلىقلىرىغا، مەسىلەن، XIII — XIV ئەسىرلەر يازما يادىكارلىقلىرىغا كەلسەك، بۇ كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر ... ئەلىشىر نەۋايى ئەدەبىياتتا شۇنداق كەسكىن بۇرۇلۇش ياسىدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتىدە ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىلىرىدىن يۈز ئۆرىدى...»•

يۇقىرىدىكى خىلمۇخىل كۆزقاراشلارنى بىر قۇر رەتكە تۇرغۇزساق، چاغاتاي تىلىنىڭ قايسى تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدا تۆۋەندىكى پىكىرلەرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

1. چاغاتاي خان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ چاغدىن باشلاپ «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. (ش. سامى)

2. چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە موڭغۇل ئىستېلاسىدىن بۇرۇنلا پىشىپ يېتىلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدۇر. (ۋ. ۋ. رادلوف)

3. ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىن كېلىپ چىققان، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى بولسا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن كېلىپ چىققان. (س. يې. مالوف)

4. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىل بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىدى. (ن. ئا. باسكاكوف)

5. نەۋايى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنىڭ مۇس-

---

• «ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى»، تاشكەنت، 1957 - يىلى نەشرى، كىرىش قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەھكەم بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. (ئا. بورروكوف)

6. چاغاتاي تىلى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلدىن كېيىن شەكىللەنگەن خارەزم ئەدەبىي تىلى ياكى ئوغۇز - قىپچاق ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. (يا. ئېكمان، ئا. سامايلوۋىچ)

7. چاغاتاي تىلى XIII — XIV ئەسىرلەردىكى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئەدەبىي تىلى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن شەكىللەنگەن كونا ئۆزبېك تىلى (XV ئەسىر) قارلۇق - خارەزم تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. (ن. ئا. باسكاكوف)

8. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى، ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋردىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلمۇ ئۆزبېك تىلى ئىدى. (ئوسمانوف)

9. XI — XII ئەسىر يازما يادىكارلىقلىرىدا ھەر جەھەتتىنمۇ ئۆزبېك تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئارتۇقراق ۋە كۆچلۈكرەكتۇر. («ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى»)

10. نەۋايى ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىلىرىدىن يۈز ئۆرىدى. («ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى»)

11. — XIV — XVI ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن تۈركىي ئەدەبىي تىل (چاغاتاي تىلى) «كونا ئۆزبېك تىلى» دەپ ئاتىلىشى كېرەك. (ئا. م. شېرباك، غ. ئابدۇراخمانوف، ش. شۇكۇروف).

12. كونا ئۆزبېك تىلى قاراخانىيلاردىن كېيىنكى دەۋردىكى شەرقىي تۈركىي تىلنىڭ (قارلۇق - ئۇيغۇر دىئالېكتىنىڭ) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋارىيانتى. (ئا. م. شېرباك)

بۇ كېيىنكى قاراشلاردا قانداقتۇر چاغاتاي تىلى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىدىن، يەنى ئۇنىڭ ئىدىقۇت ۋە خاقانىيەت ۋارىيانتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ ۋە مەلۇم مەنىدە خارەزم يەرلىك شېۋىلىرىگە باغلاپ قويۇلىدۇ، ھەتتا «قەدىمكى ئۆزبېك تىلى» دېگەن ئاتالغۇنى چاغاتاي تىلى ئورنىغا دەسسىتىشكە يۈزلىنىش

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مۇنداق پىكىرلەر تەبىئىي هالدا چاغاتاي تىلىغا ئاساس بولغان ئەدەبىي تىلنىڭ تەۋەلىكى، چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات باسقۇچى، چاغاتاي تىلىنىڭ هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلەلەرنى ئىچكىرىلەپ تەھلىل قىلىپ بېقىشنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

بىز بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەرگە كىرىشىشتىن بۇرۇن، چاغاتاي تىلىغا باها بېرىشتە تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىرقانچە نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1. چاغاتاي تىلى قوللىنىلغان ۋاقتى جەھەتتىن ئومۇمەن 600 يىللىق جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماكان جەھەتتىن ئالغاندا، كېيىنكى ئەسىرلەردە چاغاتاي زېمىنىنىڭ سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ بۇ تىلدىن ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە پايدىلانغان. شۇڭا، بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ تەۋەلىكى سۈرۈشتۈرۈلگەندە، قايسى قەبىلە ياكى قەبىلىلەر قانداق تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق، قانداق تارىخىي شارائىتتا، چاغاتاي تىلى تەرەققىيات جەريانىنىڭ قايسى باسقۇچىدا بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە، تەرەققىي قىلىشىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇشى لازىم. بىرەر تۈركىي تىلنىڭ تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى تولۇق باشتىن كەچۈرگەن ـ كەچۈرمىگەنلىكىگە قارىماي، بىرەر تۈركىي تىللىق خەلقنىڭ ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى ياكى يېڭىدىن شەكىللەنگەنلىكىگە قارىماي، «تۈركىي تىل بولغاندىن كېيىن مۇقەررەر هالدا شۇنداق بولىدۇ» دەپ قارىماسلىق لازىم. ئەگەر مۇشۇنداق دېيىلسە، مىللىي تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىنكار قىلىنغان بولىدۇ ۋە مۇنداق قىلىش مەلۇم ئورتاقلىقلارغا قاراپلا بىر مىللىي تىلنى ئومۇمىي تىلغا ئايلاندۇرۇۋېتىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

2. چاغاتاي تىلى قوللىنىلغان ئالتە ئەسىر جەريانىدا، قەبى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لىلەر ئارا قوشۇلۇش ھادىسىلىرى بىلەن بىللە يەنە بۆلۈنۈش ـ ئايرىلىق، ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاش، قەبىلىلەر ئارا كەسكىنلەشكەن ئىختىلاپ، ئۆز ئارا ئۈستۈنلۈك تالىشىش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ بۇ رايوندا ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلار ناھايىتى كۆپ. نەۋايى ئەسەرلىرىدە بارلاس، ئارلات، تارخان، قىيات، قوڭرات، ئۇيغۇر، جالايىر، قاۋچىن ... قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تىلغا ئېلىنىشى سەۋەبسىز ئەمەس. ئەمەلىيەتتە كېيىنكى ۋاقىتتا ئۆزبېك مىللىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن بۇ قەبىلىلەر ئەينى دەۋردە ئۆز نامىلىرىنى تېخى يوقاتمىغان. نەۋايىنىڭ «مەۋلانا ھۈسەيىن خارازمىنى خارەزمدە ئۆزبېك شەھىد قىلدى» دېيىشى،* سۇلتان مۇھەممەت بابۇرنىڭ «ئۆزبېك زور كىشىنى بۆكە دېرمىش»** دېيىشى بۇلارنىڭ تېخى ئۆز قەبىلە نامىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنىڭ دەلىلى. شۇنداق ئىكەن، تېخى XIV — XV ئەسىرلەرنى «ئۆزبېك خەلقىنىڭ باشقا قەبىلىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ (ياكى سىڭدۇرۇپ)، مۇكەممەل بىر خەلق سۈپىتىدە تەشكىل تاپقان دەۋر» دەپ قاراش ئىلمىي ئەمەس. مۇشۇ مەسىلىدە «ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخىي گرامماتىكىسى» نىڭ ئاپتورلىرى خېلى توغرا قاراشتا بولغان. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ:

«تۆمۈر ئۆلۈمىدىن كېيىن (1405 ـ يىلى 18 ـ فېۋرال) ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدا تەخت ئۈچۈن كۈرەش كۈچىيىپ كەتتى، پاراكەندىچىلىك باشلاندى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىغا جايلاشقان دەشتى قىپچاقتىكى كۆچمەنچى ئۆزبېك ئۇرۇقلىرى دائىما ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئايرىم قىسىملىرى سىر دەريا ئەتراپىنى، تۈركىستان، ئۆزگەن، سۇزاق ۋە باشقا جايلارنى ئىگىلەپ، ئاستا ـ ئاستا ئولتۇراقلىشىشقا

* نەۋايى: «مەجالىسۇننەفائىس»، 1 ـ مەجلىس.
** «بابۇرنامە». ئا. بېۋېرىج 1905 ـ يىلى سۈرەتكە ئېلىپ باستۇرغان ھەيدەرئاباد نۇسخىسى.

باشلىدى. كۆچمەنلەر ئۆزلىرىنى «ئۆزبېكلەر» دەپ ئاتىشاتتى، ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە موغۇل، تۈرك، هون، ساق - مەسسەگىت ئۇرۇقلىرى بار ئىدى. XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەيبانىخان باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك ئۇرۇقلىرى مەۋارەئۇننەھرنى بېسىۋالدى ۋە مەھەللىۋى ئۇرۇقلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى، مەھەللىۋى ئۇرۇقلارمۇ «ئۆزبېكلەر» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى»*.

3. قەبىلە ۋە خەلقلەر ئارا پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋردە ھەممە قەبىلە ۋە خەلقلەر تىلىغا تەڭ ئاساسلانغان بىر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مەدەنىيەتتە ئالغا كەتكەن بىرەر دىئالېكت رايونى ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. شۇڭا، بۇ دەۋردە ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ ئىدىقۇت ۋارىيانتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا موڭغۇل ئىستېلاسىغىچە قوللىنىلىپ كېلىنگەن «خاقانىيە تىلى» دېيىلگەن يەنە بىر ۋارىيانتىنىڭ چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە بولغان رولى تولۇق ھېسابقا ئېلىنىشى لازىم.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئورقۇن دەۋرىدىن تارتىپ گۈللەنگەن بىر مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى، داۋاملاشتۇرغۇچىسى ۋە تارقاتقۇچىسى بولغان ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ بۇ دەۋردە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان قەشقەر، ھىرات، سەمەرقەنت، ئەنجان ... قاتارلىق شەھەرلەردە مەدەنىيەت ساھەسىدە ئوينىغان رولى، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئەنئەنىلىرى، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ئۇنتۇلماسلىقى كېرەك. شەمسىددىن سامىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى مانا شۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسلانغان.

4. نەزمىي ئەسەرلەر بىلەن نەسرىي ئەسەرلەردىكى تىل

---

* مەزكۇر ئەسەر، 15 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىكلىرى پەرقلەندۈرۈلۈشى، ئومۇمىيۈزلۈك، ئىزچىل كۆرۈلىدىغان تىل ھادىسىلىرى بىلەن ئايرىم، بىرەن - سىرەن ئۇچرايدىغان تىل ھادىسىلىرى قوللىنىلىش نىسبىتى جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈلۈشى، تىل تەركىبلىرىدىكى مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ ئالاھىدىلىكلەر تۇتقا قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ ھازىر قايسى تىللاردا ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلۇشى كېرەك. تېخى ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرۇۋاتقان، كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئۆزگىرىش- لىرىنى بىر سىستېمىغا ياتقۇزغىلى بولمايدىغان تىل ھادىسىلىرى (مەسىلەن، d//ð ، j ، g ، z نۆۋەتلىشىشى) ئاساس قىلىنماسلى- قى لازىم.

## 2

## چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى

### 1. چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تارىخىي شارائىت

مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىجتىمائىي ئا- مىل مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى- نىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم ئىجتىمائىي شارائىت تەييارلاپ بەردى.

چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشىدىن بۇ- رۇن، ئوتتۇرا ئاسىيادا گەرچە ئۆزىدە يەرلىك شېۋىلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بولسىمۇ، ئاساسەن «خاقا- نىيە تىلى» ياكى «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتالغان، يېزىق ئەدەبىي تىلى قوللىنىلاتتى. بۇ ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئۇچۇن

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئەسىرىنى، «قىسسەسۇلئەنبىيا» ۋە يىلى ھەم ئاپتورى بولمىغان «قۇرئان تەپسىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

چىنگىزخاننىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ھۆكۈمەت تىل - يېزىقى سۈپىتىدە قوللانغانلىقى ئۇيغۇر تاتاتۇڭانىڭ چىنگىزخان ھاكىمىيىتىدە تىل - يېزىق ساھەسىدە كۆرسەتكەن پائالىيەتلىرىدىن ھەممىگە ئايان.* بۇ تىل چىنگىزخان ھايات دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەۋرى، جۈملىدىن چاغاتاي دەۋرى، تېمۇرىيلار دەۋرىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ خىزمەت قىلدى. بۇ دەۋردە بۇ تىلنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى يالغۇز ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقە، خەت - چەك، ئەمىر - پەرمانلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. ئۇ ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ھەممە ساھەسىدە دېگۈدەك ئۆزىنى كۆرسەتكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىدىن بولغان بۇ تىل ۋە بۇ يېزىق دۇنياغا مەشھۇر نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قېلىشىغا ۋاستە بولدى، «ئالتۇن يارۇق»، «شۇەنجۇاڭنىڭ ئۆمۈر تارىخى»، «مايترى سىمىت»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «بەختىيارنامە»، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا»، «مېراجنامە»، «ئوغۇزنامە»، «مۇھەببەتنامە» قاتارلىقلارنىڭ بۇ تىل بىلەن يېزىلىشى ۋە كۆچۈرۈلۈشى شۇ جۈملىدىندۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇل ۋە مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق يارىتىشىغا ئاساس بولۇش بىلەن بىللە، ئوتتۇرا ئاسىيادا XVI ئەسىرلەرگىچە، شەرقتە XVII ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشتى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوينىغان ئىجابىي رولى

* بۇ ھەقتە ئابلىز مۇھەممەت سايرامى بىلەن ئابدۇرازاق توختى قاتارلىقلارنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا يەنە تۆۋەندىكى نەقىللەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

كۆپرۈلۈزادە: «XII ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى (ئۇيغۇر تىلى) ۋە ئۇيغۇر ئېلىپبەسى غەربىي ئىران ۋە ئىراق ساھەلىرىگىچە يېيىلغان».*

تارىخچى تۆمۈر ئىبنى ئەرەبشاھ (ۋاپاتى 1450): «چاغاتاي يېزىقى <ئۇيغۇر يېزىقى> دەپ ئاتىلىدۇ».**

خىۋە خانى ئابۇلغازى باھادىرخان (1074 — 1014، ھىجرىيە) ئۆزىنىڭ «تارىخى شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق كىتابىدا: ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركىي تىلنى ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ بولاتتى. دەپتەردارلىقنى ۋە دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلەتتى. چىنگىزخاننىڭ نەۋرىلىرى ئىچىدە مەۋارەئۇننەھر، خۇراسان ۋە ئىراقتا دىۋاندىكىلەر ۋە دەپتەردارلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىدى، تۆمۈرىيلەرنىڭ ئىشخانىلىرىدا ھۆججەتلەر ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلاتتى» دەپ يازىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقە قورالى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا قوللىنىلىپ كەلگەن «خاقانىيە تىلى» بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئەسلىدە بۇ ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدا، ئۇنى قوللانغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مەزگىللىك ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقادتا بولغانلىقى سەۋەبلىك ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىغا ئالاقىدار ئايرىم سۆز ۋە ئاتالغۇلارنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، فونېتىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق پەرقلەر يوق دېگۈدەك ئىدى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي شارائىت بۇ ئىككى تىلنى ئوخ-

---

* كۆپرۈلۈزادە، مۇھەممەت فوئات: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى».

** ئا. بورووكوف: «ئەلىشىر نەۋائى ئۆزبېك تىلىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىدۇر» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

شاش قوللىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارغا يېقىن بولغان چىگىل، ياغما قەبىلىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە يېقىنلىشىشىغا ۋە بۇ ئىككى تىلنىڭ تەدرىجىي قوشۇلۇپ كېتىشىگە ئىمكانىيەت ياراتتى. مۇنداق يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك دەۋرى XIV ئەسىر بولۇپ، بۇ دەۋردە ئىدىقۇت رايونىغا ئىسلامنىڭ كىرىشى بۇ ئىككى تىلنىڭ تېخىمۇ بىر گەۋدىلىشىپ كېتىشىدە زور ئىجابىي رول ئوينىدى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ ئىككى تىلنىڭ بىر مەزگىل پاراللېل قوللىنىلىپ، بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ مېڭىشى ۋە ئەرەب - پارس تىلى، پارس ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرىگە، بولۇپمۇ لېكسىكىلىق جەھەتتىكى تەسىرىگە جىق-راق يولۇقۇشى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بولدى.

شۇڭا، چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى «XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ» دەپ ھېسابلاش ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن جەريانىنى «شەكىللىنىش دەۋرى، كلاسسىك دەۋرى (ياكى قېلىپلاشقان دەۋرى) ۋە كېيىنكى دەۋرى» دېگەن ئۈچ دەۋرگە بۆلۈش چاغاتاي تىلى بېسىپ ئۆتكەن پۈتۈن تەرەققىيات مۇساپىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## 2. چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى ۋە بۇ دەۋردىكى تىلنىڭ خۇسۇسىيىتى

چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرى يەنى XVII ئەسىردىن كې-يىنكى باسقۇچى توغرىسىدا ئىختىلاپلار يوق دېيەرلىك. ئالدىنقى ئىككى دەۋرنىڭ يىل چەكلىمىسى توغرىسىدىمۇ ئانچە چوڭ ئىختى-لاپلار يوق، لېكىن بۇ ئىككى دەۋردىكى تىلنىڭ ماھىيىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك خېلى پرىنسىپلىق ئىختىلاپلار مەۋجۇت.

ئالدى بىلەن چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىگە كېلەي-لى. بۇنىڭ يىل چېكى XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئومۇمەن يۈز يىللىق ۋاقىتنى ئىگە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەيدىغانلىقى مۆلچەرلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالدىنقى تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا، ئەينى دەۋردىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا قارىغاندىمۇ مۇنداق مۆلچەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

لېكىن، بۇ دەۋرگە تەئەللۇق ئەسەرلەر بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن «قىسمەن ئوغۇز (تۈركمەن) ۋە قىپچاق يەرلىك شېۋىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قاراخانىيلار تىلىدىن كېلىپ چىققان ‹خارەزم تۈركچىسى›، دېيىلگەن ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان» دېيىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك، بەزى تەتقىقاتچىلار چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، بۇ تىلنى «شەرقتىكى قارلۇق — ئۇيغۇر تىلى بىلەن غەربتىكى خارەزم تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن» دەپ قارايدۇ.* مۇنداق قاراشتىكىلەر «خارەزم تۈركچىسى» ئۈچۈن ئالتۇن ئوردىنىڭ شەرقى ھەم غەربى يانلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردىن خارەزمىينىڭ «مۇھەببەتنامە»سى بىلەن قۇتبىنىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن»لىرىنى دەلىل قىلىدۇ. ھەتتا، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىمۇ، رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇلئەنبىيا»سىنىمۇ «‹خارەزم تۈركچىسى›، دېيىلگەن ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان، ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس» دەيدۇ.**

ئاساسىي تېمىغا يۈزلىنىشتىن بۇرۇن مۇشۇ كېيىنكى ئىككى ئەسەرنىڭ تىلى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتەيلى.

كۆپلىگەن ئالىملار «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نى «XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان» دەپ تەخمىن

---

* ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، ئۇيغۇرچە، 92 ـ بەت. 1986 ـ يىلى، بېيجىڭ.

** ن. ئا. باسكاكوف، يۇقىرىقى ئەسەر، 82 ـ، 96 ـ بەتلەر ۋە يا. ئېكمان: «خارەزم تۈركچىسى»، «تارىخىي تۈرك شېۋىلىرى»، 75 ـ بەت، 1988 ـ يىلى، ئەنقەرە.

قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ تىلىدىكى مەلۇم پاكىتلاردىن قارىغاندا، بۇ تەخمىنەن ئەمەلىيەتكە يېقىن. ئەسەرنىڭ A نۇسخىسى 1444 - يىلى، B نۇسخىسى 1480 - يىلى، C نۇسخىسى (؟) يىلى كۆچۈرۈلگەن. بۇ نۇسخىلار ئەسەردىن تەخمىنەن 2—3 ئەسىر كېيىن كۆچۈرۈلگەن بولغاچقا، تىل جەھەتتىن ئۇنىڭدا كاتىبلار-نىڭ شېۋە ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەنلىكى-نى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمىر ئارسلان خوجا تارقاننىڭ بۇ ئەسەرگە يازغان ئىلاۋىسىدىكى:

تمامی ایرور كاشغری تیل بیله،
اییتمیش ادیب دقاتی دل بیله.
اگر بیلسه كاشغر تیلین هركیشی،
بیلور اول ادیب نینك نیكیم ایمیشی.

دېگەن مىسرالار ئەسەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى «كاشغەر تىلى» بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

«قىسسەسۇلئەنبىيا» 1309 — 1310 - يىللىرى يېزىلغان. دەۋر ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا، بۇ ئىككى ئەسەر ئارىسىدا تىل جەھەتتىن ئازدۇر - كۆپتۇر پەرق بار.

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ئىككى ئەسەرنى «پۈتۈنلەي ئوغۇز - قىپچاق تىلى تەسىرى ئاستىدا يېزىلغان» دېيىشكە بولغان مايىللىقى ئۇلاردا ئوغۇز - قىپچاق تىلى ئامىللىرىنىڭ ئانچە - مۇنچە كۆرۈنۈپ قالغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. لېكىن، دىققەت قىلىنسا، بۇ ئىككى ئەسەردە خارەزم شېۋىسى ئېلېمېنتلىرىغا نىسبەتەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن ئوغۇز - قىپچاق تىلى ئېلېمېنتلىرىنىڭ بۇ تىلنىڭ تۈپكى خۇسۇ-سىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىكىنى كۆر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىلى بولىدۇ. تۇرسۇن ئايۇپ ئۆزىنىڭ «كاشغەر تىلى توغرىسىدا مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىنىڭ «خاقانىيە تىلى» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» بىلەن بولغان باغلىنىشى توغرىسىدا كەڭ توختىلىپ، بۇ ئەسەر تىلىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە ناھايىتى توغرا پىكىرلەرنى بايان قىلغان.*

بىزنىڭ پىكرىمىزچە، بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ تىلى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى (خاقانىيە تىلى) نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ.

1. فونېتىكىلىق جەھەتتە:

1. ھەر ئىككى ئەسەرنىڭ تىلى [s] لىق تىل ئەمەس، [ʃ] لىق تىل؛ [w] لىق تىل ئەمەس، [ɣ] لىق تىل؛ [ʤ] لىق تىل ئەمەس، [j] لىق تىل. يەنى، بۇ تىللاردا bas ئەمەس، baʃ (باش)؛ taw ئەمەس، taɣ (تاغ)؛ ʤil ئەمەس، jil (يىل) دېيىلىدۇ.

2. ھەر ئىككى ئەسەرنىڭ تىلىدا سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى يەتتە. يەنى [ɑ]، [o]، [θ]، [u]، [y]، [ɛ] (ئەركىن ۋارىيانتى [E] بىلەن)، [i] (تىل ئوتتۇرا ۋارىيانتى [ɨ] بىلەن).

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، يانۇش ئېكمان كۆرسەتكەن [ɛ] دىن [e] گە ئۆتۈش** ھەرگىز «خارەزم تۈركچىسى» نىڭ ئالاھىدىلىكى بولمايدۇ. [e] تاۋۇشى (راستىنى ئېيتقاندا [E] تاۋۇشى) [ɛ] نىڭ ئورقۇن دەۋرى ئۇيغۇر تىلىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىمۇ داۋاملىشىپ كەلگەن ئەركىن ۋارىيانتى. ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [ɛ] تاۋۇشىنىڭ يېزىقتا يېزىلماي، ئۇنىڭ ئەركىن ۋارىيانتى [E]

---

* «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى (3)»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى.

** يا. ئېكمان: «خارەزم تۈركچىسى»، «تارىخىي تۈرك شېۋىلىرى»، 173 - بەت، 1988- يىلى، ئەنقەرە.

نىڭ «ا» بەلگىسى بىلەن يېزىلغانلىقى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى سۆزلەردە بىرىنچى بوغۇمدىكى [ɛ] نىڭ فەتھە بىلەن ئېلىنىپ، [E] تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرىدىن كېيىن بىر «ي» كۆپەيتىپ ۋە ئاستىغا كەسرە قويۇپ يېزىلغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ ئەھۋال پۈتۈن چاغاتاي تىلى دەۋرىدە داۋاملاشقان.

3. d<ð//j، g نۆۋەتلىشىش بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئالدىنقىسىدا يوق، كېيىنكىسىدە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، uj — ئۆي، kyjdi — كۆتتى، ujluq tamur — قازان سۆڭەك («قىسسەسۇلئەنبىيا»).

4. ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدىكى [q]، [k] تاۋۇشلىرى [ɣ]، [g] گە ئايلانمايدۇ.

5. b/m نۆۋەتلىشىش ئاساسەن يوق دېگۇدەك. پەقەت «قىسسە» دە «مۇز» سۆزى «buz» دەپ ئېلىنغان.

2. مورفولوگىيە جەھەتتە:

ئىسىملاردا

1. ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش ئەھۋالى يوق. ئىگىلىك كېلىش -niŋ، -iŋ (-nuŋ، -nyŋ) بىلەن، چۈشۈم كېلىش -ni، -in بىلەن ئىپادىلەنگەن. چۈشۈم كېلىشنىڭ ئوغۇز - قىپچاقچە «-i» فورمىسى يوق.

2. يۆنىلىش كېلىش ئۈچۈن مۇتلەق كۆپچىلىك ئورۇندا -ɣ، -qa//-gɛ، -kɛ، -qɛ قوللىنىلغان. -ŋa، -ŋɛ، -ŋar قوشۇمچىلىرى ئاز، ئوغۇز - قىپچاقچە «-a، -ɛ» فورمىلىرى يوق. sɛn، mɛn ئالماشلىرىغا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ئەمەلىي تەلەپپۇزى mɛn gɛ، sɛn gɛ بولماي، maŋa، saŋa بولغان. بولۇپمۇ نەزمىي ئەسەرلەردە بۇ ناھايىتى ئېنىق.

3. چىقىش كېلىش ئاساسەن -din، -tin بىلەن ئىپادىلەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى

گەن، ئوغۇز قىپچاقچە dan- ، tan -// den- ، ten- ، nan-
فورمۇلىرى يوق. ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن كۆچۈرۈلگەن «قىسسە-
سۇلئەنبىيا» دا چىقىش كېلىشىنىڭ بەزەن dan- ، dɛn- (دا) شەك-
لى ئۇچراپ قالىدۇ.
4. ۋاستە كېلىش كەڭ قوللىنىلمىغان. پەقەت «قىسسە-
سۇلئەنبىيا» دا بىر نەچچىلا جايدا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:
aðaqin turur (ئايىغى بىلەن تۇرىدۇ)
tɛrkin jiɤilip (تېز يىغىلىپ)

پېئىللاردا

ئۆتكەن زامان

1. ۋاستىسىز ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ بىرىنچى شەخس
كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇچۇن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك
«-dimiz» قوللىنىلىشى «قىسسەسۇلئەنبىيە» دا گەۋدىلىك. مە-
سىلەن، kɛldimiz (كەلدۇق)
2. ۋاستىلىك ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ «-miʃ» فورمىسى
ئارقىلىق ياسىلىشى ھەر ئىككى ئەسەردە ئوخشاش.
3. كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇشلۇقتا [l] ، [r] بىلەن
ئاياغلاشقان بىر ۋە ئىككى بوغۇملۇق پېئىللارنىڭ مۇتلەق كۆپچە-
لىكىگە، ياسالما ئۆزەكلەرگە، پېئىلـنىڭ دەرىجە ئۆزەكلىرىگە
«-ur ، -yr» قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان؛ ساناقلىق پېئىل يىلـ-
تىزلىرىدىلا «-ar ، -ɛr» قوللىنىلغان. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن
ئاياغلاشقان يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە «-jur ، -jyr» قوشۇلۇش
بىلەن ئىپادىلەنگەن.
بولۇشسىزلىقتا «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا پۈتۈنلەي ئوغۇز -
قىپچاقچە «-maz ، -mɛz» بىلەن «-mas ، -mɛs» ئارىلاش قوللە-
نىلغان. لېكىن، «قىسسەسۇلئەنبىيا» دا «-mas ، -mɛs» بىلەن
«-maz ، -mɛz» ئارىلاش قوللىنىلغان.
4. ھەر ئىككىلا ئەسەردە «-a ، -ɛ» بىلەن ياسالغان رەۋىش-

داشلارغا dur~tur<tutur+ شەخس قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلە-نىدىغان ۋاستىسىز كەلگۈسى زامان پېئىلغا ئۈتۈش ھالىتى كۆرۈلمەيدۇ.

5. -ɣaj ، -gɛj بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بۇيرۇق - تەلەپ رايى كەڭ قوللىنىلغان.

6. ئانالىتىك ئۇسۇلدا بولسىمۇ، تۇس فورمىلىرى تەرەققىي قىلمىغان، پەقەت «قىسسەسۇلئەنبىيا» دا «-a ، -ɛ ، -u ، -y» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلاردىن كېيىن «bɛr» قوشۇلۇش بىلەن «ياردەم» مەنىسىدىكى تۇس، «-bilmɛ» قوشۇلۇش بىلەن ئىمكا-نىيەت تۇسىنىڭ بولۇشسىزلىقى، «-baʃla» پېئىلى قوشۇلۇش بىلەن بىر ئىشقا كىرىشىش تۇسى ئىپادىلەنگەن. «قىسسەسۇلئەن-بىيا» دا «-uma ، -ymɛ» بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىمكانىيەت تۇسى ناھايىتى ئاز. مەسىلەن: ɛltymɛs (ئەكېتەلمەيدۇ)

aðin sɛbr qilumadi (يەنە سەۋر قىلالمىدى)

7. پۈتكەن سۇپەتداشلار «-kan ، -qan//-gɛn ، -kɛn» قوشۇم-چىلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئوغۇز - قىپچاقچە -an ، -ɛn فورمىسى يوق.

8. -iɣli ، -igli بىلەن ياسالغان سۇپەتداشلار «ئەتەبەتۇل-ھەقايىق» تا كۆپرەك، «قىسسەسۇلئەنبىيا» دا ئازراق. بىراق، بۇ سۇپەتداشلار ئۆز دەۋرىدە ھەممە تۈركىي تىللارغا ئورتاق ئىدى.*

9. رەۋىشداشلار مۇتلەق كۆپ ساندا «-ip//-up ، -p» قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئوغۇز - قىپچاقچە -a ، -ɛ ، -u ، -jy ، -ju ، (-y)(-y) بىلەن ئىپادىلەنگەنلىرى «ئەتەبەتۇلھە-قايىق» تا ئاز، «قىسسەسۇلئەنبىيا» دا كۆپرەك.

-pan ، -ipan (-upan ، -ypan) رەۋىشداشلىرى ئاز قوللى-

* مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، 74 -، 76 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

نىلغان.

10. ɤu- ، -gy//-qu ، -ky بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلار ھەر ئىككى ئەسەردە كۆپ. بۇ ئىسىمداش ئىسىمداشلىقتىن سىرت ھەر ئىككى ئەسەردە پۈتمىگەن سۈپەتداش (مەسىلەن، turɤu jɛr — تۇرىدىغان يەر)، پېئىللارنىڭ زۆرۈرىيەت رايى (مەسىلەن، kim jazuq qilsa ani urɤu — كىم گۇناھ قىلسا، ئۇنى ئۇرۇش كېرەك) قاتارلىق مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرگەن. بۇ فورمىدىن كېيىن شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن كەلگۈسى زامان پېئىلى ئىپادىلەنگەن، مەسىلەن: hɛlak bolɤusi (ھالاك بولىدۇ)، tθrt ylyʃ qilɤum turur (تۆت ئۈلۈش قىلىمەن).

11. -duq ، -dyk بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلار ھەجمىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، يىل ئېتىبارى بىلەن ئالدىنراق بولغانلىقى ئۈچۈن «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا كۆپرەك، «قىسسەسۇلئەنبىيا» دا ئازراق ئۇچرايدۇ، مەسىلەن: uluqsinduquŋ (تەكەببۇرلاشقىنىڭ)، barduquŋ (بارغانلىقىڭ)، tutup turduquŋ (تۇتۇپ تۇرغىنىڭ) («ئەتەبەتۇلھەقايىق»).

sɛbr qilduq ytʃyn (سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن) («قىسسەسۇلئەنبىيا»).

12. bol- ، qil- پېئىللىرىنىڭ سۆز ياساشتا قاتنىشىشى ئاكتىپ ئەمەس.

13. bol- پېئىلىنىڭ ئوغۇز - قىپچاقچە شەكلى «ol-» قوللىنىلمىغان.

3. لېكسىكىلىق جەھەتتە:

بۇ ئىككى ئەسەردە ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرى، بولۇپمۇ ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىگە ئائىت سۆزلەر بىرقەدەر كۆپ. لېكىن، شۇنىڭغا قارىماي، teŋri ، uɤan (خۇدا)، udʒmaq ~ uʃtmax (جەننەت)، tamuɤ (دوزاخ)، jalawatʃ (پەيغەمبەر)، ekindi (پېشىن)، apuɤt (سەجدە)، jazuq (گۇناھ) قاتارلىق قەدىمكى

ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى بەزەن ئەرەب - پارس تىلىدىكى تەڭداش مەنىلىكلىرى بىلەن پاراللېل، بەزەن يەككە قوللىنىلغان. مۆلچەرلىنىشىچە، مۇنداق سۆزلەر «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا 100دىن، «قىسسەسۇلئەنبىيا» دا 300دىن ئاشىدۇ.

چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى ياكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ تونۇشىچە، «خارەزم تۈركچىسى» ئۇچۇن تىپىك ۋەكىل سۈپىتىدە ئېلىنىۋاتقان ئەسەرلەردىن «مۇھەببەتنامە» بىلەن «خىسراۋ ۋە شىرىن» دىمۇ ئەھۋال ئاساسەن يۇقىرىقىدەك. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ مۇھىم فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئالساق، يۇقىرىقى ئىككى ئەسەرگە ئۇنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىدە كۆرسىتىلگەن 1 - ، 2 - ، 4 - ، 5 - نۇقتىلار بويىچە تامامەن ئوخشايدۇ. 3 - نۇقتىدا كۆرسىتىلگەن j/ ð < d نۆۋەتلىشىش بۇ كېيىنكى ئىككى ئەسەردە ئاز - تولا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

boji— ايكـو اتينـك — ɛjgy atiŋ (ياخشى نامىڭ) ، بويى (بويى) ، يياىين — jajajin (ياياي) ، اداقينك~اياقينك (ئايىغىڭ) (مۇھەببەتنامە) . tijilmadin (توختاتماي) (خىسراۋ ۋە شىرىن) .

مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەردىن ئالساق، ئىسىملار ئۇچۇن كۆرسىتىلگەن 1 - ، 2 - ، 3 - نۇقتىلار بويىچە تامامەن ئوخشايدۇ. بۇ كېيىنكى ئىككى ئەسەردە ۋاسىتە كېلىش قاتما ھالەتتە ئۇچراپ قالىدۇ.

پېئىللار ئۇچۇن كۆرسىتىلگەن 2 - ، 3 - ، 4 - ، 5 - ، 6 - ، 7 - ، 9 - ، 10 - ، 12 - ، 13 - نۇقتىلار بويىچە تامامەن ئوخشايدۇ.

1 - نۇقتىدا كۆرسىتىلگەن «-dimiz» فورمىسى بۇ كېيىنكى ئىككى ئەسەردە كۆرۈلمەيدۇ، 8 - نۇقتىدا كۆرسىتىلگەن «-iɣli ، -igli» بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلار كۆرۈلمەيدۇ. 11 -

www.uyghurkitap.com

نۇقتىدا كۆرسىتىلگەن «-duq» ، «-dyk» بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلار ئومۇمەن ئىستېمالدىن قالغان.

بۇ كېيىنكى ئىككى ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىدىن يەنە تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ:

1. كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ بولۇشسىزلىقى بەزى ھاللاردا بىرىنچى شەخس بىرلىكتە (-mɛs ، -mas ياكى -mɛz ، -maz) چۈشۈپ قېلىش بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:
unutman (ئۇنۇتماسمەن) ، bilmɛn (بىلمەسمەن) ، jawutman (يېقىنلاشتۇرماسمەن) .

2. بۇ كېيىنكى ئىككى ئەسەر تىلىدا چاغاتاي يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر قاتارىدا «-p» لىق رەۋىشداشلاردىن كېيىن -dur~tur<turur ياردەمچى پېئىللىرى قوشۇلۇپ ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايىنى ئىپادىلەش كەڭ قوللىنىلغان. بۇ فورما ئالدىنقى ئىككى ئەسەردە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ant itʃipmɛn (قەسەم قىلغانمەن) («قىسسەسۇلئەنبىيا») . eʃ'ti'pmɛn (ئاڭلىغانمەن) («قىسسەسۇلئەنبىيا») . توشوبتور، بيريب تور، كيزلانيب تور (يوشۇرۇپ قويۇلۇپتۇ) ، قيليب تور، بولۇپتور («مۇھەببەتنامە») . turur ياردەمچى پېئىلىنىڭ «-a» ، «-ɛ» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلاردىن كېيىن قوشۇلۇپ كەلگۈسى زامان ۋاستىسىز بايان رايىنى بىلدۈرۈشى بۇ ئىككى ئەسەردە، شۇنىڭدەك شەكىللىنىش دەۋرىدىكى باشقا ئەسەرلەردە تېخى كەڭ قوللىنىلمىغان.

كېيىنكى ئىككى ئەسەرنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئالساق، «خىسراۋ ۋە شېرىن» دە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر «مۇھەببەتنامە» گە نىسبەتەن كۆپرەك، «مۇھەببەتنامە» دە مۇنداق سۆزلەر ئازراق. قانداقلا بولمىسۇن، بىز XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن ئەسەرلەردە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ سان ۋە قوللىنىلىش نىسبىتى جەھەت-

تىن بارغانسېرى ئازىيىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز.

يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىزدىن تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كېلىمىز:

1. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» بىلەن «قىسسەسۇلئەنبىيا» تىلى خاقانىيە تىلى ئېلېمېنتلىرى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان تىل. ئۇ يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قاراخانىيلار دەۋردىكى «خاقانىيە تىلى»نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ.

2. «مۇھەببەتنامە» بىلەن «خىسراۋ ۋە شىرىن» قاتارلىقلار چاغاتاي يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدىكى ئەدەبىي تىل. بۇنىڭدىمۇ «قەشقەر تىلى»نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستۈن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا قىسمەن ئوغۇز - قىپچاق تىلى ئامىللىرىمۇ بار. بۇ نۇقتىنى ن. ئا. باسكاكوف ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئالتۇن ئوردا يېزىق ئەدەبىي تىلى دەسلەپتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قاراخانىيلار دۆلىتى تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا تەرەققىي قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قاراخانىيلار تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر موڭغۇل مەھكىمىلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى بولغان ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلار يېزىقىنى ئىشلەتكەن. غەربىي قىسمىدىكى جوجى ئۇلۇسىنىڭ ئەدەبىي تىلى ساقلىنىپ قالغان ‹خىسراۋ ۋە شىرىن› ناملىق يادىكارلىقنىڭ قۇتب تەرجىمىسىدىن (XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى)، شۇنداقلا خانلىق يارلىقلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە ئېلېمېنتلار كۆپ ئارىلاشقان بولۇپ، قىسمەن مەھەللىۋى خاراكتېرگە ئىگە». •

3. دېمەك، «خارەزم تۈركچىسى» قانداقتۇر سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا قىسمەن ئوغۇز (تۈركمەن) ۋە قىپچاق يەرلىك شېۋىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قاراخانىيلار تىلىدىن تەش-

---

• ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، ئۇيغۇرچە، 295 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىل تاپقان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركچىسى»* ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلى قەشقەر ۋارىيانتىنىڭ XIV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان خارەزم تەۋەسىدە بەزى يەرلىك شىۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىلغان شەكلى. خۇلاسىمىزنى يەنىلا يا. ئېكماننىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئاياغلاشتۇرايلى: «خارەزم تۈركچە-سى بىر بىرلىك تەشكىل قىلالمايدۇ».**

بۇ دەۋرنىڭ ۋەكىللىرى قاتارىدا قۇتب، خارەزمى، دۇربېك، ئاتايى، لۇتفى، سەككاكى، يەقىنى، گادايى قاتارلىقلارنى كۆرسە-تىش مۇمكىن.

## 3. چاغاتاي تىلىنىڭ كلاسسىك دەۋرى ۋە بۇ دەۋردە-كى تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتى

چاغاتاي تىلىنىڭ كلاسسىك دەۋرى دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ دەۋر XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 150 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋر ئەلشىر نەۋايى، ھۈسەيىن بايقارا، مۇھەممەد سالىھ، ئۇبەيدى، شەيبانى-خان، بابۇر، شىكەستە قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدە چاغاتاي تىلىنىڭ كامالەتكە يەتكەن، ئالدىنقى دەۋرگە نىسبەتەن كۆپ تۇراقلىقلىققا ئىگە بولغان، قېلىپلاشقان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە مەي-دانغا كەلگەن ئەسەرلەر سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئالدىنقى دەۋر-گە نىسبەتەن يۇقىرى. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا «چاغاتاي تىلى» دېيىلگەندە، ئاساسەن مۇشۇ دەۋردىكى يېزىق ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ داۋامى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ دەۋرنى يەنە ئۆز ئىچىدىن «كلاسسىك دەۋرنىڭ باشلانغۇچ

---

* ** يا. ئېكمان: «خارەزم تۈركچىسى»، «تارىخىي تۈرك شىۋىلىرى»، 173 ـ بەت، ئەنقەرە.

ۋاقتى (XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى)، كلاسسىك دەۋر (ياكى نەۋايى دەۋرى) (XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى)، كلاسسىك دەۋرنىڭ داۋامى (ياكى بابۇر ۋە شەيبانىلار دەۋرى) (XVI ئەسىر)» دەپ ئۈچكە بۆلۈش ئەھۋاللىرىمۇ بار. لېكىن، تىل تەرەققىياتىنىڭ تەدرىجىيلىكى نۇقتىسىدىن بۇنى قوبۇل قىلىش تەسرەك. چۈنكى، بىز ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىمىزدىمۇ بىر يېزىق تىلىدا ھەر ئەللىك يىلدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى سىستېمىلىق ھالدا كۆرسىتىپ بېرەلمەيمىز. مۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى تەتقىقات سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق يېزىق ئەدەبىي تىلدا ئەللىك يىل ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ مۇمكىن بولمىغانلىقىدا.

بۇ دەۋردىكى چاغاتاي تىلى، بولۇپمۇ نەۋايى ۋە نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدا تا ھازىرغىچە بەزى بىر تەرەپلىمە كۆزقاراشلار ئورۇن ئېگىلەپ تۇرماقتا، مۇنداق بىر تەرەپلىمە كۆزقاراشلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر سۈپىتىدە ئا. بوروكوفنىڭ «ئەلىشىر نەۋايى ئۆزبېك تىلىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىدۇر» دېگەن ئەسىرى بىلەن ئا. م. شېرباكنىڭ «كونا ئۆزبېك تىلى گراممатىكىسى» دېگەن ئەسىرىنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، بۇ ئىككى ئەسەر بىرمۇنچىلىغان ئۆزئارا زىت كۆزقاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، ئەينى دەۋردە يېگىدىن شەكىللىنىۋاتقان ئۆزبېك تىلىنى بۇ دەۋرنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىش ۋە ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنى نەۋايىدىن، چاغاتاي تىلىدىن يىراقلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە داڭق چىقارغان ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇم زۇرۇرىيەت تۈپەيلى يېزىلغان بۇ ئەسەرلەر توغرىلىق رەددىيە سۈپىتىدە يەنىلا شۇ يا. ئېكماننىڭ تۆۋەندىكى لىللا باياننى

• فۇئات كۆپرۈلۈ: چاغاتاي ئەدەبىياتى، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى، II توم. ئىستانبول، 1945 - يىلى. يا. ئېكماننىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

www.uyghurkitap.com

لىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش كۇپايە: «... روشەنكى، سوۋېت تۈركولوگلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. گەرچە بۇگۈنكى ئۆزبېكلەر بىر جەھەتتىن قەدىمكى ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولسىمۇ، بۇ قەدىمكى ئۆزبېك تىلىنىڭ چېگرىسىنى مۇنچىلىك كېڭەيتىۋېتىش ۋە ئۆزبېك تىلىدا قەدىمكى تۈركىي تىلنىڭ ئىزچىل داۋاملاشقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس».*

چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىدىن نەۋايىنىڭ ئۆزىمۇ ئېنىق مەلۇمات بەرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ دىۋانىغا يازغان كىرىش سۆزىدە سەككاكى بىلەن لۇتفىنى: «اویغور عبارتی نینک فصحاسیدین وترکی الفاظی نینک بلغاسیدین مولانا سکاکی ومولانا لطفی» دەپ تەرىپلەيدۇ.

بۇ يەردىكى «ئۇيغۇر ئىبارەتى» بىلەن «تۈركى ئەلفاز» تەڭ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلى» ياكى «تۈركىي تىل» دېگەن مەنىنىلا ئىپادىلەيدۇ؛ «فۇسەھا» بىلەن «بۇلەغا»مۇ تەڭ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى «تىل ماھىرى، تىلدا يېتىلگەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ تەرىپنىڭ مەنىسى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياكى تۈركىي تىلنىڭ يېتىلگەن ماھىرلىرىدىن» دېگەندىنلا ئىبارەت. نەۋايىنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدە مۇنداق تەڭ مەنىلىك قۇرۇلمىلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ایمدی کېلدوك سوز بیانیغه و کلام داستانیغه» دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ يەردىكى «سوز بەيانى» بىلەن «کلام داستانى» تەڭ مەنىلىك بولۇپ، «تىل بايانى» دېگەن مەنىنىلا بىلدۈرىدۇ. پۈتۈن جۈملىنىڭ مەنىسى «ئەمدى تىل بايانىغا كېلەيلى» دېگەندىنلا ئىبارەت. نەۋايىنىڭ «اول فرخونده عبارة و اول خجسته الفاظ»، «نبوت بیانی بیرله و رسالت نعمه والحانی بیرله». «بو

* يا. ئېكمان: «چاغاتاي تىلى»، «تارىخىي تۈرك شېۋىلىرى»، 215 ـ بەت.

مواهب بيرله غنالار و بو غنايم بيرله استغنالار» قاتارلىق ئىبارە-لىرىنىمۇ شۇ يوسۇندا چۈشىنىشكە بولىدۇ.* دېمەك، يۇقىرىدىكى سەككاكى بىلەن لۇتفىنىڭ تەرىپىدە ئۇلار قوللانغان چاغاتاي تىلى-نىڭ ئۇيغۇر تىلى ياكى تۈركىي تىل ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسى-تىلگەن.

چاغاتاي تىلىنىڭ كلاسسىك دەۋرى، جۈملىدىن نەۋايى تىلى توغرىسىدا ئۇنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ۋە گرامماتىكىلىق قائىدىلىرىگە ئاساسەن لىللا گەپ قىلىنسا، ئۇنىڭ قانداقتۇر بۇ دەۋردە يېڭىدىن تەشكىل تېپىۋاتقان بىرەر خەلق (ياكى ئۇلۇس) شېۋىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولماي، قەدىمدىن ئىزچىل داۋاملى-شىپ تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتقان، «تۈركىي تىللارنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بىر تىل — ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچى ئىكەنلىكى ئۆز ئۆزىدىن ئايان.

چاغاتاي تىلىنىڭ [ʃ] لىق تىل، [ɣ] لىق تىل ۋە [j] لىق تىل ئىكەنلىكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلدى. دېمەك، بۇ تىل مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ ئوغۇز - قىپچاق تۈر-كۈمىگە ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر - قارلۇق تۈركۈمىگە خاس. چاغاتاي تىلى ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدە (يۇقىرىدا توختال-دۇق) گەرچە بىر قىسىم ئوغۇز - قىپچاق تىل ئېلېمېنتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئەنئە-نىلىرى (بولۇپمۇ فونېتىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق ئەنئەنىلىرى) ئۇنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى ۋە كلاسسىك دەۋرىدە يەنىلا ئاساسىي ئورۇننى تۇتىدۇ.

تۆۋەندە نەۋايى ئەسەرلىرىنى تۇتقا قىلغان ھالدا كلاسسىك چاغاتاي تىلى دەۋرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

* بۇ ئىبارىلەر نەۋايىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 1. فونېتىكىلىق جەھەتتە

### 1. سوزۇق تاۋۇشلاردىكى مەسىلىلەر:

بۇ دەۋردىمۇ سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى يەتتە، يەنى لەۋ-لەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار تۆت [o]، [θ]، [u]، [y]، لەۋلەش-مىگەن سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچ [α]، [ɛ]، [i].

بۇ دەۋردە [i] بىلەن ئۇنىڭ تىل ئارقا ۋارىيانتى بولۇپ قالغان [i] نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى فونېمىلىق پەرقىنىڭ يوقىلىشى، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى شېۋىلىرى-نىڭ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە شېۋىلىرىنىڭ چاغاتاي تىلى بىلەن بولغان ئورتاقلىقى دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ ئىككى تاۋۇشنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئورقۇن دەۋرىدىن بۇيان ئايرىم-ئايرىم فونېما بولغانلىقى توغرىسىدا يېزىق ئەدەبىي تىلىدا (مەسى-لەن، مەڭگۇ تاشلاردا، «قۇتادغۇ بىلىك»تە، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ۋە باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرىدا) يې-تەرلىك ئىسپاتلار يوق. مەڭگۇ تاشلاردىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى تاۋۇش شۇ دەۋرلەردىلا بىتەرەپ ھالەتتە تۇرغان.

يېپىق بوغۇملاردىكى [ɛ] نىڭ [e] ياكى [E] ۋارىيانتى توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالغانىدۇق. مەسىلەن: bEr~bɛr، jEr~jɛr، bEʃ~bɛʃ، tEr~tɛr قاتارلىق. بۇنىڭدىن باشقا، يېپىق بوغۇمدىكى [ɛ] نىڭ [θ] لىشىش ئەھۋالىمۇ بۇ دەۋر تىلىنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن:

θj<ɛw — ئۆي، θsryk<ɛsryk (اوسروك) - مەس

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتەيلىكى، ئەلىشىر نەۋايى «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»دە تىلغا ئالغان biz، bīz، bEz سۆزلىرى چاغاتاي يېزىقىدا ئوخشاشلا «بىيز» شەكلىدە يېزىلىدۇ. لېكىن، تەلەپپۇز-دا ئالدىنقىسى (يەنى، بىرىنچى شەخس كۆپلۈك ئالمىشى) دىكى [i] ئېگىز، قىسقا سوزۇق تاۋۇش، ئىككىنچى سۆز (يەنى، «بېگىز» مەنىسىدىكى سۆز) دە [g] تاۋۇشى چۈشۈپ قالغانلىقتىن ئىككى سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ، بىر ئىككىلەمچى سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش ھاسىل بولغان، ئۈچىنچى سۆز («بەز» مەنىسى-

دىكى سۆز) دىكى سوزۇق تاۋۇش نەق بىز يۇقىرىدا كەلتۈرگەن مىساللاردىكى [E] تاۋۇشىدۇر. شۇڭا، بۇ ئۈچ سوزۇق تاۋۇشنى ئۈچ فونېما دەپ تونۇشقا بولمايدۇ.

## سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

مۇنداق فونېتىكىلىق ھادىسە ئوچۇق بوغۇملاردىكى [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ مەزكۇر بوغۇمنىڭ ئۆز ئورغۇسىنى يوقىتىشى بىلەن ئېگىزرەك سوزۇق تاۋۇشلار —[e]، [θ]، [o]غا ئايلىنىپ كېتىشىگە قارىتىلغان. بۇ بىر خىل تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن ئېتىبارەن باشلانغان.

مەلۇمكى، چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئىملاسى (كلاسسىك دەۋرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) مۇتتىزىم مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان. شۇڭا ئۆز دەۋرىنىڭ جانلىق تىلىدىكى نۇرغۇنلىغان فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ئۇنىڭدا ئىپادىلەنمىگەن. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تۈركىي تىللار ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر تىلىغىلا خاس بولغان بۇ فونېتىكىلىق ھادىسە نەۋايى تىلىدا خېلى دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن:

اوچوق<اچوق، اوزوغ<ازوق، اوتوك < اتك — ɛtyk،
تيشوك ~ توشوك < تشيك — tɛʃik، يوشۇرۇنماق < ياشونماق،
اويورسا < ɛwyreɛ

فراقى اوقيدين اولميش توشوك توشوك باغريم،
بوطرفەراق‌كە بير اوقدين ايرور هر ايكى توشوك.
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

بۇ فونېتىكىلىق ھادىسە تالانت تېكىننىڭ «تۈركىي تىل ۋە دىئالېكتلىرىنىڭ يېڭى بىر كلاسسىفىكاتسىيىسى» دېگەن ماقالىسىدە «taɣliq» كىچىك گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرىنىڭ ئاساسىي پەرقى قىلىپ كۆرسىتىلگەن.•

• تالانت تېكىن، مەزكۇر ماقالە «ErdEm»، 1990 - يىللىق 13 - سان، ئەنقەرە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئاھاڭداشلىقى

بۇ فونېتىكىلىق ھادىسە نەۋايى تىلىدا نىسبەتەن كۈچلۈك. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ياكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى قوشۇلغان. مەسىلەن «lik-، luq-//liq-، lyk-» قوشۇمچىسىنى ئالساق، نەۋايىدا تامامەن يۇقىرىدىكى قائىدىگە رىئايە قىلىنغان: قوللوق، اوغوللوق، مونكلوغ، التونلوغ، چالغولوغ، شوخلوغ، جنونلوق، منسوبلوق، زبونلۇق.

پېئىللارنىڭ ۋاستىسىز بايان رايى ئۆتكەن زامان ئىككىنچى شەخس ئاددىي بىرلىك قوشۇمچىسىدىمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرگە «-diŋ» قوشۇلماي، «-duŋ، -dyŋ» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

خس كبى جسميمغه هجران شعلەسين اوردونك باريب،
برق افت بيرله خاشاكيمنى كويدوردونك باريب.
ايلابان كول هجر عزميغه چو سوردونك باد پاي،
بيله صرصر بيرله انى كوككا ساوردونك باريب.

(نەۋايى: «كۆللىيات»)

2. ئۆزۈك تاۋۇشلاردىكى مەسىلىلەر:

1) ئوتتۇرا ئەسىردىكى [ð]~[d] تاۋۇشلىرىنىڭ تەرەققىياتى چاغاتاي تىلىنىڭ كلاسسىك دەۋرىدە كۆپىنچە [j] ۋە [g] غا نۆۋەتلىشىش، بەزەن ئەينەن ساقلىنىش، ناھايىتى ئاز سۆزلەردىلا [z] غا ئايلىنىش بىلەن ئاياغلاشتى.

[j] غا ئايلانغانلىرى: qajɤu، qujruq، boj، uj، ajiɤ، ajaq قاتارلىقلار.

[g] غا ئايلانغانلىرى: kigiz، egiz، igɛ، egɛr قاتارلىقلار.

ئەينەن ساقلانغانلىرى: jyd-، jid، quduq، idiʃ، adaʃ قاتارلىقلار.

[z] غا ئايلانغانلىرى: jyz ، muz (نەرسىنىڭ يۈزى) ، kyzɛt قاتارلىقلار.

شەكىللىنىش دەۋرىدىكى ئىككى خىللىق (مەسىلەن، «مۇ-ھەببەتنامە» دىكى adaq~ajaq ، boj~bod) بۇ دەۋردە كۆرۈلمەيدۇ.

ئەرەب - پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن سىرت، كۆپ بوغۇملۇق، تۈركىي تىللارغا ئائىت سۆزلەردە ئىك-كى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدىكى [q] ، [k] تاۋۇشلىرى ئاجىز-لاشمايدۇ. مەسىلەن:

△ باليغ قورساقين صدف ايتى
(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شىرىن»)

△ ايل دياريدا غيريب اولماقليقيم ايرماس غيريب
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

△ چاك بولغان كونكلاكين بۇ جسم عريان الديدا
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

△ اول خونخوار بحر ارا تخته پاره اوزا قالماقي نينك بياني
بو ترور
(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شىرىن»)

بۇ فونېتىكىلىق ھادىسە ئۇرقۇن دەۋرى ئۇيغۇر تىلىدىن تارتىپ پۈتۈن چاغاتاي تىلى دەۋرىدە، شۇنىڭدەك ھازىر پەقەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇھىم شېۋە ۋە دىئالېكتلىرىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئالاھىدىلىك ئىدى. لېكىن، چاغاتاي تىلىغا ئائىت تەتقىقاتلاردا بۇ مەسىلە بىر بولسا، تىلغا ئېلىنمىدى، بىر بولسا، بۇ مەسىلىگە ئانچە ئېتىبار قىلىنمىدى. نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ قولدىن قولغا ئۆتۈپ كۆپ قېتىملاپ كۆچۈ-رۈلۈشى نەتىجىسىدە بۇ فونېتىكىلىق ھادىسە بەزى ئەسەرلەردە يېزىقتىكى ئىزچىللىقنى يوقاتقان. ھەتتا ئىسىمداش ياسىغۇچى «-maq» قوشۇمچىسىنىمۇ «-maɣ» قىلىپ يېزىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

2) سۆز ئاخىرىدىكى [ɣ]، [g] تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ياكى [j] بىلەن نۆۋەتلىشىش ئەھۋاللىرى يوق. مەسىلەن:

ئالماشلاردا: قانداغ، شۇنداغ، انداغ، مۇنداغ

قوشۇمچىلاردا: تورلـوك، كوزلوك، سـوزلوك، ينكليغ، سينديك، مينديك، اندوەليغ، بيلكولوك، بيليكليك، بيتيكليك، يلديك

اى نوايى عمر اوتار يلديك اوزونكنى شاد توت.
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

شه باشيغه انداغكيم ايل اق و قيزيل يارماق
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

3) -bol ياردەمچى پېئىلىدىكى [b] نىڭ قىسقىرىشىدىن ھاسىل بولغان -ol ۋارىيانتىنىڭ ئارىلاش قوللىنىلىش ئەھۋالى بار. لېكىن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ قوللىنىلىش شارائىتى ۋە زۆرۈرىيىتى ئوخشاش ئەمەس. يەنى -bol نەسرىي ھەم نەزمىي ئەسەرلەردە، -ol پەقەت نەزمىي ئەسەرلەردە قوللىنىلغان. نەزمىي ئەسەرلەردە -ol نىڭ قوللىنىلىشمۇ ئومۇميۈزلۈك ئەمەس، چەكلىك. مەسىلەن:

مىسـرانىڭ بېشـىدا -ol قوللىنىلـمايدۇ، -bol قوللىنىلىدۇ.

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەردىن كېيىن كۆپىنچە -bol قوللىنىلىدۇ.

كيم كوروبدورهم خزان بير ايدا بولماق هم بهار
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

تاكيم اول خمار كۆز اشيفتەسى بولميش كوزوم
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

جنون بو بولسه كيم ياغدى پريوش طفللار باشى
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

بو دردغه هم اوزونك دى دو انى بولغوسيدور

(نەۋايى: «كۈللىيات»)

نەزمىدە ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەردىن كېيىن -ol نىڭ قوللىنىلىشى پەقەت ۋەزن تەلىپىدىن بولغان. شۇنداقتىمۇ نەۋايى شېئىرىيىتىدە -ol غا نىسبەتەن -bol نىڭ قوللىنىلىشى كۆپ.

2. مورفولوگىيىلىك جەھەتتە

1. ئىسىملار بويىچە:

نەۋايى تىلىدا ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش فورمىسى بىلەن چۈشۈم كېلىش فورمىسى ئايرىلغان. يەنى، ئالدىنقىسى ئۈچۈن «-niŋ//-nyŋ ، -nyŋ (نەزمىدە بەزەن -iŋ)» كېيىنكىسى ئۈچۈن «-ni (نەزمىدە بەزەن -in ، -i (ئۇغۇز - قىپچاقچە)» قوللىنىلغان. مەسىلەن:

كوركالى حسنونكنى زارو مبتلا بولدوم سنكا

(نەۋايى: «كۈللىيات»)

هيچ كيشيكا بولماسون يارب منكا بولغان بلا

(نەۋايى: «كۈللىيات»)

كيشىكە ايستاسه كر يتماكاى ملالت انكا

(نەۋايى: «كۈللىيات»)

نەۋايى تىلىدا يۆنىلىش كېلىش ئۈچۈن «-a ، -ɛ» فورمىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى پەقەت بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس بىرلىك تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن بولۇپ، كۆپىنچە نەزمىي ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

باشيمه، كونكلومه، باشينكا، كونكلونكا.

چاغاتاي تىلىدا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا خىلاپ ھالدا قوشۇلۇشى ئومۇمەن نەزمىي ئەسەرلەردىكى ئالاھىدىلىك، نەزمىي ئەسەرلەردە ئۇرغۇسىز ئوقۇ-

لىدىغان بوغۇملاردىكى بۇ كېلىشلەرنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش-تىن قۇرۇلغان ۋارىيانتلىرى پارس تىلىدىكى [a] تاۋۇشىنىڭ ھەرقاچان [ɛ] گە ئايلىنىشىنىڭ مۇمكىن بولغانلىقىغا (مەسىلەن، شاه~شە، ماه~مە، گاھ~گە) تەقلىد قىلىنغان ھالدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلارغا ئالماشتۇرۇپ قوللىنىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

نەۋايى تىلىدا چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلىدۇ. چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرىدا [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرى كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

دیدی قایدین سین ای مجنون گمراه.

(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

یر توتار کونکلومدا گردوندین جدا بولغان بلا

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

نه کوردیکیم یراقتین شهسواری

(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

2. پېئىللار بويىچە:

پېئىل رايلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر

1) پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى

(1) پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى ئىككىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن «-ŋlar، -uŋlar//-iŋlar، -yŋlar» بىلەن تەڭ «-ŋiz، -uŋiz//-iŋiz، -yŋiz» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلغان. مە-سىلەن:

بو مشت اوستخوانیم‌نی انینك کوییغه تاشلانك‌لار

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

باده‌ئی عشق اسرو مست ایتمیش منی ای دوستلار،

جامیمه افیون ایزیب بیر دم خردمند ایلانکیز.

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

(2) پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى ئىككىنچى شەخس

بىرلىكى بەزەن (بولۇپمۇ نەزمىي ئەسەرلەردە) [r] بىلەن ئاياغ-لاشقان پېئىل يىلتىزلىرىدىن كېيىن «-u» قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

اى صبا اواره كونكلوم ايستايو هريان بارو،
وادى و تاغ و بيابانلارنى بير بير اختارو.

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

اى جفا تيغى كيليب مجروح كونكلومنى يارو،
قول يالينك ايلاب ساليب هريان ايچيمنى اختارو.

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

بۇ يەردە ئىپادىلەنگەن بۇيرۇق - تەلەپ مەنىسىنىڭ پەقەت بىرلىك ساندىكى ئىككىنچى شەخسنىڭ مەلۇم بىر ھەرىكەتنى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىن ئىبارەتلىكىدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى «-u» قانداقتۇر بىر تۈرلىگۈچى قوشۇمچە بولماي، ھا-زىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل يىلتىزلىرىدىن كېيىن قوشۇ-لۇپ ئىلتىماس، يالۋۇرۇش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان يۈكلىمە «ɛ» گە ئوخشاش رولدىكى بىر يۈكلىمە بولۇشى ئېھتىمالغا يەك يېقىندۇر.

(3) نەۋايى ئەسەرلىرىدە ئۈچىنچى شەخس بۇيرۇق - تەلەپ رايى ئۈچۈن «-sun، -syn» (نەزمىي ئەسەرلەردە بەزەن su-، -sy) » دىن باشقا «-دىك — -dik » فورمىسىمۇ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:

تلبه كونكلينى نوايى ضبط ايلاى المادى،
ايمدى چيك اندين ايليك هرسارى بارسه بارديك.

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

هردم اول اى هجريدا اوارەليق ايستار كونكل،
اى نوايى قوى انى هرقايدا بارسا بارديك.

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

دېگەن مىسرالاردىكى «بارديك» سۆزى «بارسۇن» دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ فورمىنى ئا. م. شېرباك « dɛ+k » شەكلىدە ياسالغان» دەپ قارايدۇ. بۇيرۇق - تەلەپ رايى مەنىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، پېئىل يىلتىزلىرىغا «-q ، -k» قوشۇلۇپ ياسالغان تۇرغۇن سۆز مەنىلىرى بىلەن بۇ فورمىنىڭ مەنىسى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق يوق.

ئۆزبېك تىلشۇناسلىرىنىڭ ئېنىقلىشىچە، بۇ فورما ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىنىڭ قارلۇق شېۋىسىدە قوللىنىلىدىكەن.*

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئا. م. شېرباكنىڭ «بۇ فورما ئەينى دەۋردىكى ئۆزبېك تىلىنىڭ فورمىسى بولماستىن، نەۋايى تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئەمەلىيەتكە يېقىن، بۇ فورما ئارخائىك بىر فورما بولۇپ، ئاخىرقى «ك — g » تاۋۇشىنى [n] بىلەن ئۆۋەتلەشكەن، «د — d » نى [s] بىلەن ئۆۋەتلەشكەن، يەنىلا « -sun ، -syn » نىڭ ۋارىيانتى» بىلەن مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

(4) نەۋايى ئەسەرلىرىدە پېئىللارنىڭ «-ɣaj ، -qaj// -gɛj ، -kɛj» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ۋە «-ɣu ، -qu //-gy ، -ky» ئىسىمداشلىرىدىن كېيىن شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بۇيرۇق - تەلەپ رايى ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان. نەزمىي ئەسەرلەردە ئالدىنقى قوشۇمچىلاردىكى [j] نى چۈشۈرۈپ قالدۇرۇش مۇمكىن بولغان. مەسىلەن:

ئالدىنقىسىغا:

تا اول شمع نى محافظت حله‌لاريدين فانوس غه كيتوركاى . (نەۋايى: «كۇللىيات»)

تا اول بلوت‌لارنى ندامت اهى صرصرى بيرله عالم‌دين چيقارغاى . (نەۋايى: «كۇللىيات»)

هنرورلاركه قيلغايلار هنر فاش
(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

---

* غ. ئابدۇراخمانوۋ، ش. شۇكۇروۋ، يۇقىرىقى ئەسەر، 147 — 148 - بەتلەر.

قبريم اوزه قويغاسيز تاشى كه ضغق اياميدا
(نەۋايى: «كۆللىيات»)

كېيىنكىسىگە:

نى بيركوم تنكريكا اخر جوابين
(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

بولماغوم‌دورنى كل و نى سرو رعنا بيرله دوست
(نەۋايى: «كۆللىيات»)

ساقىياچون ايچكوميزدور عاقبت جام اجل
(نەۋايى: «كۆللىيات)»

چو اولتوركونك دورور بو اژدهانى
(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

2) زۆرۆرىيەت رايى

«-ɣuluq، -quluq//-gylyk، -kylyk» بىلەن ياسالغان زۆ-رۆرىيەت رايى چاغاتاي تىلىدا خېلى كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتى بىلەن تامامەن ئوخشاش. مەسىلەن:

دیدی اول یان جنیبت سورکولوکدور،
بوایش کر واقع اولسه کورکولوکدور
(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

سیاست قیلغولوقدور، بو فدایی —
(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

انينك كوس رحيلين چالغولوقدور
(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

3) مۆلچەرلەش رايى

«-ɣu، -qu//-ky، -gy» بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلاردىن كېيىن «-dɛk» قوشۇلۇپ مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقىدىكى مۆلچەر ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

یار بولمیش اورتاغه هجران طریقین سالغودیك
عقل و هوش و جان و کونکلوم خیلی هم قوزغالغودیك.
( نەۋايى: «كۆللىيات» )

بوکیچه ئاهیم یلی دوراننی برهم اورغودیك،
چرخ گلزاریدین انجم گل لارین ساورغودیك.
( نەۋايى: «كۆللىيات» )

4) پېئىللارنىڭ بايان رايى

(1) پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامانى

پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ۋاسىتىسىز بايان رايى بىرىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى بۇ دەۋردە «-dimiz» بىلەن ئەمەس، بەلكى «-duq، -tuq//-dyk، -tyk» قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

دهر بوستانی ارا سرکش نهالی کورمادوك،
سایه ینکلیغ بولماغان یر بیرله یکسان عاقبت.
( نەۋايى: «كۆللىيات» )

نفع اوچون کویماکدین اوزکا تاپمادوق عالم ارا،
( نەۋايى: «كۆللىيات» )

ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە تۈرى ئۈچۈن «-ŋiz، -iŋiz//-uŋiz، -yŋiz»، كۆپلۈكى ئۈچۈن بۇ فورما بىلەن بىللە «ŋlar، -iŋlar//-uŋlar، -yŋlar» قوللىنىلغان. مەسىلەن:

هجر ارا قتلیم اوچون مندین کونکل تیندوردونکیز
( نەۋايى: «كۆللىيات» )

سیزکا هم ای عشرت اهلی قالماغای جاوید وصل،
بوکه ظلم ایلاب نوایینی ارادین سوردوکنیز.
( نەۋايى: «كۆللىيات» )
(كۆپلۈك)

ۋاسىتىلىك بايان رايىدىكى ئۆتكەن زامان پېئىللىرىدىن «-miʃ» بىلەن ياسالغانلىرى كەڭ قوللىنىلغان. بۇ پېئىلنىڭ

شەخس قوشۇمچىسى بىرىنچى شەخس بىرلىكتە «men-» (نەزمىي ئەسەرلەردە بەزەن am-، em-) ، كۆپلۈكتە «tyk-» ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

اويله غم دشتيدا تفراغ <u>اولميشام</u> كيم اول طرف،
(نەۋايي: «كۇللىيات»)

اى نوايى بيل كه اهى <u>چيكميشام</u> بى اختيار
(نەۋايي: «كۇللىيات»)

<u>دير اير ميشتوك</u> اولدم بو عشرت چاغى
(ئاياز ، شىكەستە، : «جاھاننامە»)

ئۈچىنچى شەخس بىرلىكى نۆل فورمىدا، كۆپلۈكى ھەم بىرلىك سىپايە تۈرى «lar- ، ler-» بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

كه تا اول شهددين <u>تاتميش مىن</u> اغزيمنى <u>چوچوتميش‌لار</u>.
(نەۋايى: «كۇللىيات»)
— بىرلىك

كوب چوچوكلوكدين <u>ياپوشميش‌لار</u> مكر اول ايكى لب
(نەۋايى: «كۇللىيات»
كۆپلۈك

بۇ فورمىنىڭ پۈتكەن سۈپەتداش مەنىسىدە قوللىنىلىشى بۇ دەۋردە بىرقەدەر قىسقارغان.

ۋاستىلىك بايان رايىدىكى ئۆتكەن زامان پېئىللىرىدىن p-لىق رەۋىشداشلارغا «turur>-dur-» قوشۇلۇپ ياسالغانلىرى بۇ دەۋر پېئىللىرىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى پېئىللاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىك. مەسىلەن:

ستونديك دود اهيم انكا موندا قكيم <u>اولاشيب‌دور</u>.
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

توتونك معزوركيم رسوا <u>بولوبمن</u>
(نەۋايى: كۇللىيات»)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كوزكه حيرتدين تيكيب من اول لب خندان ارا
(نەۋايى: كۇللىيات»)

كيمسه تعيين ايلاماب‌دور جوهر پنهانغه نرخ
(نەۋايى: كۇللىيات»)

(2) پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامانى.

بىرىنچى خىلى، بولۇشلۇقتا «-r، -ur، -yr (ياكى -ar، -ɛr)» بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كەلگۈسى زامان پېئىلى.

بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئالدىنقىلىرى ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بولۇپ، چاغاتاي تىلىنىڭ ھەممىلا دەۋرىدىكى ئەسەرلەردە ئىنچىل دېگۇدەك قوللىنىلغان. ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، كلاسسىك چاغاتاي تىلى دەۋرىدە بۇ قوشۇمچىلارنى قوللىنىش ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىدىكىدىن كېڭىيىپ كەتكەن. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىدا [r]، [q]، [k]، [t]، [z] بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا «-ɛr، -ar» قوشۇلغان بولسا، بۇ دەۋردە تامامەن «-ur، -yr» قوشۇلىدىغان بولغان. كونكرېت ئالغاندا، قوللىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

[l] بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق «bil-، q'il-، qal-، al-، tʃal، k'ɛl-، bol-، bul-» پېئىللىرىدىن كېيىن،

[r] بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق «bar-، bɛr، ɛr-، tur-، jyr-» قاتارلىق پېئىللاردىن كېيىن،

[jt] بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق «qajt-، ajt-» پېئىللىرىدىن كېيىن.

ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق پېئىللار، جۈملىدىن پېئىللارنىڭ بارلىق دەرىجە ئۆزگىرىشلىرىدىن كېيىن «-ur، -yr» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تلبه كونكلوم وەكه هر ساعات براو سارى بارور
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

وەكە كونكلوم غصەسى قصدجان <u>قيلور</u>
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

اوت اوچار ليكين اثر يانغان مكان ايچره <u>قالور</u>
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

نامه اوزرا شادليق اشكيم كه مژكاندين <u>كلور</u>
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

هم كوزوم تارتار همول ميزان ايله كونكلوم <u>سالور</u>،
يارب اول كلكايمو كيم كوز ياروتوپ كونكلوم <u>الور</u>.
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

كيم منى اول اوت بيله سو اتفاقى <u>كويدورور</u>.
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

يا اول اى هجرانيدا حاليمغه افلاك <u>اورتانور</u>
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

اوزكا كلشلنكا <u>قيلوردين</u> ميل فارغ بال <u>ايرور</u>
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن [t]، [q]، [k]، [tʃ]، [p]، [s]، [ʃ] لار بىلەن ئاياغلاشقان، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن [w]، [z]، [ɣ]، [m]، [n] بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا، [l] بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللىرىغا، [r] بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق «θl-، k'yl-» پېئىللىرىغا «syr-، sor-، ur-» پېئىللىرىغا ئومۇمەن «ar-، ɛr-» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ.

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا ئومۇمەن «r-» قوشۇلىدۇ، «jur-، jyr-» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدە بۇ دەۋرگە نىسبەتەن كۆپرەك ئىدى. مەسىلەن:

تيلايور، يورييور، يارليقا يور، كلمايور.

بۇ پېئىلنىڭ بولۇشسىزلىقى ئۈچۈن بۇ دەۋردە «mas-»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

‎-mɛs» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش قېلىپلاشقان ھادىسە بولغان.

بىرىنچى خىل كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى:

بىرىنچى شەخس بىرلىكتە «-mɛn» ، كۆپلۈكتە «-biz~-miz»

ئىككىنچى شەخس بىرلىكتە «-sɛn» ، كۆپلۈكتە «-siz» ،

ئۈچىنچى شەخس بىرلىكتە نۆل فورما، كۆپلۈكتە «-lar» ، ‎-lɛr» بىلەن ئىپادىلەنگەن.

نەزمىي ئەسەرلەردە بولۇشلۇقتا بەزەن «-am ، -ɛm» ، بولۇشسىزلىقتا يىلتىزدىن كېيىنلا «-man ، -mɛn» قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

بارورمن، بارورميز. قيلورسين، تاميزورلار.

قاشين كوركاج حسددين ايستارام ايل كوزى باغلانغاى

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

دير پيرى ايلكيدين مى دردى ايستارمن وليك

راضى ايرمان ايچكالى زاهد رداسيدا سوزوب

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

كونكل‌كا يوز تمن نيش اورسه هجران ايلامان ناله

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

بۇ فورما ئەينى دەۋردە بەزەن ئارىلاش قوللىنىلغان. مەسىلەن:

ينا بيلمان‌كه بو دولت‌كا يتسام (لۇتفى)

اينانا بيلمام بو بختيم‌دين اى ماه بختيم (لۇتفى)

چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىمۇ مەلۇم مەنىدە مۇشۇنداق داۋاملاشقان. مەسىلەن:

جهان جاه و جلال ايستامان اى چرخ كجرفتار

(سەبۇرى)

نچوك تاشدور سنينك باغرينك بيلالمام (خىرقىتى)

ئىككىنچى خىل كەلگۈسى زامان پېئىلى «-a ، -ɛ ، -j» بىلەن

ياسالغان رەۋىشداشلارغا «-dur~-tur<turur» قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مۇنداق فورما ئوتتۇرا ئەسىردە ئاساسەن تۇس مەنىسى-نى بىلدۈرگەن. چاغاتاي تىلىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا بۇ فورمىنىڭ تەدرىجىي هالدا هازىرقى كەلگۈسى زامان پېئىلىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قېلىشى چاغاتاي تىلىنىڭ مۇهىم بىر پەرقلەندۈرگۈچ ئالا-ھىدىلىكى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچى خىل كەلگۈسى زامان گۇمانىي مەنىنى، بۇ كېيىنكىسى ئېنىقلىقنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ مۇقىملاشتى. مەسىلەن:

تارتاسين عصيان يوكين خم قيل قدينك طاعتغه كيم،
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

بوكه اول عمردين ايريلديم و اولمای‌دورمن
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

و تعدى اوتى اسايش خرمنى غه ضرر يتكورماكدين خالى بولمايدور
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

5) سۇپەتداشلار

بىرىنچى خىلى، «-kɛn ،-gɛn//-qan ،-ɣan» بىلەن ياسى-لىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار پۈتكەن سۇپەتداش مەنىسىنى بېرىدۇ. مەسىلەن:

تابقان، تابماغان، بولغان، بولماغان،

بۇ قوشۇمچە «-dur» ياردەمچى پېئىلىدىن كېيىن كەلسە، پۈتمىگەن سۇپەتداش مەنىسىنى بېرىدۇ. مەسىلەن:

كيچادوركان محل‌دا («بابۇرنامە»)

ئىككىنچى خىلى، «-ɛr ،-ar//-yr ،-ur ،-r» (بولۇشسىز فورمىسى -mɛs ، -mas) » بىلەن ياسالغان كەلگۈسى زامان پېئە-لى شەخسسىز هالدا پۈتمىگەن سۇپەتداش مەنىسىدىمۇ قوللىنىل-غان. مەسىلەن:

بارماس ير، بارور ير

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بيغلاريمنينك شدتين كلبرگ خندانيمغه ايت
( نەۋايى: «كۇللىيات» )

ئۈچىنچى خىلى، «-kyr-gyr // -qur ، -ɣur» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كوركه چيقور كوز باشيمغه نى بلالار كلتورور
( نەۋايى: «كۇللىيات» )

كه نى قيلماغور ايشنى قيلديم هوس
( ئاياز: «جاھاننامە» )

توغماغور قيزى ( ئاياز: «جاھاننامە» )

اويغانماغور بخت ( قارابەخت )
( «نەۋايى ئەسەرلىرى ئۈچۈن لۇغەت» )

6) رەۋىشداشلار

كلاسسىك چاغاتاي تىلى دەۋرىدە قوللىنىلغان رەۋىشداشلار ئاساسەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك. بىراق، نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ نەزمىي شەكىلدىكىلىرىدە «-p ، -ipan // -upan ، -ypan» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار بىرقەدەر كەڭ قوللىنىلغان. شېئىرىيەتتىكى ئاھاڭدارلىق ئېتىبارى بىلەن بۇ قوشۇمچىدىكى [p] تاۋۇشىنى [b] تەلەپپۇز قىلغانلىقى مۆلچەرلىنىدۇ. مەسىلەن:

دير پيرى قولدابان تيركوزدى مىدين مغبچه
( نەۋايى: «كۇللىيات» )

خوبلار پوتراشيبان قوزغاليشور عشق اهلى
( نەۋايى: «كۇللىيات» )

سينى تيلاب تون و كون بس كه ايلابان تكبو
( نەۋايى: «كۇللىيات» )

«-j ، -aj ، -ɛj» بىلەن ياسالغان بولۇشلۇق فورمىدىكى رەۋىشداشلار ياكى بۇ خىل رەۋىشداشنىڭ يوقلۇق فورمىسى «-majin ، -mɛjin» مۇ نەۋايى ئەسەرلىرىدە خېلى قوللىنىلغان،

لېكىن، بولۇشلۇق فورمىسىدىن كېيىن يەنە «u-» ياكى «ju-» قوشۇش كەمرەك. مەسىلەن:

اوغول اوينای - كوله يولينه باردی (لۇتفى)

مباركليك ايلای پری قيزلاری (ئاياز: «جاھاننامە»)

كورونمای اوزكا ياشلارديك صفاتى (نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

اتاسی ييغلايو اويينه ياندی (لۇتفى)

بولدی بوصحراده صياد ايستايو اواره صيد (نەۋايى: «كۇللىيات»)

3. لېكسىكىلىق جەھەتتە:

مۇشۇ قىسىمدا سۆزلەش مەقسىتىدە، چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدىكى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا كەڭ توختالمىغانىدۇق.

چاغاتاي تىلى لېكسىكىسىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى تۈركىي تىللارغا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەينى دەۋردە ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر تىللىرىغا ئورتاق ياكى ئاساسەن ئورتاق. چاغاتاي تىلىدا قوللىنىلغان تۈركىي تىلغا خاس سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر - قارلۇق تۈركۈمىگە كىرىدىغان تىللاردا ساقلىنىش ئەھۋالى ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. لېكىن، تىلنىڭ لېكسىكىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئادەتتىكى لۇغەت فوندىنىڭ نىسبەتەن تۇراقسىزلىقى سەۋەبىدىن چاغاتاي تىلىغا باھا بېرىشتە چاغاتاي تىلى لېكسىكىسىنىڭ ھازىرقى تىللاردا ساقلىنىش ياكى ئىستېمالدىن قېلىپ قېلىش نىسبىتىنى ئۆلچەم قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويمىدۇق.

چاغاتاي تىلى بىرىنەچچە مىڭلىغان ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىدىن پەرقلىنىدۇ، مۇنداق ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاۋام خەلقى ئەلۋەتتە چۈشىنەلمەيتتى. چۈنكى، پەن - مەدەنىيەت بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلمىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي تىلنىڭ گېزىت - ژۇرنال، كىتاب، كىنو - تىياتىر، رادىئو - تېلېۋىزىيە ... قاتارلىق زامانىۋى ۋاستىلەر ئارقىلىق خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان، مۇتلەق كۆپچىلىك خەلق ساۋاتسىز ھالەتتە تۇرغان شارائىتتا، ئەرەب - پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىلا ئەمەس، ھەتتا ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم تۈركىي تىلغا خاس سۆز - ئاتالغۇلارنىمۇ ساۋاتلىق بولمىغان ئاۋام خەلقنىڭ چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكى تەبىئىي ئىدى. يۇقىرىقىدەك زامانىۋى ۋاستىلەرگە ئىگە بولغان، كۆپچىلىك خەلق ساۋاتلىق بولغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەدەبىي تىل لېكسىكىسى بىلەن خەلق جانلىق تىلى لېكسىكىسى ئوتتۇرىسىدا يەنە مەلۇم ئارىلىقنىڭ بارلىقى ھەممىگە مەلۇم. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يەرلىك دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ ئىپتىخار، تاناسىپ، ئىجابىي، سەلبىي، نورمال، ئېكسپورت، ئىمپورت، تەرىپ، سەممىي، گېئولوگىيە، ئاتلىتكا، تەتقىقات، ئوبزور، ئىبارە، ئاسسىمىلات-سىيە، دىسسىمىلاتسىيە قاتارلىق سۆزلەرنى ھازىرمۇ ئاۋام خەلق چۈشىنىپ كەتمەيدۇ ياكى ئەڭ بولمىغاندىمۇ تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيدۇ؛ ھالەت، تاسادىپىي، مۇساپە، مەشھۇر، تەدرىجىي، نىسبەتەن، سۈنئىي، سابىق قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ھال، تۇيۇقسىز، ئارىلىق، داڭلىق، ئاستا - ئاستا، قارىغاندا، ياسى-ما، بۇرۇنقى قاتارلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، بىر دەۋردىكى ئەدەبىي تىل بىلەن ئۇنىڭغا ئاساس بولغان جانلىق تىل ئوتتۇرىسىدا لېكسىكىلىق جەھەتتىمۇ مەلۇم بىر ئارىلىق بولىدىغانلىقىنى، مەدەنىيەت - مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا قاراپ بۇ پەرقنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولىدى-غانلىقىنى مۆلچەرلىشىمىز كېرەك بولىدۇ.

ئەرەب، پارس تىلى تەركىبلىرىنىڭ چاغاتاي تىلىنىڭ شە-كىللىنىشىدە ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي

تىلىدىن (يەنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر ئىككى ۋارىيانتىمدىن) پەرقلىنىپ بىر تىل باسقۇچى تەشكىل قىلىشتا رول ئوينىغانلىقى راست. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، لېكسىكا تىلدا پەقەتلا قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئۇ گراممانىكىلىق قائىدىلەر بويىچە بىرىككەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. چاغاتاي تىلىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ھەرقايسى دەۋرنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ بىلىش سەۋىيىسى ئاساسىدا ئىشلەتكەن ئەرەب، پارس تىلى سۆزلىرى پەقەت چاغاتاي تىلىنىڭ گراممانىكىلىق قائىدە - قانۇنلىرى ئىختىيارىغا ئۆتكەندىلا رول ئوينىيالىغان.

چاغاتاي تىلىنىڭ گراممانىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئىختىيارىدا ئەسىرلەپ قوللىنىلىش بۇ دەۋردىكى ئەرەب، پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ تەقدىرىدە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالنى بارلىققا كەلتۈردى: يەنى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى خەلق جانلىق تىلىغا سىڭىپ، تۈركىي تىلدا بولمىغان چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشتە داۋاملىق ئەجابىي رول ئوينىدى؛ يەنە بىر قىسمى بولسا پەقەت چاغاتاي يېزىق ئەدەبىي تىلى دائىرىسىدە قوللىنىلىش بىلەن قېپقېلىپ، كېيىنكى دەۋردىكى تىللاردا ئىستېمال قىلىنمايدىغان بولدى. مەسىلەن: دير، ناصح، ارشاد، مغبچه، نشار، گلجبين، ناوك، تكلم، خرد، صلالت، بشر، خيل، دردناك، هامون، كام، اشك، ساغر قاتارلىقلار مۇشۇ كېيىنكى ئەھۋالغا خاس.

چاغاتاي تىلى لېكسىكىسىنىڭ يادروسى يەنىلا نەۋايى تىلىنىڭ لېكسىكىسىدۇر. نەۋايى تىلى لېكسىكىسى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

بىرىنچى، ئەرەب ۋە پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە تەڭداش مەنىلىكلىرى بولسىمۇ، ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشقان سۆزلەر:

اقسوم~اخسوم (بوشاڭ)، ارموغان (ھەدىيە)، اتيقماق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(مەشھۇر بولماق)، اسىغ (پايدا)، اسرو (ناھايىتى)، اوغان (قۇدرەتلىك، قادىر، خۇدا)، اوچوز (ئەرزەن)، اوجماق (جەن-نەت)، اوكوش (كۆپ)، اسروك ~ اوسروك (مەست)، او-كوت (نەسىھەت)، اوكماك (مەدھىيىلىمەك)، اوكسوك (كەم)، بىتىيك (خەت)، بىتىيكچى (خەتتات)، تواجى (خەۋەرچى)، تموغ (دوزاق)، تانوق (گۇۋاھ)، قابوغ (دەرۋازا، ئىشىك)، يازوق (گۇناھ)، يازغورماق (ئەيىپلىمەك)، يارلىقاماق (مەر-ھەمەت قىلماق)، ياغىقماق (دۈشمەنلەشمەك)، اجون (دۇنيا، ئالەم)، تاپوغ (سەجدە، خىزمەت)، چىغاي (كەمبەغەل)، بخ-شى (كاتىپ، زىيالى)، قموغ (ھەممە)...

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى ۋاستىسى ئارقى-لىق چاغاتاي تىلىدا داۋاملاشقان خەنزۇ تىلى سۆزلىرى:

تىنكلا — (听)، منك — (斑)، منكىز — (面子)، منكىزلىك، منكزا — (يۇقىرىقى سۆز يىلتىزىدىن ياسالغان «ئوخشى-ماق» مەنىسىدىكى پېئىل)، اىنجو~يىنجو~اونجى — (珍珠)، جنك — (战)، ينكلىغ — (خەنزۇچە 样 سۆزىگە «لىغ» قوشۇم-چىسى قوشۇلۇپ ياسالغان سۈپەت)، سيورقا — (خەنزۇچە 慈 — رەھىم - شەپقەت سۆزىگە «ورقا» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان پېئىل، خۇددى «تاشىرقا-، ياتىرقا، ئىچىرقا-» پېئىللىرىدەك)، سيورغال (تارتۇق، يۇقىرىقى پېئىل ئاساسىدا ياسالغان ئىسىم)، توڭ — (冻)، كيمسان — (金钱)• قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر - قارلۇق تۈركۈمىدىكى باشقا تىللارغا نىسبەتەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەينەن ياكى يېقىن تەلەپ-پۇزدا ۋە ئەينى مەنىدە ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقان سۆزلەر:

---

• بۇ سۆز تاشكەنتتە 1972 - يىلى ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ 15 توملۇقىغا ئىلاۋە سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان «نەۋايى ئەسەرلىرى لۇغىتى» دە «ئالتۇنغا ئوخشاش يالتىراق سېرىق ماددا، بىرونزا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ۋەھالەنكى، نەۋايىنىڭ «تاج ايلە كىسوتكە ترتيب ايلابان، بارى كيمسان بيرلە تذهيب ايلابان» دېگەن مىسرالىرىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزلەرنىڭ خەنزۇچە «金钱 (زەر پۇل)» ئىكەنلىكى روشەن. مەزكۇر لۇغەت، 312 - بەت.

الداراماق — ئالدىرىماق؛ الاچوق — ئالىچوق، كەپە؛ ارتيلماق — ئارتىلىماق، ئاشىماق؛ بيلاماك — بىلىمەك؛ بوترا- ماك — پىترىماق؛ دابقور — داپقور، نۆۋەت؛ قلچاقچى — قالجاق، چىشى كېيىك؛ قرماماق — قارمىماق، قارماپ تۇتۇش؛ قيماچ — قىيپاچ؛ قابساماق — قاپسىماق؛ قامغاق — قامقاق؛ ايكشماك — ئېكىشمەك، سۈركەشمەك؛ شيباق — شۋاق؛ الانك — ئالاڭ، ئوچۇقچىلىق؛ امراق ~ امراغ — ئامراق؛ سوغالماق — سوغالماق، قۇرۇماق؛ تونكولماق — تۈڭكۈلمەك، ئۇمىد ئۈزمەك؛ اوچا — ئوچا؛ ايكاجى — ئېگىچە؛ ايكرى — ئەگرى؛ ددك — دېدەك؛ دالباى — دالۋاي؛ يادااماق — يادىماق؛ ايتيك — ئىتتىك، ئۆتكۈر؛ ايتورماك — يىتتۈرمەك؛ ايش - كوچ — ئىش - كۈچ؛ يورون — يۈرۈن؛ كوماچ — كۆمەچ قاتارلىقلار.

## 4. چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرى

بۇ دەۋر XVII ئەسىرنىڭ بېشىدىن XX ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردىكى تىلنىڭ ئومۇ- مىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، چاغاتاي تىلى بۇ دەۋردىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا، ھەرقايسى رايونلاردا ئۆزىگە خاس يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىل- دى. جۇملىدىن، ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرىمۇ چاغاتاي تىلىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەينى دەۋر شېۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇردى.

ئۇيغۇرلارغا كەلسەك، بۇ دەۋر نەۋايى مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش خاھىشىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ دەۋردە، بىر تەرەپتىن، نەۋايى ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ تارقالغان، نەۋايى دىۋانلىرىنىڭ ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ نەپىس نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن ھەم ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تېكىست-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىرىدە نەۋايى غەزەللىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، نەۋايىينى پىر ـ ئۇستاز تۇتقان شائىر ـ يازغۇچىلار كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا چىقىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەۋايىينىڭ كېيىنكى بىر كۆركەم مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بۆلۈنمىچىلىكىگە خاتىمە بېرىپ، شىنجاڭ زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن نىسپىي تىنچ شارائىتمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇنداق بىر يۈكسىلىش مەنزىرىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

XVII ئەسىردىن باشلاپ چاغاتاي تىلى نەۋايى ئەنئەنىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا قەشقەر جانلىق تىلىنىڭ ئىجابىي ئامىللىرىغا يۈلىنىپ، ئاۋۋال جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ رايونلىرىدا خىرقىتى، خاراباتى، زەلىلى، ئابدۇرېھىم نەزارى، مۇسا سايرامى، مۇھەممەت سادىق كاشغەرى، خامۇش ياركەندى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدە، كېيىنچە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تۇرپان، قومۇل، ئىلى رايونلىرىدا موللا بىلال (نازىم)، ئەھمەت غوجامنىياز ئوغلى، زوھورى، سېيىت مۇھەممەت قاشى ... قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدە ئۆز تەرەققىياتىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ دەۋردە شىنجاڭدا مەيدانغا چىققان ئەسەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ يىرىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكى بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر شائىر ۋە يازغۇچىلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نەۋايىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىر بۇ دەۋرگە ئائىت قولىيازمىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بەزى چەت ئەل كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا.

بۇ دەۋر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، گەرچە ئومۇمىي جەھەتتىن نەۋايى ئەنئەنىلىرى داۋام قىلىسمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەركىبلىرى بىرقەدەر ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلق جانلىق تىلى ئامىللىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەكس ئېتىدۇ. بۇنى

تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن كۆرگىلى بولىدۇ.

1. فونېتىكىلىق جەھەتتە:

سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلاشتۇ- رۇپ يېزىلىشى خېلى كۆپ، مۇنداق ئاجىزلىشىش كېيىنكى نەزمىي ئەسەرلەردە ۋەزن تەلىپىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

شاهقه بولدۇم يقين باری ايلدين. (ن. زىيائىي)

سوزنی سوز مضمونیغه یتکورماییین اولکاری قریب.

(موللاسالىھ)

ییما نامرد نانینی اچلیقدا کر چیقسا جینینک،

اوتما نامرد کوبروکیدین غرق اولوب اقسا تینینک.

(شەھىدىي)

بۇ مىساللاردىكى «يقين، قريب، جينينك، تينينك» سۆز- لىرى ئەنئەنە بويىچە «ياقىن، قاريب، جانينك، تنينك» يېزىلى- شى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاجىزلاشتۇرۇش قانۇنىغا بويسۇندۇرۇلغان ھالدا ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزدا jeqin، qerip، ʤeniŋ، teniŋ بولغانلىقى يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بەزى سۆزلەر جانلىق تىل بويىچە سوزۇق تاۋۇش ئالدىغا بىر «ھ — h» كۆپەيتىپ يېزىلغان. مەسىلەن:

ھوكوز (ئەسلىي اوكوز) — ئۆكۈز

ھەتتا بەزى دىئالېكتلىق پەرقلەرمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مەسىلەن:

بیز کوتاکنی یایور چاغدا تاپقۇسى (ئامى زەئىپ)

بوطمع ده بی توروق توروب ایردیم

(ئامى زەئىپ)

ای شهیدی قالیغین قانداغ بولور حالینک سنینیک

(شەھىدىي)

بۇ مىساللاردىكى «يايور، توروق» سۆزلىرىدە خوتەن دىئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لېكتىندىكى j/r نۆۋەتلىشىش ئەكس ئەتكەن. ئەسلىدە «يارور، تويوق» بولۇش كېرەك ئىدى، «قاليغىن» سۆزىمۇ «قاريغىن» بولۇشى كېرەك ئىدى.

2. لېكسىكىلىق جەھەتتە:

موللا پازىل، ئابدۇقادىر داموللا، ئامى زەئىپ (قۇلئەلم)، موللا سالىھ، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە (بۇ ئەسەرلەر XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا تەئەللۇق) ئەينى دەۋردە خەلق جانلىق تىلدا قوللىنىلغان ياكى خەلق جانلىق تىلىدا يېڭىدىن قوللىنىلىشقا باشلىغان «غولدى — كالتەك، لىنگىرچىلىق، فوقراچىلىق، لوڭقا، چىيفەرقوت، سانگ، شەنجانگ. زاكو — توسما، ايلېكتىرىق — ئېلېكتىر، يودا — (بۇ سۆز خەنزۇچە 药 — دورا سۆزىگە «-la, -da» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان) قاتارلىق سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

3. گراماتىكىلىق جەھەتتە:

تۇس فورمۇلىلىرى كەڭ قوللىنىلغان، ھەتتا بەزىلىرى سىنتېتىك فورمىغا ئايلانغان.

پىشقالى تۇرساق.

(«مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ئابدۇقادىر داموللا)

كوموب ايتيب (ئامى زەئىپ)

بولسامدى عشق شهيدى يول برسيدى رشيدى

(شەھىدىي)

سوراق يۇكلىمىسى «مۇ» بەزەن قىسقارتىلغان.

قيليچ بولامدو نيمه اولتورروركا ايكى قاشينىك

(مەشھۇرىي)

ئوتتۇرا چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئىملا ئەنئەنىلىرى، ھەتتا ئەرەب ـ پارس تىلى سۆزلىرىنىڭمۇ ئەسىرلەر بويى ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان يېزىش ئۇسۇللىرى بۇزۇلىدۇ.

مەسىلەن:

هم قراروك بيرله عينالو ايكاولان غزنەچى (خزينەچى)
بولسه سانك اوزرا ينكاق اوروك ايكاولان وزنەچى
(«مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ئابدۇقادىر داموللا)

بەزى جۇپ سۆزلەردە پارسچە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى «بە» نىڭ «مۇ» غا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

اليب يوردى چانكموزانى اويمو اوى (موللا بىلال)

مۇنداق ئۆزگىرىشلەر بۇ دەۋرنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈشتە جانلىق تىلدا يۈز بەرگەن سان ئۆزگىرىشلىرىنىڭ يېزىقتىكى ئىنكاسى ئىدى. شۇڭا، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى چاغاتاي تىلىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش باسقۇچى دېيىشمۇ بولىدۇ.

بۇ دەۋردە نەۋايىنىڭ ئىزىدىن ماڭغان نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرى، تارىخچىلىرى، تەرجىمانلىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇلار «مۇھەببەتنام ۋە مېھنەتكام»، «شاھنامە» (تەرجىمىسى)، «كەلىلە ۋە دېمنە» (تەرجىمىسى)، «تارىخى ھەمىدىيە»، «تارىخى رەشىدى» (تەرجىمىسى)، «نەسرىي خەمسە»، «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۈكسىلىشىگە زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

بۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلى ۋەكىللىرى قاتارىدا تۆۋەندىكى شەخسلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن: مۇھەممەت ئىمىن غۇجام قۇلى — خىرقىتى، مۇھەممەت ئابدۇللا — خاراباتى، زۇلەيخا بېگىم، مۇھەممەد سىدىق — زەلىلى، ئابىد قۇمۇلى، مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن شاھ ھىجران، خامۇش ئاخۇن ياركەندى، موللا پازىل، ئابدۇرېھىم نىزارى، ئىمىنى، مەزھەرىي، غەيرەتى، موللا شاكىر، تۇردۇش ئاخۇن — غەرىبىي، موللا بىلال بىن موللا سەيىد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھۇسەيىنخان — تەجەللى، ئىبن يۇسۇپ خوتەنى، ئەھمەدى، ئابدۇللا ئاخۇن شېرىپ ئوغلى — خەستە، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى مۇھەممەت روزى — شەھىدى، سالاھى، مەھزۇن، موللا ھەيدەر — مىسكىن، نوبىتى، قەلەندەر، ئېمىر ھۇسەيىن — سەبۇرى، مۇھەممەت سادىق كاشغەرى، گومنام، مۇھەممەت تۆمۈر، ئۆمەر باقى، موللا يۇنۇس ياركەندى، ئىبراھىم مەشھۇرى، سېيىت مۇھەممەت قاشى، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» نىڭ ئاپتورلىرى ( ؟ ) ، مۇھەممەت رەسۇل شەۋقى، نورۇز ئاخۇن — زىيائى، موللا سىدىق ياركەندى، موللا قۇربان، مۇھەممەت نىياز بىن ئابدۇغوپۇر، مۇھەممەت ئابدۇللا ھاجى، خوجا ياربىن مۇھەممەت شەھيارى — غەرىبى، ئامى، ئىسمىتۇللا بىن نېمەتۇللا — مۆجىزى، شەمسىددىن ئەلى يېڭىسارى، ئىسمايىل ھاجى زوھورى ۋە باشقىلار.

## 3

## چاغاتاي تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى بىلەن مۇناسىۋىتى

ۋ. ۋ. رادلوف چاغاتاي تىلىنى «سۇنئىي تىل» دېگىنىدە ئۇنىڭ خەلق جانلىق تىلىدىن يىراقلاشقان تەرىپىنى بەك مۇبالىغە قىلىۋەتكەن. ئەمەلىيەتتە، چاغاتاي تىلى گەرچە يېزىق ئەدەبىي تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر مۇنچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى، ئۇنىڭ لۇغەت تەركىبىگە نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە - پارسچە سۆز - ئىبارىلەرنىڭ كىرگەنلىكى ۋە ئەرەب - پارس تىللىرىغا خاس بولغان بىر مۇنچە گراماتىكىلىق،

بولۇپمۇ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلارنىڭ قوللىنىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىپ، ئەينى دەۋردىكى جانلىق تىلدىن خېلى دەرىجىدە يىراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىگە ئاساس بولغان جانلىق تىلنىڭ ئاسان ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بىرمۇنچە تۈپ قائىدىلىرىنى ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندىنى ساقلاپ قالغان. شۇنىڭدەك ناھايىتى ئاستا بولسىمۇ، شۇ دەۋر جانلىق تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئالاقە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ ماڭغان. بولمىسا، ئۇ شۇ دەۋردىكى ساۋاتلىق كىشىلەرمۇ چۈشەنمەيدىغان ئۆلۈك تىلغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى، كلاسسىك دەۋرى ۋە كېيىنكى دەۋرلىرى ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەرنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ بىر قېلىپتا تۇرۇپ قالماستىن، تەرەققىي قىلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى «سۈنئىي تىل» دېيىشكە بولمايدۇ.

ئا. م. شېرباكمۇ ئۇنى «سۈنئىي تىل» دېيىشكە قوشۇلمايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئومۇمەن ئېيتقاندا، كونا ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى (چاغاتاي تىلىنى دېمەكچى) بىلەن جانلىق تىل ئوتتۇرىسىدا ئېنىق ھەم كەسكىن بىر چەكنى ئايرىپ چىققۇدەك پەرق يوق. ئەمەلىيەتتە، بابۇرنىڭ ئەدەبىي تىل (يېزىق تىل) بىلەن ئادەتتىكى خەلقنىڭ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئوخشاشلىق توغرىسىدىكى بايانىغا ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسىدە تۇرۇشقا ھېچقانداق ئاساس يوق».* شېرباك بۇ يەردە بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى «(ئەنجاننىڭ) ئاھالىسى تۈركتۇر، شەھىرى ۋە بازىرىدا تۈركىي (تىلنى) بىلمەيدىغان ئادەم يوق، ئاھالىسىنىڭ تىلى يېزىق تىلىغا ئۇيغۇن، چۈنكى مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى ھىراتتا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ تىل بىلەن يېزىلغان» دېگەن سۆزلىرىنى نەزەردە

* ئا. م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گراماتىكىسى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

تۇتىدۇ. بىراق ئا. م. شېرباك بۇ ئەدەبىي تىلدىن ياكى نەۋايى تىلىدىن كەسكىن پەرقلەنمەيدىغان، بەلكى ئۇنىڭغا ئۇيغۇن بولغان جانلىق تىلنى، جۈملىدىن بابۇر ئېيتقان ئەنجان تىلىنى ئۆزبېك تىلى ھېسابلايدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئەدەبىي تىلنى (چاغاتاي تىلىنى) «كونا ئۆزبېك تىلى» دەپ ئاتىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.* «چاغاتاي تىلى ياكى ئۇنىڭ كلاسسىك شەكلى بولغان نەۋايى تىلى شەكىللەنگەن چاغدا، بۇ ئەدەبىي تىلغا ئۇيغۇن بولغان جانلىق تىلدا (يەنى ئەنجان تىلىدا) سۆزلەشكۈچىلەر تېخى ئۆزبېكلەشمىگەن تۇرسا، قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ جانلىق تىلى ئۆزبېك تىلى بولۇپ قالىدۇ؟» دېگەن سوئالغا شېرباك بىۋاستە جاۋاب بەرمەيدۇ.

بىز بابۇرنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرىدىن گۇمانلانمايمىز. ھەقىقەتەنمۇ چاغاتاي تىلى ياكى ئۇنىڭ كلاسسىك شەكلى بولغان نەۋايى تىلى بىلەن جانلىق تىل ئوتتۇرىسىدا ئېنىق ھەم كەسكىن بىرچەكنى ئايرىپ چىققۇدەك پەرق يوق ئىدى، لېكىن بىز ئا. م. شېرباكنىڭ «بۇ جانلىق تىل ئۆزبېك تىلى ئىدى» دېگەن قارىشىغا قوشۇلمايمىز. بابۇرنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزى ئەنجان تىلىنىڭ ئۆزبېك تىلى ئىكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى دەل ئەكسىچە ئۇنىڭ «قەشقەر تىلى». ياكى ئۇنىڭ بىر شېۋىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چاغاتاي تىلى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككى ۋارىيانتى پۈتۈنلەي بىرلىشىپ كېتىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ فونېتىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى تۈپ قائىدىلىرى بىلەن ئاساسىي لۇغەت فوندى شۇ ئىككى ئەدەبىي تىلغا ئاساس بولغان ئىدىقۇت ۋە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ جانلىق تىلىدىن كەلگەن. ئۇ مەيلى قانداق تىل، قانداق دىئالېكت شارائىتىدا قوللىنىلمى-

---

* ئا. م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گىراماتىكىسى».

ـسۇن، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان بۇ تۈپ خۇسۇسىيەت-
لىرىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى
ئاساسىدا راۋاجلانغان. توغرا، چاغاتاي تىلى ناھايىتى كەڭ زېمىن-
دا قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، ئوغۇز - قىپچاق تىللىرىنىڭ تەسى-
رىگە ئۇچرىغان. لېكىن، بۇ تەسىرلەر ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا خاس
بولغان تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمىگەن. شۇڭا، مە-
لۇم بىر جانلىق تىلنىڭ، مەسىلەن، ئەنجان تىلىنىڭ ئۇنىڭغا
ئۇيغۇن بولغانلىقى بۇ جانلىق تىلنىڭمۇ شۇ ماھىيەتلىك خۇسۇسى-
يەتلىرىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىدۇ.
بىز بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ يورۇتۇش ئۈچۈن
نەۋايى تىلىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدە-
بىي تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى بىلەن سېلىش-
تۇرۇپ كۆرۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. بۇنىڭ ئەھمىيىتى شۇ
يەردىكى، مۇنداق سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق نەۋايى تىلىدىكى ماھى-
يەتلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھازىرقى زاماندىكى بۇ ئىككى ئەدەبىي
تىلنىڭ قايسىسىدا كۆپرەك داۋاملاشقانلىقىنى ئېنىقلاپ، چاغاتاي
تىلى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئۇيغۇن بولغان جانلىق تىلنىڭ
تەۋەلىكىگە ئوبيېكتىپ باھا بەرگىلى بولىدۇ.
بىز تۆۋەندە مۇھىم تىل ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە نەۋايى تىلى
بىلەن بۇ ئىككى تىلنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

فونېتىكىلىق جەھەتتە:

1. نەۋايى تىلىدا خۇددى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە
ئوخشاش [o]، [θ]، [u]، [y] دىن ئىبارەت 4 لەۋلەشكەن
سوزۇق تاۋۇش فونېمىسىنىڭ بارلىقىنى نەۋايىنىڭ ئۆزى «مۇھا-
كىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە « ot — ئوت، θt- —
ئۆت-، ut- — ئۇتماق، yt- — ئۈتلىمەك؛ toz- — توزماق،
tθz- — تۆزمەك، tuz- — تۇز، tyz- — تۈز، tor- — تور،
tur- — تۇرماق، tyr — تۈرمەك، tθr — تۆر» دېگەن مىساللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. لېكىن، هازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى ئىككى بولۇپ، ئۇنىڭدا تىل ئالدى ۋە تىل ئارقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار ئوتتۇرا سوزۇق تاۋۇشلارغا بىرىكىپ كەتكەن.

2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش مەسىلىسى.

بۇ فونېتىكىلىق هادىسە سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرىنىڭ ئوچۇق بوغۇملۇق هالەتتە ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقىتىپ [e] غا، كەينىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرى بىلەن بەزىدە [o] ۋە [θ] تاۋۇشلىرىغا ئايلىنىشىغا قارىتىلغان. تۈركىي تىللار ئىچىدە بۇ هادىسە پەقەت هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىلا بار بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ باشلانغان. نەۋايى تىلىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ ئالاھىدىلىككە هازىرمۇ ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

نەۋايى تىلىدا: توشوك، اوتوك، اوجوق

ئۇيغۇر تىلىدا: تۆشۈك، ئۆتۈك، ئوچۇق

ئۆزبېك تىلىدا: teʃik ، etik ، otʃiq

بۇ يەردە ئۆزبېك تىلىدا كۆرۈلۈۋاتقان [e] هەرگىز [ɛ] تاۋۇشىنىڭ كونكرېت تىل شارائىتىدا ئاجىزلىشىشىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان [ɛ] نىڭ ئەركىن ۋارىيانتىنىڭ قېلىپلىشىشى.

3. باشقا تۈركىي تىللاردىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى [a] تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا لەۋلەشتۈرۈپ [o] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئا. م. شېرباك چاغاتاي تىلىدا [a] تاۋۇشىنىڭ لەۋلىشىش خاھىشى بارلىقىنى ئېيتىسىمۇ، لېكىن هېچقانداق پاكىت كۆرسەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە نەۋايى تىلىدىكى [a] تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدىكى [a] تاۋۇشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدا لەۋلەشكەنلىكىنىڭ هېچقانداق ئالامىتى كۆرۈلمەيدۇ.

4. نەۋايى تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ۋە لەۋ

ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىر-
قى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش. لېكىن، ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ماسلىشىش قائىدىسى ئاساسەن ئەمەلدىن قالغان بولۇپ، بۇ ھال نەۋايى تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئوخشاش قۇرۇلمىدا كەلگەن نۇرغۇن-لىغان سۆز ۋە گراماتىكىلىق قوشۇمچىلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى بىلەن پەرقلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مەسىلەن:

تۆپ سۆزلەردە:

| نەۋايى تىلىدا | ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبېك تىلىدا |
|---|---|---|
| اوغول | ئوغۇل | ўғил |
| اورون | ئورۇن | ўрин |
| اوتون | ئوتۇن | ўтин |
| بولوت | بۇلۇت | булит |
| اتا | ئاتا | эта |

قوشۇمچىلاردا:

| نەۋايى تىلىدا | ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبېك تىلىدا |
|---|---|---|
| كونكلوم | كۆڭلۇم | kўнглим |
| يوزونك | يۈزۈڭ | юзинг |
| كوردونك | كۆردۈڭ | кўрдинг |
| توتتوم | تۇتتۇم | тутдим |
| بولوب | بولۇپ | бўлиб |
| سورماك | سۈرمەك | сурмоқ |
| توقولغان | توقۇلغان | тўқилган |
| توتولسون | تۇتۇلسۇن | тутилсин |

5. نەۋايى تىلىدا خۇددى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەك لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوزۇلغان ئورغۇنلىغان قوشۇمچە ۋە ياردەمچىلەر هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن كېلىدۇ. مەسىلەن:

قوشۇمچىلاردا:

مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرى «-dur ، -tur // -dyr ، -tyr (ياكى -ɤuz ، -quz // -gyz ، -kyz)»

| نەۋايى تىلىدا | ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبېك تىلىدا |
| --- | --- | --- |
| ياندۇر - | ياندۇر - | ёндир- |
| كويدور - | كۆيدۇر - | кўйдир- |
| چاپتور - | چاپتۇر - | Чоптир- |
| كيلتور - | كەلتۇر - | келтир- |
| كورگوز - | كۆرگۈز ~ كۆرسەت - | кўргаз |

مىساللار:

گل چاغى بلبل‌كه هر كل‌غه ترنم كورگوزوب.

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

پند ايشيتماى نقد ايمانيم‌نى الدوردونك باريب

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

اولتوروروهجران تونى اولسام هم ارمان قالماغاى

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

ئۈچىنچى شەخس بۇيرۇق رايى قوشۇمچىسى: «-sun ، -syn».

ياسالسون بارچه ايين بيرله زيبا

توتولسون باريغه اكسون ديبا

(نەۋايى: «پەرهاد ۋە شىرىن»)

ياردەمچىلەردە:

خەۋەرلىك ياردەمچىسى «دور»

| نەۋايى تىلىدا | ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبېك تىلىدا |
|---|---|---|
| سوزدادور | سۆزدەدۇر | сўздадир |
| قرادور | قارادۇر | каролир |
| خوشتور | خۇشتۇر | хушдир |

جهاندا ادمی‌نینك اعتباری سوزدادور یوقسه –
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

كه نیسانی بولوت ینكلیغ قرادور
(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

چو معشوق اهل ایماستور چاره خوشتور
(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

سوراق يۈكلىمىسى «mu»

| | | |
|---|---|---|
| بولورمو | بولورمۇ ~ بولارمۇ | бўлармп |

کشی اوز جانیدین تویماق بولورمو
(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

6. باش بوغۇمىدا [a]، [ɛ] كەلگەن بىرقىسىم سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى [i] ياكى [i] تاۋۇشلىرىنىڭ لەۋلىششى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىدىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ ھادىسە نەۋايى تىلىدىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدەكلا داۋاملاشقان. لېكىن، مۇنداق ھادىسە ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| نەۋايى تىلىدا | ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبېك تىلىدا |
|---|---|---|
| التون | ئالتۇن | олтин |
| ارتوق | ئارتۇق | ортик |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| از غون | ئازغۇن | оз ʃин |
| بیلگو | بەلگۇ~ بەلگە | белги |

7. نەۋايى تىلىدىكى بىرقىسىم سۆزلەر ۋە بىرقىسىم قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرىدىكى [ɣ]، [g] تاۋۇشلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەينەن ساقلانغان ياكى [q]، [к] گە ئايلانغان بولسىمۇ، ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا ياكى [j] غا ئايلىنىدۇ، ياكى چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ كېيىنكى فونېتىكىلىق ھادىسە ئۇغۇز - قىپچاق تىللىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر. مەسىلەن:

سۆزلەر:

| | | |
|---|---|---|
| قانداغ ـ قانداق | قانداق | кандай |
| شونداغ ـ شونداق | شۇنداق | шундай |
| مونداغ ~ مونداق | مۇنداق | мундай |

قوشۇمچىلار:

سۇپەت ياسىغۇچى «-liɣ، -lig» ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم ياسىغۇچى «-liq، -liк» بىلەن بىرىكىپ «-liq، -liк» كە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزبېك تىلىدا تامامەن چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| اوتلوق | ئوتلۇق | ўтли |
| كوچلوك | كۈچلۈك | кучли |
| تورلوك | تۈرلۈك | турли |
| يوزلوك | يۈزلۈك | юзли |
| دردليغ | دەرتلىك | дардли |

8. نەۋايى تىلىدا ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدىكى [q]، [k] تاۋۇشلىرى مۇقىم. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەشقەر ۋە خوتەن شىۋىلىرىدە شۇنداق، ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا [к]، [g] گە ئايلاندۇرۇلىدۇ. شۇ سەۋەب-

تىن نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كېيىنكى قوليازمىلىرى مۇشۇ قائىدى-
گە بويسۇندۇرۇپ كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئەسلىي ھادىسى-
نى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

خوبلوقيدا اول حسنم اولقىلارغا اوخشاماس
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

ياغليقينك زخميمغه باغلارغه نه حدكيم ايستاسانك
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

كوكراكيمدور چرخنينك پيراهنيدين چاكراك
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

قويكه مائوى ياغليقينكنى يوزدين الماى هر زمان
(نەۋايى: كۇللىيات»)

**گراممانىكىلىق جەھەتتە:**

1. ئا. م. شېرباكنىڭ قاراشلىرى بويىچە چاغاتاي تىلى ئۆزبېك جانلىق تىلىغا ئاساسلانغان بولسا، ھازىرقى ئۆزبېك جانلىق تىلىدا ئىگىلىك ۋە چۈشۈم كېلىش پەرقلەنمىگىنىدەك، چاغاتاي تىلىدىمۇ پەرقلەنمىگەن بولاتتى. ۋەھالەنكى، بىز نەۋايى تىلىدا بۇنىڭ خۇددى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا پۈتۈنلەي پەرقلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

رقيبا بى سر و پالەرنى سين اغريتماعيل زنهار.
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

قايسى كوثر نينك زلالى ابحيوا نينكچه بار.
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

سنينك حسنونك منينك عشقيم عجايب انس توتميشلار.
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

كورماك انى چون حديم يوق منى جانان تانيماس.
(نەۋايى: «كۇللىيات»)

2. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى نەۋايى تىلىدىمۇ خۇددى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش «-din، -tin» بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن بۇ قوشۇمچە هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرىدىكىدەك «-dɛn ،-tɛn» بىلەن، بەزىدە «-nɛn» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئۆزبېك تىلىدا | ئۇيغۇر تىلىدا | نەۋايى تىلىدا |
|---|---|---|
| ешидан | يېشىدىن | ياشيدين |
| кулмокдан | كۆلمەكتىن | كولماكتين |

3. نەۋايى تىلىدا پېئىلنىڭ «-ɣaj ،-qaj//-gɛj ،-кɛj» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان كەلگۈسى زامان خالاش رايى ناهايىتى كەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

چىنانچە بولماغاي اهل فناغه انجمن حاجت.

(نەۋايى: «كۈلليات»)

بير كون اهيمدين اوشول بد مهر كونكلى يومشاغاي

(نەۋايى: «كۈلليات»)

منكانى حدكه قيلغايمين تامل

(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

يوق اول گوهركه چون تفراقه قالغاي
اياغ استيغه قالغاي چون اوشالغاي

(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

بۇ شەكىل هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتىكى تەكەللۇپ سۆزلىرىدىمۇ، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ، خەلق جانلىق تىلىدىمۇ ناهايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

تەكەللۇپ سۆزلىرىدە: هارمىغايلا، مۇبارەك بولغاي، تەڭ قېرىغايسىلەر.

يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە:

ئاشىق سۆيگۈ گۈلىنى كۆكسىگە تاقغاي

(ئىمىن تۇرسۇن)

ئانا سۈتى ئاقارتقاي دىلىڭنى سېنىڭ،

مەرىپەت يورۇتقاي يولۇڭنى سىنىماق.
(ئا. ئۆتكۈر)

زەر چېچىپ ئۆتكەي بېشىمغا كۆكتە قۇياشىڭ سىنىماق.
(ر. جارى)

خەلق جانلىق تىلىدا:

بارىمەن دېسە بارغاي، تۇرىمەن دېسە تۇرغاي.

ۋەھالەنكى، بۇ شەكىل هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا ئاسا-سەن قوللىنىلمايدۇ.

4. خۇددى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش، نەۋايى تىلىدىمۇ هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدىكى билув (بىلىش)، борув (بېرىش)، ишлов (ئىشلەش) شەكلىدىكى قىپچاق تىلىغا خاس ئىسىمداشلار ئۇچرىمايدۇ.

5. ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمدىن بېرى قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتقان «-ɣu، -qu // -gy، -ку» بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلار نەۋايى تىلىدا ناهايىتى كەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

دیدی عشق ایچره قتلینك حکمی ایتکوم
دیدی عیشقیدا مقصودومغه ییتکوم.

(نەۋايى: «پەرهاد ۋە شېرىن»)

کوروب کوزکودا نیکیم کورکوسیدور.
که دوران باشیغه کیلتورکوسیدور.

(نەۋايى: «پەرهاد ۋە شېرىن»)

که اژدر بیرلا بولغونکدور هم اورد.
کەاندین چیقفوسی افلاك اوزا کرد

(نەۋايى: «پەرهاد ۋە شېرىن»)

بۇ خىل ئىسىمداشقا «-luq، -lyk» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن هاسىل بولغان زۆرۈرىيەت مەيلى نەۋايى تىلىدا كەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

دیدی اول یان جنیبت سورکولوکدور،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بو ايش كر واقع اولسه كوركولوكدور.

(نەۋايى: «پەرھاد ۋە شېرىن»)

بو يول ايرور چو اهل ملالتغه بارغولوق.

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

اى جانلار افتى سنكا جانيمدور الغولوق.

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

بۇ ئىسىمداشقا «tʃi-» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان سۈپەتداش ئىسىمداشلارمۇ نەۋايى تىلىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

قاليب بيل اورغوچى بالجيق ارا پست

(نەۋايى: پەرھاد ۋە شېرىن)

كه ايلاب كوركوچى هوشينى زايل

(نەۋايى: پەرھاد ۋە شېرىن)

خبر بيركوچى صراف كهرفاش

(نەۋايى: پەرھاد ۋە شېرىن)

لاله قانين توككوچى انينك نفاقيدور هنوز

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

بۇ ئىسىمداشقا «dek-» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان «بارغوديك، يارغوديك، كېلكوديك، بيلگوديك، ايتقوديك، قايتقوديك، اورغوديك، سورغوديك» قاتارلىق شەكىللەرنى نەۋايى ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە ئۆز تىلىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە كۆرسەتكەن ھەم «بىر ئىشنى گۇمان بىلەن بىر كىشىگە باغلايدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ شەكىل نەۋايى تىلىدا مۇنداق كېلىدۇ:

كيم ايرور قتليمغه اول جان و جهان قايغورغوديك

(نەۋايى: كۇللىيات»)

شوم رقيبلار كورسەلار ايتديك قباب اولتوركويك.

(نەۋايى: «كۇللىيات»)

«-ʁy ، -gy//-qu ، -ɣu» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلار هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆپرەك تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن بىرىككەن هالدا «بار»، «يوق» سۆزلىرى ۋە «كەلمەك» پېئىلى بىلەن بىللە كېلىپ ئىستەك مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم بار.

سېنىڭمۇ بارغۇڭ بارمۇ؟ مېنىڭ بارغۇم يوق.

ئۇنىڭمۇ سۆزلىگۈسى كېلىۋاتىدۇ.

سېنى بەك كۆرگۈمىز كەلدى.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇنىڭ ئۇچىنچى شەخس شەكلى كەلگۈسى زامان مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

گۈل باراقسان بولغۇسى سۈزۈك هاۋادا،

سەردانىسى گۈللەرنىڭ تاپقۇسى راۋاج.

(ئىمىن تۇرسۇن)

ئۇنىڭدىكى سەنئەت، مۇهەببەت،

ماڭا مەڭگۈ دەرمان بەرگۈسى.

(ت. سامساق)

بۇ ئىسىمداشنىڭ «-lyk ، -luq» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان شەكلى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خۇددى نەۋايى تىلىدىكىدەك زۆرۈرىيەت مەيلى ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزگۈلۈك ئاينى چىقىپ يەتتە قات كۆك قەرىدىن،

تۇتقۇلۇق تاشپاقىنى ئوكيان ـ دېڭىزلار تەكتىدىن.

(«ماۋزېدۇڭ شېئىرلىرى» (تەرجىمىسى))

بۇ ئىسىمداشقا «-tʃi» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ هەرىكەت سوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمداشلارنى ياساش هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنۇملۇك. مۇنداق ئىسىمداشلارنىڭ بەزىلىرى ئىسىملىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچى، يازغۇچى، كەلگۈچى، كۆتكۈچى، ئاۋاز بەرگۈچى، ئىلتىماس قىلغۇچى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىسىمداشقا «-dɛk» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان قۇرۇلما ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى رولدا كېلىدۇ:

1) ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىپ، ئېنىقلانغۇچىنىڭ سۈپىتى ياكى مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ ياكى ھالەت بولۇپ كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بەش كۈنگە يەتكۈدەك ئۇن بار.

تونۇشتۇرغۇدەك تەجرىبەم يوق.

ئىچسەك، تەسىر قىلغۇدەك ئىچ.

2) خەۋەر بولۇپ كېلىپ (بىرىنچى، ئىككىنچى شەخستە شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ)، ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى ھازىرقى زامان - كېلەر زامانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ يەرگە سەنمۇ بارغۇدەكسەن.

ئاڭلىشىمچە ئۇ ناخشىنى ياخشى ئېيتقۇدەك.

تاپقۇدەكمەن مۇندىن ئارتۇق قايىسى بەختنى ئەمدى مەن.

(ت. ئېلىيوف)

ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا «-ɣu»، «-qy//-gy»، «-ky» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان ئىسىمداش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى قوشۇمچىلار بىلەن كەلگەن شەكىللىرى قوللىنىلمايدۇ. ئۇنىڭ «-tʃi» قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن شەكلى ئورنىدا «-w» لىق ئىسىمداشقا «-tʃi» قوشۇلغان شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

қораловчи    оқловчи    ўқувчи

لېكسىكىلىق جەھەتتە:

گەرچە لېكسىكىلىق تەركىبلەر بىر تىلنىڭ ئىككىنچى بىر تىل بىلەن بولغان ئىچكى باغلىنىشىنى ئىسپاتلاشتا فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق سىستېمىغا قارىغاندا ئاساسىي ئورۇندا تۇرمىسىمۇ، لېكىن نەۋايى لېكسىكىسىدا ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر

تىلى لېكسىكىسىنىڭ (ئاساسەن تۈركىي تىلغا خاس سۆزلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ) قانچىلىك سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن 1972 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «نەۋايى ئەسەرلىرى لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلگەن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆرستىپ ئۆتىمىز. بۇ سۆزلەر بۇ لۇغەتكە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك چۈشىنىكسىز سۆزلەر قاتارىدا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەينى بويىچە ياكى ئازراق ئۆزگەرگەن ھالدا قوللىنىلىۋاتقان ئادەتتىكى سۆزلەردۇر.

*تۇرغۇن سۆزلەر:*

| نەۋايى تىلىدا | ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|
| اوغلاق - oɤlaq | ئوغلاق |
| اوى - uj | ئۆي |
| الانك - alaŋ | ئالاڭ |
| يوقسول - joqsul | يوقسۇل |
| يورون - jurun | يۇرۇن |
| كوماج - кθmɛtʃ | كۆمەچ |
| قابان - qaban | قاۋان |
| شوك - ʃyk | شۈك |
| مولدور - mθldyr | مۆلدۈر |
| ياغليغ - jaɤliɤ | ياغلىق |
| يارغاغ - jarɤaɤ | يارغاق |
| توزلوق - tuzluq | تۇزلۇق |
| تورقه - torqɛ | تورقا، تورقا - تاۋار |

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| تونك - toŋ | توڭ |
| يالينك - jaliŋ | يېلىڭ |
| امراغ~امراق - amraɣ~amraq | ئامراق |
| سوزوك - syzyk | سۈزۈك |
| يالين - jalin | يېلىن، ئوتنىڭ يېلىنى |
| ايتيك - itik | ئىتتىك |
| يارماق - jarmaq | ياماق |
| تابان - tapan | تاپان |
| ايرين - erin | ئېرىن |
| توتروق - tutruq | تۇترۇق |
| ايكاجى - egɛtʃi | ئېگىنچە |
| توقغان - tuqɣan | تۇغقان |
| اينكليك - eŋlik | ئەڭلىك |
| ايليك - ilik | ئىلىك |
| دالدا - dalda | دالدا |
| دابقور - dapqur | داپقۇر |
| ددك - dɛdɛk | دېدەك |
| تپانكو~تيپينكو tɛpɛngy~tepingy | تېپىنگو |
| يايپانك - jajpaŋ | يايپاڭ |
| سوك - سوك sθksθk | سۆكسۆك |

پېشىللار:

| نەۋايى تىلىدا | ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
| --- | --- |
| الداراماق - aldaramaq | ئالدىرىماق |
| الداراتماق - aldaratmaq | ئالدىراتماق |
| ازيقماق - aziqmaq | ئېزىقماق |
| ارغاداماق - arɤadamaq | ئاغدىماق |
| بوشورغانماق - buʃurɤanmaq | پۇشۇرقانماق |
| بوتراماق - putramaq | پىترىماق |
| يادا ماق - jadamaq | يادىماق |
| يارماشماق - jarmaʃmaq | يارماشماق |
| اوركوداماك - yrgydɛmɛk | ئۈگدىمەك |
| مانكماق - maŋmaq | ماڭماق |
| مانكدورماق - maŋdurmaq | ماڭدۇرماق |
| سوغالماق - soɤalmaq | سوغالماق |
| بورداماق - bordamaq | بوردىماق |
| بوخساماق - buhsatmaq | بۇخسىماق |
| دومساىماق - domsajmaq | دومسايماق |
| ايقاماق - jajqamaq | يايقىماق |
| توزماك - tθzmɛk | تۈزمەك |
| اوركماك - yrkmɛk | ئۈركمەك |
| اومونماق - omunmaq | ئۇمۇنماق |
| ارتيلماق - artilmaq | ئارتىلماق |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

| | |
|---|---|
| ايتيماك - itimɛk | ئىتتىمەك |
| ايتمەك ~ ييتماك - jitmɛk | يۈتمەك، يىتمەك |
| ايتورماك - ityrmɛk | يىتۈرمەك، يۈتۈرمەك |
| سيريلماق - sijrilmaq | سىيرىلماق |
| تيكيلماك - tikilmɛk | تىكىلمەك |
| تولغاماق - tolɣamaq | تولغىماق |
| تولغاشماق - tolɣaʃmaq | تولغاشماق |
| تورماك - tyrmɛk | تۈرمەك |

بىز يۇقىرىدا ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدىكى نەۋايى تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشىمايدىغان مۇھىم نۇقتىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ نەۋايى تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى بىلەن ئوخشىمايدىغان نۇقتىلار بار. بۇلارنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى [a] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىپ، سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا [e] بىلەن، كېيىنكى بوغۇملىرىدا [i] بىلەن نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى نەۋايى تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| نەۋايى تىلىدا | ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبېك تىلىدا |
|---|---|---|
| باشيدا | بېشىدا | бошида |
| جانيم | جېنىم | жоним |
| اياغيغا | ئايىغىغا | аёғига |
| انكلادى | ئاڭلىدى | онглади |

2. نەۋايى تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا بىرىن-

چى يېپىق بوغۇم تەركىبىدە كېلىدىغان [e] تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا [ɛ] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| نەۋايى تىلىدا | | ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبېك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| يىتماس | Jetmɛs | يەتمەس | etmac |
| كيتىيم | kettim | كەتتىم | ketдим |
| ايتماس | etmɛs | ئەتمەس | etmac |
| يير | jer | يەر | er |

3. نەۋايى تىلى بىلەن هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا «iʃ، yʃ» بوغۇملىرىنىڭ بېشىدا كەلگەن [t] تاۋۇشى بىلەن «atʃ، ytʃ» بوغۇمىنىڭ ئالدىدا كەلگەن [s] تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا [tʃ] بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| نەۋايى تىلىدا | | ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبېك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| توشومدا | tyʃymdɛ | چۈشۈمدە | тушумда |
| تيشنك | tIʃiŋ | چىشىڭ | тишинг |
| ساچيب | satʃip | چېچىپ | сочиб |
| ساچينك | satʃiŋ | چېچىڭ | сочинг |

4. نەۋايى تىلى بىلەن هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا پېئىلنىڭ p- لىق رەۋىشداش شەكلىگە men- (ئۆزبېك تىلىدا mɛn-) قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىنچى شەخس خەۋەر شەكلى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا p - لىق رەۋىشداشتىن كېيىن «-tur>-ti» ، ئاندىن كېيىن «-mɛn» قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| نەۋايى تىلىدا | | ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبېك تىلىدا |
|---|---|---|---|
| كويدوروبمين – | kθjdyrypmen | كۆيدۈرۈپتىمەن | kyи |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياقيبمين — jaqipmen يېقىپتىمەن ёқибман

توزوبمين — tyzypmen تۈزۈپتىمەن тузибман

اوروبمين — urpmen ئۇرۇپتىمەن урибман

5. نەۋايى تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا پېئىلنىڭ ئۈچىنچى شەخس خەۋەر شەكلىنىڭ «-lɛr» بىلەن ئىپادىلەنگەن كۆپلۈك شەكلى پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

نەۋايى تىلىدا: قيلديلار، قيلورلار، ديبتورلار، كوتاركايلار

ئۆزبېك تىلىدا: киладилар، Яратганлар، тиришдилар

ئۇيغۇر تىلىدا: قىلدى، قىلار، دەپتۇ، كۆتەرگەي

يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرۇشتىن ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ [a] نىڭ لەۋلىشىشى، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ تۆت ئەمەس، ئىككى بولۇشى، سوزۇق تاۋۇشلاردا ماسلىشىش قائىدىسىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئوغۇز - قىپچاق تىللىرىغا خاس بولغان بەزى گراماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنىڭ قوللىنىلىشى، ئەكسىچە، ئۇيغۇر - قارلۇق گۇرۇپپىسىغا خاس بولغان «-ɣu، -qu//-gy، -ky» بىلەن ياسالغان ئىسىمداشقا ئوخشاش بەزى مۇھىم گراماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنىڭ قوللىنىلماسلىقى، ئاساسىي لۇغەت فوندىغا كىرىدىغان بىرمۇنچە سۆزلەرنىڭ قوللىنىلماسلىقى قاتارلىق بىر قاتار خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن نەۋايى تىلىدىن، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نەۋايى تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىدىكى ئوخشاش نۇقتىلار بويىچە بەزى ئوخشىماسلىقلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەرقلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى باشقا گۇرۇپپىدىكى تىللارغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ماھىيەتلىك پەرقلەر بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر - قارلۇق گۇرۇپپىسىغا خاس ئىچكى تەرەققىيات جەريانى-

نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەرقلەر ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.
مانا بۇ پاكىتلار نەۋايى تىلىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر جانلىق
تىلىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، شۇ سە-
ۋەبتىنمۇ ئۇيغۇر خەلق نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان مەركىزىي دىئالېكت ئاساسىدا شەكىللەنگەن
هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەبىئىي يوسۇندا نەۋايى
تىلىدىكى ماهىيەتلىك قائىدىلەرگە ئەينەن ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى
ئىسپاتلايدۇ. هازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىدا بولسا ئەه-
ۋال باشقىچە. «هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى» ناملىق ئەسەرنىڭ
كىرىش قىسمىدا هازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاسا-
سىي دىئالېكتىنى بەلگىلەش مەزگىللىرىدە بەزىلەر «چاغاتاي تى-
لى» دەپ ئاتالغان كونا ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇ-
سىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان هالدا، ئۇنىڭغا بەزىبىر ئۆزگەرتىش-
لەرنى كىرگۈزۈش پىكرىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق
پىكىرنىڭ قەتئىي رەت قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
دەل شۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىدە «نەۋايى تىلىلا ئەمەس، بەلكى
XIII — XIV ئەسىر يادىكارلىقلىرى تىلىمۇ كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ
ئەينى ئۆزى، شۇڭا بۇ يادىكارلىقلار تىل جەھەتتىن هازىرقى
زامان كۆنگىچە ئۆز ئاساسىنى ساقلاپ قالغان، ئۇلار هازىرقى
تىلغا تەرجىمە قىلىنمىسىمۇ، ئۇلارنى ئۆزبېك خەلقى بىمالال
چۈشىنەلەيدۇ» ** دەپ هېسابلىغان. ئاپتورلار بۇ يەردە چاغاتاي
تىلىنىڭ (ماهىيەتتە نەۋايى تىلىنىڭ) هازىرقى زامان ئۆزبېك
ئەدەبىي تىلىغا ئاساس بولالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. هە-
قىقەتەنمۇ چاغاتاي تىلى هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىغا ئاساس
بولالمايتتى، چۈنكى بۇ تىلنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى، خۇد-
دى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئېتنىك

* ** «هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى»، 36 –، 37 – ۋە 28 – بەتلەر.

تەركىبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇرەككەپ دىئالېكتلار شارائىتىدىكى ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. مانا بۇ چاغاتاي تىلىنىڭ جانلىق ئاساسى ئەينى چاغدىكى ئۆزبېك جانلىق تىلى ئەمەسلىكىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىسپاتى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەھۋالنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: نەۋايى تىلى ئۆزبېك جانلىق تىلىدىن خېلىلا پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، نەۋايىي ئەسەرلىرىنىڭ كېيىنكى كۆچۈرگۈچىلىرى ئۇنى ئۆزبېك تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقارغانلىقى نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغان تاش باسما نۇسخىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مۇنداق ھەرىكەتلەر شۇ بۇرۇنقى كۆچۈرگۈچىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ھازىرقى كۈندە نەۋايى ئەسەرلىرىنى ترانسكرىپسىيە قىلغۇچىلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، نەۋايىنىڭ «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىنىڭ 1959 ـ يىلى تاشكەنتتە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ترانسكرىپسىيىلىك نۇسخىسىدا قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆزبېك تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇلغان جايلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلاردىن مۇنداقلا بىرنەچچىسىنى مىسال ئالساق، ئەسلىدە «بولغاى، بولسۇن، تانوق، باغلاب، تابقاى، بولمادى، بويورسانك، انكلاغاج» شەكلىدە يېزىلغان سۆزلەر قائىدە بويىچە «بولغاي، بولسۇن، تانۇق، باغلاپ، تاپقاي، بولمادى، بويۇرساڭ، ئاڭلاغاچ» شەكلىدە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى لازىم ئىدى، لېكىن بۇ سۆزلەر «بولغەي —1346*، بولسىن —1350، تەنۇق —1369، باغلەب —1637، تاپقەي —1592، بولمەدى —1604، بۇيۇرسەڭ —1480، ئاڭلەغاچ —1657» شەكلىدە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. كىتابنىڭ نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن قىستۇرتىلغان بولسىمۇ، يەنىلا نەۋايى تىلىدىن بېرىلگەن بۆلۈمچە ماۋزۇلىرىدا ئەلۋەتتە نەۋايى تىلى ئىشلىتىلگەن بولسا

---

* بۇ نومۇرلار شۇ كىتابتىكى بېيىت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بولاتتى، لېكىن بۇ ماۋزۇلار پۈتۈنلەي ئۆزبېكچىلەشتۈرۈلۈپ بې-رىلگەن، جۈملىدىن ئۈنىڭ 9 - بابىنىڭ ماۋزۇسى مۇنداق بولۇپ چىققان (تېگىگە سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت) :

«خاقان ئىلە فەرھاد كوكلەم تىمسالى گولنارى قەسرىدە گولگىن مەي ئىچىپ، چەمەن گوللەردەن خالى بولگەندە، يازلىك قەسرگە كوچىب رەيھان رەڭلى شەرابلەر سىپقەرىپ، دەرەخت يەشىل تونىن زەئفەران ئەتلەسكە ئايىرباش قىلگەندە كۆزگە ئوخشەش قەسردە ئالتىن پىيالەلەرگە سەرىق بادەلەر توكىپ ئېيك سوڭ قىش مانەندە قەسردە بىللور كاسەلەردە ئاق كافور رەڭ مەيلەر كوتەرىپ، بەزم قۇرگەنلەرى، ھەر قەسردە ئۈچ ئايدەن بىر يىل ئەيش - ئىشرەت سورسەلەر ھەم فەرھادنىڭ كوڭلى ئاچىلمەگەنى، خاقان ئونگە ئىلاج قىلالمەگەنى» .

مانا بۇ ئەھۋاللار پەقەت ئەسلىي نەۋايى تىلىنىڭ ئۆزبېك جانلىق تىلىدىن يىراقلىقىنى ئىسپاتلاشقىلا ئېلىپ بارىدۇ.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار چاغاتاي تىلىنىڭ كونا ئۆزبېك تىلى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ بىر تەرەققىيات باسقۇچى ئىكەنلىكىنى، نەۋايىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلىقىنى ۋە تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇمچە ئېيتىپ ئۆتەيلىكى، مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان ئۆزىنىڭ نەۋايى ۋاپاتىدىن 43 يىل كېيىن يازغان «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە نەۋايى توغرىلىق توختىلىپ «اصل وى از بخشيان اويغوراست، پدر اورا كيچكينه بخشى ميگفتند»* دېگەنىدى. بۇ ئىككى جۈملە سۆز مەزكۇر ئەسەرنىڭ موللا مۇھەممەد نىياز

* لوندون، برىتانىيە مۇزېيىدا №24090 بىلەن ساقلىنىۋاتقان پارسچە «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئەلىشىر نەۋايى توغرىسىدىكى بايانىغا قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىن ئابدۇغۇپۇر تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمىسىدە «اماشير على
نينك اصلى اويغورنينك باخشى لاريدين ترور، اتاسى‌نى كيچكي-
نەبخشى٭ اتارلار»، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى تەرىپىدىن قىلىن-
غان تەرجىمەسىدە «انينك اصلى‌سى اويغور باخشى لاريدين، اتاسى
نينك اتى كيچكينه باخشى دير ايرديلار» دەپ ئېلىنغان. بۇ
«ئەلىشىرنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن، ئاتىسىنىڭ ئېتىنى
كىچكىنە باخشى دېيىشەتتى» دېگەن سۆز بولۇپ، يۇقىرىدىكى
تىل پاكىتلىرى نەۋايىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي
ئەدەبىي تىل (چاغاتاي تىلى) جەھەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن شۆھ-
رەت قازانغان ئۇيغۇر باخشىلىرى تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققانلى-
قىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 4

## خاتىمە

ئورقۇن دەۋرىدىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلغا بىۋاستە ۋارىس-
لىق قىلغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس يېزىقىنى، يەنى
«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ مەشھۇر بولغان يېزىقنى يارى-
تىپ، XI ئەسىردىن كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى
شەكىللەندۈردى. بۇ ئەدەبىي تىل تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە
غايەت زور ئىناۋەتكە ئېرىشىپ، بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر-
نىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى مۇساپىسىدە قوللىنىلدى. X
ئەسىردىن كېيىن قاراخانىيلار زېمىنىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي
تىلىنىڭ ئىسلام شارائىتىدىكى بىر ۋارىيانتى «خاقانىيە تىلى»

---

٭ بخشى — خەنزۇ تىلىدىكى "博士" سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ دەۋردە «كاتىب، زىيالىي،
بازغۇچى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان.

شەكىللىنىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر-نىڭ ئورتاق يېزىق ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلدى. خاقانىيە تىلى XIII ئەسىردىن كېيىن «كاشغەر تىلى» دەپ ئاتىلىپ، قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قوللىنىلدى. چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا قوللىنىلىۋاتقان «كاشغەر تىلى» بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. نەتىجىدە، XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، فونېتىكا، گراماتىكا ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاپ قېلىش بىلەن ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ خېلى زور دەرىجىدىكى تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر يېزىق ئەدەبىي تىلى — «چاغاتاي تىلى» شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ ئەدەبىي تىل XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە مۇكەممەل ئىپادىسىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ كلاسسىك دەۋرىگە كىردى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىلغان بۇ ئەدەبىي تىل XVII ئەسىردىن باشلاپ، بۇ ئەدەبىي تىلنى قوللانغان ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ جانلىق تىلىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش يۈزىسىدىن بۆلۈنۈشكە باشلىدى. شىنجاڭ زېمىنىدا بۇ ئەدەبىي تىل تاكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شەكىللىنىشكە باشلىغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

مانا بۇلاردىن چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتىنىڭ بىر باسقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «چاغاتاي تىلى» تەتقىقاتىنى كۆچەيتەيلى•

14 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئورتاق قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق تىلى ئادەتتە «تۈرك تىلى»، «تۈركچە»، «قەشقەر تۈركچىسى» دەپ ئاتىلىش بىلەن بىللە «چاغاتاي تىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تىلنى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردىكى باشقا تۈركىي ئەدەبىي تىللاردىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، خەلقئارادا ئاساسەن «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىغا چاغاتاي خانلىقىنىڭ ۋە چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئورناتقان باشقا خانلىقلارنىڭ بۇ تىلنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللانغانلىقى سەۋەب بولغان.

چىنگىزخان ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن موڭغۇل ئىمپېرىيەسىگە قاراشلىق جايلارنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. شۇ چاغدا ماۋەرائۇننەھر (ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلار)، يەتتە سۇ رايونى (بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى)، پامىر ئەتراپلىرى ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى چىنگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بېرىلگەن. چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن، مىلادىيە 1242 — 1306 ـ يىللاردا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ رايونلارنى بىر خانلىق قىلىپ، ئۇنى «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتىغان. كېيىن چاغاتاي خانلىقى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ ماۋەرائۇننەھر قىسمى «غەربىي چاغاتاي خانلىقى» دەپ،

---

• بۇ ماقالىنى ئابدۇرەئوپ پولات بىلەن بىرگە يازغان. بۇ ماقالە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشر قىلغان «چاغاتاي تىلى» دېگەن كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، بۇ ماۋزۇ مەزكۇر توپلامنى نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلغان.

يەتتە سۇ رايونى بىلەن ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» ياكى «موغۇلىستان خانلىقى» دەپ ئاتالغان. 1348 ـ يىلى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈر بۇ خانلىقنى يەنە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنى «موغۇلىستان خانلىقى» دەپ ئاتىغان. تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلۈپ (مىلادىيە 1363 ـ يىلى) ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ خانلىق ئاقساق تۆمۈرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن ۋە 15 ـ ئەسىردىن باشلاپلا پارچىلىنىشقا باشلىغان. مىلادىيە 1514 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستان خانلىقىنىڭ پارچىلانغان بىرقانچە رايونلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ «يەركەن خانلىقى» نى قۇرغان.

چاغاتاي ئەۋلادلىرى قانداق نام ئاستىدىكى خانلىقلارنى قۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، «چاغاتاي» دېگەن نامنى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى قوللانغان. شۇڭا، ئۇيغۇر يېزىق تىلىمۇ «تۈرك تىلى»، «تۈركچە» دەپ ئاتىلىش بىلەن بىر قاتاردا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئورتاق ئەدەبىي تىل قىلىپ قوللىنىش ئەنئەنىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۇ تاشلىرىدىكى «قەدىمكى تۈرك تىلى» دەپ ئاتالغان تىل بىلەن 8 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسەن ئوخشايدۇ. بۇ تىللار بىلەن ئىدىقۇت خانلىقىدا قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ياكى خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىمۇ چوڭ پەرق يوق. بۇ ھال 8 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى «قەدىمكى تۈرك تىلى» نىڭمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، تۈركىي خەلقلەر يېزىققا ئىگە بولغاندىن تارتىپ تاكى 14 ـ ئەسىرگە كەلگۈچە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئورتاق ئەدەبىي تىل قىلىپ قوللانغان. شۇڭا، 1306 ـ ھىجرىيىدە تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان «قامۇسۇلئەئلام» نىڭ ئاپتورى شەمسىدىن سامىمۇ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىي تەرەققىياتتا ئەڭ ئالغا كەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى تۈركىي خەلقلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى» ، «چاغاتاي خان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ چاغدىن تارتىپ چاغاتاي تىلى دەپ مەشھۇر بولغان...» دەپ يازغان.

13 ـ ئەسىردىن كېيىن، بۇ ئەدەبىي تىلدىن ئوغۇز تىللىرى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ، «غەربىي تۈرك تىلى» ياكى «ئوسمانىيە تۈرك تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىل بىلەن قىپچاق تىللىرى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ، «شىمالىي تۈرك تىلى» ياكى «ئالتۇن ئوردا تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىل بۆلۈنۈپ چىقتى. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆزى بولسا ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىللىرى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ، كېيىنكى چاغلاردا «تۈرك تىلى»، «تۈركچە»، «قەشقەر تۈركچىسى» ياكى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلغا ئايلاندى ۋە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى بولۇش بىلەن بىللە، چاغاتاي ئەۋلادلىرى قۇرغان خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمەت تىلى ھەم شۇ خانلىقلارنىڭ تەۋەسىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

چاغاتاي تىلىدا ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنى يېزىپ دۇنيادا شۆھرەت قازانغان ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ دىۋانىغا يازغان كىرىش سۆزىدە، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋالىرىدىن بولغان لۇتفى ۋە سەككاكى ئۈستىدە توختىلىپ «... ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ئۇستىلىرىدىن، تۈرك سۆزلىرىنىڭ ماھىرلىرىدىن مەۋلانە سەككاكى، مەۋلانە لۇتفىلارنى كۆرسىتىش كېرەككى، ھەربىرىنىڭ شېرىن شېئىرلىرى تۈركىستاندا چەكسىز شۆھرەت قازاندى ۋە بىرىنىڭ لەتىپ غەزەللىرى ئىراق ۋە خۇراساندا ئۇزۇلمەي تارقالماقتا» دەپ يازىدۇ. بىر شەيئىنى مەنىداش ئىبارىلەر بىلەن سۈپەتلەش چاغاتاي تىلىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللارنىڭ بىرى. نەۋايى لۇتفى بىلەن سەككاكىلار قوللانغان تىلنى «ئۇيغۇر ئىبارىلىرى» ۋە «تۈرك سۆزلىرى» دېگەن مەنىداش سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىق شۇ چاغدىكى «تۈرك

تىلى» ياكى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلنىڭ ئەمە-لىيەتتە «ئۇيغۇر تىلى» ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. چىڭ-گىزخان ئەۋلادىدىن بولغان خىۋا خانى ئەبۇلغازى باھادىرخان (1014 — 1074 - ھىجرىيىدە ئۆتكەن) ئۆزىنىڭ «تارىخى شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدا «ئۇيغۇر خەلقىدە تۈرك تىلى ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ بولار ئىدى، دەپتەردارلىقنى ۋە دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلەر ئىدى، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋرىلىرى ئە-چىدە ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان ۋە ئىراقتا دىۋانلار ۋە دەپتەردارلار ھەممىسىدە ئۇيغۇر ئىدى» دەپ يازىدۇ. ئەبۇلغازىنىڭ بۇ سۆزى-دىن شۇ دەۋردە، شۇ رايونلاردا «تۈرك تىلى» نامى بىلەن قوللى-نىلغان ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تىل بويىچە ئوقۇپ زىيالىي بولغانلار ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن چىقىپ، شۇ رايونلاردىكى خانلىقلارنىڭ قەلەم مەنسەپلىرىنى ئىگىلەپ كەت-كەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

چاغاتاي تىلى فونېتىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتە ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلىنىش بىلەن بىللە، ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدىن نۇرغۇنلىغان سۆز - ئىبارىلەرنى ھەم بىرمۇنچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلى ئامىللىرىنىڭ كۆپلەپ كىرىشى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تۈركىي خەلقلەر، جۈملى-دىن ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان رايونلارغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئەرەب تىلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. ئىسلام مەدەنىيىتى ئىزىغا چۈشكەن پارس ئەدەبىياتى-نىڭ تەسىرى كۈن ساناپ كۈچەيدى. ئەرەبچە، پارسچە ئوقۇغان زىيالىلار كۆپىيىشكە باشلىدى، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدا يېزىش مودا بولدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئىسلام دىنى، ئىسلام

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەدەنىيىتىگە ئائىت يېڭى ئۇقۇملار ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىش بىلەنلا قالماستىن، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئەسلىدىن بار بولغان ئاتالغۇلارمۇ ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتالغۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇلدى ياكى پاراللېل قوللىنىلدى. ئەرەب تىلى ياكى پارس تىلىغا تەقلىد قىلىنغان جۈملە شەكىللىرى ۋە ئىبارىلەر كۆپەيدى. لۇتفى، سەككاكى، نەۋايى قاتارلىق ئۇلۇغ يازغۇچى، شائىرلار ئۆز دەۋرىدىكى «تۈركىي تىل بىلەن شېئىر يازغىلى بولمايدۇ» دەيدىغان پىكىر ئېقىمىغا قارشى كۈرەش قىلغان ۋە تۈركىي تىل بىلەن ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنى يېزىپ، بۇ تىلنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئەسەرلىرىدە ئەرەبچە - پارسچە ئاتالغۇلارنى كۆپلەپ قوللىنىشتىن خالىي بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن فونېتىكا ۋە گراممانىكا جەھەتتىن ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغان، لېكىن لېكسىكا جەھەتتىن ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان ئەدەبىي تىل — چاغاتاي تىلى بارلىققا كەلدى ۋە نەۋايى دەۋرىگە كەلگەندە راسا ۋايىغا يەتتى.

چاغاتاي تىلى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي يېزىق تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بەش - ئالتە يۈز يىل ۋاقىت ئىچىدە، رابغۇزى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋايى، بابۇر، خىرقىتى، زەلىلى، نەۋبەتى، مەجلىسى، موللا ئەلەم شەھيارى، قەلەندەر شائىر ئاخۇن، ئەخمەت نىياز ئوغلى، قەشقەرلىك قاسىمى، موللا مۇھەممەت تۆمۈر، مىرپازىل موللا كىچىك، موللا يۈنۈس ياركەندى، ھەيئەتى، ياركەندلىك ئۆمەر باقى، موللا سىدىق ياركەندى، مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى، نىزارى، زىيائى (نورۇز ئاخۇن كاتىپ)، غەرىبى، سەبۇرى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، گۇمنام، نىيازى، ئەخمەتشا قارا قاشى، سىيىت مۇھەممەت، موللا مۇسا سايرامى، موللا بىلال، تەجەللى، مۆجىزى قاتارلىق نامى مەلۇم بول-

غان ۋە يەنە نامى مەلۇم بولمىغان ئالىم، ئەدىبلىرىمىز بۇ تىل بىلەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى ياكى باشقا تىللاردىكى، بولۇپمۇ پارس تىلىدىكى مۇھىم ئەسەرلەرنى بۇ تىلغا تەرجىمە قىلدى. بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار سان جەھەتتىن ئەڭ كۆپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئەڭ مول بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ۋەتەن مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگۈچى شانلىق مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يازما يادىكارلىقلىرىمىزنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە ئۆگىنىش گەرچە يېڭى مەدەنىيىتىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا نورمال ۋە پۇختا تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولسىمۇ، ئازادلىقتىن بۇرۇن ئىمكانىيەتكە ئىگە بولالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن يازما يادىكارلىقلىرىمىز ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بىرمۇنچىلىرى تۈرلۈك يوللار بىلەن چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى بىزگە بۇ مول يازما يادىكارلىقلىرىمىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىش، ئۇلارنى توپلاش، ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەن ھەم بۇ جەھەتتە بىرمۇنچە ئىشلار قىلىنغانىدى، لېكىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت بالايىئاپەت يازما يادىكارلىقلىرىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى، پارتىيىمىزنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق مىللىي سىياسەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يازما يادىكارلىقلىرىمىزنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىمىزمۇ يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە

نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان مەخسۇس ئورگانلار قۇرۇ-لۇپ، بىرمۇنچە ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلەندى، بىرمۇنچە يازما يادىكارلىقلىرىمىز نەشر قىلىندى ۋە قىلىنماقتا...

بىراق چاغاتاي تىلىنى پۇختا بىلىدىغان، ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىختىساسلىق خادىملىرىمىز ئاز بول-غانلىقتىن، يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ رەتلىنىش، نەشر قىلى-نىش سۈپەت، سۈرئىتى دېگەندەك ياخشى بولۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، قول يازمىلارنى ترانسكرىپسىيە قىلىش، ئىزاھلاش جەھەتتىمۇ ئىزدىنىشكە، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ئاز ئەمەس، تەتقىقات خىزمەتلىرىمىز نىسبەتەن ئاجىز بولغانلىقتىن، تارىخ، تىل ۋە ئەدەبىيات قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرىدە ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چاغاتاي تىلى بويىچە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، چاغاتاي تىلى ساۋاتىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى يازما يادىكارلىق-لارنى بىرقەدەر چۈشىنەلەيدىغان، توغرا تەتقىق قىلىپ، توغرا باھالىيالايدىغان، پايدىلىنالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈش بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى جىددىي ۋەزىپىلەردىن بولۇپ تۇرماقتا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ھەققىدە*

بىز كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمەكچى بولغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى) رىسالىسى خوتەن شەھرىدە ئۆتكەن موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ بىز ئاساسلانغان قولىيازما نۇسخىسى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «كۇللىيات» ناملىق دىۋانىنىڭ بىر قولىيازما نۇسخىسى بىلەن قوشۇپ تۈپلەنگەن بولۇپ، ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. كىتاب نومۇرى 909.217/149. قولىيازما خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغىزىگە خەتتى نەستەلىك ئۇسلۇبىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 39 بەت. ھەربىر بەتنىڭ ھەجمى 15×22 سانتىمېتىر، ھەر بەتتىكى تېكىست ھەجمى 9×19 سانتىمېتىر، ھەر بەتكە 15 قۇردىن خەت يېزىلغان. قولىيازمىنىڭ تېكىستى قارا سىياھتا، كىچىك ماۋزۇلىرى قىزىل سىياھتا قومۇش قەلەم بىلەن كۆچۈرۈلگەن. قولىيازما قوشۇپ تۈپلەنگەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسى جىگەررەڭ قىرىم بىلەن قاپلانغان بولۇپ، يۈزىگە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا چىرايلىق نەقىش ئىشلەنگەن.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى:

پۈتۈك تارىخىن تارىخىن دېپ ئىدىم،
بىلەلمەسمىكىن دېپ ئەجەب غەم يىدىم.

---

* بۇ ماقالىنى ئەنۋەر بايتۇر بىلەن بىرگە يازغان. بۇ ماقالە 1982 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دېگەن ئەسەرنىڭ كىرىش سۆز قىسمى بولۇپ، بۇ ماۋزۇ مەزكۇر توپلامنى نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆگەت سۆزنى موئجىز غەرىپ بىناۋا،
ئۆلۈغ يولغە كىرگەل بولۇپ ماسىۋا.

دېگەن شېئىر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ شېئىرنىڭ «پۈتۈك تارىخىن تارىخىن دەپ ئىدىم» دېگەن مىسراسىدىكى كېيىنكى «تارىخىن» سۆزىنى ئەبجەت بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلى بويىچە ھېسابلىساق، ھىجرىيە 1271 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يەنە قىزىل سىياھتا كونىچە «1271 سەنە» دېگەن يىل نامىمۇ يېزىلغان. دېمەك، مۆجىزىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ يادنامىسى ھىجرىيە 1271 ـ يىلى (مىلادىيە 1854 — 1855 ـ يىلى) دۇنياغا كەلگەن.

قولىيازمىنىڭ ئىملاسىغا ئاساسەن، ئۇنى «كېيىن كۆچۈرۈلگەن» دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە خەتتات توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات يوق. قولىيازمىنىڭ باش بېتىگە «ئۇشبۇ تەۋارىخى مۇسىقىيۇن كىتابىنى پۈتتۈرگان ئەلىشىر ھېكىم بېگىمگە يۈز رەھمەت، پۈتكۈچى موللا ئىسمەتۇللا موئجىزغە ئىلاھىم مىڭ رەھمەت قىلغاي، ماڭا بۇ رىسالەنى دۆۋەل ئەزىمشا بېگىم تەقدىر قىلدى، دەپ موھۇر باسقۇچى مۇفتى مۇھەممەت ئىمىن ئىبنى باقىدۇر، 1338 سەنە» دېگەن سۆزلەر يېزىلىپ، مۇفتى مۇھەممەت ئىمىن ئىبنى باقىنىڭ سوقىچاق مۆھۈرى بېسىلغان. بۇنىڭدىن بۇ قولىيازمىنىڭ ئەڭ كېيىن بولغان تەقدىردىمۇ ھىجرى 1338 ـ يىلى (مىلادىيە 1919 — 1920 ـ يىلى) دىن بۇرۇن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بىز تۆۋەندە بۇ ئەسەر توغرىسىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## 1

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۇنياغا كەلگەنلىكى تاسادىپىي بىر ئىش ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بۆلۈنمىچىلىكى ۋە ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بولغان چوڭ خوجا بۇرھانىدىن بىلەن كىچىك خوجا خوجا جاھان بۆلۈنمىچىلىكىنى باستۇرۇپ، شىنجاڭ رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن بارلىققا كەلگەن نىسپىي تىنچ شارائىتتا يەنە بىر قېتىم گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، 19 - ئەسىرگە كەلگەندە چىرىكلەشكەن چىڭ ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ پاجىئەلىك زۇلۇم - سەتەملىرىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا ماسلىشىپ راسا يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ بۇ قېتىمقى تەرەققىيات دولقۇنى يەركەن خانلىقى (مىلادىيە 1514 — 1678 - يىللار) ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ۋەيران بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك ئومۇمىي ئىستەكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن باشلانغان بولسا، خەلقنى نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇش، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى مىللىي - دېموكراتىك ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەۋجىگە چىقتى.

بۇ دەۋر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچى، شائىرلار ئەدەبىيات سەھنىسىگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇخىل ژانىر ۋە مەزمۇندىكى ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. موللا ئەلەم شەھيارى ۋە ئۇنىڭ مىلادىيە 1761 - يىلى يېزىلغان «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پوئېمىسى، لۈكچۈنلۈك شائىر ئەھمەت غوجام نىياز ئوغلى (1827 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «رەۋزەتۇلزۇھرا» ناملىق شېئىرىي داستانى، مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى ۋە ئۇنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق ئەسىرى، شائىر موللا رېھىم ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانلىرى، يەركەنلىك شائىر ئۆمەر باقى ۋە ئۇنىڭ 1792 ـ يىلى نەسرىي ـ نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان «پەرھاد ـ شېرىن» ۋە «لەيلى ـ مەجنۇن» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، قۇمۇللۇق شائىر زوھۇرى ۋە ئۇنىڭ «دىۋانى زۇھۇرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، موللا يۇنۇس ياركەندى ۋە ئۇنىڭ 1807 ـ يىلى يېزىلغان «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى، موللا سىدىق ياركەندى ۋە ئۇنىڭ 1813 ـ يىلى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىكى 5 داستان ئاساسىدا يېزىپ چىققان «نەسرى مۇھەممەت ھۇسەيىنبەگ» ناملىق توپلىمى، ئىمىرى (1822 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «دىۋانى ئىمىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، قەشقەرلىق نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى ۋە ئۇنىڭ «مەھزۇنولۋائىزىن» ناملىق ئىپىك داستانى، ئابدۇرېھىم نىزارى (1845 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» «مەجنۇن ۋە لەيلى»، «شاھ بەھرام ۋە دىلئارام»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «چاھار دەرۋىش» («ئازاد بەخت»)، «مەھزۇن ۋە گۆلنىسا»، «شاھزادە مەسئۇد ۋە دىلئارا»، «رابىيە سەئىدىن» قاتارلىق 12 داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانلار توپلىمى بىلەن «دۇررىنىنەجات» ناملىق ئەسىرى، تۇر-دۇش ئاخۇن كاتىپ غېرىبى (1802 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان) ۋە ئۇنىڭ «كىتابى غېرىپ» ناملىق داستانى، موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ (1824 — 1899 ـ يىللار) ۋە ئۇنىڭ 1851 ـ يىلى ئىشلەنگەن «غەزەلىيات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 1875ـ يىلى يېزىلغان «غازات دەر مۈلكى چىن» ناملىق داستا-نى، 1881 ـ يىلى يېزىلغان «چاڭموزا يۇسۇپخان» ناملىق داستا-

نى، 1882 ـ يىلى يېزىلغان «نۇزۇگۇم» ناملىق قىسسىسى، موللا شاكىر ۋە ئۇنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق تارىخىي داستانى قاتارلىق يازغۇچى ۋە ئەسەرلەر شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان مۇھىم نامايەندىلىرىدۇر.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىچىلىقى بويىچىمۇ بىرمۇنچە جانلىنىشلار بولدى: مىلادىيە 1820 — 1828 ـ يىللاردا قەشقەر دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم ھەققىدە توقۇلغان «نۇزۇگۇم» ناخشىسى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى*. خوتەن «قارىقاش ناخشىسى»، قەشقەر «قىزىلگۇل ناخشىسى»، تۇرپان «مايىمخان ناخشىسى»، قۇمۇل «يار سەنەم ناخشىسى»، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئانارخان»، «ئويناڭ تۆرەم»، «بىۋاپا نادان يارىم»، «خارابىڭ مەن»، «دادەي»، «سارىخان»، «ئاللا يارىم»، «هاي ـ هاي ئولەن» قاتارلىق ناخشىلىرىمۇ كەڭ تارقالدى**؛ ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ «رىسالەئى مۇغەننىيۇن»، «كىتابۇل مۇسىقى»، «كالامىفۇل مۇسىقى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «ئەسرارى مۇسىقى» ناملىق كىتابى شۇ چاغدىكى ئۇستا خەتتاتلار تەرىپىدىن قايتا كۆچۈرۈپ چىقىلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەنئىتى بويىچە كۆتۈرۈلگەن بۇ قېتىمقى تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، يەرلىك ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى بىر قىسىم ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارمۇ بۇ سەپكە قوشۇلۇپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشتى. بۇ يەردە 1811 ـ يىلى زۇھۇرى، ئىمىرى قاتارلىق شائىرلارنى ئوردىسىغا توپلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋالىرىدىن بولغان لۇتفى ۋە ئەلىشىر نەۋاي-

* موللا بىلالنىڭ «غازات دەر مۇلكى چىن» داستانىغا ۋە مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» سىگە قارالسۇن.
** «شىنجاڭ تارىخ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ماتېرىياللىرى» دىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نىڭ شېئىرلىرىدىن ھەم ئىران شائىرلىرىدىن ھاپىز شىرازى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنە ئېلىپ «باياز» نام-لىق بىر توپلام تۈزدۈرگەن قۇمۇل ۋاڭى ئەردىشىر، 1813 - يىلى موللا يۇنۇس ياركەندىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ چىقىشقا تەشەببۇسكار بولغان يەركەن ھاكىم بېگى مىرزا ھۇسەيىنبەگ، 1841 - يىلى تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ غېرىبىنىڭ «كىتابى غېرىب» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان قەشقەر ھاكىم بېگى زۇھۇرىددىن، 1839 - يىلى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانلار توپلىمىنى يېزىپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان تۇرپان ۋاڭى ئەپرىدۇن ۋە مەزكۇر «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسى-نىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تەشەببۇسكار بولغان خوتەن ھاكىم بېگى مۇھەممەت ئەلىشىر بىننى ئابدۇمۆمىنبەگ (ئەلىشىر ھېكىم بەگ) لەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

دېمەك، قولىمىزدىكى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسى ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ 18 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلىنىپ، 19 - ئەسىردە يۇقىرى پەللىگە چىققان تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ سەمەرىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ ئاپتورى موللا ئىسمەتۇللا بىن-نى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھازىرچە مۇشۇ ئەسەردىكى بايانلاردىن باشقا مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىراق، مۇشۇ ئەسەردىكى ماتېرىياللارنىڭ ئۆزىمۇ بىزنىڭ مۆجىزى ئوبرا-زىنى خېلى روشەن ھالدا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىم-كانىيەت بېرىدۇ.

مۆجىزى ئۆز رىسالىسىنىڭ كىرىش قىسمىدا مەزكۇر رىسا-لىنى يېزىش ئۈچۈن «تارىخى رەشىدى»، «تەۋارىخى رەۋزەتۇس-

سەفا» ، «تەۋارىخى ئەجەم» قاتارلىق پارس تىلىدا يېزىلغان ئە-سەرلەردىن ۋە «تەۋارىخ تەبەرى» ، «تەۋارىخى ھۆكەما» ، «تەۋارى-خى ئەرەب» قاتارلىق ئەرەبچە يېزىلغان ئەسەرلەردىن پايدىلانغان-لىقىنى، فارابىنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «رىسالەئى مۇغەننى-يۇن» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. بىز بۇ بايانلاردىن ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن مەلۇماتلىق بىر كىشى ئى-كەنلىكىنى بىلىمىز.

مۆجىزى ئۆز ئەسىرىنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئەلىشىر نەۋايىنى «پىرىم» ، «ئۇستازىم» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنىڭ «‹كۇللىيات› ، ‹چاھار دىۋان› ، ‹خەمسە› لىرىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ يازغان 36 پارچە كىتابىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە ئىشقى مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇم» دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە لۇتفى، ئابدۇراخمان جامى، مۇھەممەت كۆشتىن-گىرلەرگە باھا بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ئالىيجانابلىقىغا نەۋايىنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى پاكىت قىلىدۇ. مانا بۇلاردىن مۆجىزىنىڭ نەۋايىغا چەكسىز ئىخلاس قويغانلىقىنى، نەۋايىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىگىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسى بىلەن ئالىيجاناب پەزىلىتىگە قايىل ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مۆجىزى فىساغۇرس ( پىپاگور ) ئۈستىدە توختالغان ۋاقتى-دا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ئۆزۈڭنى تۈزلىماي تۈرۈپ كىشىگە نەسى-ھەت قىلما؛ ئەيىبىڭنى ساڭا كۆرسەتكەن كىشىنى دوست بىلىپ ئەزىز تۇت؛ چىرايلىق لىباس كىيىپ يۈرگۈچە چىرايلىق سۆز قىلىپ يۈرۈشنى ئۆگەنگىن؛ ياخشى سۆزنى ئەيتۇرغە قۇدرەتىڭ بولماسا، ياخشى سۆزنى ئىيتقۇچىدىن ئۆگەنگىن؛ ئىلىم ئۆگە-نىشدىن نومۇس قىلما، ئىلىمسىزلىكتىن نومۇس قىل...» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كەلتۈرىدۇ. فارابى ئۈستىدە توختالغىنىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولسا، ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭ «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان فەيزنى مېنىڭ قانۇنۇمنىڭ (قالۇنۇمنىڭ) سىملارىدىن ئالغايسىزلار» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ھازىرمۇ ئۈزدىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر ئەمەلىيەتتە مۆجىزىنىڭ ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنى ئەينى زاماندىكى نادانلىق، تەركى دۇنيالىق ۋە قۇللۇقنى تەشەببۇس قىلغۇچى جاھىل كۈچلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغان ئوق، خەلق ئاممىسىغا بېرىلگەن سەممىي مەسلىھەت سۈپىتىدە قوللانغان.

مۆجىزىنىڭ فېئوداللىق دىنىي چەكلىمىلەر، بولۇپمۇ تەرقەتچىلىكنىڭ چەكلىمىلىرى تۈپەيلى تارىختا كۆمۈلۈپ قالغان مۇزىكا ئالىمى ۋە شائىرە ئامانىساخان نەفىسىنى تارىختىكى 17 نەپەر مۇزىكا پىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، زور ھۆرمەت بىلەن خالايىققا تونۇشتۇرۇشىمۇ ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا پۈتۈنلەي مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئاللاغا مۇناجات قىلىپ «ئاسى قۇلۇڭدۇرمەن فەقىر، جافى قۇلۇڭدۇرمەن ھەقىر، غەم ئىلكىدە بولدۇم ئەسىر، سەنسەن ماڭا فەريادىرەس» دېگەن مىسرالارنى يازىدۇ ۋە ئۆز ئەسىرىنى «تۆگەت سۆزنى مۆجىز غەرىب بىناۋا، ئۇلۇغ يولغە كىرگىل بولۇپ ماسىۋا» دېگەن بېيىت بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بىز بۇ مىسرالاردىن ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنى يازغانلىقىنىڭ فېئوداللىق دىنىي پرىنسىپلارغا، بولۇپمۇ تەرىقەتچىلىك پرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرغانلىقىنى ۋە شۇ چاغلاردا يەنىلا خېلى سالماقنى ئىگىلەپ تۇرغان مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن، ئۆز ھەرىكىتىنى مۇشۇ يول بىلەن ئاز - تولا نىقاپلىغانلىقىنى كۆرىمىز.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ تەشەببۇسچىسى ئەلىشىر ھېكىم بەگ مۆجىزىنى «سەنكىم كەسبىڭ ھەم مۇسىقىدۇر ھەم ئەبيات مەملىكەتىنىڭ بۇلبۇلۋار سۇلتانى، ئەدەبىيات مۇلكىنىڭ تۇتى شىرىن لىساندۇرسەن ھەم خۇش پۇتكۇچى ھەم دىلكەش ئەيتقۇچى سەندۇرسەن» دەپ تەرىپلەيدۇ. گەرچە بۇ سۆزلەر ئىنتايىن مۇبالىغىچىلىك بىلەن ئېيتىلغان بولسىمۇ، ھەرھالدا مۆجىزىنىڭ شۇ دەۋردە داڭلىق كەسپىي مۇزىكانت ھەم نۇرغۇن ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر شائىر بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ياكى تېخى قولىمىزغا چۈشمىگەن.

## 3

مۆجىزى ئۆز ئەسىرىدە تونۇشتۇرغان 17 نەپەر مۇزىكا پىرى ئىچىدە ئۇنىڭ قىدىرخان ياركەندى بىلەن ئامانىنىساخان نەفىسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۇ شەخسلەر توغرىسىدىكى تۇنجى يازما مەلۇمات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۆجىزى قىدىرخان ياركەندىنىڭ نادىر مۇزىكا ئالىمى، تەڭداشسىز ناخشىچى ۋە ئۇستا شائىر ئىكەنلىكىنى، راۋاپ بىلەن ھەشتارنى كەشپ قىلغانلىقىنى، «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلغانلىقىنى، مۇزىكا ئىلمى توغرىسىدا كۆپلىگەن مېغىزلىق ماقالىلەرنى يازغانلىقىنى، «دىۋانى قىدىر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى چىقارغانلىقىنى، يەكەن خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھى سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ كېچە - كۈندۈز ئايرىلمايدىغان ئەڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە ئىران، ئىراق، تەبرىز، خارەزىم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىسلامبۇل (ئىستامبول)، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇلارغا مۇزىكا ئىلمىدىن دەرس بەرگەنلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىنى يازىدۇ. لۇتفى ئۇستىدە توختالغىنىدا ئۇ «ئالىملىقتا ھەزرەتى ئەبۇ نەسىر فارابىدېك، ھەكىملىقدا ھەزرەتى ئىبنى سىنادېك، شائىرلىقدا ھەزرەتى ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايىدېك، مۇغەننىلىيقدا تەخى قىدىرخاندېك ئىردىلار» دەپ قىدىرخاننى شۇ زاماننىڭ ئەڭ كاتتا ئالىملىرى قاتارىغا قويىدۇ. بىز مۆجىزىنىڭ بۇ بايانلىرىدىن 16 - ئەسىردە ئۆتكەن بۇ ئۇيغۇر ئالىمى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. بۇ يەنە يەكەن خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەن شەھىرىنىڭ شۇ دەۋرلەردە پۈتۈن شەرق ئەللىرىنىڭ بىر مۇزىكا ئۆگىنىش يۇرتى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مۆجىزىنىڭ فېئوداللىق دىنىي چەكلىمىلەر تۇپەيلى نەچچە ئەسىر كۆمۈلۈپ قالغان شائىرە، مۇزىكا ئالىمى ئامانىساخان نەفىسىنى يورۇق دۇنياغا چىقارغانلىقى ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان يەنە بىر زور تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرمۇنچە پاكىتلار مۆجىزىنىڭ ئامانىساخان نەفىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىرىنچىدىن، 1956 — 1959 - يىللىرى سابىق جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن «ئامانىسا بېگىم» ناملىق بىر شائىرە توغرىسىدا بەزى ھېكايە - رىۋايەتلەرنى توپلىغانىدى. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئامانىسا بېگىمنىڭ يەكەن خانلىقى زامانىدا ئۆتكەن قىدىرخان ياركەندىنىڭ قىزى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا ياتلىق قىلىنغانلىقى، نۇرغۇن شېئىر - داستانلار يازغانلىقى، «ئىشرەت ئەنگىز»* ناملىق بىر مۇقام ئىجاد قىلغانلىقى، كېيىن تۇغۇتتا

* «ئىشرەت ئەنگىز» سۆزى «خۇشاللىق قوزغاش» دېگەن مەنىدە.

ۋاپات بولغانلىقى، ئارىدىن يۈز يىل ئۆتۈپ ئاپاق خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ خەلق ئىچىگە تارالغان بارلىق شېئىر - غەزەللىرى كۆيدۈرۈلۈپ، «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئېيتىش. مۇ چەكلەنگەنلىكى، سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ «دىۋانى رەشىدى»، «غەزەلىياتى رەشىدى»، «سىلاتىننامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. دېمەك، مۆجىزىنىڭ ئامانىسساخان ھەققىدىكى بايانى ئاساسي جەھەتتىن مۇشۇ رىۋايەتكە ئوخشايدۇ. بىراق، مۆجىزىنىڭ بايانىدا ئامانىسساخان قىدىرخان ياركەندىنىڭ قىزى ئەمەس، بەلكى «تارىم بويىدىكى ئوتۇنچى مەخمۇتنىڭ قىزى» دېيىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەخمۇت جوراس ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدى - زەيلى» ناملىق ئەسىرىدە تارىخچى مىرزا ھەيدەر تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان «ھەر كارۇدىيارىدا بەمەسەلمانىدا ئىدى يەنى ھەم تېڭى يوق ئىدى، ئىلمى مۇسىقىدا ماھىر ئىدى، بەلكى مۇسەننەف ئىدى، ئىشرەت ئەنگىز دەپ بىر ساز پەيدا قىلىپ ئىدى» دەپ يازىدۇ. 19 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆزىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسەرلىرىدە «ئابدۇرېشىتخان... موللا فازىل شائىر، فارسى ۋە تۈركىي نەزمىنى ياخشى ئەيتۇر ئىدى، ئىلمى مۇسىقىدا گوياكى فىساغورس سانى ئىدىلەر، ئىشرەت ئەنگىز دەپ بىر مۇقام ئىختىرا قىلدى» دەپ يازىدۇ. بۇ بايانلار، بىر تەرەپتىن، سەنئەتپەرۋەر ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئامانىسساخانىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ چالغان تەمبۇرىنى ۋە ئېيتقان غەزىلىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالغانلىقىنىڭ مەنتىققە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئامانىسساخان ئىجاد قىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئابدۇرېشىتخان ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئىشىنىڭمۇ ھەقد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قەتتە بولغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئامانىنىساخان نەفسى تەكلىماكان بويىدىكى كەمبەغەل ئوتۇنچى مەخمۇتنىڭ قىزى بولۇپ، 13 ياش چېغىدىلا ئۇستا مۇزىكانت، شائىرە ۋە خەتتات بولۇپ يېتىلگەن. پۇقراچە ياسىنىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ چېلىپ بەرگەن تەمبۇرىنى ۋە ئابدۇرېشىتخانغا بېغىشلىغان بىر غەزىلىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ. ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنى كۆرۈپ، بۇ خەتلەرنى شۇنچىلىك كىچىك بىر قىزنىڭ يازغانلىقىغا ئىشەنمەي، ئۇنىڭدىن شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە خەت يېزىپ بېقىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئامانىنىساخان دەرھال «يارەپ بۇ بەندە ئەجەب قىلدى سوئىزەن ماڭا، گويا بۇ ئۆيگە ئوندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا»* دېگەن هازىرجاۋاب بېيىتنى يېزىپ، ئابدۇرېشىتخاننى مات قىلىدۇ. ئابدۇرېشىتخاننىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، شۇ كېچىسىلا ئەلچى ئەۋەتىپ قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ.

ئامانىنىساخان خەلق ئاممىسى، خەلق نەغمىچىلىرىدىن ئىبارەت ناخشا - مۇزىكا بۇلىقىدىن بىۋاستە ئوزۇقلىنىپ يېتىلگەن تالانتلىق مۇزىكانتتۇر. 13 ياشلىق بىر يېزا قىزىنىڭ مۇزىكىدا شۇنچىلىك كامالەتكە يېتىشى ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ شۇ دەۋردىلا يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغىچە ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئامانىنىساخان نەفسىنىڭ ئابدۇرېشىتخان سارىيىدا تۇرغان مەزگىللەردە ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولغان داڭلىق مۇزىكا ئالىمى قىدىرخان ياركەندىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىلىم ۋە ماھارىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگەنلىكى، قىدىرخان ياركەندى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى رەتلەش ۋە كېڭەيتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر

* خۇدا، بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى، گويا بۇ ئۆيدە بۈگۈن ئاخشام مەن ئۈچۈن بىر تىكەن ئۈندى.

ئشلىگەنلىكى شۈبھىسىز. ئامانىسساخان توغرىسىدىكى رىۋايەتتە ئۇنىڭ «قىدىرخان ياركەندىنىڭ قىزى» دەپ ھېكايە قىلىنىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. مۇنداق رىۋايەتنىڭ تارقىلىشىغا، بىر تەرەپتىن، ئامانىسساخانىنىڭمۇ خۇددى قىدىرخاندەكلا ئۇستا مۇزىكانت بولۇپ يېتىلگەنلىكى سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ قىدىرخان بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەمگەكلىرى سەۋەب بولغان.

لېكىن، ئامانىسساخان نەفىسىنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى جەمئىيەتتىكى، ھەتتا ئابدۇرېشىتخان ئوردىسىدىكى مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ قاتمۇقات توسقۇنلۇقلىرىغا دۇچ كەلگەن. ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان ھەم ئامانىسساخاننى جېنىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان ئابدۇرېشىتخانىنىڭ ئامانىسساخان ئىجاد قىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنىڭ ئامانىسساخان نامىدا تارقىلىشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ پاكىتلا ئامانىسساخانىنىڭ قانچىلىك توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى نۇرغۇن پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنمىگەن. تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، جەمئىيەتكە تارقالغان ئەسەرلىرىمۇ كېيىنكى كۈنلەردە جاھىل كۈچلەرنىڭ قاتتىق بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان. مۆجىزىنىڭ بىزگە بەرگەن مەلۇماتلىرى شۇ بۇزغۇنچىلىقلاردىن ئامان قالغان. ئەڭ مۇھىمى، خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان، شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇنى ھەسسىلەپ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

## 4

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دىكى بەزى ماتېرىياللار ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى — ئون ئىككى مۇقامنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا

www.uyghurkitap.com

كى بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نى ئوقۇغاندا، مۆجىزىنىڭ «مۇقام» سۆزى ئۈستىدىكى چۈشەنچىسى بىزنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىمىزنى قوزغايدۇ. مۆجىزى ئۆز ئەسىرىدە «راك»، «ئۇشاق»، «ئۆزھال»، «چۆل ئىراق»، «ئەجەم»، «ناۋا»، «ۋىسال»، «چاھار زەرب»، «چاھارگاھ»، «دۇگاھ»، «پەنجىگاھ»، «مۇشاۋرەك»، «بەيادەك»، «سىگاھ»، «بايات»، «ئىشرەت ئەنگىز» دىن ئىبارەت 16 مۇقامنى تىلغا ئالىدۇ. لېكىن، ئۇ ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ناملىرىنى ئاساسەن ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ناملارنى يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن، «چوڭ نەغمە»، «داستان» ۋە «مەشرەپ» تىن ئىبارەت 3 قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ھەر قىسمى بىر قانچىلىغان نەغمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ تېپتىكى مۇزىكا مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئېشىپ كەتسە بىرنەچچە مەرغۇلى بولغان بىر يەككە نەغمە مەنىسىدە تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇ فارابى ئۈستىدە توختالغىنىدا ئۇنىڭ «راك»، «ئۇشاق» ۋە «ئۇشاق» نىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلغانلىقىنى، «ئۆزھال» مۇقامىنى بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىغىچە ئىجاد قىلغانلىقىنى يازىدۇ؛ مۇھەممەد كۈشتىنىگىر ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئۇنىڭ «چارىگاھ» مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ ئۇنىڭغا مەۋلانە تۇتىنىڭ بىر غەزىلىنى سالغانلىقىنى، «دۇگاھ» مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ ئۇنىڭغا مىرخىسرو دېھلىۋىنىڭ بىر غەزىلىنى سالغانلىقىنى، «پەنجىگاھ» مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ ئۇنىڭغا مەۋلانە كاتىبىنىڭ بىر غەزىلىنى سالغانلىقىنى يازىدۇ. مەلىكە ئامانىنساخان ئۈستىدە توختالغىنىدىمۇ، ئۇنىڭ يولۇچى سۈپىتىدە ئۆيىگە كىرگەن سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا پەنجىگاھ مۇقامىغا تەمبۇر چېلىپ بېرىپ، بۇ مۇقامغا ئۆزىنىڭ ئابدۇرېشىتخانغا بېغىشلاپ يازغان بىر غەزىلىنى سېلىپ ئوقۇغانلىقىنى يازىدۇ، مانا بۇ مىساللاردىن

گەپنىڭ بىر يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن نەغمىلەر سىستېمىسى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئايرىم بىر نەغمە ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

مۆجىزە «مۇقام» دەپ ئاتاۋاتقان بۇ يەككە نەغمىنى ھازىرقى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇقاملاردا باشلىنىش مۇزىكىسى دېيىلىدىغان «چاچما ئۇدارلىق (داپ چېلىنمايدىغان) نەغمە» دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى: بىرىنچىدىن، «مۇقام» سۆزى ھازىرمۇ ئەل ئىچىدە چاچما ئۇدارلىق باشلىنىش مۇزىكىسى مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، قۇمۇل مەشرەپلىرىنىڭ يالغۇز غىجەك بىلەن ئورۇنلىنىدىغان چاچما ئۇدارلىق باشلىنىش مۇزىكىسى ئادەتتە «مۇقام» دەپلا ئاتىلىدۇ. دولان مۇقاملىرىدىمۇ باشلىنىش مۇزىكىسى «مۇقام» دەپلا ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مۆجىزى «مۇقام» سۆزىنى ھامان «ناخشا»، «ئاھاڭ» سۆزلىرى بىلەن قاتار قويىدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەت كۇشتىنگىر ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئۇنىڭ «بىھەد ۋە بىئەدەد غەزەل، مۇقاملار، ئاھاڭلار ئىجاد قىلغان» لىقىنى يازىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ «مۇقام» سۆزىنى باشقا نەغمىلەردىن پەرقلىق بولغان بىر نەغمە مەنىسىدە ئىشلىتىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مۆجىزى «مۇقام» ئۈستىدە سۆزلىگىنىدە ھامان ئۇنىڭغا قايسى شائىرنىڭ قايسى غەزىلى سېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇقامنىڭ سۈپىتىنى ئۇنىڭغا سېلىنغان غەزەلنىڭ سۈپىتى بىلەن ئۆلچەيدۇ. تېكىستنىڭ رولىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرىدىغان بۇ خىل ئەھۋال تولاراق چاچما ئۇدارلىق نەغمىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل نەغمىلەر ئادەتتە ساتار، غىجەك ياكى تەمبۇر قاتارلىق بىر ئاساسىي ساز بىلەن يالغۇز كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدىغانلىقى، چاچما ئۇدارلىق بولغانلىقى ھەم تاللانغان غەزەللەر سېلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ دىققىتى مۇزىكىدىن كۆرە كۆپرەك تېكىستكە مەركەزلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۆجىزى تونۇشتۇرغان 17 نەپەر مۇزىكا پىرىدىن 14 نەپىرىنى 15 ـ، 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىرلار تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان 16 مۇقامدىن 13 ى مۇشۇ شائىرلارنىڭ نامى بىلەن باغلانغان. مۆجىزى يەنە نەۋايىنىڭ ھەر كېچىسى ساتار ياكى تەمبۇر بىلەن ئۆزى يازغان غەزەللەرنى ئوقۇپ بىھوش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى يازغان.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن: بىرىنچىدىن، «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا «مۇقام» دەپ ئاتالغان بۇ چاچما ئۇدارلىق نەغمىلەر شۇ دەۋردە كۆپرەك شائىرلار دائىرىسىدە ئەۋج ئالغان بولۇپ، تېخى خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى مۇزىكا بايلىقىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە تاللىنىپ يۇرۇشلەشتۇرۇلۇۋاتقان چوڭ نەغمىلەر تەركىبىگە كىرگۈزۈلمەگەن؛ ئىككىنچىدىن، ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ نەغمىلەر ھە دېگەندىلا ھازىرقى نامى بىلەن ئاتالمىغان، ئۇلار ھازىرقى نامىغا شۇ نامدىكى چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەرنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى قىلىپ كىرگۈزۈلۈشى بىلەن ئېرىشكەن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، «مۇقام» ئاتالغۇسى 15 — 16 ـ ئەسىرلەردە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى مەلۇم دەۋر ئىچىدە پەقەت تار مەنىدىلا قوللىنىلىپ، چاچما ئۇدارلىق نەغمە ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە شۇ چاچما ئۇدارلىق نەغمىلەرنىڭ يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ نەغمىلەرگە باشلىنىش مۇزىكىسى قىلىپ كىرگۈزۈلۈشى بىلەن كەڭ مەنىدە — «يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ نەغمە» مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى چوڭ نەغمىلەر ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى، ئۇلار ئاساسەن خەلق ئىجادىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، لېكىن ئۇلارغا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى

ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىمۇ سىڭگەن.

## 5

بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ئاساسىي جەھەتتىن 14 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق تىلى — چاغاتاي تىلىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن زور دەرىجىدە شۇ دەۋردىكى جانلىق ئۇيغۇر تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇلغان. بەزى قىسىملىرى، مەسىلەن ئاماننىساخان قىسمى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا دېگۈدەك يېزىلغان؛ قوليازمىنىڭ ئىملاسىدا چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىدىن چەتلەپ جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇلغان جايلار تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن، چاغاتاي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە «چاليب» ، «باريب» ، «بولغانينى» ، «چالماقيدين» ، «قيلماغايسيزلار» ، «الالماغان» شەكلىدە ئاجىزلاشتۇرۇلماي يېزىلىشقا تېگىشلىك سۆزلەر بەزى جايلاردا «چيليب» ، «بيريب» ، «بولغينى نى» ، «چالميقيدين» ، «قيلميغايسيزلار» ، «الالميغان» شەكلىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ يېزىلغان؛ «نامۇس» ، «شاگرد» ، «امر» شەكلىدە يېزىلىشقا تېگىشلىك سۆزلەر بەزىدە جانلىق تىلدىكى تەلەپپۇزى بويىچە «نومۇس» ، «شاگرت» ، «امرى» قىلىپ يېزىلغان. چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسىگە توغرا كەلمەيدىغان بۇ خىل ئەھۋاللار قوليازما كېيىن كۆچۈرۈلگەندە يۈز بەرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. مەيلى قانداق بولمىسۇن، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ چاغاتاي تىلى دەۋرىنى، بولۇپمۇ چاغاتاي تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئورۇن بېرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر تال ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 6

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسى بىزنىڭ مەدەنىيەت تارى-خىمىزنى، بولۇپمۇ مۇزىكا تارىخىمىز بىلەن ئەدەبىيات تارىخى-مىزنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى خېلى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان ياخشى ئەسەر بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرمۇنچە ئېغىر نۇقسانلاردىنمۇ خالىي ئەمەس. مۆجىزى پەقەت كۆپرەك شائىرلار ۋە زىيالىيلار دائىرىسىدە ئەۋج ئالغان چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەرنىلا (تار مەنىدىكى «مۇقام» لارنىلا) مۇزىكا ھې-سابلاپ، خەلق مۇزىكىلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئىچىدە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىجاد قىلىنىپ، رەتلىنىپ، يۇرۇش-لەشتۇرۇلۇپ كېلىنىۋاتقان چوڭ نەغمىلەرگە (كەڭ مەنىدىكى «مۇقام» لارغا) پۈتۈنلەي ئېتىۋارسىز قارىغان. شۇڭا، پەقەت شۇ چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەرنىڭ ئىجادچىلىرىنى تەتقىق قى-لىش بىلەنلا بولۇپ، خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ، يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ نەغمىلەرنىڭ ئاساسىي ئىجادچىسى بولغان خەلق ئاممىسى-نى، خەلق مۇزىكىچىلىرىنى نەزەرگە ئالمىغان؛ بىرمۇنچە جايلار-دا ئاساسسىز، ھەتتا ئەپسانىلەشتۇرۇلگەن رىۋايەتلەرنى ھەقىقىي پاكىت سۈپىتىدە ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. مەسىلەن، نەينىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى جەمشىتنىڭ خوتۇنى مەلىكە دىلسۇزغا، داپ-نىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى دىۋىلەرگە باغلاپ قويغان؛ مەۋلانە ساھىپ بەلخىنىڭ تەمبۇر چېلىشتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى ئىس-پاتلاش ئۈچۈن مەۋلانە ساھىپ بەلخى بابۇرشاھنىڭ كابۇل شەھە-رىدىكى بىر باغدا ئۆتكۈزگەن شاھانە ئولتۇرۇشىدا تەمبۇر چالغان-دا بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ كېلىپ تەمبۇرنىڭ قۇلىقىغا قونغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى بىرنەچچە قېتىم تەمبۇرغا ئۇرۇپ ئۆلگەنلىكىنى، بۇ ھالنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھوشسىزلىنىپ

كەتكەنلىكىنى يازغان؛ كۆپچىلىك ئىسلام تارىخچىلىرىغا ئوخ-
شاش، مۆجىزىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى نۇھ ۋە ئۇنىڭ
هام، سام، يافەس ناملىق ئوغۇللىرى توغرىسىدىكى يەھۇدىي -
خرىستىئان دىنى رىۋايەتلىرىگە تاقاپ، مۇزىكىنىڭ پەيدا بولۇشى-
نىمۇ شۇلار بىلەن باغلىغان؛ بەزى يەر ئىسمى ۋە يىلنامىلەرنى
خاتا قىلىپ قويغان ۋەھاكازا.

بىز «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنى ئوقۇغان ۋاقتى-
مىزدا ئۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇنى ئوبدان تەھلىل
قىلىشىمىز، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قى-
لىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ھەققىدە•

ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ مىلادىيە 1499 - يىلى يېزىلغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» (ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە) ناملىق رىسالىسى شۇ دەۋردىكى تۈركىي ئەدەبىي تىل (چاغاتاي تىلى) نىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىنى ۋە شۇ ئارقىلىق چاغاتاي ئەدەبىياتىنى قوغداش مەقسىتى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نەۋايى ئۆز ئەسىرىدە «تۈرك تىلى» دەپ ئاتىغان ئەدەبىي تىل شۇ دەۋردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرى ئورتاق قوللانغان يازما ئەدەبىي تىل بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدە «خاقانىيە تۈرك-لىرىنىڭ تىلى» ياكى «كاشغەر تىلى» دەپ ئاتىلىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ 14 - ئەسىردىن كېيىنكى داۋامى ئىدى. بۇ ئەدەبىي تىل چاغاتاي ئەۋلادلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئورناتقان «چاغاتاي خانلىقى» قاتارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن «چاغاتاي تىلى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئىلىم ساھەسىدە بۇ ئەدەبىي تىلنى ئاساسەن «چاغاتاي تىلى» دېگەن مۇشۇ نامى بىلەن ئاتايدۇ،

---

• بۇ ماقالىنى ئابدۇرەئوپ پولات بىلەن بىرگە يازغان. بۇ ماقالە 1988 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن ئەسەرنىڭ كىرىش سۆز قىسمى بولۇپ، بۇ ماۋزۇ مەزكۇر توپلامنى نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلغان.

چۈنكى بۇ ئاتالغۇ بۇ ئەدەبىي تىلنى زامان ۋە ماكان جەھەتتىن بىر قەدەر ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەدەبىي تىلدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىياتمۇ «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

نەۋايى بۇ ئەسىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا چاغاتاي تىلىنى پارس تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، چاغاتاي تىلىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، چاغاتاي تىلىدا ئۇقۇمنى نازۇك جەھەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، بەزى ساھەلەرگە خاس بولغان سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ موللۇقىنى، تۇيۇق يېزىش، قاپىيە كەلتۈرۈش قاتارلىق بەدىئىي ماھارەت ۋە سۆز تۈرلەش، سۆز ياساش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ كەڭلىكىنى نۇرغۇنلىرىغان مىساللار بىلەن ئىسپاتلايدۇ؛ چاغاتاي تىلى مۇشۇنداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغقىچە بىر كىم تەرىپىدىن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئەۋزەللىكلەر يوشۇرۇن ھالەتتە قالغانلىقىنى، تۈركىي تىللىق شائىرلار، بولۇپمۇ ياش شائىرلار ياخشى مۇلاھىزە قىلمايلا پارس تىلىنى ئەۋزەل بىلىپ، شېئىرنى پارس تىلى بىلەن يېزىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈركىي تىللىق شائىرلار بارغانسېرى ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى زور ئېچىنىش بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چاغاتاي تىلى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە بەل باغلىغانلىقىنى، ئىزدىنىش نەتىجىسىدە بۇ تىلنىڭ مول بايلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ چەكسىز غۇرۇرلانغانلىقىنى، بۇ تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن ئاساستا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىنى ئىگىلىگەن ئەسەرلىرىنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئۆز ئىشىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە بۇ ئەسەرنى يازغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندىسى

نەۋايىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئەسەر يېزىلغان دەۋر شارائىتى، نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدىكى رولى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلساق، نەۋايىنىڭ چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز، شۇنداقلا نەۋايىنىڭ يۈكسەك مىللىي غورۇرىدىن، ئۆز ئانا تىلىغا بولغان قايناق مۇھەببىتىدىن، ئۆز ئانا تىلىنىڭ بايلىقىنى نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈش يولىدىكى قەيسەرلىكىدىن قاتتىق تەسىرلىنىمىز.

خۇددى نەۋايى مۇشۇ رىسالىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، نەۋايى دەۋرىدە شېئىرنى پارس تىلى بىلەن يېزىش تۈركىي تىللىق شائىرلار ئىچىدە تەبىئىي بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى، بولۇپمۇ بۇ ئەھۋال نەۋايى ياشىغان ھەم تۈركىي تىللىق شائىرلار ئەڭ كۆپ توپلانغان مەدەنىيەت مەركىزى ھىراتتا ئېغىر ئىدى. بۇ شائىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پارس تىلىنى ئۆز ئانا تىلىدىن ئەۋزەل كۆرەتتى، «شېئىرنى پەقەت شۇ تىل بىلەنلا يازغىلى بولىدۇ» دەپ بىلەتتى، ئۆز ئانا تىلىنى بولسا، «شېئىر يازغىلى بولمايدىغان تىل» دەپ ياراتمايتتى، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغان، ئۆز ئانا تىلى بىلەن يازىمەن دېسىمۇ يارالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. تۈركىي تىللىق شائىرلار ئىچىدە مۇنداق غەيرىي نورمال ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشى تاسادىپىي بىر ئىش بولماستىن، بەلكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئىسلام مائارىپى ئىزىغا چۈشۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ زىيالىيلار ئىچىدىكى تەسىرىنىڭ كۈنساناپ كۈچىيىپ بېرىشى، بەزى تۈركىي خانلىقلارنىڭ، مەسىلەن، ئىراندا قۇرۇلغان سەلچۇقىلار سۇلالىسىنىڭ پارس تىلىنى دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىل قىلىپ قوللىنىشى، بۇ رايونلاردىكى پارسىي مەدەنىيەتكە تۇمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ

ۋارسلىق قىلىشى، شۇ مۇناسىۋەتلەر بىلەن فىردەۋسى، سەل-
مان، نىزامى، سەئدى، ئەنۋەرى، خۇسراۋ دېھلىۋى، ھافىز
شىرازى، كاتىبى، جامى قاتارلىق كاتتا شائىرلار ۋەكىللىكىدىكى
يۇقىرى سەۋىيىلىك پارسىي ئەدەبىياتىنىڭ تۈركىي تىللىق زىيا-
لىيلار، بولۇپمۇ شائىرلار ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئۇلار-
نى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ ئەكسىچە تۈركىي
ئەدەبىي تىل ۋە تۈركىي ئەدەبىيات بويىچە تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش
ئىشلىرىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلاپ بېرىشى، چاغاتاي تىلى ۋە
چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋارىسلىق قىلغان ئەنئەنىلەرنىڭ ئۇنتۇلۇشقا
باشلىغانلىقىدەك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك ئىدى. گەرچە ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، خارەزمى قاتار-
لىق شائىرلار قەدىمكى تۈركىي ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تىل ئاسا-
سىدا ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ، چاتاغاي تىلىنىڭ شېئىرىي شەكلى-
نى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن
خۇددى نەۋايى ئېيتقاندەك، بۇ تۈركىيگوي* شائىرلارنىڭ لۇتفى-
دىن باشقىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان پارسىي ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللى-
رى بىلەن تەڭلىشەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ھە دەپ كۆچىيىۋاتقان
پارسىيگويلۇق** ئېقىمىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. ئەھ-
ۋال ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. ئەگەر ئىش شۇ يوسۇندا داۋاملاشسا،
شانلىق ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلغان چاغاتاي تىلىنىڭ شېئىرد-
يەتتىكى ئورنىدىن مەھرۇم بولۇشى، شەكىللىنىشكە باشلىغان
چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نابۇت بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

چاغاتاي تىلى بىلەن چاغاتاي ئەدەبىياتى دۇچ كەلگەن بۇ
ئېغىر خەۋپنى ئەلىشىر نەۋايى ھەممىدىن چوڭقۇر ھېس قىلدى.
خۇددى ئۇنىڭ «شۇ ئېھتىمالغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇ-
كى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تالانت ئىگىلىرى پۈتۈنلەي پارس تىلى

---

* تۈركىيگوي ـ ئەسەرنى تۈركىي تىل بىلەن يارغۇچى.

** پارسىيگويلۇق ـ ئەسەرنى پارس تىلى بىلەن يېزىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن شېئىر يازسۇن ـ دە، تۈركىي تىل بىلەن يازمىسۇن،
بەلكى كۆپچىلىكى يازالمىسۇن» دېگىنىدەك، ئۇنىڭ مىللىي غۇ-
رۇرى ئۆز ئانا تىلىنىڭ بۇ تەقدىرىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشىغا
يول قويمىدى. نەۋايى چاغاتاي تىلىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىنى
ۋە شۇ ئارقىلىق چاغاتاي ئەدەبىياتىنى قوغداش ئۈچۈن بەل باغلى-
دى. نەۋايىنىڭ قارىشىچە، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بىر
تەرەپتىن چاغاتاي تىلىدا ھەممە جەھەتتىن يۇقىرىدىكى پارسىي
ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان، ھەتتا ئۇلارنى
بېسىپ چۈشىدىغان شېئىرىي ئەسەرلەر يارىتىپ، چاغاتاي تىلى-
نىڭ ھەرقانداق چوڭقۇر مەزمۇن ۋە نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادى-
لەشكە، ھەرقانداق بەدىئىي ماھارەتلەرنى كۆرسىتىشكە ۋە ھەرقان-
داق يىرىك شېئىرىي ئەسەرلەرنى يارىتىشقا يارايدىغان مۇكەممەل
بىر ئەدەبىي تىل ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش، يەنە بىر
تەرەپتىن، چاغاتاي تىلىنى پارس تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ،
ئۇنىڭدىكى ئەۋزەللىكلەرنى ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسىلەپ كۆرسى-
تىپ بېرىش كېرەك ئىدى. نەۋايى شۇنى چوڭقۇر چۈشىنەتتىكى،
بۇ ئىنتايىن مۇشكۇل بىر ۋەزىپە بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىي
ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ئەنئەنىلىرىنى ۋە خەلق
تىلىنى پۇختا تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ بايلىقىنى، ئۇنىڭدىكى بەدى-
ئىي ماھارەت ئىمكانىيەتلىرىنى تولۇق ئېچىش ھەم بەدىئىي ئىجا-
دىيەت جەھەتتە جاپالىق ئەمگەك قىلىش زۆرۈر ئىدى. لېكىن،
نەۋايى ئۆزىنىڭ يۈكسەك مىللىي غۇرۇرىغا، قورقۇش ۋە بىپەرۋا-
لىقتىن خالىي تەبىئىتىگە تايىنىپ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتە-
لەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

نەۋايى تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا
توپلانغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكى، ئاتايى، سەك-
كاكى، لۇتفى، خارەزمى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە نەز-
مىي ئىپادىسىنى تاپقان ئەنئەنىلىرى ۋە خەلق تىلى ئۈستىدە قې-

تىرقىنىپ ئىزدەندى ھەم ئىزدەنگەنسېرى تېخىمۇ غۇرۇرلىنىپ، ئۆز ئىرادىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. نەۋايى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىراتىنى مۇنداق يازىدۇ: «ئەقىل يېشىغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا تەبىئىتىمگە بەخشەندە قىلغان غارايىپچانلىق، ئەستايىدىللىق ۋە مۇشكۇلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىن ئارتۇق بىر ئالەم نامايان بولدى، مەن ئۇ يەردە توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇ - زىننەت ئاسمىنىنى كۆردۈم، دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇلالىق بىر يۈكسەكلىك ۋە بۈيۈكلۈك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن گۈلشەنىگە يولۇقتۇم. ئۇنىڭ ھەرىمى ئەتراپىغا ئادەم ئايىغى يەتمىگەن، غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەنىدى. ئەمما خەزىنىسىنىڭ يىلانلىرى دەھشەتلىك، گۈلشەنىنىڭ تىكەنلىرى سانسىز ئىدى. مەن ‹سەنئەت ئەھلىنىڭ دانالىرى مۇشۇ يىلانلارنىڭ ئۆتكۈر نەشتىرىدىن قورقۇپ، بۇ خەزىنىلەردىن بەھرىمەن بولالماي ئۆتۈپتۇ، نەزم قوشۇنىنىڭ گۈلدەستىچىلىرى مۇشۇ تىكەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، بەزمىگە لايىق گۈل ئۈزەلمەي كېتىپتۇ، دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ يۈكسەك ئىرادەم، قورقۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئىتىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشىمگە يول قويمىدى، مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم، تالانتىم لەشكەر بولۇپ، بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى، خىيالىم قۇش بولۇپ، بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى، دىلىم سەرراپ بولۇپ، بۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى، كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ، بۇ گۈلشەن رەيھانزارىدىن چەكسىز خۇش پۇراق گۈللەرنى يىغدى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ، ئەلىشىر نەۋايى چاغاتاي تىلىنىڭ مول لېكسىكىلىق بايلىقىنى، فونېتىكىلىق، گراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ماھارەت ئىمكانىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، بۇ تىل بىلەن شۇ دەۋرنىڭ شاھ ئەسەرلىرى بولغان «خەزائىنۇل مەئانى» (چاردىۋان) ، «خەمسە» قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى ھەم «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق بۇ تىلشۇناسلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. نەۋايىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە چەكسىز ئىپتىخار بېغىشلاپ، يالغۇز پارسىيگويلارنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرق، پۈتۈن دۇنيانى قايىل قىلغان بۇ ئەسەرلىرى چاغاتاي تىلىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىنى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىنى قوغداپ قېلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بۇ تىل بىلەن بۇ ئەدەبىياتنى يۈكسەك بىر پەللىگە چىقىرىپ، پۈتۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، نەۋايى ئەسەرلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدرىسە ـ مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم بىر دەرسلىكىگە ئايلىنىپ، چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى ۋە راۋاجلىنىشى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلەرى ئىچىدىن چىققان شائىرلار ئەۋلادمۇئەۋلاد نەۋايى ئىزىدىن مېڭىپ، چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىنى تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشتۇردى. غەربىي تۈركىي تىل ۋە شىمالىي تۈركىي تىلنى ئەدەبىي تىل قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر، شۇنىڭدەك شەرقتىكى باشقا خەلق زىيالىيلىرىمۇ نەۋايى ۋەكىللىكىدىكى بۇ تىل بىلەن بۇ ئەدەبىياتنى سۆيۈپ ئۆگەندى ۋە مۇشۇ ئېھتىياج ئۈچۈن چاغاتاي تىلىغا، بولۇپمۇ نەۋايى ئەسەرلىرىگە بېغىشلانغان نۇرغۇن لۇغەت ۋە گراماتىكا قوللانمىلىرى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۈزۈلگەن «بەداية-

ئۇل لۇغەت» ناملىق چاغاتايچە ـ پارسچە لۇغەت، 16 ـ ئەسىردە تۈزۈلۈپ، كېيىن «ئابۇشقا» دەپ ئاتالغان چاغاتايچە ـ ئوسمانلىچە لۇغەت ۋە باشقىلار.

نەۋايى قوغدىغان ۋە يۈكسەلدۈرگەن چاغاتاي تىلى نۇرغۇن جەھەتلەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئاساس بولۇپ ئۇنى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن زىچ باغلاپ تۇرماقتا؛ بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەۋايىدىن كېيىنكى ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نەۋايىنى پىر ـ ئۇستاز تۇتۇپ، چاغاتاي ئەدەبىياتىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىچە ئېلىپ كەلدى؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىم شېھىد، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ شائىرلارنىڭ نەۋايى ۋەكىللىكىدىكى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە بىۋاسىتە ۋارىسلىق قىلىپ يېتىلگەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ؛ بىزنىڭ كلاسسىك مۇزىكا بايلىقىمىز بولغان 12 مۇقام ناخشىلىرىنىڭ تولىسى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان نەۋايى غەزەللىرى بىلەن ياڭراپ كەلدى. مانا بۇلارنى ئويلىساق، نەۋايى تۆھپىسىنىڭ بىز ئۈچۈن تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

نەۋايىنىڭ بۇ رىسالىسى بىزگە چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى بىلەنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ نەۋايىنىڭ بۇ ئەسەردە چاغاتاي تىلىدىكى قاپىيە ئىمكانىيەتلىرىنى بايان قىلىپ، چاغاتاي يېزىقىدىكى «ۋاۋ» (و) ھەرپىنىڭ «ئوت» (كۆيىدىغان ئوت)، «ئۆت» («ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى)، «ئۇت» («ئۇتماق» پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى)، «ئۈت» («ئۈتلىمەك» پېئىلىنىڭ يىلتىزى) سۆزلىرىنىڭ تەركىبىدە كەلگىنىدەك تۆت خىل لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشقا ۋەكىللىك

قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى چاغاتاي تىلىدىمۇ خۇددى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكىگە ئوخشاش تۆت خىل لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىنتايىن ئېنىق ھەم بىردىنبىر پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، نەۋايى ئۆز رىسالىسىدە چاغاتاي تىلىنى پارس تىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىككى تىلنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئەمەس، بەلكى چاغاتاي تىلىنىڭ پارس تىلىغا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان نۇقتىلىرىنىلا نەزەردە تۇتىدۇ. مۇنداق قىلىش ئانچە مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ رىسالە «پارس تىلى تۈركىي تىلدىن ئەۋزەل» دەپ تونۇلۇپ كەتكەن شارائىتتا شۇ خىل تونۇشقا رەددىيە بېرىش نۇقتىسىدىن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن، نەۋايى كۆرسەتكەن شۇ نۇقتىلارغا ئاساسلىنىپ «تۈركىي تىل پارس تىلىدىن ئەۋزەل» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ، چۈنكى، ئەتراپلىق سېلىشتۇرۇلسا، پارس تىلىنىڭ تۈركىي تىلدىن ئەۋزەل جايلىرىمۇ تېپىلىدۇ. خالىس مەيداندا تۇرۇپ ئېيتقاندا، تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلى بىر ـ بىرىدىن قالىدىغان تىللار ئەمەس. نەۋايىنىڭ تۆھپىسى دەل تۈركىي تىلنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، «پارس تىلى تۈركىي تىلدىن ئەۋزەل» دېگەن تونۇشقا كۈچلۈك رەددىيە بەرگەنلىكىدە.

نەۋايىنىڭ بۇ رىسالىسىگە ھازىرقى كۆز بىلەن نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا دەۋر چەكلىمىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى نۇقسان، ھەتتا خاتا كۆزقاراشلارنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرىمىز. ئەسەرنى ئوقۇغاندا مۇنداق نۇقتىلارغا تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك.

# زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ۋە ئۇنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا•

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483-1530) چاغاتاي تىلى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ زور ئىلمىي قىممىتى بىلەن دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان «بابۇرنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى.

بابۇر ئاقساق تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇ سەئىد مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى سۇلتان مۇھەممەد مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى مىرانشاھ مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئاقساق تۆمۈردۇر. بابۇر ئانا تەرەپتىن يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان ۋە مەشھۇر «تارىخى رەشىدى» نىڭ يازغۇچىسى مىرزا ھەيدەر بىلەن بىر نەۋرە بولىدۇ. چۈنكى، بابۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خانىم، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى سۇلتان ئەخمەدخان، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئانىسى خۇبنىگار-خانىم ھەممىسى چاغاتاي ئەۋلادىدىن يۇنۇس خاننىڭ بالىلىرى ئىدى.

بابۇر 1494 - يىلى 12 ياش ۋاقتىدا ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ تاسادىپىي ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن پەرغانە پادشاھى بولىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن تۆمۈر نەسلىدىن بولغان مىرزىلارنىڭ

---

• بۇ ماقالە 1992 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «بابۇرنامە» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنىڭ بېشىغا بېرىلگەن تەرجىمە مۇقەددىمىسى بولۇپ، بۇ ماۋزۇ مەزكۇر توپلامنى نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلغان.

ھەرقايىسسى ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان يەرلەردە ئۆزلىرىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆزئارا زېمىن ۋە ھاكىمىيەت تالىشىش جەڭلىرىنى ئەۋجىگە چىقارغان، چاغاتاي نەسلىدىن بولغان خانلارمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىشكە تىرىشىۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزبېك خانى شەيبانىخان كۈندىن-كۈنگە زورىيىپ، مىرزىلار ۋە خانلار قولىدىكى زېمىنلارغا چاڭ سېلىۋاتقان دەۋر ئىدى. ياش بابۇر تەختكە چىقىشى بىلەنلا پەرغانە ۋىلايىتىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ پارچىلانغان دۆلىتىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بەل باغلىغان ياش بابۇر يالغۇز پەرغانىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەنلا قالماستىن، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ قەدىمكى پايتەختى بولغان سەمەرقەندنى ئېلىش يولىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ 1499 - يىلى بىر قېتىم، 1501 - يىلى يەنە بىر قېتىم سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچى قېتىمدا پەرغانىدە ئىسيان يۈز بەرگەنلىك سەۋەبىدىن، ئىككىنچى قېتىمدا ياردەمسىز قېلىپ شەيبانىخانغا تەڭ كېلەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن، چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاخىرىدا شەيبانىخانىنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلى ماۋەرائۇننەھردە پۇت تىرەپ تۇرالماي، 1504 - يىلى ھىندۇقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، كابۇل ۋە غەزنىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇ كابۇل پادشاھى بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تۈردە شەيبانىخان بېسىۋالغان جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش كويىدا بولىدۇ. بابۇر 1506 - يىلى خۇراسانغا بېرىپ، ھىراتنى زىيارەت قىلىدۇ ۋە سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىكتە شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، لېكىن مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. ئۇ 1511 - يىلى ئىسمائىل شاھنىڭ ياردىمى بىلەن ھىسار، بۇخارا، سەمەرقەند، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى ئالغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ

قىلىنىپ، 1513 ـ يىلى كابۇلغا قايتىپ كېلىدۇ.

ھىندۇقۇشنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈرىيلەر زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن بابۇر ئۆزىنىڭ كابۇلنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىدۇ ۋە 1519 ـ يىلىدىن باشلاپ بىرقانچە قېتىم لەشكەر تارتىپ، ھىندىستاننىڭ بەزى يەرلىرىنى ئىگىلەيدۇ. 1526 ـ يىلى — بەشىنچى قېتىمدا 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن سىند دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەنىپەتتە سۇلتان ئىبراھىم لۇدىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، دېھلى ۋە ئەگرەنى ئىشغال قىلىدۇ، ئارقىدىنلا 1527 ـ يىلى مارتتا كانۋاھادا راناسەنگا باشچىلىقىدىكى راي ۋە راجەلەرنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلىدۇ. 1528 ـ ۋە 1529 ـ يىللىرى يەنە بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن شىمالىي ھىندىستاننى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ 1526 ـ يىلى دېھلى ۋە ئەگرەنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇشى بىلەن ھىندىستاندا تاكى 1761 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرۈپ، تارىختا «ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتالغان ئىمپېرىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىدۇ. بابۇر 1530 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھىندىستاندا ۋاپات بولىدۇ.

بابۇر بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ 12 يېشىدىن باشلاپ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك جەڭ ۋە ھەربىي يۈرۈش بىلەن ئۆتكەن مۇشۇ تىنىمسىز ۋە ئۆزگىرىشچان، بەزىدە ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆزى قاتناشقان ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەقەلەرنى، ھېس ـ تۇيغۇ ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ھەم باشقا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ بايانلار بابۇردەك بىر مەشھۇر پادىشاھ ۋە ھەربىي قوماندان، شۇنداقلا يېتىلگەن بىر ئەدىب ۋە ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر بىلىملىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر شەخسنىڭ بايانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارنىڭ شۇ دەۋردىكى سىياسىي ۋەزىيىتى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ھەربىي تۈزۈملىرى، تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان مىرزىلارنىڭ، چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خانلارنىڭ، ئۆزبېك خانى شەيبانىخاننىڭ، ھىندىستاندىكى پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، بولۇپ ئۆتكەن جەڭلەر ۋە بۇ جەڭلەردە تۈزۈلگەن سەپ، قوللىنىلغان تاكتىكا، ئىشلىتىلگەن قورال ـ ياراغلار ۋە باشقىلار توغرۇلۇق تەپسىلىي، مەزمۇنلۇق ھەم ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئىگە قىلىدۇ.

بابۇر بۇ ئەسەردە يەنە ھەممىگە قىزىقىدىغان زېھىنلىك بىر سەيياھ ۋە ئەستايىدىل بىر تەتقىقاتچى سۈپىتىدە پەرغانە، سەمەرقەند، ھىرات، كابۇل، غەزنى، ھىندىستان قاتارلىق ئۆزى تۇرغان ۋە بارغان جايلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، جۇغراپىيىسى، تەبىئىي شارائىتى، ئىقلىمى، ھايۋانات ـ گىياھلىرى، بايلىقلىرى، ئاسارئەتىقىلىرى، گۈزەل يەرلىرى، مەشھۇر ئادەملىرى، خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبىي، مەدەنىي ھاياتى، ئەنئەنىلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىن ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە قىزىقارلىق بىلىملەرنى بېرىدۇ.

ئەسەرنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، بابۇر ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ۋە بەزى چاغلاردىكى چۈشكۈن ھالەتلىرىنىمۇ يوشۇرۇپ قالمايدۇ، مۆرىتى كەلگەندە دۈشمەنلىرىنى ماختايدۇ، دوستلىرىنى، تۇغقانلىرىنى رەھىمسىز پاش قىلىپ قامچىلايدۇ. مانا بۇ نۇقتىلار كىشىنىڭ ئەسەردە بايان قىلىنغان ئاساسىي ۋەقەلەرنىڭ چىنلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، بابۇر يېتىلگەن بىر ئەدىب ۋە بىلىمى

كەلگ بىر ئالىم بولۇش بىلەن بىللە، چىڭگىزخان ۋە ئاقساق تۆمۈر ئەۋلادلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان فېئودال ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ سادىق بىر ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي كۆزقارىشى ئەلۋەتتە شۇ تەبىقىنىڭ مەيدانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ ئۆمۈر بويى شۇ تەبىقىنىڭ غايە ۋە دەستۇرى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىدۇ. بابۇر بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەرىكىتىنى، جۈملىدىن ئەمىرىگە بويسۇنمىغان ياكى سېلىق تۆلەشتە رايىش بولمىغان ئاھالە ۋە قەبىلىلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىقلىرىنى، ھەتتا ئادەم كاللىسىدىن مۇنار تۇرغۇزۇشتەك ئىشلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تەبىئىي قىلمىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى قاتارىدا بايان قىلىدۇ، بەزىدە مۇنداق قىر-غىنچىلىقلاردىن يىرگەنگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن يەنە داۋاملاشتۇ-رىدۇ ۋە مۇنداق ئىشلارنى پادىشاھلار ئۈچۈن راۋا ھېسابلايدۇ. دېمەك، «بابۇرنامە» بابۇردىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ شەخسنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق باھا بېرىشتىمۇ تېپىلغۇسىز بىر ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«بابۇرنامە» ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي يېڭىچە بىر خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان نەسرىي ئەسەر بولۇش بىلەن چاغاتاي ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئەسەردە شۇ دەۋر ئەسەرلىرىدە دائىم كۆرۈلىدىغان ھەشەمەتلىك ئىبارىلەر، تەكەللۇپلۇق تەسۋىرلەر ۋە چۈشىنىش تەس بولغان ئېغىر جۈملە-لەر كۆزگە چېلىقمايدۇ، بەلكى ئىشنىڭ نەق ئۆزى، مەقسەتنىڭ نەق ئۆزى ساددا ئىبارە ۋە يەڭگىل جۈملىلەر بىلەن بايان قىلىنى-دۇ. بۇ دەل بابۇر تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇسلۇب ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى ھۇمايۇنغا يازغان بىر خېتىدە ئوغلىنىڭ «خەتنى تەكەللۇپ بىلەن يازىمەن» دەپ مەنىنى چۈشىنىكسىز قىلىپ قويىدىغان ئادىتىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگىمۇ ھەم ئوقۇغۇ-چىغىمۇ جاپا سالماسلىق ئۈچۈن خەتنى ساددا سۆزلەر بىلەن يې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـزىشقا ئۇندەيدۇ. («بابۇرنامە» نىڭ ئەسلىي تېكىست بويىچە ب 349 ـ بېتىگە قارالسۇن.)

«بابۇرنامە» ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە ئىران قاتارلىق جايلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتىنى مول ئىشەنچلىك بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان تەڭداشسىز ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللىبۇرۇنلا دۇنيادىكى شەرقشۇناس ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۇنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى «ئاسىيادىكى ئەسەرلەر ئىچىدە بىردىنبىر بولمىسىمۇ، ئەڭ تاڭسۇقى»،① «ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللار ئېنسىكلوپېدىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە»،② «دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر»③ دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ماختىغان.

ھازىر «بابۇرنامە» تېكىستىنىڭ نەشر قىلىنغان ئىككى خىل نۇسخىسى بولۇپ، بىرى قازان نۇسخىسى، يەنە بىرى ھەيدەراباد نۇسخىسىدۇر. قازان نۇسخىسىنى ن. ئى. ئىلمىنىسكى بۇخارادىن تېپىلغان بىر قول يازمىغا ئاساسەن 1857 ـ يىلى قازاندا نەشر قىلدۇرغان. ھەيدەراباد نۇسخىسىنى ئەنگلىيىلىك ئا. بېۋېرىج ھەيدەرابادتىن تېپىلغان بىر قول يازما بويىچە 1905 ـ يىلى لوندوندا سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئەينەن نەشر قىلدۇرغان. ئا. بېۋېرىج بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىرقانچە خىل قول يازمىلىرى تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر بولسا بەكمۇ تولۇقسىز، بىر بولسا بەكمۇ خاراب ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە

---

① رۇسسى: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى ـ تارىخى رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 3 ـ بەت.

② شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گراماتىكىسى»، س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1962ـ يىلى رۇسچە، 44 ـ بەت.

③ «قىسقىچە برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى». جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 404 ـ بەت.

تاشكەنتتە يۇقىرىدىكى ئىككى خىل نۇسخىغا ئاساسەن 1948 ـ، 1960 ـ ۋە 1989 ـ يىللاردا سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۆزبېك يېزىقى بىلەن ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىمۇ بار. ئەسەرنىڭ ھەر خىل تەرجىمىلىرىگە كەلسەك، بۇ ئەسەر ھىندىستان موغۇل خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىلا پارسچىغە تەرجىمە قىلىنغان؛ 1826 ـ يىلى پارسچە تەرجىمىسى-گە ئاساسەن ئىنگلىزچىغا، 1828 ـ يىلى ئىنگلىزچە تەرجىمىسى-گە ئاساسەن نېمىسچىغا، 1871 ـ يىلى قازان نۇسخىسىغا ئاسا-سەن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنغان؛ 1921 ـ يىلى ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ تۈزىتىلگەن يېڭى نۇسخىسى نەشر قىلىنغان ۋە 1922 ـ يىلى ئا. بېۋېرىج تەرىپىدىن ھەيدەراباد نۇسخىسى ئاسا-سىدا قايتا ئىشلىنىپ نەشر قىلدۇرۇلغان؛ 1940 ـ يىلى تۈركى-يە ئالىمى رەشىت رەخمەتى ئارات تەرىپىدىن ھەيدەراباد نۇسخىسى-غا ئاساسەن تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنغان؛ 1960 ـ يىلى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئەسەرگە بېرىلگەن «بابۇرنامە» دېگەن بۇ نام ئەسەرنىڭ «ۋاقىئە نامە»، «تۈزۈكى بابۇر»، ۋاقىئاتى بابۇر» دېگەن ناملى-رى بىلەن تەڭداش قوللىنىلىپ، كېيىن بىرقەدەر ئومۇملاشقان نامدۇر. بابۇرنىڭ ئۆزى بۇ ئەسەرنى «ۋەقايىي» (ۋەقەلەر) دەپ ئاتىغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەسەرنىڭ 1987 ـ يىلى نەشر قىلىن-غان تۈركچە تەرجىمىسىگە «ۋەقايىي» دېگەن رەسمىي نام ۋە «بابۇر خاتىراتى» دېگەن قوشۇمچە نام بېرىلگەن.

بۇ يەردە ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىشنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەسەردە يىل تەرتىپى بويىچە قىلىنىۋاتقان بايانلارنىڭ ھىجرىيە 908 ـ يىلى ئوتتۇرىسىدىن 909 ـ يىلى ئاخىرىغىچە، ھىجرىيە 914 ـ يىلى بېشىدىن 924 ـ يىلى ئاخىرىغىچە ۋە ھىجرىيە 926 ـ يىلى سەپەر ئېيىدىن 932 ـ يىلى سەپەر ئېيىغىچە بولغان قىسىملىرى كەم قالغان. بۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممىسىنى قوشقاندا، بابۇرنىڭ 36 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بۇ ئەسەرنىڭ 18 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقا دائىر قىسمى كەم قالغان بولىدۇ. بۇ كەم قالغان جايلار، بولۇپمۇ ھىجرىيە 914 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن 924 ـ يىلى ئاخىرىغىچە بولغان قىسمى توغرۇلۇق تەتقىقاتچىلار ئىچىدە باشقىچە بەزى مۇلاھىزىلەر بولسىمۇ، لېكىن «ئەسەرنىڭ دەسلەپكى قول يازمىسىنىڭ تاسادىپىي زىيانغا ئۇچرىشى بىلەن ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى قىسىملىرى يوقىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك» دېگەن پەرەز ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ كەم قالغان قىسمىغا دائىر ۋەقەلەرنى مۇشۇ ئەسەردىكى بەزى بايانلارغا ۋە «ھۇمايۇننامە»، «تارىخى رەشىدى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرگە ئاساسلىنىپ بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، ئەسەرنىڭ 908 ـ يىلىنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان قىسمىدا ئەسلىي تېكىست بويىچە ب 110 ـ ۋە 111 ـ بەتتىكى «تەنبەل شەيباقخاننىڭ قېشىغا ئاغىسى بەگ تىلبەنى ئەۋەتىپ. . .» دېگەن يەردىن «تەنبەل خانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مەرغىنانغىچە كەلدى» دېگەن يەرگىچە بولغان بىر بۆلەك تېكىست بىلەن ئەسلىي تېكىست بويىچە 120 ـ بەتتىكى «ھەر تەرەپكە تارقىغان نۆكەرلىرىم يىغىلدى» دېگەن يەردىن «خۇراسانغا كەتمەكچى بولۇپ، ئاتلىنىپ چىقتىم» دېگەن يەرگىچە بولغان بىر بۆلەك تېكىست مەزمۇن جەھەتتىن ھازىرقى ئورنىغا ماس كەلمەيدۇ. بۇ ئەھۋالنى مۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇ:

1. ئەسەرنىڭ 908 ـ يىلىغا ئائىت يوقالغان قىسمىنىڭ بىر بۆلىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرىنچى بۆلەك تېكىستنىڭ ئالدىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەندجاننىڭ ئىككى خان تەرىپىدىن ئېلىنغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

2. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى بۆلەك تېكىستنىڭ ئارىلىقى-

ـدىكى توققۇز يېرىم ۋاراق (19 بەت) تېكىست ئەسەرنىڭ 908 ـ يىلىنىڭ بىر قىسمى ۋە 909 ـ يىلىغا ئائىت يوقالغان قىسمىنىڭ پارچىلىرى بولۇپ، توپلانغاندا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

«بابۇرنامە» نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ تەرجىمىسى ئا. بېۋېرىج سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئەينەن نەشر قىلدۇرغان هەيدەراباد نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىشلەندى. ئىش جەريانىدا ئەسەرنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدىن ۋە تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ترانسكرىپسىيىلىك نۇسخىسىدىنمۇ پايدىلاندۇق. تەرجىمىدە ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا ئالاهىدە ئەهمىيەت بەردۇق، جۈملە شەكىللىرىنى، سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئەينەن ئېلىش ئىمكانىيىتى بولسىلا ئەينەن ئالدۇق. بەزى سۆز ـ ئىبارىلەرگە هاشىيىدە قىسقىچە ئىزاھ بەردۇق.

تەرجىمە تېكىستىدە كۆرۈلىدىغان تىرناق ئىچىدىكى نومۇرلار ئەسلىي تېكىستىنىڭ (نەشر قىلىنغان هەيدەراباد نۇسخىسىنىڭ) بەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ. نەشر قىلىنغان هەيدەراباد نۇسخىسىنىڭ بەت نومۇرى ئا. بېۋېرىج تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇپ، ئۇ هەربىر ۋاراقنىڭ ئالدىنقى بېتىگىلا نومۇر قويۇپ، كېيىنكى بېتىگە نومۇر قويمىغان. بىز تەرجىمە تېكىستىدە بۇ ئىككى بەتنى بىر خىل نومۇر بىلەن كۆرسىتىپ ئىككىنچى بەتنىڭ نومۇرىغا «ب» هەرپىنى قوشۇپ قويدۇق. مىسال ئالساق، تەرجىمە تېكىستىدىكى (15) نومۇرى ئەسلىي تېكىست بويىچە 15 ـ ۋاراقنىڭ ئالدىنقى بېتىنى كۆرسەتسە، (ب 15) نومۇرى شۇ ۋاراقنىڭ كېيىنكى بېتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاخىرىدا، ئىش جەريانىدا پايدىلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا رەهمەت ئېيتىمىز. سەۋىيىمىز ئىنتايىن چەكلىك بولغانلىقى هەم قولىمىزدا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، 16 ـ ئەسىردە يېزىلىپ، شۇنچە كەڭ زېمىننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالى بايان قىلىنغان ۋە كۆچۈرۈلگەن قول
يازمىسىنىڭ ئىملاسىدا بىرمۇنچە ئېنىقسىزلىقلار بولغان بۇ ئە-
سەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى «نۇقسان-
سىز بولدى» دەپ ئېيتىش ناھايىتى تەس، مەيلى سۆز - جۈملە-
لەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بەزى خاس
ئىسىملارنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدە بولسۇن ياكى بېرىلگەن ئىزاھ-
لاردا بولسۇن، خاتا كەتكەن جايلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كىتاب-
خانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى سەمىمىي قارشى ئالىمىز.

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى يېڭى بۆسۈش*

جاۋ مىڭمىن

مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىلشۇناسى، پروفېسسور خەمىت تۆمۈرنىڭ يېڭى ئەسىرى «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» (مورفولوگىيە) (تۆۋەندە قىسقارتىپ «مورفولوگىيە» دەپ ئاتىلىدۇ) 1987 ـ يىلى ئىيۇلدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«مورفولوگىيە» نىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشىنى «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى تەتقىقاتىدىكى زور بۆسۈش» دېيىشكە بولىدۇ. بۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى تىل هادىسىلىرى سىستېمىلىق تەسۋىرلەنگەن.

بىزگە مەلۇمكى، بىر خىل تىلنى تەسۋىرلەش شۇ خىل تىلغا بولغان بىلىش ئاساسىدا بولىدۇ، يەنى مەلۇم بىر تىلغا بولغان بىلىش قانچە چوڭقۇر، قانچە ئىنچىكە بولسا، ئۇنى تەسۋىرلەشمۇ شۇنچە ئەتراپلىق، شۇنچە سىستېمىلىق بولىدۇ. بىز شۇنداق قارايمىزكى، «مورفولوگىيە» بولسا ئىلمىي گراماتىكا ئاساسىدا

* ئەسلىي خەنزۇچە يېزىلغان بۇ ماقالە خەنزۇچە «تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى» نىڭ 1988 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن راخمان خانبابايېۋ تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرغۇزۇلغان تەسۋىرىي خاراكتېرلىك مەخسۇس ئەسەر. قىلچە مۇبالىغە قىلماستىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىنى مورفولوگىيە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلغان بۇ مەخسۇس ئەسەرنىڭ سىستېمىلىقلىقى ۋە ئەتراپلىقلىقىنى ئالساقلا ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى شۇ خىل ئەسەرلەردە تېخىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئىلگىرى بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئەمەلىيىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تەسۋىرلەشكە ئېتىبار بەرمەدۇق، بارلىق تىل ھادىسىلىرىنى ئەتراپلىقراق خۇلاسىلىمىدۇق. قارىماققا قالايمىقان، تەرتىپسىزدەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەمەل قىلىدىغان قائىدىسى بولغان نۇرغۇن تىل ھادىسىلىرىنى چۈشۈرۈپ قويغاندۇق. بىز شۇنداق تونۇيمىزكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكا سىستېمىسىغا بولغان تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەتراپلىق، تەسۋىرىي خاراكتېرلىك بولغان مەخسۇس گرامماتىكا ئەسىرىنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. «مورفولوگىيە» دەل بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ بىزنى زور مىقداردىكى تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇنىڭ قىممىتى مانا مۇشۇ يەردە ئىپادىلىنىدۇ.

2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكا سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى بىرلىكلەرگە بولغان سىستېمىلىق تەتقىقات ئەتراپلىق تەسۋىرلەش ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان.

ئاپتور «مورفولوگىيە» دە تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ نۇرغۇنلىغان تىل ھادىسىلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلغان. ئومۇمىي تىل ھادىسىلىرىنى ئابستراكت فورمۇلاغا كۆتۈرۈپ ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ، بىر پۈتۈن گرامماتىكىلىق بىرلىكلەرنى تۇرغۇزغان ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ گرامماتىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرىنى تەپسىلىي شەرھلىگەن. ئەمما، گرامماتىكا سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى بىرلىكلەر يەككە ـ يېگانە، يالغۇز مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسى-

لەر بولماستىن، بەلكى سىستېمىلىق بىرىكىشتە تۇرغۇزۇلغان ئوخشىمىغان گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ بىر - بىرىنى شەرت قىلىش، ئۆزئارا بېقىنىش فۇنكسىيىسىنىڭ جايلىشىشىدىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا گىرامماتىكا سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى بىرلىكلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ. مەسىلەن، «مورفولوگىيە» دىكى گىراماتىكىلىق بىرلىكلەرگە بولغان تەتقىقاتتا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بىلەن سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچىنىڭ پەرقى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. ئىلگىرى ئىلمىي ساھەدىكىلەر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بىلەن سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئوخشاش بولمىغان كاتېگورىيىنى ياخشى ئايرىيالمىغانلىقتىن، ئىسىملارنىڭ كېلىش مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇنازىرە كېلىپ چىققانىدى. ئەمەلىيەتتە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بىلەن سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچىغا بولغان بىلىش پەقەت كېلىش مەسىلىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئىزچىللىشىشى كېرەك. خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى سىنتېتىك بولۇشمۇ، ئانالىتىك بولۇشمۇ مۇمكىنلىكىنى، ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا بۇ جەھەتكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىسى تەتقىقاتىدىكى زور بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

3. پېئىل سىستېمىسى تەتقىقاتىدىكى زور بۆسۈش.

پېئىل سىستېمىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىسىنىڭ مەركىزى بولغانلىقتىن، ئەزەلدىن تارتىپ ھەرقايسى ئىلمىي ئېقىملارنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەندى. «مورفولوگىيە» دىكى پېئىلغا بولغان تەتقىقات ئىنچىكە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چوڭقۇر ۋە ئالاھىدە بولۇپ، ئاپتورنىڭ پۇختا نەزەرىيە ئاساسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرىنىڭ قۇرۇلمىلىرى، رولى ۋە جايلىشىشىغا ئاساسەن، ئاپتور پېئىللىنى پېئىلنىڭ خەۋەر شەكلى، پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكلى ۋە پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكلى دېگەن تۈرلەرگە ئايرىپ، پېئىل سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى رەتكە سالدى. بۇ خىل تۈرگە ئايرىش پېئىلنىڭ ئۆز سىستېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە پېئىل سىستېمىسىدىكى مورفولوگىيىلىك شەكىل بىرلىكلىرى بىلەن باشقا مورفولوگىيىلىك شەكىل بىرلىكلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «مورفولوگىيە» دە يەنە ئوخشىمىغان مورفولوگىيىلىك شەكىللەر ئارىسىدىكى قاتلاملارنى ئايرىشقا دىققەت قىلىنغان. مەسىلەن، مەيل بىلەن ھال - زاماننىڭ مۇناسىۋىتى، ھال بىلەن زاماننىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار. يەنە مەسىلەن، ئاپتورنىڭ پېئىلنىڭ بايان مەيلى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇ سۆز ئاخىرىدىكى بىر قاتار قوشۇمچىلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىش رولىغا ئىگە ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۇلار «تۈرلىگۈچى تەركىبلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىر تۈپ پېئىلنى ئوخشىمىغان كونتېكستتا ئوخشىمىغان مەيل تۈسىگە ئىگە قىلىدۇ، يەنى ئوخشىمىغان ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش رولىغا ئىگە قىلىدۇ. پېئىلنىڭ بايان مەيلى يەنە مۇئەييەن شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشىمىغان شەكىل يەنە ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان سىمانتىكىلىق مەنە ۋە مەزمۇننى مەيل جەھەتتىن ئۈستىگە ئالغۇچى بولىدۇ، بولۇپمۇ ھېسسىي تۈس جەھەتتىن ئىنچىكە پەرقلىنىدىغان مەيللەر ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگۈچى باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن بەك قىيىن توختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پېئىلنىڭ بايان مەيلىنى تەپ-

سىلىي تەسۋىرلەش ۋە تۈرگە ئايرىش، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى شەرھلەش — ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتقا نىسبەتەن ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رولغا ئىگە. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل سىرتىمى زور دەرىجىدە پېئىلىنىڭ بايان مەيلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا تىللار بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان جەۋھىرى دەل مۇشۇ يەردە.

ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان داڭلىق تىلشۇناسى ۋە ئىنساندشۇناسى خوكېت مۇنداق قارايدۇ: بىر خىل تىلنىڭ گراممatiكا سىستېمىسىنى تۈرغۇزۇش ھەمدە ئۇنى باشقا تىللاردىن پەرقلەندۇرۇشتىكى ئاساسىي مەزمۇن ئۇنىڭ گراممatiكا يادروسىدا بولىدۇ. گراممatiكا يادروسى دېگەندە مۇھىمى تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ: 1، ئۇنىڭ سۆز تۈركۈملىرى سىستېمىسى؛ 2، ئۇنىڭ گراممatiكىلىق كاتېگورىيىلىرى؛ 3، ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك كلاسسىفىكاتسىيىسى؛ 4، ئۇنىڭ قۇرۇلما تىپلىرى ۋە قۇرۇلمىلىرى.

ئەگەر «مورفولوگىيە» نى مۇشۇ بىرقانچە ئۆلچەم بويىچە تەكشۈرگەندە بىز ئاپتورنىڭ گراممatiكا سىستېمىسىنى «بارغانچە مۇكەممەللەشكەن» دەپ قارايمىز. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى مۇنۇلار: زور مىقداردىكى تىل ماتېرىيالىنى ئاساس قىلىپ، مورفولوگىيە نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى ئۇستىدە ئەتراپلىق، ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئوخشىمىغان مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى، فۇنكسىيىسى ۋە جايلىشىشىغا ئاساسەن كلاسسىفىكاتسىيە قىلغان.

ئۇيغۇر تىلى باشقا تۈركىي تىللارغا ئوخشاش مول مورفولوگىيىلىك شەكىللەرگە ئىگە. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ ھىندى — ياۋروپا تىللىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بار، ئەمما ئۇ يەنە خەنزۇ تىلىدىن ناھايىتى زور پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھىندى —

ياۋروپا تىللىرىغا ئوخشىمايدىغان تەرىپى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېپىش-قاقلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا تىل ھادىسىلىرىنىڭ ئوخشى-ماسلىقى مۇقەررەر ھالدا تەتقىقاتتا ئوخشىمىغان نەزەرىيە ۋە ئۇ-سۇللارنى قوللىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چىقىرىلىدىغان نە-تىجىمۇ تەبىئىي ھالدا ئوخشاش بولمايدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئۆزىنىڭ تىل ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەندىلا ئاندىن بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشەلەيدۇ.

بىز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ «مورفولوگىيە» دىن ئىبارەت بۇ مەخسۇس ئەسىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي ساھەدىكى پېشقەدەملەر ۋە كەسپداشلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى-نى ئۈمىد قىلىمىز.

# خەمىت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى*

ئابلىكىم مۇھەممەت، جاۋ مىڭمىن

خەمىت تۆمۈر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، گوۋۇيۈەن ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتى ئىلىم تارماقلىرى بويىچە باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللىي مەسىلىلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇدىرى، جۇڭگو مىللەتلەر تىل - يېزىقى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو مىللەتلەر قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى.

خەمىت تۆمۈر 1931 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىدىقۇت تېغى ئېتىكىدىكى قاراغوجا يېزىسىدا تامچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1939 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1948 - يىلى كۈزدىن 1949 - يىلى 10 - ئايغىچە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە ئوقۇغان ۋە ئوقۇشنى پۈتكۈزمەي تۇرۇپلا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە

* بۇ ماقالە ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتناشقان. كېيىن يەرلىككە ئالمىشىپ كۇچا ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1951 - يىلى 5 - ئايدىن شۇ يىلى 9 - ئايغىچە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىدە بىلىم ئاشۇرغان ۋە ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ، شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىگە كادىرلىققا تەقسىم قىلىنغان. 1954 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1992 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

خەمىت تۆمۈر مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى 38 يىللىق خىزمەت مۇساپىسىدە ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىدىن ئايرىلمىغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تۈركىي تىللار كافېدراسىنىڭ مۇدىرلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان. ئۇ 1953 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1957 - يىلىدىن 1977 - يىلىغىچە بېيجىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. 1958 - يىلى ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن مەملىكەتلىك ياشلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى يىغىنىغا قاتناشقان. 1977 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 11 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. 1979 - يىلى دوتسېنتلىققا باھالىنىپ، 1986 - يىلى پروفېسسورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن.

خەمىت تۆمۈرنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى نەتىجىلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

**1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى جەھەتتە**

خەمىت تۆمۈر بىر يۈرۈش ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلد-

ىدى. ئۇلار مۇنۇلار:

«ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغ‑رىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل‑لارنىڭ بايان رايى توغرىسىدا» («مىللەتلەر تىل ‑ يېزىقى»، خەنزۇچە، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپلىرى توغرىسىدا» (تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە يازغان، ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان)، «يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» (ئۇي‑غۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىللىق 1 ـ سان)، «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكا تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىللىق 3 ـ سان)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدا» («تۈركىي تىللار تەتقىقاتى II»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹دېمەك› پېئىلى توغرىسىدا» (تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە يازغان، «ئۇيغۇر تىلى مەسىلە‑لىرى»، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ‑ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى باستۇرغان، 1984 ـ يىلى)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىللىق 2 ـ سان)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىللىق 9 ـ سان).

1987 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خەمىت تۆمۈرنىڭ 528 بەتلىك مەخسۇس ئەسىرى — «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (مورفولو‑گىيە)» بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىلارنى بىرقەدەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈنجى ئەسەر بولۇپ، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئىلىم ساھەسىنىڭ زور دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

ئەسەردە خەمىت تۆمۈرنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بويىچە ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىدىكى نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي كۆزقاراشلىرى سىستېمىلىق شەرھلەنگەن. بۇ كۆزقاراشلارنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىلى گراماتىكا ئەسەرلىرىدە مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلارنىڭ بەزىلىرى سۆزنىڭ مورفولوگىيەلىك شەكلى قاتارىدا قارالسا، بەزىلىرى سۆزنىڭ مورفولوگىيەلىك شەكلى قاتارىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ. خەمىت تۆمۈر بۇ خىل قۇرۇلمىلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزنىڭ ئانالىتىك شەكلى ھېسابلاپ، مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىلار قاتارىغا كىرگۈزىدۇ ھەم «گراماتىكىلىق رول جەھەتتىن ئالغاندا، مۇستەقىل سۆزلەرگە سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان سىنتېتىك شەكىللەر بىلەن بۇ خىل ئانالىتىك شەكىللەر ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق يوق. ئۇلار ئۆزئارا نۆۋەتلىشىپ، گراماتىكىلىق كاتېگورىيە ھاسىل قىلالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر تىلىدا ئانالىتىك شەكىللەرنىڭ سىنتېتىك شەكىللەرگە ئۆزگىرىشى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسە» دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىلى گراماتىكا كىتابلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىدە ئالتە كېلىش بار دەپ قارىلىدۇ. خەمىت تۆمۈر «بۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىغا خاس كېلىش كاتېگورىيىسى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن» دەپ تونۇيدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى «ـ دىكى، ـ تىكى» قوشۇمچىسىنى، «ـ غىچە، ـ قىچە // ـ گىچە، ـ كىچە» قوشۇمچىسىنى، «ـ دەك، ـ تەك» قوشۇمچىسىنى، «چىلىك، ـ چە» قوشۇمچىسىنى بەلگە قىلغان قۇرۇلمىلارنىمۇ كېلىش كاتېگورىيىسىگە

كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «گورۇن بەلگە كېلىش، چەك كېلىش، ئوخشاتما كېلىش، تەگلەشتۈرمە كېلىش» دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىقمۇ ياسىلىدۇ» دېگەن پرىنسىپ بويىچە، ئىسىم تىركەلمە قۇرۇلمىسى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان ئىسىملارنىڭ بىر يۈرۈش ئانالىتىك شەكىللىرىنى ئاتاپ، ئۇلارنى سىنتېتىك كېلىشلەر بىلەن بىر سىستېمىغا قويىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىدا پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرىنى تەھلىل قىلغاندا، مورفولوگىيىلىك شەكىللەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىمىغان. مورفولوگىيىلىك شەكىللەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىش بولسا مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ بولغان ئۇيغۇر تىلى پېئىللىرى ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈردۇر. خەمىت تۆمۈر پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرىنى «پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى، پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى، پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى» دېگەن ئۈچ تۈرگەن يىغىنچاقلايدۇ. «ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار جۈملىگەن كىرگەندە، يا خەۋەر شەكلىدە كېلىدۇ، يا تۇرغۇن سۆز شەكلىدە كېلىدۇ. خەۋەر شەكلىدە كەلگەنلىرى جۈملىدە خەۋەر ياكى خەۋەر يادروسى بولۇپ، مەيل، شەخس كاتېگورىيىلىرىنى ياكى مەيل، ھال ـ زامان، شەخس كاتېگورىيىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. تۇرغۇن سۆز شەكلىدە كەلگەنلىرى سۈپەتكە ئوخشاش ياكى رەۋىشكە ئوخشاش ياكى ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ ھەم ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس گراماتىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى بىلەن تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى ئورتاق ھالدا پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرىنى ئاساس قىلىدۇ. پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرىدە دەرىجە، بولۇشلۇق، بولۇشسىزلىق، تۇس ـ ھال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كاتېگورىيىلىرى ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، پېئىللار مەيلى خەۋەر شەكلىدە كەلسۇن ياكى تۇرغۇن سۆز شەكلىدە كەلسۇن، جەزمەن پېئىلنىڭ ئۇزەك قىسمىدا ئىپادىلەنگەن دەرىجە، بولۇشلۇق، بولۇشسىزلىق، تۇس - ھال كاتېگورىيىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، خەۋەر شەكلىدە كەلگەن ھەرقانداق پېئىلدا بىر ۋاقىتتىلا دەرىجە، بولۇشلۇق - بولۇشسىزلىق، تۇس - ھال، مەيل، شەخس كاتېگورىيىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك گرامماتىكىلىق مەنىلەر ئىپادىلىنىدۇ، ھەر خىل بايان مەيلىدە كەلگەنلىرىدە يەنە ھال - زامان كاتېگورىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك گرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلىنىدۇ»* دەپ قارايدۇ.

تۆتىنچى، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىدا «ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرنەچچە خىل سۇپەتداش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زامان پەرقى» دەپ قارىلىپ كەلگەن. خەمىت تۆمۈر «ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زامان پەرقى ئەمەس، بەلكى زامانغا نىسبەتەن بىتەرەپ بولغان بىر خىل ھال (تۇر) پەرقى» دەپ ھېسابلايدۇ.

بەشىنچى، ئەنئەنىۋى گرامماتىكا كىتابلىرىدا ئادەتتە پېئىلنىڭ مەيل شەكلى (ياكى راي شەكلى) نى «بايان مەيلى»، «بۇيرۇق مەيلى» ۋە «شەرت مەيلى» دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بەزى گرامماتىكا كىتابلىرىدا «گۇمان مەيلى»، يەنە بەزىلىرىدە «زۆرۈرىيەت مەيلى» دەپ ئايرىيدۇ. خەمىت تۆمۈر «بۇ خىل ئايرىش ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن تولىمۇ يىراق» دەپ قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ مەيل شەكىللىرىنى «بايان مەيلى، بۇيرۇق - تەلەپ مەيلى، پەرەز - قارشىلىق مەيلى، ئارزۇ - تەكلىپ مەيلى، ئارمان مەيلى، ئەپسۇس مەيلى، ئەنسىرەش مەيلى، ئۆتۈنۈش مەيلى، يالۋۇرۇش مەيلى، زۆرۈرىيەت مەيلى» دەپ توققۇز خىلغا بۆلە-

* خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (مورفولوگىيە)»، 238 - بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى 6 - ئاي.

ىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بايان مەيلىنى ئۆز ئىچىدىن يەنە بەش تۈرگە ئايرىيدۇ.

ئالتىنچى، ئەنئەنىۋى گراممـاتىكا كىتابلىرىدا پېئىلنىڭ بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى تەھلىل قىلىنغاندا، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈۋاتقان مەيل ۋە هال (تۈر) كاتېگورىيىلىرى نەزەرگە ئېلىنماي، يەككە زامان نۇقتىسىدىنلا تەھلىل قىلىنىدۇ. خەمىت تۆمۈر بولسا ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان مەيلىنى «يەككە گراممـاتىكىلىق هادىسە بولماستىن، ھەرقايسىسى ئوخشاش بولمىغان هال ـ زامان شەكىللىرىدە ئىپادىلىنىدىغان كۆپ خىل گراممـاتىكىلىق هادىسە» دەپ تونۇپ، ئۇنى يەنە «ۋاستىسىز بايان مەيلى، ۋاستىلىك بايان مەيلى، ئاڭلاتما بايان مەيلى، سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلى، ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلى» دېگەن بەش تۈرگە بۆلىدۇ ۋە بۇلارنىڭ ھەربىرى هال كاتېگورىيىسى بىلەن زامان كاتېگورىيىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن هاسىل بولغان ئاددىي ئۆتكەن زامان، پۈتكەن هازىرقى زامان، پۈتكەن ئۆتكەن زامان، پۈتمىگەن هازىرقى زامان، پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان، ئىزچىل هازىرقى زامان، ئىزچىل ئۆتكەن زامان، مەقسەت هازىرقى زامان، مەقسەت ئۆتكەن زامان قاتارلىق توققۇز خىل هال ـ زامان شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ» دەپ ھېسابلايدۇ.

يەتتىنچى، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىلى گراممـاتىكا كىتابلىرىدا ئادەتتە «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاردا تۈس كاتېگورىيىسى بار» دەپ قارالمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم تىلشۇناسلار ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشداشلار بىلەن ياردەمچى پېئىللارنىڭ بىرىكىشىدىن هاسىل بولغان قۇرۇلمىلارنى «تۈس كاتېگورىيىسىنىڭ گراممـاتىكىلىق شەكلى» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. خەمىت تۆمۈر: «رەۋىشداشلار ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىككەندىن كېيىن يېڭى بىر پېئىلنى هاسىل قىلمايدۇ، سۆز بىرىكمىسىنىمۇ هاسىل قىلمايدۇ. ئۇ لېكسىكىلىق بىرلىكمۇ، سىنتاكسىسلىق بىرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇ ئەمەس، پەقەتلا مورفولوگىيىلىك بىرلىك بولىدۇ. ئۇ رەۋىشداش كۆرسەتكەن ھەربىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل تۈس ئۇقۇملىرىنى ئىپادىلەپ، پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە «لېكىن، يەنە بىرمۇنچە تۈس شەكىللىرى تېخى بىرلا خىل تۈس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجىدە ئابستراكىتلىشىپ، مەخسۇس گرامماتىكىلىق شەكىل تۈسىگە كىرىپ كېتەلمىگەن بولۇپ، ھامان ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە خىل تۈس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا تۈس كاتېگورىيىسى ئۇيغۇر تىلىدا ئاللىقاچان شەكىللىنىشكە باشلىغان، لېكىن تېخى شەكىللىنىپ بولمىغان بىر خىل گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە» دەپ قارايدۇ.*

سەككىزىنچى، ئەنئەنىۋى گرامماتىكا كىتابلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان ياردەمچى پېئىللار تولۇق بايان قىلىنمىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرنەچچىسىنى «تولۇقسىز پېئىل» دەپ ئاتىغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ سىستېمىسى، تىپى، رولى قاتارلىقلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. خەمىت تۆمۈر «ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان بۇ ياردەمچى پېئىللار تۈرغۇن سۆزلەرنى پېئىلنىڭ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن باغلاش رولىنى ئوينايدۇ» دەپ تونۇپ، ئۇلارنى «باغلامچى پېئىللار» دەپ ئاتايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ تۈرى ۋە گرامماتىكىلىق رولىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (مورفولوگىيە)» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ساھەسىنىڭ زور دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، ئۇيغۇرشۇناس-

---

* خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (مورفولوگىيە)»، 394 ـ بەت.

لىق ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، مەشھۇر تىلشۇناس غ. سەئىدۋەقاسوۋ خەمىت تۆمۈرگە يازغان خېتىدە «ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىسى بويىچە تەتقىقاتىڭىز ئۇيغۇرشۇناسلىقتا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. نۇرغۇنلىغان تىل پاكىتلىرىغا قارىتا يېڭىچە كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز، بۇ ناھايىتى ياخشى!»* دەپ كۆرسەتتى ھەم ئىلگىرىلەپ پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن خەمىت تۆمۈرنى ئالمۇتاغا تەكلىپ قىلىپ، تىلشۇناسلار بىلەن ئۇچراشتۇردى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو مىللەتلەر تىلشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو تۈركىي تىللار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تىلشۇناس چېن زۇڭجىن بىر ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازدى: «پروفېسسور خەمىت تۆمۈرنىڭ كىتابىدا يېڭى كۆزقاراشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ‹ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىۋى گىراماتىكىسىنىڭ رامكىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان› دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تىلىدىكى گىراماتىكا مەسىلىلىرىنى تەھلىل قىلغاندا باشقا تىللاردىكى گىراماتىكىلىق ئۇقۇملارنى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆز پېتى قوللىنىشتەك كەمچىلىك تۈزىتىلگەن. ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتى ئاساس قىلىنىپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر تېپىپ چىقىلغان. شۇڭا، پروفېسسور خەمىت تۆمۈرنىڭ نۇرغۇن يېڭى كۆزقاراشلىرى مەملىكىتىمىز ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى خىزمىتىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، كەسىپداشلىرىمىزنىڭ يۇكسەك باھاسىغا ئېرىشتى»**. بۇ كىتاب 1991 - يىلى بېيجىڭ شەھىرى بويىچە پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

---

* غ. سەئىدۋەقاسوۋنىڭ 1990 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خەمىت تۆمۈرگە يازغان خېتىدىن.

** «تۈركىي تىللار تەتقىقات خەۋەرلىرى»، 1991 - يىللىق 3 -، 4 - سان، 5 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى جەھەتتە

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى خەمىت تۆمۈرنىڭ يەنە بىر تەتقىقات ساھەسى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ خەمىت تۆمۈر مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تولۇق كەسىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا، كېيىنچە ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىقات نىشانى قىلغان ئاسپىرانتلارغا بۇ دەرسنى سۆزلىدى ۋە سىستېمىلىق دەرسلىك ئىشلەپ چىقتى. 1986 - يىلى خەمىت تۆمۈر بىلەن ئابدۇرەئوپ پولات بىرلىكتە تۈزگەن «چاغاتاي تىلى» ناملىق كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەر جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مۇشۇ ساھەدىكى ئاشكارا ئېلان قىلىنىپ تارقىتىلغان تۇنجى كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىرقەدەر ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەسۋىرلەپ بېرىلگەن؛ مەزكۇر ئەسەر جەمئىي 430 بەت، ئالتە باب بولۇپ، كىتابتا بېرىلگەن «مۇقەددىمە» دە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەبىرى، شەكىللىنىشى، زامانداش باشقا تۈركىي ئەدەبىي تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات قاتارلىق مەسىلىلەر سۆزلەنگەن. بىرىنچى بابتا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى سۆزلەنگەن؛ ئىككىنچى بابتا، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئەتراپلىق شەرھلەنگەن؛ ئۈچىنچى بابتا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن؛ تۆتىنچى بابتا، قولىيازمىلاردىن ئۆرنەكلەر بېرىلگەن؛ بەشىنچى بابتا، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان ئاي ناملىرى، ئەبجەد، ھىجرىيىنى مىلادىيىگە ئايلاندۇرۇش، مىلادىيىنى ھىجرىيىگە ئايلاندۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان؛ ئالتىنچى بابتا، سۆزلۈك بېرىلگەن. بۇ ئەسەر 1990 - يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى

تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

خەمىت تۆمۈر يەنە ئابدۇرەئوپ پولات بىلەن بىرلىكتە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن ـ ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە» دېگەن ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلاپ، 1988 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇردى. 1982 ـ يىلى ئۇ ئەنۋەر بايتۇر بىلەن بىرلىكتە موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن — مۇزىكانتلار تارىخى» دېگەن ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. خەمىت تۆمۈر يەنە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى دۇنياۋى ئەسەر «بابۇرنامە» نى ئىشلەپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. مەزكۇر ئەسەر بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

### 3. باشقا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەر تەتقىقاتى جەھەتتە

1. خەمىت تۆمۈر ئەدىب ئەخمەت بىننى مەھمۇت يۈكنەكىنىڭ داستانى «ئەتەبەتۇلھەقايىق ـ ھەقىقەتلەر ئىشىكى» نى تۈرسۈن ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلاپ، 1981 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇردى.

2. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «مىللەتلەر»، «تىل ـ يېزىق» دېگەن توملىرىغا پروفېسسور ۋېي سۈيىي بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر تىلى»، «ئۇيغۇر يېزىقى» دېگەن ماقالىلەرنى يېزىپ بەردى.

3. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى لى شياڭ بىلەن بىرلىكتە 300 مىڭ خەتلىك «پارس تىلىدىن ئاساس» دېگەن دەرسلىكنى تۈزۈپ چىقىپ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇردى.

4. «ئائىلە»، «روبىنسون كروزو»، «تاركوچىدا»، «ئا

www.uyghurkitap.com

تەرەپنىڭ ۋەكىلى» ، «سۆڭ لاۋدانىڭ شەھەرگە كىرىشى» ، «يا-
ڭاقنىڭ سىرى» ، «نورما» ، «قانغان ئارزۇ» قاتارلىق رومان -
ھېكايىلەرنى، «دۆڭ سۇنرۇي» ، «ئانا» ، «سۇ يۈرتىنىڭ باھا-
رى» ، «جەنۇبىي ئارالدىكى بوران - چاپقۇن» ، «دەھشەتلىك
دېڭىزدىكى باتۇر قۇش» ، «يايلاق بۈركۈتى» قاتارلىق كىنو سىنا-
رىيىلىرىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى.

# ئاتاقلىق تىلشۇناس، تۆھپىكار مائارىپچى
# — خەمىت تۆمۈر

## ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد

دەۋرىمىزنىڭ تۆھپىكار ئوغلانى، ئاتاقلىق تىلشۇناس، پېشقەدەم مائارىپچى، شىجائەتلىك تەرجىمان خەمىت تۆمۈر ئەپەندى 1931 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىدىقۇت تېغى ئېتىكىدىكى قارىغوجا يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تامچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1939 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1948 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1949 - يىلى 10 - ئايدىن 1950 - يىلى 5 - ئايغىچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان ۋە كېيىن يەرلىككە ئالمىشىپ، 1950 - يىلى 5 - ئايدىن 1951 - يىلى 5 - ئايغىچە كۇچا ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1951 - يىلى 5 - ئايدا سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەلگەن ۋە شۇ يىلى 9 - ئايدا بۇ مەكتەپنىڭ كادىرلىقىغا بەلگىلىنىپ، 1954 - يىلى 11 - ئايغىچە مەزكۇر مەكتەپتە ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا يولداش خەمىت تۆمۈر بىر تەرەپتىن مەكتەپتە سىنىپ

---

• بۇ ماقالە ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 3 - سانىنىڭ «بىزنىڭ ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرىمىز» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كادىرى ۋە ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەخسۇس كادىرى بولۇپ ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئۆزىنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن 1953 - يىلى شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. 1954 - يىلى 11 - ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (ھازىرقى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى) غا يۆتكىلىپ بېرىپ تاكى 1992 - يىلى 4 - ئايغىچە مەزكۇر مەكتەپتە ئىشلىگەن.

ئاتاقلىق تىلشۇناس ھەم پېشقەدەم ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ئەپەندى سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى 38 يىللىق ئالىي مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن تەشكىل تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىغا بېغىشلاپ، بۇ ساھەدە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى ھەم بۇ ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر تىل - يېزىق تەتقىقاتىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە تەتقىقات قوشۇنىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا 1979 - يىلىغىچە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە كافېدرا مۇدىرى، 1979 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1984 - يىلىدىن 1990 - يىلى 9 - ئايغىچە ئىنستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. 1992 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلدى ۋە تاكى 1997 - يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر مەزكۇر كومىتېتنىڭ تەتقىقات بۆلۈمىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىدى.

«مۇۋەپپەقىيەت ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ!» كىچىكىدىنلا

تىرىشچان ھەم ئەمەلىيەتچىل ئۆسكەن خەمىت تۆمۈر مەيلى ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بولسۇن ياكى خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن بولسۇن، تىرىشىپ ئۆگەندى، ئىزدەندى. بولۇپمۇ، ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى ۋە تىل ئىلمى بويىچە ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنى تاماملىدى. ئۇ قانداق مەمۇرىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشىدىن قەتئىينەزەر، باشتىن - ئاخىر ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى، ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى ھەم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئاسپىرانتلارنى تەربىيىلىدى، چەت ئەللىك بىلىم ئاشۇرغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. بولۇپمۇ، ئىنستىتۇتنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە قازاق تىل - ئەدەبىياتى كەسپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە دەرس تۈرلىرى قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۆزى بىۋاسىتە قاتنىشىپ، بۇ كەسپلەرنى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشتى. ھازىر بۇ ئىككى كەسىپ مەزكۇر مەكتەپتىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپلا قالماستىن، بەلكى ماگىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلارنىمۇ يېتىشتۇرەلەيدىغان كۈچلۈك كەسىپكە ئايلاندى.

خەمىت تۆمۈر ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈش جەريانىدا شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گىرامماتىكا كىتابلىرىنىڭ تولىمۇ تولۇقسىزلىقىنى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تولۇق بايان قىلىنمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكىسىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ بۇ تەتقىقاتىغا نەزەرىيىۋى ئاساس ھازىرلاش ئۈچۈن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاتاقلىق تىلشۇناسلارنىڭ گىرامماتىكا نەزەرى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىسىگە ئائىت ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، ھەرقايسى ئېقىمدىكى تىلشۇناسلارنىڭ نەزەرىيە ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرى بىلەن تونۇشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا بىرقەدەر تولۇق يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان تەتقىقاتىنى باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈپ، كەسىپداشلىرىنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنكاس پىكىرلىرىگە ئاساسەن قايتا ـ قايتا تولۇقلىدى ھەمدە «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى توغرىسىدا» قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقالىلىرىنى «تىل ۋە تەرجىمە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا كۆچلۈك تەسىرگە ئىگە نوقتىلىق كەسپىي ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ئىنكاس ۋە پىكىرلەرنى ئاڭلىغان ئاساستا، 1987 ـ يىلى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى (مورفولوگىيە)» ناملىق 528 بەتلىك مەخسۇس ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى. ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى بويىچە بىر قاتار يېڭى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ كىتاب دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۆچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى ۋە بېيجىڭ شەھىرى بويىچە ئىجتىمائىي پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. سابىق قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكى، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور سەيدئىدنۇەقاسوف قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىلشۇناس، ئالىملار خەمىت تۆمۈر ئەپەندىگە خەت يېزىپ بۇ كىتابقا يۇقىرى باھا بەردى. قازاقىستان دۆلەتلىك پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنى ئالمۇتادا زىيارەتتە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەسىپداشلار بىلەن ئىلمىي ئالماشتۇرۇش ۋە لېكسىيە ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى. خەمىت تۆ-

مۇر ئەپەندى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە 1997 - يىلى نەشر قىلىنغان چوڭ ھەجىملىك «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» نى تۈزۈشكە مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى.

خەمىت تۆمۈر ئەپەندى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى، بولۇپمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تۇنجى بولۇپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەسىس قىلدى ۋە «چاغاتاي تىلى» (ئابدۇرەئۇپ پولات بىلەن بىرلىكتە) ناملىق دەرسلىكنى نەشر قىلدۇردى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا تۈزۈلگەن ۋە بۇ ساھەدە تۇنجى بارلىققا كەلگەن بۇ ئەسەر دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى يەنە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ترانسكرىپسىيە، تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇ يەنە 1990 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنى رەسىملىك تونۇشتۇرۇش» دېگەن كىتابنىڭ تەھرىرلىكىگە قاتناشتى ۋە كىتابنىڭ «چاغاتاي يېزىقى» قىسمىنى ئىشلەپ بەردى. ئۇنىڭ تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان «بىزنىڭ چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز» ناملىق ئۇزۇن ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېرىشتى. ئۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان چاغاتاي تىلىدىكى دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر «بابۇرنامە» ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى لى شياڭ خانىم بىلەن بىرلىكتە «پارس تىلىدىن ئاساس» ناملىق ھەم دەرسلىك، ھەم لوغەت رولىنى ئوينايدىغان كاتتا ئەسەرنى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى.

خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە جەھەتتىكى ئەمەگەكلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇ 50 ـ، 60 ـ يىللاردا كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە قاتناشتى. ماۋ دۇن، جياۋ شۇلى، لۇ ۋېنخۇا قاتارلىق خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ «ئوغۇل يىغىنىغا قاتناشتى»، «نورما»، «تار كوچىدا»، «ئا تەرەپنىڭ ۋەكىلى» قاتارلىق نۇرغۇن ھېكايىلىرىنى ۋە شاڭخەي كىنو ستۇدىيىسىدە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان «دۇڭ سۇنرۇي»، «سۇلۇق يېزىدا باھار»، «ئانا»، «يايلاقتىكى باتۇر قۇش» قاتارلىق بىرمۇنچە فىلىملەرنىڭ سىنارىيىلىرىنى تەرجىمە قىلدى. 1978 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇزىكا تەتقىقات ئورنى توپلاپ نەشر قىلغان «شىنجاڭ ئىلى خەلق ناخشىلىرى» نىڭ تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى (خۇ جىنخۇا بىلەن). 1979 ـ يىلى تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق شائىر ۋە تەرجىمانلار بىلەن بىرلىكتە «تىيەنئەنمىن شېئىرلىرى»نىڭ تەرجىمە ـ تەھرىرلىكىگە قاتناشتى. 1978 ـ يىلى باجىننىڭ «ئائىلە» رومانىنى، 1983 ـ يىلى دۇنياۋى مەشھۇر رومان «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كروزو» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى.

تۆھپىكار ئوغلانلارنى خەلق ئۇلۇغلايدۇ، خەلق ئۇلۇغلىغان-
لاردىن تەشكىل سۆيۈنىدۇ. ئۇلار ھامان خەلقنىڭ، تەشكىلنىڭ
ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ: خەمىت تۆمۈر ئەپەندى
1979 - يىلى دوتسېنتلىققا باھالىنىپ، 1986 - يىلى پروفېس-
سورلۇققا ئۆستۈرۈلدى؛ 1959 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە بېيجىڭ
شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى؛ 1977 - يىلى
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەت-
لىك قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى؛ 1981 - يىلدىن
ھازىرغىچە ئۇدا تۆت قارار گوۋۇيۈەن ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتى
پەنلەر بويىچە باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىن-
دى؛ 1998 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي
ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىن-
دى؛ 1980 - يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ،
جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن
مۇدىرى ۋە مۇدىرلىقىغا، جۇڭگو مىللەتلەر قەدىمكى يېزىقلىرى
تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو مىللەتلەر تىللىرى ئىلمىي
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، دۆلەت مىللىي ئىشلار كو-
مىتېتى ئىلىم ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا ۋە مىللىي مەسىلىلەر تەتقى-
قات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى -
مەدەنىيىتى جەمئىيىتى مۇدىرىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا ساي-
لاندى ياكى تەكلىپ قىلىندى؛ 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېر-
سىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورلۇقىغا، 1994 - يىلى شىن-
جاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل -
ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىرلىق نۇقتىسىنىڭ پەخرىي پروفېس-
سورلۇقىغا، 1995 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى-
نىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى پروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىندى؛
1995 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ

تەقدىرلەندى؛ كۆپ يىللاردىن بىرى نەتىجىلىك مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە گوۋۇيۈەنىنىڭ تۆھپىكار مۇتەخەسسىسلەرگە بېرىلىدىغان ئالاھىدە ياردەم مائاشىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلمەكتە.

بىز ئۆزىنى بىر ئۆمۈر مىللىتىمىز پەن - مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى بولغان تىل - يېزىق ۋە تەرجىمە ساھەسىگە بېغىشلاپ، زور نەتىجىلەرنى ياراتقان ۋە بۇ ساھەنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان بۇ تىرىشچان، كەمتەر، ئىلىمدا ئەستايىدىل ھەم ئەمەلىيەتچىل ئۇستازىمىزنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە بەخت - سائادەت، كېيىنكى ئىشلىرىغا ئۇتۇق - ئامەت تىلەيمىز!

# خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى

## 1. مەخسۇس ئىلمىي ئەسەرلىرى

1. «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراممatikىسى (مورفولو-گىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.
(H ä mit t ö mür, *Modern uyghur Grammar* (Morphology), Translated by Anne Lee, Yildiz, dil ve Edebiyat3, Istanbul 2003.)
2. «چاغاتاي تىلى» (ئابدۇرەئۇپ پولات بىلەن بىرلىكتە يازغان). قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.

## 2. نەشرگە تەييارلىغان كلاسسىك ئەسەرلىرى

1. ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان). مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى.
2. ئەلىشىر نەۋايى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» (ئابدۇرە-ئۇپ پولات بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان). مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.
3. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (ئەنۋەر بايتۇر بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان). مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4 . زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە» . مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى.

## 3 . ئىلمىي ماقالىلىرى

1 . «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» . 1980 - يىللىق 3 - سان)
2 . «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايى توغرىسىدا» («مىللەتلەر - تىل يېزىقى» ‹خەنزۇچە›، . 1982 - يىللىق 1 - سان؛ «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (3) . مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى)
3 . «ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپلىرى توغرىسىدا» (تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە يازغان، ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى. 1982 - يىللىق 2 - سان)
4 . «يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» . 1983 - يىللىق 1 - سان)
5 . «ئۇيغۇر تىلى گراممانىكا تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» . 1983 - يىللىق 3 - سان؛ «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى» ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى باستۇرغان، 1984 - يىلى)
6 . «ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدا» («تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (2) . مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى) .

7. «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹دېمەك› پېئىلى توغرىسىدا» (تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن بىرلىكتە يازغان، «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى»، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى باستۇرغان، 1984 - يىلى)

8. «ئۇيغۇر تىلىدىكى يۆكلىمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى. 1986 - يىللىق 2 - سان).

9. «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى. 1986 - يىللىق 9 - سان)

10. «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز» (مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن بىرلىكتە يازغان، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى». 1993 - يىللىق 1 - سان)

11. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى» (ۋاڭ جېنجۇڭ بىلەن بىرلىكتە يازغان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشر قىلغان «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى» (خەنزۇچە)، دېگەن كىتابقا « 维吾尔族 » دېگەن ماۋزۇ بىلەن كىرگۈزۈلگەن)

12. «‹قۇتادغۇ بىلىك› تە ئىپادە قىلىنغان ئەدەبىي تىل توغرىسىدا» (مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئامىنە غاپپارلار بىلەن بىرلىكتە يازغان، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى. 1995 - يىللىق 2 -، 3 - سانلىرى)

13. «قىممەتلىك غۇنچە: ئۇيغۇرلارنىڭ ‹قىزىل تاغ ئېتەكىدە› ناملىق رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن» (خۇ جېنخۇا، جاڭ شيۈيۈنلەر بىلەن بىرلىكتە يازغان، «خەلق گېزىتى» (خەنزۇچە) نىڭ 1975 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان)

## 4. تەرجىمە ئەسەرلىرى

1. باجىن: «ئائىلە» (رومان). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1978 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى.
2. «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كروزو» (رومان). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەكلىپلىك تەھرىر : ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد
مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور : ئابدۇزاھىر تاھىر مۇراد

# خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : بارات رەجەپ

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 _ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006 - يىل 6 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 - يىل 6 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 14.75
سانى : 1500 - 0001
باھاسى : 22.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

哈米提.铁木尔论文集/ 哈米提.铁木尔著.一北京:
民族出版社, 2006.5
ISBN 7-105-07717-4

Ⅰ.哈… Ⅱ.哈…Ⅲ.①维吾尔语 （中国少数民族语言）一语言学一文集②突厥语一语言学一文集一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①H215-53②H211.3-53

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006) 第 052440 号

出版发行: 民族出版社 http://www.e56.com.cn
社 址: 北京市和平里北街 14 号 邮编: 100013
电 话: 010-64290862 (维文室)
印 刷: 北京迪鑫印刷厂
版 次: 2006 年 6 月第 1 版 2006 年 6 月北京第 1 次印刷
开 本: 850 毫米×1168 毫米
印 张 14.75
印 数: 0001-1500 册
定 价: 22.00 元